

روزى هوشۇر (دولانى)

# جەڭگاھتا يېزىلغان خەت

(پوۋېستلار)

مىللەتلەر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ISBN978-7-105-08947-5
定价：22.00元

روزى هوشۇر (دولانى)

# جەڭگاھتا يېزىلغان خەت

(پوۋېستلار)

مىللەتلەر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

مەسئۇل مۇھەررىر : خەيرىگۈل ئىبراھىم
مەسئۇل كوررېكتور: خۇدابەردى خېلىل

# جەڭگاھتا يېزىلغان خەت

## روزى ھوشۇر (دولانى)

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 100013، تېلېفون نومۇرى: 64290862 ـ 010
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى : بېيجىڭ دىشىن باسما زاۋۇتى
نەشرى : 2007 ـ يىل 10 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2007 ـ يىل 10 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 850 × 1168م م. 32 كەسلەم
باسما تاۋىقى : 13
سانى : 1000 ـ 0001
باھاسى : 22.00 يۈەن
ISBN 978-7-105-08947-5/I.1867 (维 270)

责任编辑：海日古丽·衣不拉音
责任校对：胡大拜尔地·合力里

## 图书在版编目(CIP)数据

前线来信：维吾尔文/肉孜·吾守尔.－北京：
民族出版社，2007.10
ISBN 978-7-105-08947-5

Ⅰ.前... Ⅱ.肉... Ⅲ.中篇小说—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2007)第159199号

出版发行：民族出版社 http://www.e56.com.cn
社　　址：北京市和平里北街14号　　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：北京迪鑫印刷厂
版　　次：2007年10月第1版
2007年10月北京第1次印刷
开　　本：850×1168毫米 32开
印　　张：13
印　　数：0001-1000册
定　　价：22.00元
ISBN 978-7-105-08947-5/I.1867(维270)

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


1. قەھرىمانىنىڭ ئوغلى ........................ 1
2. ئىز باسقان ئەۋلاد ........................ 84
3. پامىردىكى چاقماق ........................ 139
4. جەڭگاھتا يېزىلغان خەت ........................ 197
5. سەپداش ........................ 259
6. قارا قۇرۇمدىكى يۇلتۇز ........................ 303

# قەھرىماننىڭ ئوغلى

## بىرىنچى باب

ئۇ ئاغرىققا چىدىماي تولغىنىپ كەتتى. جان ئاچچىقىدا قولى بىلەن يوتىسىنى مەھكەم قامالىۋالدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن پۇر-چاقتەك ياش تامچىسى سىرغىپ چىقتى. چىرايى ئوتتا قورۇلغان تېرىدەك پۇرۇلدى، چېكە تومۇرلىرى شىددەت بىلەن لوقۇلدايت-تى. ئۇ بۇدۇر - چوقۇر قىيا تاشنىڭ يۈزىگە ئۆزىنى تاشلاپ بىر ھازاغىچە قىمىرلىماي ياتتى. كېيىن كۆزلىرىنى زورغا ئاچتى ۋە بىر قولى بىلەن ئاپتوماتىغا تايىنىپ ئۆرە بولدى. ئاندىن قاتتىق يارىلىنىپ، ئاغرىق ئازابى ئىچىدە ئۆز يارىسىنى يالاۋاتقان بۆرىدەك بويىنىنى تەسلىكتە سوزۇپ ئاغرىۋاتقان يوتىسىغا ئەلەم ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قارىدى.

ئۇنىڭ يوتىسى تىزىنىڭ بىر غېرىچ ئۈستۈن يېرىدىن چورت-تىدە سۇنغان ئىدى. سۇنغان سۆڭەكنىڭ تۆۋەن تەرەپ ئۇچى شۇنچە قېلىن مۇسكۇل، تېرە ۋە ئىشتاننى يىرتىپ بۇرتۇپ تېشىغا چىقىپ كۆرۈنۈپ قالغانىدى. ئۇ يەردىن سىرغىپ چىقىۋاتقان ئىسسىق قان قاتتىق سوغۇقتا ئىشتان بىلەن قوشۇلۇپ قېتىپ قالغانىدى.

ئۇنىڭ سول تەرەپ مۈرىسى، تاغىقى بىلەن قوشۇلۇپ قاتتىق ئاغرىپ كەتتى. ئۇ ئاپتوماتىغا تايىنىپ زورۇققانىدى. بەدەن ئۆزىنىڭ بولىسىمۇ سۇنغان سول مۈرىسى بىلەن يوتىسىنىڭ ئاغرى-قى ئىككى خىل ئىدى. خۇددى «ئاچچىق» ۋە «چۇچۇك» يىلان-دەك، ئىككى ئەزانىڭ ئاغرىقىنىڭ «تەمى» بىر - بىرىگە ئوخشى-

مايتتى، لېكىن ئىككىسىلا جان قاقشاتقۇچ ئىدى.

ئۇ ئاغرىقىغا چىداش بېرەلمەي يەنە قىيا تاشقا تۈرۈپنى تاشلاۋەتتى - دە، كۆزلىرىنى ئازاب ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئاسمانغىنە يۇمدى.

شۇۋىرغان قۇترىماقتا ئىدى. بىر كەمدە لەپىلدەپ قار يېغىپ كەتتى. تۇزلەڭلىكتە شۇ كەملەر پەسلىنىڭ ئەڭ دىلبەر چاغلىرى بولسا، بۇ يەردە — دېڭىز يۈزىدىن 4 ـ 5 مىڭ مېتىر ئېگىز بولغان ئادىمىزاتسىز تاغ ئارىسىدا قەھرىتان قىش ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. تۇزلەڭدە ھەممىلا نەرسىدە يېشىل شولا جۇلالىسا، بۇ يەردە ھەممىلا نەرسە تاش، تاغ، ئاسمان، بۇلۇت. . . ھەممىسىلا كۈل رەڭ ئىدى. چېقىلىۋاتقان شامالمۇ كۈل رەڭ، شالاڭ ھاۋامۇ كۈل رەڭ ئىدى، ئەتراپ ئادەم قورققۇدەك جىمجىت ئىدى. بۇ كۈل رەڭ مۇھىت ئۆزى قورشاپ تۇرغان بۇ جىمجىت بوشلۇقتا پەقەت ئۆلۈم ۋەھىمىسىنىلا تارقىتاتتىكى، ئۇنىڭدىن ئۆزگە ھېچقانداق تەسىرات قالدۇرمايتتى. بۇ يەردە كۈن، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى ناھايىتى كەمدىنكەم كۆرگىلى بولاتتى. بۇ يەردە پەقەت ئۆلۈم كېزىپ يۈرەتتى. قورقۇنچلۇق جىمجىتلىق ئىچىدە ئۇ ئۆزىگە قاراپ يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئۆلۈمنىڭ تىۋىشىنى ناھايىتى ئاشكارا ئاڭلىغاندەك بولۇۋاتاتتى. ئۇ جان - جەھلى بىلەن بىر نەرسىگە تارتىشقاندەك ئايانچلىق ئاۋازدا بىر ئىڭرىدى - دە، ھوشىدىن كەتتى. بۇ ئۇنىڭ تۇنۇگۈندىن بۇيان ئالتىنچى قېتىم ھوشىدىن كېتىشى ئىدى.

ئۇنىڭ ئىسمى ۋاسىل ئىدى. تۇرپانلىق كونا ئەسكەر ھەمدۇل ئۇنى «گاسىل» دەپ چاقىراتتى. يېڭى ئەسكەر تەلىم - تەربىيەسى ئالغان ئۈچ ئايلىق ۋاقىتنى قوشقاندا ۋاسىلنىڭ ئەسكەر بولغىنىغا ئەمدىلا ئالتە ئاي بولغانىدى. ئۇنىڭ دۆلەت چېگرىسىنىڭ ئەڭ غەربىدىكى بۇ ئەڭ ئېگىز قاراۋۇلخانىغا كەلگىنىگە ئەمدىلا ئۈچ ئاي بولغانىدى. قەشقەر بوستانلىقىدا تۇغۇلۇپ ئۆ-

سۈپ، قارلىق تاغ دېگەنگە بېرىپ باقمىغان بۇ يىگىت گېزىتلەردە
«ھاياتلىق چەكلەنگەن رايون» دەپ تەرىپلىنىدىغان بۇ تاغ چوققى-
سىغا ئۆزى تەلەپ قىلىپ كەلگەنىدى. بولمىسا شىمال تەرەپلەردى-
كى شارائىتى ياخشى جايلارغا، ھەتتا ئۈرۈمچى، كورلىدەك چوڭ
شەھەرلەرگە كېتەر ئىدى. ئۇنىڭ بىر يېزىلىق ئاغىنىلىرى ئۇ
يەرلەرگە كەتتى. ئۇلار خۇشاللىقىدىن دوپپىلىرىنى ئاسمانغا ئات-
تى. لېكىن، ۋاسىل نېمىشقىدۇر ئەسكەرلىككە تىزىملاتقاندىلا
قارا قۇرۇمدىكى چېگرا پونكىتلىرىغا بارىمەن دەپ ئويلىغانىدى.
ئۇنىڭ نەزىرىدە شەھەرلەردە ياكى ئاشۇ چېگرىدىن باشقا ھەرقانداق
يەردە ئەسكەر بولۇش ھەقىقىي مەنىدىكى ئەسكەر بولۇش ئەمەس
ئىدى. بۇ غەلىتە خىيال ئۇنىڭ كاللىسىغا ئەسكەرلىككە تىزىملى-
تىشتىن بۇرۇنلا كىرىۋالغانىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مۇشۇ
ئارزۇنىڭ قۇچىقىدا ساناقسىز كۈن ۋە تۈنلەرنى ئۆتكۈزدى. شۇن-
چە يىللار ئۆتتى، نۇرغۇن سۇلار ئېقىپ ئۆتتى، ھەممىلا نەرسە
ئۆزگەردى، لېكىن، ئۇنىڭ كۆڭۈل قېتىغا ئورناپ كەتكەن بۇ
ئارزۇ كونىرىمىدى، ئۆزگەرمىدى. ئەكسىچە، بۇ ئارزۇ كۈنسې-
رى كۆكلەپ، ئۇنىڭ كۆڭۈل كۆكسىدە باغجانلاپ تېخىمۇ چوڭقۇر
يىلتىز تارتتى. «تىلىسەڭ تاپارسەن» دەيدۇ - غۇ، راست ئى-
كەن، ئۇ ئاخىرى تىلىكىگە يەتتى.

قىزىق، ئۇنىڭ كىچىككىنە كاللىسىغا بۇنداق غەلىتە خىيال
قانداقسىگە بۇنچە مەھكەم ئورناپ كەتتىكىنە؟ بۇنى ئۇنىڭ ئاتى-
سى، ئاچا - سىڭىللىرى، دوست - بۇرادەر، يار - ئاغىنىلىرى
بىلمەيتتى، پەقەت ئانىسىلا بۇنىڭدىن خەۋەردار ئىدى. ئۇلار ئۇنى
ئۇزىتىپ چىققان كۈنى ناھىيە بازىرىدا خوشلىشىۋاتقان چاغدا
ۋاسىلنىڭ ئاغزىدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ گاڭگىراپ قېلىشتى. ئەس-
لىدە ئۇنچىلىك ھەيران بولۇشمۇ كەتمەيتتىغۇ، چۈنكى ئەسكەر
دېگەن بىر تال ئوققا ئوخشايدۇ، ئۇنى قايسى تەرەپكە قارىتىپ
ئاتسا، شۇ نىشان تامان ئۇچۇپ كېتىۋېرىدۇ. لېكىن ۋاسىلنىڭ

ئاغزىدىن چىقىۋاتقان «قارا قۇرۇم»، «چېگرا يۇنكىتى»، «ھا-يات چەكلەنگەن رايون»، «جەسەت داۋىنى»، «كۆكئۆرت» دېگەن گەپلەر ئۇلارنى راستىنلا گاڭگىرىتىپ قويدى. ئارانلا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن بۇ سەھرا بالىسى بۇ گەپلەرنى نەلەردە يۈرۈپ ئاڭلىۋالدىكىنە؟ ئۇ يا كىتاب، گېزىت دېگەن نەرسىلەر بىلەن ھەپىلەشمىسە، ياكى ھازىرغىچە ناھىيە بازىرىغا 8 ـ 10 قېتىم بېرىپ بازار ئويناپ كەتكەندىن باشقا، يېزىدىن بىرەر كۈنمۇ ئايرىلىپ باقمىغان تۇرسا؟! ئۇلار چۆچۈش ۋە ھەيرانلىق ئىچىدە ۋاسىلغا ئۈنسىز تىكىلىپ قېلىشتى. سىڭلىسى ئاسىيە بولسا نېمىدىندۇر ۋەھىمە يېگەندەك يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ ئەسكەرلىككە بارالماي قالغان ئاغىنىلىرى ۋاسىلنىڭ تۇرۇپلا باش-قىچە ئادەم بولۇپ قالغىنىدىن ھەم پەخىرلەنسە، ھەم ھەسەت قىلىپ قالدى. چۈنكى، ۋاسىل بۇ گەپلەرنى ئەزەلدىن ئۇلارغا قىلىپ باقمىغانىدى. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ ئويچان، خىيالپەرەس بولۇپ قالغان ئىدىغۇ؟ لېكىن ئېغى يوق ئىشتان كىيىدىغان چاغلىرىدىن تارتىپ شامۇ سەھەر بىللە ئويناپ، تال چىۋىقنى ئات ئېتىشكەن. . . باللاردا بىر ـ بىرلىرىدىن يوشۇرۇپ قالىدىغان سىر بولاتتىمۇ؟! لېكىن. . . لېكىن ئۇلار ۋاسىلنىڭ ئارمىيىگە مېڭىشتىن يېرىم سائەت ئىلگىرى قىلغان بۇ گەپلىرىنى ئىلگىرى بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئاڭلىغانلىرىنى زادىلا ئەسلىيەلمەيدۇ! ئىل-گىرى ئۇ ئېزىپ ـ تېزىپ بولسىمۇ بۇنداق گەپلەرنى زادىلا دېمەيتتى. بۈگۈن ئۇشتۇمتۇتلا ئىچىدىكىنى تۆكۈۋەتتى، تۆكۈ-ۋەتتى ـ دە، ئۆزىمۇ بىردىنلا باشقىچە بىر ئادەمگە ئۆزگىرىپ قالدى، شۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقان چاغدا ئۇ ئىلگىرىكى ۋاسىلغا زادىلا ئوخشىماي قالدى. گويا ناھايىتى پىشقان، ئۆزىنى تۇتۇۋال-غان، تولىمۇ قەتئىي، ۋەزمىن بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇ بۇ گەپلەرنى دادىسى ـ ئانىسى، سىڭلىلىرى (ۋاسىل ئائىلىسىدە

بىرلا ئوغۇل ئىدى) ھەمدە ئۆزىنى ئارىغا ئېلىشىپ تەلپۈنۈپ تۇرغان بىر مەھەللىلىك تەڭتۇش ئاغىنىلىرىنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ ئەمەس، ئەكسىچە نەزىرىنى ئۇلارنىڭ باشلىرىدىن ئاشۇرۇپ يىراققا، يېزا بازىرىنىڭ چەت ياقىسىدىكى ئۆستەڭ بويىدىكى قېرى سېدە تەرەپكە تىكىپ تۇرۇپ ئېيتتى. ئېيتقاندىمۇ ئۇلارغا ئەمەس، ئۆزى بىلەن ياكى بولمىسا بۇ يەردە يوق كىم بىلەندۇر غايىبانە سۆزلىشىۋاتقاندەك پىچىرلاپ دېگۈدەك ئېيتتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاپتاپتا قارايغان، لېكىن دېھقان بالىسىغا خاس پاكىز يۈزى لاۋۇلداپ كەتتى، ئۇنىڭ سېدە تەرەپكە تىكىلگەن كۆزلىرى نېمىشقىدۇر مۇڭلۇق، ھەسرەتلىك ئىدى. ئۇ كۆزلەردە بىر چوڭقۇر مەيۇسلۇك ئەلەڭگىيتتى.

ئەسكەرلىككە ماڭغان باشقا يىگىتلەر ئاتا - ئانا، يار - بۇرادەرلىرى بىلەن قىزغىن ۋە خۇشال خوشلاشماقتا ئىدى. ئۇلار زوق - شوخ بىلەن سۆزلەيتتى، كۈلەتتى، يىغلايتتى. ۋاسىلمۇ ئۆز ئارزۇسىغا يەتكەن بىر يىگىت ئىدى. ۋاسىل دەسلەپىدە ماشىنىغا چىقىپ ئەل - يۇرت بىلەن خوشلىشىپ ئۇزاپ كېتىدىغان مۇشۇ ئاخىرقى سائەتلەرگىچە تولىمۇ خۇشال ئىدى، بېشى كۆككە يەتكەنىدى. لېكىن تۇرۇپلا، ماشىنىغا چىقىدىغان پەيتتە ئۇ نېمىشقىدۇر تېخىمۇ جىمغۇر، تېخىمۇ خىيالچان ۋە مەيۇس بولۇپ كۆرۈندى. ئۇ ھەتتا ماشىنا قوزغالغىچە ئاشۇ سېدە تەرەپتىن كۆزىنى ئالمىدى. ئاتا - ئانا، سىڭىللىرى ۋە ئاغىنە، بۇرادەرلىرى بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ھالەتتە ۋەزمىن خوشلاشتى. ماشىنا قوزغالغاندا بولسا يەنە ئاشۇ سېدە تەرەپكە قارىۋالدى. ماشىنا دوقمۇشتىن ئەگىپ كەتكىچە ئۇ يەردىن كۆزىنى ئالمىدى. ئۇنىڭ ئاتىسى، ئانىسى ۋە سىڭىللىرىنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى. ئۇلارغا ۋاسىل ئۆزلىرى بىلەن تۈزۈكمۇ خوشلاشمىغاندەك ھەتتا ئۇلاردىن رەنجىگەندەك تۇيۇلدى. ئاسىيەنىڭ يىغىسى توختىماي

تۇرۇپلا، ئۇنىڭ ئاپىسى ختىلداپ يىغلىۋەتتى.

ئانىنىڭ يىغىسى شۇنچىلىك ھەسرەتلىك ئىدى. بىچارە ئانا شۇ تاپتا نېمىلەرنى ئويلىدىكىن؟ ئۇنىڭ كۆڭلىگە نېمىلەر كەلمىدى-كىن؟! ئانا سىنەلىرىنى تىترىتىپ ئېسەدەيتتى. ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن قۇيۇلۇۋاتقان كۆز يېشىنى سۈرتۈپ ئۈلگۈرمەيتتى. ئانا بولغۇچى ئۈنسىز ئىدى. ئۇ گويا نېمىنىدۇر بىر نەرسىنى ئەمدى-رەك چۈشىنىۋاتقاندەك خىيالچان كۆرۈنەتتى. لېكىن ئۇ خىيال-نى ھېچكىمگە ئېيتمىدى ۋە ئادىتى بويىچە خوتۇننىڭ شۇ دەمدى-كى ئايانچلىق ھالىتىگە بولغان ئىچ ئاغرىقىنى قوپاللىق بىلەن بىلدۈردى.

— كۆڭلۈڭنى ئەسكى قىلما، ئامانلىقى ئۈچۈن دۇئا قىل!

ئاتىنىڭ زەردىلىك سۆزى بىلەن ئانا سەل پەسكويغا چۈشتى، ۋاسىلنىڭ ئاغىنە، بۇرادەرلىرى ئانىغا نەدىكى تايىنى يوق گەپلەر بىلەن تەسەللى بېرىشەتتى، بىر كەمدە يېزىلىق پەيچۇسونىڭ سو-جاڭى تۇرەك ۋېلىسىپىتىنى شالدىرلاتقىنىچە ئالدىراپ - تېنەپ يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا ھەربىي ماشىنا ئاللىقاچان ئۇزاپ كەتكەنىدى.

تۇرەك سوجاڭ سايىم توقى بىلەن نۇرنىساخاننىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ھاسىراپ - ھۆمىدەپ تۇرۇپ دېدى:

— ئاياغ مەھەللىدە بىر ئىش چىقىپ كېچىدىن بېرى شۇ يەردە بولدۇم، ئۇ بالىنى ئۇزىتالماي قالدىم - دە، — ئۇنىڭ چىرايىدىن كۆڭلى يېرىم بولغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— سىلىنىڭ يوللىرىغا قارىدىمىكىن كۆزى ئارقىسىدىلا كەت-تى، ئۇ بالا. بىز بىلەنمۇ تۈزۈك خوشلاشماي، — دېدى نۇرنىسا-خان ئۆمچىيىپ يىغلاپ. دېمىسىمۇ ۋاسىل ئانىسىنى بەك ئېزىلىپ كەتمىسۇن دېگەندەك ئۇنىڭ بىلەن مۇنداقچىلا خوشلاشقانىدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى باب

شىۋىرغان بارغانسېرى قۇتراشقا باشلىدى. ۋاسىل مېڭىسىنىڭ ناھايىتى ئىچكىرى ۋە چوڭقۇر قاتلىمىدا ئەكس ئېتىۋاتقان غۇۋۋا بىر شاۋقۇندىن ئازراق ئېسىگە كەلدى. بۇ شاۋقۇن قۇترىغان شىۋىرغاننىڭ ئۇشقىرتىشى ئىدى. تۈنۈگۈندىن بۇيان بۇنداق شىۋىرغان ئۈچ - تۆت قېتىم قوزغالدى. قىزىق، بۇ يەردىكى ھاۋا بوۋاقنىڭ مىجەزىگە ئوخشايتتى، بوۋاق كۈلۈپ تۇرۇپ بىردىنلا يىغلىۋەتكەندەك، كىشىنىڭ تېنى شۈركەنگۈدەك دەرىجىدىكى تىمتاس تاغ ئارىسى بىردىنلا كۆتۈرۈلگەن قارلىق شىۋىرغان دەستىدىن ھايت - ھۇيت دېگىچە ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كېتەتتى. قۇترىغان ئەسەبىي شىۋىرغان كۆز ئاچۇرماي ئالەمنى مالەم قىلىۋېتەتتى - دە، يەنە ئوقتەك ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ئاساۋ ئات بىردىنلا ئورنىدا چىپپىدە توختاپ قالغاندەك تۇيۇقسىز توختاپ قالاتتى. تۈنۈگۈندىن بۇيان ۋاسىل ئەنە شۇ دەھشەتلىك قار - شىۋىرغاننىڭ قوينىدا گاھ ھوشىدىن كېتىپ، گاھ ئېسىگە كېلىپ بىر غېرىچ، بىر غېرىچتىن سۈرۈلۈپ كەلمەكتە ئىدى.

تۈنۈگۈن ئەڭ خەتەرلىك بولغان قارا ئۆڭكۈر جىلغىسىنى چارلاش نۆۋىتى ئۇنىڭ بەنىگە كەلگەنىدى. ئۇ يەر ئالاھىدە بىر بۆلەك بولۇپ، ھەم تىك، ھەم ئېگىز ئىدى. چوققىغا بىرلا ئات بىلەن خۇددى پىچاقنىڭ بىسىدا ماڭغاندەك مىڭ تەسلىكتە چىققىلى بولاتتى. يول يوق ئىدى، ئات خۇددى تاغ تېكىسىدەك تىك قىياغا تاشتىن - تاشقا سەكرەپ يامىشاتتى. بۇ يەردە ماشىنا ۋە ماشىنا يولى ھەققىدە ئويلاشمۇ كۈلكىلىك ئىدى. چارلىغۇچى ئەسكەر گازارما بىلەن پەقەت ئات ئارقىلىقلا مۇناسىۋەت قىلالايتتى. گازارمىدا سىمسىز تېلېگراف بار ئىدى. ئۇ پەقەت قوماندا-

لىق شتاب ئۇچۇنلا ئىشلەيتتى. شۇڭا بۇ يەردە ئات بولمىسا ھېچقانداق ئىشنى قىلغىلى بولمايتتى. . . «ئەر قانىتى ئات» دېگەن تەمسىل بۇ يەردە ئۆزىنىڭ چىن مەنىسىنى تاپقانىدى. ۋاسىلنىڭ بەندىكىلەر يولغا چىقىدىغان چاغدا، لىيەنجاڭ ۋاسىلنى چاقىرىپ چارلاشتىن قايتىپ كەلگىچە لىيەننىڭ چارۋىچىسىنى يوقلاپ كېلىشنى تاپشۇردى، بۇ چاغدا ئۇنىڭ بەندىكىلەر ئۇنى ئارقىمىزدىن يېتىشىۋالىدىغۇ دەپ ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كېتىپ قالغانىدى. ۋاسىل ئىتتىك ماڭغان بولسىمۇ، ئۇلارغا يېتىشەلمىدى. كۆڭلىدە ئالدىدىكىلەر تار قىيا بىلەن ماڭغان بولۇشى مۇمكىن دەپ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى شۇ ياققا بۇرىدى. . . تاغ ئۇستىنى قويۇق تۇمان قاپلىۋالغانىدى. ئىككى قەدەم يىراقلىقنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. لېكىن چىلان تورۇق بەكمۇ چېچەن ۋە ئەقىللىق ئىدى، تاغ يوللىرىغا تولىمۇ پىششىق ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ سېزىمىغا تايىنىپ يول تاپاتتى ۋە ماڭغان يولى ھەر قاچان توغرا بولۇپ چىقاتتى. ۋاسىل ئۆزىنىڭ جانجىگەر ئېتىدىن خاتىرجەم ئىدى. ئۇ ئاتنىڭ ئىقتىدارىدىن شۇبھىلەنمەيتتى. شۇڭا ئۇ ئات ئۇستىدە خاتىرجەم ئولتۇرۇپ ئەتراپىنى كۆزىتىپ كەلمەكتە ئىدى. چېگرىنىڭ قارشى تەرىپىمۇ جىمجىت ئىدى. لېكىن ۋاسىل ھەر بىر قىيا، ھەر بىر تاش ئارىلىقلىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ باراتتى. ئاتنىڭ بىر خىلدىكى ھاسىرىشى ۋە دەممۇ دەم پۇشقۇرۇپ قويۇشىنى، ئاياغ ئاستىدىكى ئۇيۇل تاشتىن كېلىۋاتقان تاقا ئاۋازىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ يەردە ھېچقانداق شەپە يوق ئىدى. ۋاسىل ئاتنىڭ بېشىنى بۇراپ چوققىدىن تۆۋەنلەپ ماڭدى. تۆۋەنگە يۇرمەك ئېگىزگە ياماشقاندىن كۆپ قىيىن ئىدى. تىك قىيادا ئاتنىڭ بېشى تۆۋەن، ئارقىسى ئېگىز بولۇپ قالاتتى. ئاتتا ئولتۇرماق ئىنتايىن مۇشكۇل ئىدى. ۋاسىل ئاتنىڭ تىزگىنىنى بىلىكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئۆزىنى ئاتنىڭ ئارقىسىغا تاشلىدى. ئات پىچاقتەك ئۇچلۇق ۋە تار

تاش ئۈستىدە مۈدۈرۈپ - چوقۇرۇپ، تەمتىلەپ دېگۈدەك ئاران چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. ئاتنىڭ ئايىغىدا چوڭقۇر جىلغا بار ئىدى. سەللا بىخەستەلىك قىلسا تېيىلىپ كېتىپ چوڭقۇر جىلغىغا چۈشۈپ كېتىش ئېھتىمالى كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شۇڭا، ئەقىللىق ئات تولىمۇ ئېھتىيات بىلەن، لېكىن ئىشەنچلىك قەدەم تاشلاپ خەتەرلىك قىيادىن چۈشۈپ كەلمەكتە ئىدى.

بىر كەمدە بىر يوغان قىيا تاشنىڭ ئارقىسىدىن بىر كېيىك ئۈشتۈمتۈت پارتلا قىلىپ يۈگۈرۈپ چىقتى - دە، سول تەرەپتىكى قىيپاش دۆڭگە چاپراقلاپ چىقىپ كەتتى. بىر خىلدا كېتىپ بارغان چىلان تورۇق قاتتىق ئۈركۈپ دەلدۈگۈنۈپ كەتتى ۋە سالمىقىنى يوقىتىپ ئايىغى ئاستىدىكى چوڭقۇر جىلغىغا غۇلاپ كەتتى. ئات ئۈستىدە ئەتراپنى كۆزىتىپ ئولتۇرغان ۋاسىلمۇ ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈشكە ئۈلگۈرەلمەي ئات بىلەن بىللىلا جىلغىغا غۇلاپ چۈشتى.

ۋاسىل ئالاھازەل بىر - ئىككى سائەتلەردىن كېيىن ھوشىغا كەلدى. ئۇنىڭ ئۇستىخانلىرى چۇل - چۇل بولۇپ كەتكەنىدى. بولۇپمۇ ئوڭ پۇتى بىلەن سول مۈرە سۆڭىكىنىڭ ئاغرىقى ئۇنىڭ جېنىنى قاقشىتىۋەتتى. ئۇنىڭ بېشىدىنمۇ قان ئېقىپ تۇراتتى. يۈز - كۆزلىرى تاشتا جىجىلىپ قانغا بويىلىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۆزىنى غايەت زور بىر يوغان تاش ئاستىدا مىجىلىپ ياتقاندەك ھېس قىلدى. ئۇ تەسلىكتە كۆزىنى ئاچتى. ئۇ تېخىچە ئاتنىڭ ئاستىدا بېسىلىپ يېتىپتۇ. چىلان تورۇق قىمىرلىماي ياتاتتى. ئۇنىڭ بۇرنىدىن قان كەتكەنىدى. قارامتۇل قان سوغۇقتا ئۇيۇپ قالغانىدى. ۋاسىل سۆيۈملۈك ئېتىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى جەزم قىلدى. ئۇنىڭ يۈرىكىگە بىر ئاچچىق ئاغرىق كىردى. ئۇ ئۆلگۈچە ئۆزۈملا. . . دەپ ئويلىدى ھەسرەت بىلەن. بۇنداق يېتىۋەرسە ئۇمۇ ئۆلۈپ قالاتتى. ۋاسىل لېۋىنى چىشلەپ ئىنجىقلاپ كۈچەنىپ باقتى. پۈتۈن ئەزايى چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئاغرىپ كەتتى.

ئۇ ئاچچىق ئىڭراپ يىتىپ قالدى. ۋاقىتنىڭ قايسى چاغ بولغىنى مەلۇم ئەمەس ئىدى. بىر كەمدە يۇقىرى تەرەپتە ئاتنىڭ پۇشقۇرغىنى، كىملەرنىڭدۇر گۇدۇڭلاشقىنى ئاڭلانغاندەك بولدى. ۋاسىل بەنجاڭنىڭ ئۆزىنى ئىزدەپ چىققانلىقىغا ئىشەندى. ئۇ ۋارقىرىماقچى بولدى، لېكىن ئاۋازى چىقمىدى. ۋارقىراشقا قۇربى يەتمىدى. ۋارقىرىغانىنىڭ ئورنىدا پەقەت هالسىزغىنە ئىڭرىيالىدى. ئاتلىقلار ئۇستۇن تەرەپتە بىر هازا ئۇياق – بۇياققا چېپىشتى. نېمىلەرنى دېدىكىن، ئىشقىلىپ تۇۋلىغاندەك قىلىشتى، ۋاسىل ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىسمىنى قىچقىرغانلىقىنى غۇۋا ئاڭلىغاندەك بولدى. ۋاسىل يەنە كۆچىنىپ باقتى. يەنىلا ئۈنى چىقمىدى. ئۇ ئاپتوماتىنى ئىزدىدى. ئاپتوماتى كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئەلەم بىلەن ئىڭراپ كەتتى. بىر كەمدە ئاتلىقلار ئالدىراش ئۆتۈپ كەتتى. ئەتراپ يەنە چوڭقۇر ئۆلۈم جىمىلىقىغا چۆمدى. كەچ كىرمەكتە ئىدى. تۇمان بارغانسېرى قويۇقلاپ، ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق باستى. ۋاسىل تىرىشىپ – تىرمىشىپ يۇرۇپ ساق پۇتىنى ئاتنىڭ ئاستىدىن سۇغۇرۇۋالدى. ئۇ ئاتنىڭ ئاستىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىققىچە ئۈچ، تۆت سائەت ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئەزايى – بەدىنى چىلىق – چىلىق تەرگە چۆمدى. ئاغرىقنىڭ دەستىدىن جېنى قاقشاپ كەتتى. ئۇ ئاتنىڭ ئاستىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ ئۆمۈلەپ يۇرۇپ (ئۇ پەقەتلا ئۆمىلىيەلەيتتى!) ئاپتوماتىنى تاپتى. قۇلاقچىسى كۆرۈنمەيتتى. چاچلىرى بېشىدىن ئاققان قانغا چاپلىشىپ قېتىپ قالغانىدى. ئۇ مىڭ بىر بالادا ئاتنىڭ ئىگىرىنى يېشىپ بولۇپلا هوشىدىن كەتتى.

ئۇ بىردەمدىلا ئېسىنى تاپتى. بۇنداق يېتىۋەرسە سۆزسىز ئۆلۈپ قالاتتى. ئۆلۈم مەيلىغۇ، ئۇ ئەسكەرلىككە تىزىملاتقاندىلا ئۆلۈمگە تەييارلىنىپ قويغان، لېكىن... بۇنداق ئۆلۈش بەك ئەهمىيەتسىز ئىدى. ئۇ تېخى جەڭگە قاتناشقىنى يوق! جەڭچىنىڭ ئۆلۈمى پەقەت بىرلا، ئۇ بولسىمۇ جەڭ مەيدانىدىكى ئۆلۈم!

دۈشمەن بىلەن بەتمۇبەت ئېلىشىپ تۇرۇپ ئۆلۈش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا ھەر قانداق ئۆلۈم ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەھمىيەتسىز!

بۇ يەردە ھاۋا شالاڭ ئىدى، بۇ يەردىكى ئوكسىگېن مىقدارى تۈزلەڭدىكى ئوكسىگېن مىقدارىنىڭ يېرىمىغىمۇ يەتمەيتتى. مۇبادا زۇكام بولۇپلا قالسا مېڭە سۇلۇق ئىششىقى، ئېگىزلىك يۈرەك كېسەللى بىلەن ئاغرىپ ئۆلۈپ قالىدىغان ئىش ئادەتتىكى گەپ. مۇبادا ئېگىزلىك ئەكس تەسىر بېرىۋاتقان شارائىتتا ئۇخلاپلا قالسا، ئوكسىگېن يېتىشمەسلىك سەۋەبى بىلەن مەڭگۈگە ئۇخلاپلا قالىدۇ. بۇنداق مىساللار بۇ يەردە كۈندە دېگۈدەك ئۇچراپ تۇرىدۇ. ۋاسىل بۇنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇ ھەر قانچە بولسىمۇ ئۆزىنىڭ غايىسىگە يەتمەي تۇرۇپ ئۆلۈپ قېلىشنى زادىلا خالىمايدۇ. ئۇنىڭ تاللىۋالغان ئۆز يولى بار، ئۇ بۇ يول ئۈچۈن يېزىدىكى چېغىدىلا ئۆزىنى تەييارلىغان، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھېچ ئىككىلەنمەي دۇنيادىكى ئەڭ جاپالىق، ئەڭ خەتەرلىك بۇ چېگرا پونكىتىنى ئۆز غايىسىنىڭ جەڭگاھى، ئۆز روھىنىڭ ماكانى، ئۆزىنىڭ ئەڭ تۇنجى ۋە ئەڭ ئاخىرقى كىشىلىك تۇرمۇش بېكىتى قىلىپ تاللىۋالغان. . . ئاشۇ خىياللار ئۇنى بىردىنلا سەگەكلەشتۈرۈۋەتتى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يۇرتىدىكى ھېلىقى يوغان سېدە دەرىخى ئەكس ئەتتى. ئۇ مانا مۇشۇ سېدە دەرىخىنىڭ تۈۋىدە ئۆزىنى تېپىۋالغان، ئۆزىنىڭ غايىسىنى تېپىۋالغان، ئۆزىنىڭ ھايات يولىنى تېپىۋالغانىدى.

ۋاسىل چىشىنى چىشلەپ بېشىنى كۆتۈردى. بېشى پىررىدە قايدى. ئۇ زورۇقۇپ تۇرۇپ كۆزىنى كۆككە تىكىپ تىن تارتماي ياتقان سۆيۈملۈك ئېتىنىڭ بېشى تەرىپىگە ئۆمىلەپ كەلدى ۋە ئۇنىڭ پېشانىسىنى ئۇزۇنغىچە سىلىدى. ئاندىن ئاتنىڭ پېشانىسىگە، ئوچۇق تۇرغان كۆزلىرىگە سۆيدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن قۇيۇلۇۋاتقان كۆز يېشى ئۆزىگە ئۈچ ئايدىن بېرى شامۇ سەھەر ھەمدەم بولغان جەڭگىۋار سەپدىشىنىڭ پېشانىسىنى ھۆل قىلدى.

ۋاسىل ئاتنىڭ قۇلىقىغا تۇمشۇقىنى يېقىنلاشتۇرۇپ ئېسە-

دەپ تۇرۇپ پىچىرلىدى:

— ئەلۋىدا جان دوستۇم، مەندىن رازى بولغىن،

ئۇ خىرتىلداپ يىغلىغان پېتى ئارقىسىغا ياندى ۋە ئاتىنىڭ ئېگىرىنى ئىڭراپ تۇرۇپ دۇمبىسىگە ئارتتى. ئېگەر تولىمۇ ئېغىر ئىدى. بولۇپمۇ بىر پۇتى، بىر مۈرىسى چورتلا سۇنۇپ ئىشتىن چىققان بىر ئىمجان ئادەم ئۈچۈن ئاتنىڭ ئېگىرىنى كۆتۈرمەك تېخىمۇ مۇشكۇل ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئاتنىڭ ئېگىرىنى تاشلىۋېتىشكە بولمايتتى. بۇ ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك ئېتىغا توقۇلغان ئېگەر بولغىنى ئۈچۈنلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى ئۇ جەڭچىنىڭ قورالىغا ئوخشاشلا جەڭچىنىڭ جەڭ مەنقۇلاتى بولغىنى ئۈچۈن ئىدى. ھەربىي ئۇستاپتا جەڭچى ھاياتلا بولىدىكەن، ھەر قانداق ئەھۋالدا قولىدىكى قورالىدىن ئايرىلماسلىقى كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەندەك، ئۇ ئۆزى مىنگەن ئاتنىڭ ئېگىرىنىمۇ تاشلىۋەتمەسلىكى كېرەك ئىدى.

ۋاسىل ئېگەرنى خېلى قىيىنىلىپ تۇرۇپ ئارانلا دۇمبىسىگە جايلاشتۇردى، ئاندىن ئاپتوماتنى ساق قولىنىڭ بىلىكىگە ئېسىۋالدى. قويۇق تۇمان ۋە كېچە قاراڭغۇسى ئىچىدە ئۆزى قىياس قىلغان گازارما تەرەپكە قاراپ ئۆمىلەشكە باشلىدى. ئۇ 40 - 50 مېتىر كېلىدىغان تىك قىيادىن يامىشىپ، جىرادىن ئۆمىلەپ يۇقىرىغا چىقىشى ۋە ئۈچ كىلومېتىردىن ئارتۇق يىراقلىقتىكى گازارمىغا قايتىشى كېرەك ئىدى.

## ئۈچىنچى باب

ئۇ ئۆمىلىدى، كېچىچە ئۆمىلىدى. ئۇ قىياغا ياماشتى، كېچىچە ياماشتى.

شىۋىرغان دەممۇ دەم چاپقىلايتتى. ئۇنىڭ يوتىسىنىڭ سۆ-

ڭىكى ھەر بىر ياماشقىنىدا ئەمەس، ھەر بىر قىمىرلىغىنىدا جان قاقشىتىپ ئاغرىتاتتى. تۆمۈر ئېگەر بىلەن ئاپتومات مىلىك جىڭ-لىق بولۇپ ئېغىرلىشىپ كەتكەنىدى. سۇنغان پۇتى بىلەن كۆ-چەش مۇمكىن ئەمەس ئەمدى، ئەكسىچە، ئۇنى ھەر بىر قىمىرلى-غىنىدا ئايىشى كېرەك ئىدى. بىر قولى بىلەن قىياغا ئېسىلال-مايتتى. چۈنكى بىر تەرەپنىڭ مۇرە سۆڭىكىمۇ سۇنغانىدى. شۇڭا سول قولىنى كۆتۈرەلمەيتتى. جىمى كۈچ بىلەن ئېغىرلىق ئۇنىڭ ئوڭ قولى بىلەن سول پۇتىغا چۈشكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە قان كۆپ چىقىپ كەتكىنى ۋە تۇنۇگۈنكى ئەتىگەنلىك تاماقتىن باشقا ئاغزىغا گىياھ ئالمىغىنى ئۇچۇن ئۇنىڭ جىسمىدا كۈچ بىلەن قۇۋۋەت قۇرىغانىدى. يەنە كېلىپ شالاڭ ھاۋادىن نەپىسى بوغۇلاتتى، كارنىيى سىقىلاتتى، ئۆپكىسى ھېلىلا يېرىلىپ كېتىد-دىغاندەك چىڭقىلاتتى.

ئۇ لېۋىنى چىشلەپ قانىتىۋەتتى. يارىلانغان پۇت - قولى ھەر بىر زورىقىپ ئاغرىپ كەتكىنىدە ئۇ چىدىيالماي ھۆكۈرۈۋې-تەتتى. ئۇ سوقما - سوقما قىيا تاشلار ئارىسىدىن يول ئىزدەپ يامىشاتتى، ئۆمىلەيتتى. گاھىدا تېيىلىپ كېتىپ پەسكە دومىلاپ چۈشەتتى - دە، ئاغرىق ئازابىدىن ھوشىدىن كېتەتتى. لېكىن ئۇنىڭ مېڭىسىنىڭ ئالدىقانداق يېرىدە جاراڭلاپ تۇرغان بىر سادا ئۇنى ئويغىتىپ، ھوشسىزلىق قۇچىقىدىن، ياق، توغرىراقى ئۆ-لۈم قۇچىقىدىن تارتىپ چىقىراتتى. شۇنىڭ بىلەن تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئېسىنى تاپاتتى - دە، يۇقىرىغا قاراپ يەنە يامىشاتتى، ئۆمىلەيتتى، دومىلايتتى. . .

تاڭ ئېتىپ خېلىدىن كېيىن ئۇ ھېلىقى چوڭقۇر جىرا ئىچىد-دىن يامىشىپ چىقىۋالدى. لېكىن گازارمىغا قايتىدىغان يول تەرەپكە ئەمەس، ئەكسىچە گازارمىنىڭ ئارقا يان تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان بىر تىك بەلدەم ئېدىرنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ قالدى. چۈنكى ئۇ ئات بىلەن غۇلاپ چۈشكەن جاي بەك تىك بولۇپ

يامىشىپ چىقالمىغىنى ئۈچۈن، يانتۇلۇقى تۆۋەنرەك جايىنى ئىز-دەپ مۇشۇ يەرگە كېلىپ قالغانىدى. ئۇ جىرادىن چۈشكىلا يەنە هوشىدىن كەتتى.

شىۋىرغاننىڭ قۇترىشى تېخىمۇ دەھشەتلىك تۈس ئالدى، كېچىدىن بېرى چوڭقۇر جىلغىدا ئۇ قەدەر بىلىنىپ كەتمىگەنىدى. ئەمدى ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلگەندە قار بىلەن بىللە يوپۇرۇلۇپ چاپقىداۋاتقان بوران ئۇنى ياتقان يېرىدىن پۈتۈن بىر كېچە هەرەج تارتىپ ئۆلۈم بالاسىدا يامىشىپ چىققان چوڭقۇر جىلغىغا دومىلىتىۋېتىشكە قىل قالدى. ئۇ بوراننىڭ دەھشىتىدىن، ياق، يۈرىكىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىدە جاراڭلاۋاتقان بىر ئاۋازدىن چېنىققان، سالاپەتلىك ۋە كۆچتۈڭگۈر بىر ئادەمنىڭ، بىر ئەركەكنىڭ كۈچلۈك، تەرسا ۋە هۆكۈمران ئاۋازىدىن ئېسىنى تاپتى. ئۇ ئاۋاز ۋاسىلىنىڭ يۈرىكىگە چىقماس بولۇپ ئورناپ كەتكەنىدى. بۇ قۇدرەتلىك ئاۋاز ئۇنىڭغا ئاشۇ هاڭغا دومىلاپ چۈشۈپ تۈنجى قېتىم هوشىغا كەلگەن دەقىقىدىن بۇيان هەمراھ ئىدى. ئۇ ئاشۇ ئاۋازنىڭ قۇدرىتى، دالالىتى ۋە رىغبىتى بىلەن هوشىغا كەلگەنىدى! ياق، بۇ ئاۋاز ئاشۇ يېزىدىكى چېغىدىن، تېخى ئارمىيىگە كىرمىگەن چېغىدىن، ئارمىيىگە كىرىشتىن ئىككى يىل ئىلگىرىكى هېلىقى كۈندىن ئېتىبارەن ئۇنىڭغا هەمراھ بولۇپ كېلىۋاتاتتى! ۋاسىل شۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان ئاشۇ سائەتتىن بۇيان بۇ ئاۋازنى بىر مىنۇتمۇ ئۇنتۇيالمىدى. ئولتۇرسا - قوپسا بۇ ئاۋاز ئۇنىڭ يۈرىكىدە، مېڭىسىدە جاراڭلايتتى. تومۇرلىرىدىكى كۆۋەجەپ تۇرغان ياشلىق قېنىنىڭ شاۋقۇنىغا قوشۇلۇپ شاۋقۇنلايتتى. مۇشۇ ئاۋاز ئىككى - ئۈچ يىلدىن بۇيان ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىنى قايتىدىن بەرپا قىلدى. ياق، ئۇنىڭ جىسمىنى قايتا ياراتتى. ئۇنى يېڭىباشتىن بۇ ئالەمگە تۆرەلدۈردى. ئۇنىڭ كۆزىگە نۇر بەردى، مېڭىسىگە ئەقىل بەردى. يۈرىكىگە جاسارەت بەردى. ۋۇجۇدىغا كۈچ بەردى. ئۇ ئېغىر غەپلەت ئۇيقۇسىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ

كەتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ ماڭىدىغان يولىنىلا ئەمەس، بارىدىغان مەن-
زىلىنى، يەنى قانداق ياشاش ۋە قانداق ئۆلۈش يولى ۋە شەكلىنى
ھېچ ئىككىلەنمەي تاللىۋالدى! ۋاسىل ئۆزىنىڭ بۇ تاللىشىنىڭ
توغرا ئىكەنلىكىگە ئىمانى بىلەن ئىشەندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ
ئۆزىنىڭ بۇ شەرەپلىك تاللىشىدىن ئۆمۈرۋايەت داجىماسلىققا قە-
سەم ئىچتى! مانا، ئۇنىڭ 20 ياشلىق ھاياتىدا، ئۇنىڭغا تۇنجى
قېتىم بەتلەنگەن دەھشەتلىك سىناق مۇھىتىدا ئۇنى ئەنە شۇ ئا-
ۋاز، ئەنە شۇ يول، ئەنە شۇ ئەقىدە بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن
يېتەكلەۋاتىدۇ، كۈچتىن ئەسەر قالمىغان، قانسىراپ ئاجىزلىغان
بۇ گەۋدىگە ئاشۇ ئاۋاز ۋە ئەقىدە كۈچ بېرىۋاتىدۇ! ۋاسىل ئۆزى-
نىڭ تاغدىن يىقىلغان ئاتىنىڭ ئاستىدا قېلىپ مىچچىدە مىجىل-
غان، كاردىن چىققان مۇشۇ ھالىدا ئاللىقاچان ئۆلۈپ كېتىشى
مۇمكىنلىكىنى، لېكىن بىرلا ھېلىقى ئاۋاز ۋە يۈرىكىگە ئەبەدىي-
لىككە ئورناپ كەتكەن بىر ئەقىدىدىنلا، بىر ھالال پەرزەنتلىك
تۇيغۇسىنىڭ كۈچى بىلەنلا ئۆلۈمنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ چىق-
قانلىقىنى ۋە يەنە مۇشۇ ئاۋاز ۋە ئەقىدە ئاتا قىلغان ئىرادىنىڭ
كۈچى بىلەنلا شۇنچە چوڭقۇر جىلغىدىن يامىشىپ مۇشۇ ئېگىز-
لىككە چىقالىغانلىقىنى ئوبدان چۈشىنىدۇ! بۇ پەقەت ئىرادىنىڭلا
كۈچى بولماي يەنە نېمىنىڭ كۈچى بولۇشى مۇمكىن؟ قانداق
مۆجىزىنىڭ نەتىجىسى بولۇشى مۇمكىن؟! ۋاسىل ئۆزىنىڭ ئۆل-
مەيدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىدۇ! ئۇ ئاخىرى گازارمىغا قايتىپ
كېتەلەيدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىدۇ! ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇ
بىر يارامسىز، بىر بوشاڭ، ياق، بىر ئاسىي بولۇپ كەتمەمدۇ؟
شۇنداق، ئەقىدىدىن ۋاز كېچىش، ئەقىدىنىڭ ھۆرمىتىنى يەرگە
ئۇرۇش، ئەقىدە ئىنئام قىلغان ئىرادىنىڭ ھەممىگە قادىر، ھەر
قاچان غالىب ئىكەنلىكىدىن شۈبھىلىنىش ئاسىيلىق بولماي نېمە؟
ياق، ۋاسىل ھەرگىزمۇ ئاسىي بولمايدۇ!

ئۇ ئاستاغىنە كۆزىنى ئاچتى، ئۇنىڭ باش - كۆزلىرى

قاردىن غۇچچىدە مۇزلىغان، كىرپىكلىرى بىر - بىرى بىلەن يېپىشىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ بېشىنى تەسلىكتە كۆتۈرۈپ [illegible] تەرەپكە بەتلەندى. تۇمان ۋە لەپىلدەپ چۈشۈۋاتقان قار دەستىدىن ھېچنەرسىنى پەرق قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئۇ ئۇستىدىكى ئىگەرنى تۈزەشتۈرۈپ، بىلىكىدىكى ئاپتوماتى-نى قولتۇقىغا مەھكەمرەك قىستى ۋە لىۋىنى مەھكەم چىشلەپ ئالدىغا قاراپ ئۈمىلەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ بېشى يېرىلىپ ئاجراپ كەتكەندەك ئاغرىپ، ئاغرىقى سەل بېسىقىپ قالغاندەك بىلىندى. ياق، بېسىقىپ قالدى ئەمەس، ھەددىدىن زىيادە قاتتىق ئاغرىق ئازابىدىن ئۇنىڭ بىر قىسىم نېرۋىلىرى ئاغرىقنى سەزمەس ھالغا كېلىپ قالغانىدى. ۋاسىل بۇنىڭغا ئىچىدە خۇشال بولدى. نېمىلا بولمىسۇن ئۇ ئېسىنى باشتىن - ئاخىر يوقاتماي كېلىۋاتاتتى. مۇشۇنىڭ ئۆزى كۇپايە ئىدى. ئۇ ئېسىنى يوقىتىپلا قويمىسا ئاخىرى گازارمىنى تاپىدۇ. يولداشلىرىنى تاپىدۇ!

ئۇنىڭغا قۇترىغان ئاساۋ شىۋىرغانىنىڭ ئۇشقىرتىشى، دۈمبى-سىنى مىڭ جىڭ بولۇپ بېسىپ تۇرغان تۆمۈر ئىگەرنىڭ غىچىل-دىشى، ئاپتوماتنىڭ تاشقا تېگىپ جاراقلىشى ھەمراھ ئىدى. ئۇنىڭ ئىگرىغىدەكمۇ ھالى قالمىدى. تامىقى قۇرۇپ، تىلى تاڭ-لىيىغا چاپلىشىپ قالدى. ئۇ «ئادەم قانسىراپ كەتسە بەك ئۇس-ساپ كېتىدۇ» دەپ ئاڭلىغىنىنى ئەسلىدى. ئۇ قاردىن ئوچۇملاپ ئاغزىغا سالدى، پەقەت شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ بارماقلىرىغا كۆزى چۈشتى. ئۇنىڭ ئون بارمىقىنىڭ ئۇچى كۆكىرىپ تىرناقلىرىغا قان ئۇيۇپ كەتكەن ئىدى. سول قولىنىڭ ئىككى بارمىقى بارماق بېشىغىچە كۆكىرىپ بەئەينى پوستى بار دادۇرغا ئوخشاپ قالغان-دى. بۇ بارماقلار كېچىدىن بېرى ۋاسىلنىڭ جان - جەھلى بىلەن قىياغا يامىشىشى جەريانىدا شىكەستلەنگەنىدى. ۋاسىل بۇنى زادىلا سەزمەپتۇ.

بۇ ئىككىسى ئۇششۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ، دېدى ئۇ ھېلىقى

پەقەت كۆكىرىپ كەتكەن بارماقلىرىغا ئايانچلىق نەزەر تاشلاپ، كېسىپ تاشلىماس ـ ھە؟ ! ئۇنىڭ كۆڭلى بىردىنلا يېرىم بولدى. دېمىسىمۇ تېخى جەڭ مەيدانىنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرمەي تۇرۇپ ناكا بولۇش ئۇنىڭ ئۇچۇن ئەلەم قىلاتتى. ئۇنىڭچە بولسا جەڭ مەيدانىدا دۇشمەن ئوقىدا يارىلىنىپ ناكا بولۇش باشقا گەپ ئىدى. ئۇ چاغدا مەيلى پۇتى كېسىلەمدۇ، مەيلى قولى كېسىلەمدۇ، ئۇنىڭ ئۇچۇن بەرىبىر ئىدى. چۈنكى ئۇ ئەسكەر بولغان كۈندىن بۇيان، ئۆزىنىڭ بارلىقىنى — ئۆزىنىڭ ياشلىقىنى، ھاياتىنى — ئاشۇ بەرجەس كېلىشكەن ۋە قۇۋۋەتلىك پۇت ـ قوللىرىنى، ھەتتا ئەزىز بېشىنىمۇ جەڭ مەيدانىغا ئاتىۋەتكەنىدى! مۇبادا ھەقىقىي جەڭ مەيدانىدا ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ تىلىكى تەل، ئارمان ھەل بولغان بولاتتى، لېكىن ھېچ ئىشتىن ھېچ ئىش يوقلا قول بارماقلىرىدىن ئايرىلىپ قالسا تازا ئەرزىمىگەن ئىش بولاتتى.

ئۇ پۇتۇن كۈچى بىلەن ئۆمىلەپ كېتىۋېتىپ شۇلارنى ئويلاپ كەتتى. لېكىن ئامال يوق ـ تە! بەلكىم ساقىيىپمۇ قالار. . . شىۋىرغان كۆز ئاچۇرمايتتى. تاغ سوغۇقى ئۇنىڭ يۈزىگە نەشتەردەك سانجىلىپ، ئۇگە ـ ئۇگىلىرىنى قاتۇرۇپ قويدى. ئۇنىڭ ئىچى ـ تېشى تەڭلا مۇزلاپ، سوغۇقتىن دىر ـ دىر تىترىمەكتە ئىدى. چىشلىرى بىر ـ بىرىگە تېگىپ كاسىلداپ، زاڭاقلىرى ئاغرىپ كەتتى. ئۇ شۇ ھالدا بىر غېرىچ ـ بىر غېرىچتىن ئۆمىلەپ خېلى ماڭدى. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ قانچىلىك ماڭغىنىنى، گازارمىغا يەنە قانچىلىك ئارىلىق قالغىنىنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ ئېڭىدا بىرلا نەرسە روشەن ئىدى. ئۇ بولسىمۇ بىر سانتىمېتىر بولسىمۇ ئالغا قاراپ سىلجىش ئىدى. توختاپ قېلىشقا زادىلا بولمايتتى. توختاپ قېلىش ئۆلۈم ئىدى! ئۇ جان ـ جەھلى بىلەن ئالدىغا ئىنتىلەتتى. ساق پۇتىنىڭ تىزلىرى، ساق قولىنىڭ جەينىكى تاشقا سۈركىلىۋېرىپ ھەربىي چاپان بىلەن ئىشتان يىرتىلىپ كەتكەنىدى. تىزى بىلەن جەينىكى سۈرۈلۈپ قاناپ، قىپقى-

زىل گۆشى ئېچىلىپ قالدى. ھەر قېتىم قىمىرلىغىنىمدا ئالدىغا قاراپ سىلجىش ئۈچۈن تىرەجىگەندە سۇنۇق پۇت ۋە بەدىنىمنىڭ يارىسى قايتىدىن قاناپ، قىپقىزىل گۆش بولۇپ كەتكەن تىزى بىلەن جەينىكىنىڭ ئاغرىقى ئۇنىڭ مېڭىسىگە ئوتلۇق يىڭنە بولۇپ سانجىلماقتا ئىدى. لېكىن ئۇ ماڭمىسا بولمايتتى. ھەممىگە چىداپ ئالغا قاراپ ئۆمىلىمىسە بولمايتتى! سەپداشلىرىم ئىزدەۋاتىدۇ، دەپ ئويلايتتى ئۇ ئۆمىلەپ كېتىۋاتقاچ، خۇددى يېقىنلا يەردىن بەنجاڭ ئەخمەت ۋە دوستى ئابدۇگۇل ۋە ھەمدۇللالار ۋارقىراشقان پېتى چىقىپ قالىدىغاندەك ئەتراپىغا ئۈمىد بىلەن سىنچىلاپ قاراپ. ئۇلار كېچىدىن بۇيان ئىزدىدى، ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىم، لېكىن ئۇلارغا بەلگە بېرەلمىدىم، مەن بەك چوڭقۇردا، ئۇلار ئېگىزدە، يەنە كېلىپ تۇمان ۋە قارلىق شىۋىرغان ھېچنەرسىنى كۆرسەتمىدى. ئۇلار مېنى نېمە دەپ ئويلاشتىكىن، ياكى ئۆلدى دەپ مەلۇم قىلىشتىمىكىن؟ ۋاسىل شۇنچە ئېغىر ئازاب ئىچىدە كۆزىدىن مىتتىدە ياش چىقارمىغانىدى. لېكىن ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا شامۇ سەھەر بىللە ياشاپ، بىر - بىرىنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، بىر - بىرىگە ھەمدەم بولۇشقان سەپداشلىرىنىڭ سىماسى كەلگەن ھامان كۆز چاناقلىرى ئىسسىق ياشقا تولدى. ۋاسىل ھازىر ئىزدىسىمۇ تاپالمايدىغان بىر يەردە ئىدى. بۇ يەر ئۇنىڭ چارلاش لىنىيىسىنىڭ ئارقا تەرىپى بولۇپ، چېگرىدىن يىراقتىكى، ئادەتتە خەۋپسىز ئىچكى رايون دەپ قارىلىدىغان بىر جاي ئىدى. شۇڭا ھېچكىممۇ ۋاسىلنى چېگرا تەرەپتىن بۇ يەرگە كېلىپ قالىدۇ دەپ ئويلىمايتتى. ئۇ جىرا ئىچىدىن يول ئىزدەپ تېنەپ - تەمتىرەپ، ئېزىقىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ سەپداشلىرىنىڭ ئىككى كۈندىن بۇيان ئۇنى ئاشۇ چېگرا بويلاپ چارلاش لىنىيىسى تەرەپتىن ئىزدەپ تاپالمىغانلىقىنى، ئاخىرى شىۋىرغاننىڭ توختاپ، تۇماننىڭ تارقىشىنى كۈتۈپ تاقەتسىزلىنىۋاتقانلىقىنى، لېكىن چېگرا بويلىرىنى كېچە -



www.uyghurkitap.com

كۈندۈز تىنىمسىز تىنتىپ يۈرگەنلىكىنى ۋاسىل تېخى بىلمەيتتى.
ئۇ ئاشۇ خىيال بىلەن ئۆمىلەپ كېتىۋېتىپ ئۇشتۇمتۇت پەسكە قاراپ بېشچىلاپ دومىلاپ كەتتى ـ دە، ئاغرىقنىڭ دەستىدىن جان ئاچچىقىدا چىرقىرىۋەتتى. ئەسلىدە ئۇنىڭ ئالدى تەرىپىدە كىچىككىنە بىر يارداڭ بولۇپ ئىككى ـ ئۈچ مېتىر كېلەتتى. شىۋىرغان كۆز ئاچۇرماي ۋاسىل ئالدىنى كۆرەلمىگەچكە، ئۇدۇل ئاشۇ يارداڭغا قاراپ ئۆمىلەپ يىقىلىپ چۈشكەنىدى. ئويمانىنىڭ ئىچى شىۋىرغان ئۇچۇرتۇپ كېلىپ تىققان يۇمشاق قار بىلەن توشقىنىغا قارىماي، ۋاسىل ئۆز ئېغىرلىقى بىلەن قار ئاستىدىكى تاشقا بېشچىلاپ يىقىلدى ـ دە، پۈتۈن ئەزايى ـ بەدىنى چۇل ـ چۇل بولغاندەك ئاغرىپ كەتتى. ئاغرىقنىڭ دەستىدىن مېڭىسى زىڭىلداپ، كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. ئۇ يەنە هوشىدىن كەتمەسلىككە تىرىشىپ، جېنىنىڭ بارىچە يۇلقۇنۇپ ئۈستىگە ئۆرلىدى. ئۇ شۇ دەمدە ئاغرىقنى يادىدىن چىقاردى. ئاخىرقى نەپەسىگىچە ئۆرۈنۈپ بولسىمۇ بۇ ئويماندىن چىقىۋېلىشقا تىرىشىپ باقتى. لېكىن جايىدىن قىمىرلىيالمىدى. يەنە ياماشتى، ياماشقان يېرىدىن سىيرىلىپ كەتتى. ئاخىرى هالسىزلىنىپ يېتىپ قالدى ـ دە، بىردىنلا كىچىك بالىدەك هۆكىرەپ يىغلىۋەتتى. شۇ چاغدا ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭ كاللىسىغا ئۆلۈۋالايمۇ ـ يا؟ دېگەن بىر شۇم خىيال كىرىۋالدى. چۈنكى ئۇ ئادەم ئىدى! هەر قانداق ئادەم ئۈچۈن بۇنچىۋالا ئاغرىق ئازابىنى تارتماقتىن شۇ مىنۇتتا ئۆلۈم راهەتلىكرەك ئىدى! ئۆلۈۋالسا جاننى قاڭغىر قاقشىتىۋاتقان، جانغا كەسمەس تىغ بولۇپ پېتىۋاتقان بۇ تەن ئازابىدىن بىراقلا قۇتۇلۇپ قالغىلى بولاتتى! يەنە كېلىپ بۇنىڭ يولى ئىنتايىن ئاسان، كۆزىنى يۇمۇپ ئۇيقۇغا كەتسە، ياكى ئاپتوماتنى يۈرىكىگە توغرىلاپ تەپكىنى شۇنداق باسسا، يا بولمىسا. . . «ئەبلەخ! . . . دەهشەتلىك گۈلدۈرمامىدەك قورقۇنچلۇق بىر ئاۋازدىن ۋاسىل چۆچۈپ ئېسىنى تاپتى. بۇنداق ئويلاشقا نېمە

ھەددىڭ؟ — تەكرارلاندى ھېلىقى ئاۋاز، — ئۇلۇغۋار ئالساي دېگەننى كۆڭلۈڭگە كەلتۈرۈشكە قانداق پېتىندىڭ؟ سەن، سەن ئۆز ئۆزىڭنىڭ كىملىكىنى ئۇنتۇدۇڭمۇ؟ سەن كىم، بىلەمسەن؟ سەن بىر قەھرىماننىڭ ئوغلىسەن! بىر ئەركەكنىڭ پۇشتى سەن! سەن ئېسىل كۆرەشچىنىڭ يۈرەك پارىسى ھەم ۋارىسى سەن! سەندەك توخۇ يۈرەكنى، سەندەك قورقۇنچاقنى قەھرىماننىڭ ئوغلى دېيىشكە تىلىم كۆيىدۇ! ئىسىت ساڭا ئاتاڭنى تېپىپ بەرگىنىم، ئاتاڭنى تونۇتقىنىم! ئاتاڭنىڭ ۋارىسى بول دەپ ئۈمىد قىلغىنىم! ئىسىت! قورقۇنچاق... توخۇ يۈرەك...! » بۇ ئاۋازنىڭ قۇدرىتىدىن تاغ - تاشلار لەرزىگە كېلىپ، زېمىن تىترەپ كەتتى. ھوشىدىن كېتىۋاتقان ۋاسىل ھوشسىزلىق قوچىقىدىن يۇلقۇنۇپ تىپىرلاپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ، بەدىنىگە بىر قورقۇنچلۇق تىترەك ئولاشتى. ئۇنىڭ يۈز - كۆزى ئوت بولۇپ قىزىپ، ئەزايى - بەدىنى لاۋۇلداپياندى. ھېلىقى قۇدرەتلىك ئاۋاز ئۇنىڭ ئەسەبلىرىنى قاقشىتىپ جېنىنى ئېلىپ جاڭگالدا قويدى. ۋاسىل ئاخىرى چىدىيالماي جان - جەھلى بىلەن ۋارقىرىۋەتتى:

— بولدى! بولدى قىلىڭ! مەن ئۇنداق ئويلىمىدىم! مەن قەھرىماننىڭ ئوغلى! مەن ئاتامنىڭ ئوغلى! مەن ئۆلۈۋالمايمەن! مەن جەڭ مەيدانىدا ئۆلىمەن! ئاتامدەك دۈشمەن ئوقىغا كۆكرىكىمنى تۇتۇپ بېرىمەن! مەن... مەن... مەن ئۆلمەيمەن!

تاغۇ تاشلار سىلكىنىپ كەتتى. زېمىننىڭ نەپسى ئىتتىكلەپ كەتتى. ئەر تۇغۇلسا يەر سۆيۈنەر، دېگىنى شۇمىكىن؟ ئاشۇ يەر، ئاشۇ زېمىن، ئاشۇ ۋەتەن كۈتكەن ئەر مانا مۇشۇ يەردە، مانا مۇشۇ دوزاختەك مۇھىتتا، مۇشۇ ئىنسان چىداپ بولالمايدىغان ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە يېڭىدىن تۆرىلىۋاتامدىكىن؟! ئاھ ئەر! ئاھ ۋەتەن! سىلەر ئەبەدىلئەبەد بىر - بىرىڭلارغا تەشنا، بىر - بىرىڭلارغا موھتاج! ۋەتەن ئەرنى تۇغىدۇ، ئەر ۋەتەن دەپ ئۆل-

دۇ! مانا بۇ مۇقەددەس بىر ناخشا، بىر يۈكسەك ئەقىدە، بىر ئۇلۇغ ھەقىقەت ئەمەسمۇ؟!

ۋاسىل ئەنە شۇ جان ئاچچىقىدا قاتتىق ۋارقىراش بىلەن ئېسىگە تولۇق كەلدى. شۇ ھامان ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېزا بازىرى يېنىدىكى ھېلىقى قېرى سېدە دەرىخى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى.

## تۆتىنچى باب

قىز بالىنىڭ 18 ياشلىق چېغى گۈل چېغى بولسا، ئوغۇل بالىنىڭ 18 ياشلىق چېغى چوغ چېغى، ئوت چېغى.

ۋاسىلنىڭ ئوتتەك يېنىپ، چوغدەك يېلىنجاپ تۇرغان ئاشۇ 18 ياشقا تولغان يىلى ئۇنىڭ ھاياتىدا بىر كەسكىن ئۆزگىرىش بولدى. شۇ يىللىرى ئۇ چوغ بولۇپ ھەممىسىنى كۆيدۈرگۈسى، ئوت بولۇپ ھەممىسىنى ئۆرتىگۈسى كېلىپ، جېنى قېنىغا پاتماي، پۇتلاشقاننى تېپىپ، ئىلىنىشقاننى يۇلۇپ، ئالايغاننى ئۇرۇپ، گۆلەيگەننى سوقۇپ يۈرگەن، يېزا باغرى تار كېلىپ ئۆگزىدە مەشرەپ ئوينايدىغان، تېپىلماس تېجىمەل، جۈپتى يوق بەڭۋاش ئىدى، ئۇنىڭ دەستىدىن نە توخۇ ـ تۇمانلار، نە قوشنا ـ قولۇملار، نە ياۋاشراق كەلگەن سەھرا باللىرى، نە بويىغا يېتىۋاتقان مەھەللە قىزلىرىغا بىر كۈنمۇ ئاراملىق يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئائىلىسىدە ئالتە بالا بولسىمۇ، ئۇ گويا بىر تىزىق مارجان ئوتتۇرىسىدىكى كۆز مۇنچاقتەك بىر تاللا ئوغۇل ئىدى. شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭ «ئوغۇل تاپسام ئىدى، خۇدا ئېيتماپتىكەن. . .» دەپ ھەسرەت چېكىپ يۈرگەن زەردىسى كۈچلۈك ئانىسى بىلەن، «گۈل چېغىمنىڭ تەۋەررۇكى» دەپ سۆيۈنۈپ يۈرگەن ئانىسى ئۇنى تولىمۇ ئەركە قىلىپ ئۆستۈردى. يېمەي يېگۈزدى، كىيمەي

www.uyghurkitap.com

كىيگۈزدى، ئاپتاپقا چاقتۇرمىدى، شامالغا سوقتۇرمىدى، ئۆلۈك دېگىنى دېگەن، قىلغىنى قىلغانىدى. هېچكىم چىش يېرىپ بىر نېمە دېيەلمەيتتى. ۋاسىل تۈزۈكرەك ئوقۇماي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە كۆچكەن يىلى مەكتەپتىن چىقىۋالدى، ئاتىسى بىلەن ئاپىسى: «بەش قىزىمىزنى رەسىدە بولغىچە مەكتەپ بېقىپ بېرىدىكەن، ئۇلار شۇ چاققىچە مەكتەپتە تۇرۇپ تۇرسا تۇرسۇن، ئوغۇل بالا دېگەننى بىر يەرگە قاماپ قويسا ئەركىن چوڭ بولالمايدۇ، ئوغۇل بالا دېگەن قىيغىتىپ ئويناپ چوڭ بولسا، قاتتىق - قۇرۇقنى كۆرۈپ، يامانغا بوزەك بولماي ئۆزىنىڭ جېنىنى جان ئېتەلەيدىغان ئادەم بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆز قارىچۇقتەك بىر تال ئوغۇل، بىزنىڭ كۆزىمىز ئوچۇق ۋاقىتتا ئويناپ - كۈلۈپ چوڭ بولۇۋالسۇن، بىزدىن كېيىن قالسا، نېمە بولسا شۇ بولار، سەھرالىققا نېمە ئوقۇش، مەكتەپتە ئوقۇدۇم دەپ، چۆرگىلەپ چېپىپ يۈرۈپ ئاخىرى يەنە كەتمەنگە قالىدىكەنغۇ؟! كەتمەن دېگەنگە ئوقۇش كەتمەيدۇ، كۆڭلى نېمىدە خۇش بولسا، شۇنى قىلسۇن...» دەپ، ئۇنى ئىزدەپ كەلگەن مۇئەللىمنى «تىلغا تويغۇزۇپ» يولغا سېلىۋەتتى. ۋاسىل شۇ كۈندىن ئېتىبارەن مەكتەپ يۈزى كۆرمەي، خاماندا تەخەي قوغلاپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان بىرمۇنچە باللارنىڭ توپىغا قوشۇلۇپ كەتتى.

يىللار ئۆتۈۋەردى، ۋاسىلنىڭ يېشى ھەم بويى ئۆسكەن بىلەن «ئەقلى ئۆسمىدى» — ئۇ ھېلىقى بىر توپ ساياق باللارنىڭ توپ بېشى بولۇپ، «داپ داراڭلىغان، ئېشەك ھاڭرىغان» يەرلەردە قاڭقىپ يۈرۈپ كۈننى كەچ قىلاتتى. ئائىلىسى بەكمۇ باياشات بولمىسىمۇ، يەرلەرنى ھۆددىگە بېرىش يولغا قويۇلغان ئىككى يىل مابەينىدە خېلىلا ھاللىنىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتىسى سايىم ئاكا خېلى ياش ۋە ئىشچان ئادەم ئىدى. بۇ ئادەم ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىغىلا قاراپ قالماي، بورداقچىلىق، تېرە - يۇڭچىلىق، گۆلە - قاقچىلىق دېگەندەك باشقا ئىش - ئوقەت بىلەنمۇ شۇغۇل-

لىناتتى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ تاپاۋىتى مەھەللە بويىچە ئەڭ ئالدىدا
بولمىسىمۇ، ئۈچ بارماق قاتارىدىكىلەردىن ئىدى.
سايىم ئاكا ۋاسىلغا قەۋەت ئامراق ئىدى، ئامراقلا ئەمەس،
ھەتتا ئوغلىدىن نېمىشقىدۇر سەل - پەل تەپ تارتاتتى. ئۇنىڭ
كۆڭلىنى باشقىچە ئايايتتى. گېپىنى زادىلا يېرمايتتى. مەھەللى-
دىكىلەر ۋاسىل ھەققىدە ئېغىز يېرىپ گەپ قىلىشقا پېتىنالمايت-
تى. مەيلى كىم بولمىسۇن، ۋاسىلنىڭ تەكتى - يىلتىزى ۋە
ياكى ھازىر - ئەتىسى توغرىسىدا بىر نېمە دېيىشكە جۈرئەت
قىلسا، زەردىسى كۈچلۈك، يۈزىدە تۈكى بار (مەھەللىدىكىلەر
سايىم ئاكىنىڭ ئارقىسىدىن شۇنداق تەرىپلىشەتتى) سايىم
«كۆك» تىن قۇتۇلالمايتتى. سايىم ئاكا ئۇنداق ئادەمنى ئاياپ
ئولتۇرماي «رەسۋايى ئەزىم» قىلىۋېتەتتى. شۇ ۋەجىدىن ۋاسىل
ئاتىسىغا بەكلا ئىشىنەتتى، ئۇنىڭغا «چوقۇناتتى»، ھەر قانداق
ئىشنى قىلسا ئىككى تەرەپكە قاراپ قويمايتتى. توخۇ - تۇمان،
كەپتەر - كەكلىك ئوغرىلاش، شورا ئاتلاپ كىشىنىڭ بېغىدىكى
مېۋە - چېۋىلەرنى پايخان قىلىش، كىشىلەرنىڭ ئات - ئۇلاغلى-
رىنى مىنىپ قېچىپ كېتىش، ئاساۋ ئات، شاش موزايلارنىڭ
باغلىقىنى يېشىۋېتىپ ئىگىسىنى پاراكەندە قىلىش، مەھەللە ئى-
چىدە، مەھەللە سىرتىدا، ھەتتا يېزا بازارلىرىدا توپ - توپ
بولۇپ مۇشتلىشىپ ئويناش. . . ۋاسىلنىڭ دائىملىق ئىشى ئى-
دى. زادىلا ھېيىقمايتتى. ئۇ بۇ ئىشلارنى يوقسۇزلۇقتىن ئە-
مەس، كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن، قىلىدىغانغا ئىش تاپالمىغىنى
ئۈچۈن ئۆزىگە ئەرمەك ساناپ قىلاتتى. ئاشۇنداق «كۆڭۈل ئەرمى-
كى ئۈچۈن» قولۇم - قوشنا، مەھەللىدىكىلەر بولۇپ بىر مۇنچە
كىشىنى پاراكەندە قىلاتتى، زار - زار قاقشىتاتتى. يولدىن
ئۆتكەن قىزلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ ياغلىقىنى ئېلىپ قېچىش، سۇ
چېلىككە تېزەك تاشلاپ قويۇش، سۇ چېلىكىنى ئۆرۈۋې-
تىش. . . ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچنەرسە ئەمەس ئىدى. بىچارە قىزلار

ۋاسىلنىڭ دەستىدىن مەھەللە كوچىلىرىدا، ئېتىز - ئېرىق بويلىرىدا ئارامخۇدا يۈرەلمەيتتى. ۋاسىلنىڭ ئۆزلىرىگە تېخىمۇ چوڭراق بىرەر شۇملۇق قىلىپ قويۇشىدىن قورقۇشۇپ ھەر دائىم دەككە - دۈككە ئىچىدە ئۆتەتتى.

ۋاسىلنىڭ ئانىسى نۇرنىساخاننى «ۋاسىلنى ئايايدۇ» دېگەندىن كۆرە «ۋاسىلدىن قورقىدۇ» دېگەن تۈزۈك ئىدى. دېمىسىمۇ بۇ بىچارە مەزلۇم ۋاسىلدىن بەك ھېيىقاتتى، خۇددى ئۇنىڭ ئالدىدا بىر گۇناھى باردەك ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قاريالمايتتى. بالىسىغا بولغان مېھرى چەكسىز ئىدى. لېكىن ئۇ بۇ ئانا مېھرىنى ئۈن - تىنسىز ئادا قىلاتتى. ئۇ ۋاسىلدىن سۆيۈنەتتى، ۋاسىلدىن پەخىرلىنەتتى، لېكىن يەنە ئۇنىڭدىن ھېيىقاتتى، ۋايىم يەيتتى. گويا ۋاسىل ئاخىرى بىر كۈن ئۇنىڭدىن ئۇشتۇمتۇت ھېساب ئالىدىغاندەك چۆچۈپ - چۆچۈپ يۈرەتتى. بولۇپمۇ ئانىدىكى بۇ تۇيغۇ ۋاسىل كۈنسېرى چوڭىيىپ يىگىت قۇرامىغا يېقىنلاشقانسېرى كۈچىيىپ بارماقتا ئىدى. ئانا شۇ كۈنلەردە نېمىشقىدۇر تولا يىغلايتتى، كېچىلىرى ئوغلىنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ دەردلىك ئاھ تارتىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى.

ۋاسىل ئانىسىنىڭ ئۆزىگە باشقا ئانىلار ئوغۇللىرىغا قىلغاندەك ئېچىلىپ - يېيىلىپ مۇئامىلە قىلماي، بىر گۇناھكار ئادەمدەك قىلىپ، قورۇنۇپ مۇئامىلە قىلىشلىرىنى، ئۆزىگە تىك قاريالماي، ئۆيدىن چىقىپ يىراقلاپ كېتىۋاتقاندىلا ئىشىككە ئۆزىنىڭ ئارقىسىدىن بىر خىل مۇڭ ۋە ھەسرەت ئىچىدە تويماي قاراپ كېتىدىغانلىقىنى زادىلا چۈشىنەلمەيتتى. بەزىدە: ئانام مەندىن نېمىشقا بۇنچىۋالا ياتسىرايدۇ، ئۇ مېنىڭ ئۆز ئانام ئەمەسمۇ - يا؟ دەپ ئويلاپمۇ قالاتتى ۋە ئۆزىنىڭ بۇ خىيالىدىن كۆڭلى تولىمۇ يېرىم بولاتتى. لېكىن ئۇ بۇ خىيالنى كاللىسىدىن دەررۇ ھەيدەپ چىقىراتتى. بۇ خىل مۇناسىۋەت ئۇ ناھايىتى كىچىك ۋاقتىدىنلا بىر خىلدا داۋاملىشىپ كەلگىنى ئۈچۈن، ۋاسىل بۇنىڭغا كۆنۈپ

قالغانىدى. شۇڭا ئۇ ئانىسىغا قارىغاندا ئۆزىگە خېلى ئوچۇق - يورۇق مۇئامىلە قىلىدىغان دادىسىغا بەكرەك يېقىن ئىدى. ئانىسىغا قارىغاندا دادىسىغا بەكرەك ئىچىكىپ چوڭ بولغانىدى. ئانىسىنىڭ ھېلىقىدەك قورۇنۇپ - سىقىلىپ يۈرۈشلىرىنى پەقەت ئۇنىڭ مىجەزى دەپ يۈرۈپ، ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماس بولۇۋالغانىدى. ئۇنىڭ سىڭىللىرى بولسا نېمىشقىدۇر دادىسىغا قارىغاندا ئانىسىغا يېقىن ئىدى. ئانىسى يىغلىسا تەڭ يىغلايتتى، كۈلسە تەڭ كۈلەتتى.

كۈنلەر ئاشۇنداق ئۆتۈۋەردى. ۋاسىل ئۆزىنىڭ ئەتىسى ھەققىدە ئويلاپمۇ قويمايتتى. ئۇنىڭ كاللىسىدا ئويناشتىن باشقا ھېچقانداق خىيال يوق ئىدى. شۇنداق - تە، يېزا بالىسىدا ئۆزى توغرىسىدا ئويلاش ئاز بولاتتى. ئۇلار تۇغۇلاتتى، ئويناپ - ئىشلەپ چوڭ بولاتتى. سائىتى كەلگەندە ئاتا - ئانىسى كۆرگەنلا بىر يەردىن ئۆيلەپ قوياتتى - دە، ئۆيىنى ئايرىپ چىقىرىپ قوياتتى، شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ئۇ چوڭ بولغان بولاتتى، ئۆزىنىڭ يېرى، ئۆزىنىڭ بېغى، ئۆزىنىڭ ئۇلاغ - قارىسى بولاتتى ۋە شۇنىڭغا تايىنىپ ئېتەكنى پۇق قىلىشقا ئالدىراپ بەس - بەس بىلەن تۇغۇلۇۋاتقان بالىلىرىغا ئاتا بولاتتى. . . يېزىدىكى ئۆمۈر شەكلى ئاساسەن بىر خىل ئىدى. شۇنداق ئىكەن، ۋاسىلمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس - تە! ئۇنىمۇ ئەتە يا ئۆگۈن «مانا ئەمدى ئەر بولدۇڭ» دەپ ئۆيلەپ قويۇشىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۆي - بىسات، ئۇلاغ - قارا بۆلۈپ بېرىپ، «مانا ئەمدى دېھقان بول» دەپ چىقىرىپ قويۇشىدۇ، ئۇمۇ دېھقان بولىدۇ، يەر تېرىيدۇ، باغ قىلىدۇ، ئاتا بولۇپ بالا باقىدۇ. شۇنداق ئىكەن، شۇڭغىچە ئويناماي نېمە ئىش قىلىدۇ، دېھقانچىلىق دېگەن ھۈنەر ئەمەس، يەر سۇ، ئۇرۇق، كۈچ بىلەن ئوخشاۋېرىدۇ، ئاشۇ يەرگە ئۆمۈر بويى باغلىنىپ كېتىشتىن ئىلگىرى يۈخادىن چىققۇچە ئوينىۋېلىش لازىم. . . ۋاسىل شۇنداق دەپ ۋە ياشاپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە. . .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# بەشىنچى باب

ئايباغ يېزىسىدا ئازنا بازار بولاتتى. يېڭىئاۋات كەنتىنىڭ بالىلىرى ئەتىگەندىلا بازارلىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ، كونا - يېڭى ۋېلسىپىتلىرىنى شالدىرلىتىشىپ يېزا بازىرىغا قاراپ چېپىشتى. ئۇلارنىڭ ئەڭ ئالدىدا دوستلىرىنى ئۆزىگە يەتكۈزمەسلىككە تىرىشىپ ۋېلسىپىتنى قۇيۇندەك چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقىنى ۋاسىل ئىدى. ئۇنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلغان، ئاق كۆڭلىكىنىڭ مەيدىسى ئوچۇق، ئىدى. ئۇنىڭ باش - كۆزلىرىدىن، ئوچۇق تۇرغان مەيدىسىدىن چاڭ - توزان ئارىلاش تەر قۇيۇلۇپ تۇراتتى. خۇشاللىق ۋە تاقەتسىزلىكتىن ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرى ئوتقاشتەك قىزىرىپ، يېلىنجاپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاقىردەك سەپ تۈزۈپ ئۇنى جېنىنىڭ بارىچە قوغلىشىپ كېلىۋاتقان يېڭىئاۋاتلىق تەڭتۇش بالىلار خۇشال قىقاس كۆتۈرۈشۈپ، توپىلىق يېزا يولىنى بېشىغا كىيىشكەنىدى. تراكتور، هارۋىلارغا ئولتۇرۇشۇپ، گاهىلىرى ئېشەكلىرىگە مىنىشىپ، يېزا بازىرىغا ئالدىراپ كېتىۋاتقانلار خۇشال چۇقان - سۈرەن سېلىشىپ چېپىپ كېتىۋاتقان بۇ بالىلارغا قارىشىپ گاه هەيران بولۇشسا، گاه خۇشال بولۇشاتتى، گاهىلىرى هارۋىغا قوشقان ئات - ئۇلاغلىرىنى، بازارغا سېلىش ئۈچۈن ئېلىپ كېتىۋاتقان مال - قارىلىرىنى ئۈركۈتۈۋەتكىنى ئۈچۈن نېمىلەرنىدۇر دەپ غۇدىراپ، قوللىرىنى جۇنۇپ قويۇشاتتى. هارۋا - تراكتوردىكى رەڭگارەڭ كىيىنىشىپ ياسىنىۋېلىشقان قىز - چوكانلار ئۇلارغا بىر خىل قىزىقىش ۋە ئىشتىياق ئىچىدە كۈلۈپ قارىشاتتى.

يېڭىئاۋاتلىق يىگىتلەر هايت - هۇيت دېگىچە يېزا بازىرىغا يېتىپ كېلىشتى، ئۇلارنىڭ ئۇستۇۋېشىنى بىردەمدىلا چاڭ - تو-

زان باسقانىدى. ئۇلار ۋېلىسىپىتلىرىنى بازارنىڭ چېتىدىكى قې-رى سېدە دەرىخىنىڭ يېنىغا توختىتىشىپ، سېدىنىڭ يېنىدىنلا ئۆتىدىغان ئۆستەڭنىڭ سۈيىدە باش - كۆزلىرىنى يۇيۇۋېلىشتى ۋە ۋېلىسىپىتلىرىنى قۇلۇپلاپ، سېدىنىڭ تۈۋىدە قوغۇن سېتىپ ئولتۇرغان بوۋايغا پۇل بېرىپ ۋېلىسىپىتلىرىنى قارىتىپ قويۇپ، بازار ئارىلاشقا مېڭىشتى. تومۇز ئايلىرى بولغاچقا، هاۋا تولىمۇ تىنجىق ئىدى. ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن يېزا بازىرىنىڭ ئۈستىنى چاڭ - توزان قاپلاپ كەتكەنىدى. ئۆتكۈر قۇياش باش ئۈستىدە لاۋۇلدايتتى، بازارنى ئېشەكلەرنىڭ هاڭراشلىرى، كالا - قوي، ئۆچكىلەرنىڭ مەرەش - مۆرەشلىرى بىر ئالغانىدى، دوغاپچى، لەڭپۇڭچى، ئاشپەز، ناۋايلارنىڭ خېرىدار قىچقىرىشلىرى، ناهى-يە بازىرىدىن چىققان يايمىچىلارنىڭ ياغلىما سۆزلەر بىلەن مالللى-رىنى ماختاپ ۋارقىراشلىرى، رادىئو كانىيىدا جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ - جارقىراپ باج قانۇنىنى تەشۋىق قىلىۋاتقان دىكتور خوتۇننىڭ ئاۋازى. . . بىلەن يېزا بازىرىنىڭ ئاسمىنى شاۋقۇنلاپ كەتكەنىدى. بازار رەستىسى سانجاق - سانجاق ئادەملەر بىلەن تولغانىدى. ئاتا - ئانىسىنى يوقىتىپ قويغان كىچىك بالىلارنىڭ يىغىسى، بالىسىنى يوقىتىپ قويغان خوتۇنلارنىڭ ۋەهىمىلىك ۋارقىراشلىرى بۇ قايناق يېزا بازىرىغا تېخىمۇ قايناق بىر تۈس بەرگەنىدى.

يېڭىئاۋاتلىق يىگىتلەر ئاۋۋال ئاشپۇزۇلغا كىرىپ قورساق-لىرىنى راسا تويغۇزۇشتى، ئاندىن كېيىن تاماكىلىرىنى قىڭغىر چىشلىشىپ سانجاق - سانجاق ئادەملەر توپىنى ئارىلاپ بىر هازا-غىچە لاغايلاپ يۈرۈشتى. شۇ ئەسنادا بۇ يىگىتلەردىن بىرى قارشى تەرەپتىن كېلىۋاتقان سايئېرىقلىق بىر يىگىتكە سوقۇلۇپ كەتتى بولغاي، هېلىقى يىگىت شۇ هامان ئەلپازىنى يامان قىلىپ هېلى-قى يىگىتكە تىل سالدى. شۇ ئارىدا، يېڭىئاۋاتلىق يىگىتلەردىن بىرى هېلىقى يىگىتنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇۋېلىپ بىر - ئىككى كاللا

سىلىنىۋەتتى، سايئىبىرنقلىق يىگىتنىڭ ئاغزى ـ بۇ نىسبىي ئۇقۇمدەك قان كەتتى. يېڭىئاۋاتلىق يىگىتلەر ئۇ يىگىتنى شۇ ھالەتتە تاشلاپ ئۆز يوللىرىغا كېتىۋەردى. ئۇ يىگىت كۆڭلىكىنىڭ يېڭى يىلدىن ئاغزى ـ بۇرنىدىن ئېقىۋاتقان قاننى سۈرتكەچ، ئۇلارنى ئاغزىغا كەلگەن سەت تىللار بىلەن تىلللىغىنىچە يىغلامسىراپ زوڭ ئولتۇ-رۇپ قالغىنىچە قالدى. سايئىبىرنقلىق باللار بىلەن يېڭىئاۋاتلىق باللار قوشنا كەنت بولغىنىغا قارىماي بىر ـ بىرىگە خىرىس قىلىشىپ يۈرۈشەتتى، ئەپ تاپسىلا بىر ـ بىرىنى ئۇرۇۋالاتتى، بازار كۈنلىرى يېزا بازىرىغا يىغىلىپ توپ ـ توپ بولۇۋېلىپ بىر ـ بىرىگە كۈچ كۆرسىتىشىپ بەسلىشىپ يۈرەتتى. ياش باللار ئارىسىدىكى بۇ «نىزا» ئىككى كەنتتىكى چوڭلار قالدۇ-رۇپ قويغان «جاراھەت» نىڭ داۋامى ئىدى. سايئىبىرىق سۈنىڭ باش ـ تەرىپىگە، يېڭىئاۋات سۈنىڭ ئاياغ تەرىپىگە جايلاشقىنى ئۈچۈن، سايئىبىرنقلىقلار تۆۋەن تەرەپكە ماڭىدىغان سۈنى پات ـ پات ئېتىۋالاتتى. سۇ تۆۋەندىن تاشقىرى ۋاقىتلاردىمۇ، سۈنى تۆۋەنگە ماڭغىلى قويماي ياكى ئوغرىلىقچە ئېچىۋېتىپ، يېڭىئاۋاتلىقلارنى پاراكەندە قىلاتتى. يېڭىئاۋاتلىقلار سايئىبىرنقلىق-لارنىڭ مال ـ قارىلىرى يېقىن يولاپ قالغۇدەك بولسا، گەپ ـ سۆز قىلمايلا بوغۇزلاپ تاشلىۋېتەتتى، ياكى ئۇرۇپ ئاياغلىرىنى سۇندۇرۇپ تاشلاپ ھەيدىۋېتەتتى. شۇ سەۋەب بىلەن ئىككى كەنت ئوتتۇرىسىدا بىر قانچە قېتىم قانلىق ماجىرا يۈز بەرگەن ۋە يېزىلىق ھۆكۈمەت ھەتتا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئارىلىشىپ جەڭگى ـ جېدەلنى ئاران بېسىقتۇرۇۋالغان ئىدى. سەللا بوش قويۇۋەتسە بۇنداق ماجىرالارنىڭ ھەر قاچان پارتلاش ئېھتىمالى بار ئىدى. بۇ ئىككى كەنت چىش بىلەن كالپۇكتەك يېقىن بولۇشىغا قارى-ماي، بىر پۈۋلىسە لاپىدە ئوت ئېلىشقا تەييار ھالەتتە تۇتەپ تۇرغان پاخال دۆۋىسىگە ئوخشاپ قالغانىدى. بۇنداق نىزانىڭ ئاخىرى ياش يىگىتلەرگە ئۇلاشتى. ئىككى كەنتنىڭ باللىرى

بىر ـ بىرىنى يەۋېتىشكىدەك ھومىيىپ يۈرۈشەتتى. يېڭىئاۋاتلىق قىزلارغا سايىبىرىقلىق يىگىتلەر، سايىبىرىقلىق قىزلارغا يېڭىئاۋاتلىق يىگىتلەر يېقىن يولىيالمايتتى. بىرەر قىز ياكى يىگىت قارشى تەرەپ- نىڭ قىز ياكى يىگىتلىرىدىن لايىق تاللىسا، مەھەللە بويىچە ئاھانەتكە قالاتتى. ئۆرۈشۈپ قالسا «مەھەللىمىزدە قىز چىقماي (ياكى ئەر چىقماي) شۇ يەرلىكنى تاپقان پالاندى» دەپ تىللىشاتتى.

ۋاسىل بۇنداق جەڭگى ـ جېدەلدە ھەر قاچان «سەپنىڭ ئالدىدا» ئىدى. ئۇ بۇنداق ماجىرادىن خۇشاللىق ئىزدەيتتى. شۇڭا ھەر قېتىمقى بازار كۈنىدە سايىبىرىقلىقلارنى پۇراپ تېپىپ كىچىككىنە بولسىمۇ بىرەر قەپەس ئېلىشىشقا ئالدىرايتتى. ۋاسىل ۋە ئۇنىڭ يولداشلىرىنى يېزا بازىرىغا ئويناشقا كېلىدۇ دېگەندىن كۆرە، سايىبىرىقلىقلار بىلەن نوچىلىق تالىشىپ، ئۆزد- نى كۆرسىتىش ئۈچۈن ماجىرا ئىزدەپ كېلىدۇ دېگەن توغرۇك ئىدى. مانا بۈگۈنمۇ دەل شۇنداق بولدى. ھېلىقى كىچىككىنە ماجىرادىن كېيىن ۋاسىللار سايىبىرىقلىقلارنىڭ بۇ ئىشنى بولدى قىلمايدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، بازاردىن ئالدىراپ چىقىشتى ـ دە، سىبدە توۋىگە بېرىپ ۋېلىسىپىتلىرىنى ئېلىشىپ بازارنىڭ تېشىغىراق چىقىپ، قىساس ئالىمىز دەپ قوغلاپ كېلىدىغان سايىبىرىقلىقلارنى ئەپلىكرەك بىر جايدا كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئالدى- راپ قېرى سىبدە تەرەپكە مېڭىشتى. ئۇلارنىڭ ئەپلىكرەك جاي دېگىنى يېزىلىق پەيچۇسونىڭ كۆزىدىن يىراقراق ساي تەرەپ ئى- دى. مۇبادا بۇ ئىشقا پەيچۇسو ئارىلىشىپ قالسا، ئۇلاردىن قۇتۇل- ماق تەس ئىدى. ئېغىرلىرى 10 ـ 15 كۈن رىجىمغا، يەڭگىللى- رى نەچچە يۈز كوي جەرىمانىگە زوڭ ئولتۇرۇپ قالاتتى. ۋاسىل يولداشلىرىنى ئالدىراتتى. ئۇلار پايپاسلاپ مېڭىشقىنىچە قېرى سىبدىنىڭ توۋىگە ئەمدىلا يېتىپ كېلىشىگە، راست دېگەندەك، ئارقا تەرەپتىن بىر توپ يىگىت تاپ بېسىپلا باستۇرۇپ كېلىشتى. ۋېلىسىپىتلىرىنى ئېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەت-

كەن يېڭىئاۋاتلىقلار جايىدا چېپىپىدە توختاپ تىلىشتى. ئۇلار بىر - بىرىگە يېقىن سىلجىشىپ بىر يەردە غۇجمەك بولۇپ سايئېرىقلىقلارنىڭ ھۇجۇمىنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلىنىپ يەڭ شىمايلىنىشىپ تۇرۇشتى.

سايئېرىقلىقلارنىڭ پەيلى يامان ئىدى. شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ كۆزىگە قان تىقىلغانىدى. ئۇلارنىڭ گاھىلىرى قوللىرىغا تاش، خىش پارچىلىرى ۋە يول بويىدىكى قۇرۇپ قالغان جىرىمدىن سۇندۇرۇۋالغان كالتەك، تاياقلارنى ئېلىۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرۈشكەنىدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىغا تاماشا كۆرۈش ئۈچۈن كەلگەن بىر توپ بىكارچىلار ئەگىشىۋالغانىدى. ئۇلار ئۆزلىرىگە قارشى ئاتلىنىش ئۈچۈن تەييارلىنىپ تۇرغان يېڭىئاۋاتلىقلارنىڭ يېنىغا كېلە - كەلمەستىن ئاغزىنى بۇزۇپ تىل سېلىشتى.

بۈگۈنكى بۇ ماجىرانىڭ ئۈنچە ئەرزان توختىمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن يېڭىئاۋاتلىقلارمۇ ئۇدۇل كەلگەن يەردىن خىش - كېسەك، تاش - داڭگال تېرىشىپ تەييار بولۇشتى. كىمدۇر بىرى يولنىڭ بويىغا توختىتىپ قويۇلغان ئېشەك ھارۋىسىنىڭ يان بالدىقىنى سۇغۇرۇۋالدى. بۇ يەرگە بىر دەمنىڭ ئىچىدە بىر مۇنچە ئادەم ئولاشتى - دە، كۆزلىرىگە قان تىقىلىشقان بۇ ئىككى جەڭگىۋار توپنى ھالقىسىمان ئورۇۋېلىشتى. بىر قانلىق كۆرەش مەيدانى ھايت - ھۇيت دېگىچىلا ئۆزلۈكىدىن تەييار بولدى.

ۋاسىل توپنىڭ ئالدىدا ئىدى. ئۇ قولىغا ھېچنەرسە ئالمىغانىدى. ئۇنىڭچە سوقۇشقاندا تاش - توقماق كۆتۈرۈش ئوغۇل بالىنىڭ ئىشى ئەمەس ئىدى، پەقەت قورقۇنچاقلارلا قوللىرىغا ئەسۋاب ئالاتتى. خۇدا ياراتقان ئىككى مۇشت بىلەن ياقا تۇتماي تۇرۇپ مۇشتلىشىشلا «پاكىز مۇشتلىشىش»، «يىگىتلەرچە مۇشتلىشىش» ئىدى. ئۇ قوللىرىغا تاياق - توقماق ئېلىۋالغان يولداشلىرىغا زەردە ۋە مەسخىرە ئارىلاش كۆلۈپ قويۇپ، ئۆزلىرىنى ئادەم چىداپ تۇرغۇسىز سەت تىللار بىلەن ھاقارەت قىلىۋات-

قان، بىر بەستىلىك كەلگەن قارا كۆتەك يىگىتكە قاراپ توۋلىدى:

— ئانىسى شۇمەك سالمىغان سايئىپرىقلىق سىپكىلەكلەر، نوچى بولساڭ قولۇڭدىكىنى تاشلاپ مەيدانغا چىق، بىرگە - بىر! چەيلىۋەتسەڭ ۋاڭ دېمەيمىز!

— هەي بەش سىڭلىسىدىن ئەينەك - سۇزگوچ تالىشىپ، يۈز - كۆزىگە شوخا ماي سۇركەپ يۈرىدىغان سۆسەي، كۆزۈڭگە ئىشتان كىيىۋالدىڭمۇ، ئارقاڭغا قاراپ بېقىپ سۆزلە، ئاۋۇ ئاچىسىنىڭ ئىشتىنىنى كىيىۋېلىپ بازارغا كېلىدىغان خوزنەكلىرىڭچۇ؟ ئۇلارنىڭ قوللىرىغا ئېلىۋالغىنى پالان نېمەمۇ؟ نوچى بولساڭ سەنمۇ قولۇڭدىكىنى تاشلاشمامسەن؟

غەزەپتىن يېرىلغۇدەك هالغا كەلگەن ۋاسىل چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ هېلىقى قارا مۇتۇق، تەتۈر ئۇستىخان گۆپەي يىگىتكە قاراپ دېۋەيلەپ ماڭدى؟

— ئاتىنىڭ تەپكىنىگە ئات چىدايدۇ، ئېشەكنىڭ تەپكىنىگە ئېشەك، هەي ماز گوي، مېنىڭ سىڭىللىرىمنى چىشلەپ تارتماي گېپىڭ بولسا ئۇدۇل قىلمامسەن؟ سەندەك جالاپنىڭ بالىسىغا تېتىمىغان جاننى بارغۇ...

ئۇ ئالدىغا قاراپ، پۇرژۇن تېپىۋەتكەندەك ئوخچۇپ ئېتىلدى. شۇ هامانلا ئىككى تەرەپتىكى پەيلى بۇزۇلۇپ يېرىلىپ كېتەي دەپ تۇرغان توپ تەۋرەپ كەتتى. ئوزايىدىن بۇگۇن بۇ يەردە هېچ بولمىسا تۆت - بەشى پۇت - قولىدىن، ئالتە - بەشى كۆز - بۇرنىدىن ئايرىلماي تۇرۇپ مەسىلە هەل بولمايدىغاندەك قىلاتتى، ۋاسىل ئۇدۇل بارغىنىچە ئۆزىگە قاراپ سەلگىنە ئىككى خىيال بولۇپ تۇرۇپ قېلىۋاتقان هېلىقى يىگىتنىڭ خامىرىنى كۆزلەپ، بىرلا مۇشت بىلەن يەر چىشلىتىپ قويىدىغان ئەلپازدا ئوڭ مۇشتىنى زەرب بىلەن ئاتتى. لېكىن شۇ دەقىقىدە قانداقتۇر بىر قول ئۇنىڭ قولىنىڭ بىغىشىدىن كاپ قىلىپ تۇتتى - دە، قولىنى ئارقىسىغا قايرىدى، يەنە بىر قول ئۇنىڭ گەجگىسىدىن

قۇشلاپ، تۆۋەنگە نىقتاپ، بىر پۇتى بىلەن بىلىنى تىزلاپ ۋاسىل-
نى يەرگە پۇكلىۋالدى، ۋاسىل قىمىر قىلالماي قالدى. ئۇ ھېس-
نەرسىنى چۈشىنەلمەي ئاغزىنى بۇزۇپ غەزەپ بىلەن تىللىشۇەتتى.
— ئالدىمدىن ئۇدۇل كەلمەي ئارقامدىن كەلگەن قانداق
قورقۇنچاق خۇمسى بۇ! مىنى قويۇۋەت دەيمەن. بولمىسا ھېچ
بىكار يامان قىلىمەن!
ئۇ دوستلىرىنىڭ يوپۇرۇلۇپ كەلمىگىنىدىن تېخىمۇ غەزەپلەندى:
— قاراپ تۇرۇشامسەن، يېڭىئاۋاتلىق پوستەكلەر، —
ئۇنىڭ دوستلىرى نېمىشقىدۇر يەنىلا قىمىرلاشمايتتى.
ئۇ رەللە بولغىنىدىن يېرىلىپ كېتەيلا دەپ قالدى. ۋاسىل-
نىڭ گەجگىسى يەر تەرەپكە نىقتىلىپ، بېلى پۇكۇلۇپ بېشىنى
كۆتۈرۈشكە ئامالسىز قالغانىدى. شۇڭا ئۇ ئارقا تەرىپىدە ئەمەس،
ھەتتا ئەتراپىدىمۇ نېمە ئىش بولۇۋاتقىنىنى ھە دېگەندە ئاڭقىرال-
ماي قالدى. بىر كەم بولغاندا ئۆزىنى قارچىغىدەك قۇشلاپ، قول
بېغىشلىرىنى ئامبۇردەك قىسىۋالغان كىمدۇر بىرى ئۇنى قويۇپ
بەردى. غەزەپتىن جىگىرى يېرىلىپ كېتەيلا دەپ قالغان ۋاسىل
ئۇنىڭ قولىدىن بوشىنىپلا غۇلىچىنى كېرىپ ئارقىسىدىكى نامە-
لۇم ئادەمنى مولجاللاپ مۇشتىنى چۆرىدى ۋە ئۆزىنىڭ باش ئۇس-
تىدىن ۋىژىلداپ ماڭغان مۇشتىنى توختىتىۋالىمەن دەپ دەلدەڭ-
شىپ يىقىلىپ كېتىشكە تاس - تاس قېلىپ توختاپ قالدى.
ئۇنىڭ ئالدىدا پەيچۇسونىڭ ئاچچىقى يامان سوجاڭى تۇرەك ئاكا
ئۆزىگە مىختەك قادىلىپ تۇراتتى. ۋاسىل بايا ئۆزىنى قۇشتەك
قۇشلاپ، بۇلجۇقلىغىنى دەل مۇشۇ تۇرەك سوجاڭ ئىكەنلىكىنى،
سايئىبرىقلىق گوپەينىڭ ئۆزى ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپ مۇشت
ئاتقاندا ئىككى خىيال بولۇپ قول ياندۇرماي جىم تۇرغىنى ۋە
يېڭىئاۋاتلىقلارنىڭ گۇررىدە يوپۇرۇلۇپ كەلمەي تۇنجۇقۇپ كېتى-
شىنىڭ سەۋەبىنى ئەمدىرەك چۈشەندى. ئۇ خۇددى دىلى ئازار
يېگەن ئادەمدەك تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ تۇرەك سوجاڭغا قاراپ بىر

ھومىيىۋېتىپ، تۇرغان ئورنىدا پۇتىنىڭ ئۇچىغا قاراپ سالپايغ-
نىچە تۇرۇپ قالدى. تۇرەك سوجاڭ «قېنى، نېمە بولاركىن»
دەپ دەۋرىشىپ تۇرغان ئالامانغا قاراپ توۋلىدى:
— تارقىلىپ كېتىپ بازىرىڭلارنى ئويناڭلار ئاغىنىلەر، تېز
تارقىلىپ كېتىڭلار، — ئادەملەر بىرلەپ - ئىككىلەپ تارقىلىش-
تى، ئۇ سايئېرىقلىق ۋە يېڭىئاۋاتلىقلارغا قاراپ دېدى، —
سەنلەرمۇ غىت قىسىشىپ يولۇڭغا مېڭىش، ئەگەر كىمدە - كىم
بىرىنچى بولۇپ مۇشۇ ئىشنى تەگەپ ماجىرا تېرىيدىكەن شۇنى
ئاپىرىپ سولايمەن، بىلىپ قويۇش! سەن، — دېدى ئۇ ۋاسىلغا
قاراپ بۇيرۇق ئاھاڭىدا، — مەن بىلەن يۈر!
قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىسىدا قالغان بىر قېتىملىق
«قانلىق جەڭ» شۇنىڭ بىلەن بېسىقىپ قالدى. ھازىرلا گۇرۇل-
دەپ تۇرغان كىچىككىنە مەيدانچاق بىردىنلا شالاڭشىپ بوشاپ قالدى.
تۇرەك سوجاڭ ئادەملەرنى تارقىتىۋەتكەندىن كېيىن، ۋا-
سىلنى ئارقىسىغا سېلىپ ماڭدى. ۋاسىلمۇ بىردىنلا ياۋاشلاپ
قالغانىدى. ئۇ شۇ چاققىچە تۇرەك سوجاڭنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ
باقمىغان بولسىمۇ، بۇ ئادەمنى «ئاچچىقى بەك يامان، تۇتقان
يېرىنى يولۇۋالىدىغان، كەسكىن ئادەم» دەپ جىق ئاڭلىغانىدى.
شۇڭا ۋاسىلنىڭ بايىقى «نوچىلىقى» دىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى.
ئۇ سۇغا چىلىغان لاتىدەك بوشىشىپ، بېشىنى سالغىنىچە سوجاڭ-
نىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى.

## ئالتىنچى باب

ۋاسىل تۇرەك سوجاڭنىڭ ئىككى تەرەپتىكى باشقا جېدەل-
خورلارنى ئۆز يوللىرىغا ماڭغۇزۇۋېتىپ، ئۆزىنى ئايرىمچىلا ئې-
لىپ ماڭغىنىغا بىر ھەيران بولغان بولسا، تۇرەك سوجاڭنىڭ

ئۆزىنى پەيچۇسو ئىشخانىسىغا ئەمەس، ئەكسىچە ھېلىقى قىرى سېدىنىڭ تۇۋىگە — لىققىدە لۆمشۈپ ئىقىپ تۇرغان ئۆستەڭ بويىغا باشلاپ كەلگىنىدىن ھەيران بولدى. ۋاسىل ئەسلىدە ئاخى-رى مېنىڭ رىزقىم توشۇپ قالغان ئوخشايدۇ، بۇ قېتىم مېنى قاماپ قويىدىغان بولدى. . . دەپ ئويلىغان ھەمدە قاماقتا يانسا قانداق بولىدىكىن - ھە؟ ! نوچىلىق قىلىپ قاماقتا يېتىپ چىق-قان دىسىمۇ ئۆز تەڭتۇشلىرىنىڭ ئالدىدا خىلى يۈزى يورۇق بولىدىغان ئىش، چۈنكى نوچىلىقتا ھۆكۈمەتنىڭ نەزىرىگە چۈش-كەن ئادەمدىن باشقىلار ئەلۋەتتە تەپ تارتىدۇ، دەپ ئويلاپ، قاماقتا يېتىشقا سەل - پەل قىزىقىپمۇ قالغان، ھەتتا ئۆزىدىن پەخىرلىنىپمۇ قالغانىدى. لېكىن ئىش ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بول-ماي، تۇرەك سوجاڭ ئۇنى خۇددى مەكتەپتىكى بىر كەپسىز بالىنى ئۇستازى بىر چەتكە تارتىپ ئەدەپلىگەندەك، نەدىكى بىر قىرى سېدىنىڭ تۇۋىدىكى ئۆستەڭ بويىغا باشلاپ كەلگەنىدى. ئۇ تۇرۇپلا تۇرەك سوجاڭنىڭ ئۆزىنى قانداقتۇر ئۇششاق ماڭقىلارغا ئوخشىتىپ قالغىنىدىن ئىچىدە ئازراق خورلۇق ھېس قىلىپ قالدى ۋە بايا ئۇنىڭ تۇتۇۋالغىنىغا قارىماي بىر نوچىلىق قىلىپ ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويالمىغىنىغا ئەپسۇسلىنىپ ھارسىنىپ قالدى.

تۇرەك سوجاڭ قىرى سېدىنىڭ تۇۋىدىكى بىر پۈچۈق تۇگمەن تېشىنىڭ يېنىغا كېلىپ ۋاسىلنى تاشتا ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى، ۋاسىل تاشقا ئولتۇرۇپ، ئۆستەڭدە قىنىغا پاتماي ئۇن - تىۋىشسىز ئېقىۋاتقان سۇغا تىكىلدى. تۇرەك سوجاڭ بولسا يېقىنلا يەردە تاۋۇز سېتىپ ئولتۇرغان تاۋۇزچى بوۋاينىڭ ئالدىغا بېرىپ، بىر دانە قوزىۋاي تاۋۇزنى تاللاپ ئېلىپ كەلدى ۋە پىچىقىنى چىقىرىپ تاۋۇزنى پىچىپ ئۇن - تىنىسىز ھالدا تاشنىڭ ئۈستىگە تىزدى. ئاندىن پىچىقىنى سۈرتۈپ يېنىغا سېلىپ، ئۆزىمۇ تاشنىڭ يەنە بىر بۇرجىكىگە كېلىپ ئۆستەڭگە يۈزلىنىپ

ئولتۇرۇپ بىر تىلىم تاۋۇزنى قولىغا ئېلىپ ۋاسىلغا تەڭلىدى:

— ئاله، تاۋۇز يە...

ۋاسىل ئۆز خاھىشىدىن كۆرە بۇيرۇق تەلەپپۇزىنىڭ زورى بىلەن تۇرەك سوجاڭ سۇنغان تاۋۇزنى ئېلىپ خالار - خالىماس چىشلىدى. تۇرەك سوجاڭ ئۆزىمۇ بىر تىلىم تاۋۇزنى ئېلىپ يېيىشكە باشلىدى. ئۇلار ئۇن - تىنسىز هالدا ئىككى - ئۇچ تىلىمدىن تاۋۇز يەپ بولغاندىن كېيىن، تۇرەك سوجاڭ ئۇشتۇمتۇت ئېغىز ئېچىپ قالدى:

— ئېتىڭ ۋاسىلغۇ دەيمەن.

ۋاسىل تۇرەك سوجاڭغا «لاپپىدە» بىر قارىۋېتىپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— يېڭىئاۋات كەنتىدىكى نۇرنىساخاننىڭ ئوغلىغۇ سەن.

— سايىم توقىنىڭ ئوغلى، — تۇرەك سوجاڭنىڭ ئاتىسىنىڭ گېپىنى قىلماي، ئۇنى پەقەت ئانىسىنىڭ ئوغلى دېگىنى ئۇچۇن نارازى بولغاندەك غۇدۇڭشىدى. دېمىسىمۇ بىرىنى سورىغاندا ئەڭ ئالدى بىلەن سەن پالانچىنىڭ ئوغلىمۇ، دەپ ئاتىسىنى ئاتايدىغۇ، بۇ سوجاڭ ئۇنىڭ تەتۇرىسىگە ئۇنىڭ ئاتىسىنى تىلغا ئالماي، ئانىسىنى تىلغا ئېلىۋاتىدۇ - دە!

تۇرەك سوجاڭ ۋاسىلنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالغاندەك ئىستىهزا بىلەن ئاچچىققىنە كۇلۇپ قويدى.

— قارا ۋاسىل، مەن سەن بىلەن خېلى بۇرۇنلا بىر سۆزلەشمەكچىدىم. لېكىن، بەزىبىر ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ سۆزلىشىشنى مۇشۇ كۇنگىچە ئارقىغا سۆرەپ كەلدىم. قارىسام سۆزلەشمىسەم بولمايدىغان چېغى، — تۇرەك سوجاڭ قولياغلىقىنى چىقىرىپ ئاغزىنى سۇرتكەچ سۆزلىدى، — مەن ساڭا ناهايىتى ئۇزۇندىن بۇيان دىققەت قىلىپ كېلىۋاتىمەن، سېنى هازىرلا ئەمەس، ئاناڭ ئېشەكىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بازارغا ئېلىپ كېلىدىغان بىر - ئىككى ياش ۋاقتىڭدىن تارتىپلا تونۇيمەن. شۇنىڭدىن

بۇيان مەن سىنى نەزىرىمدىن ساقىت قىلغان ئەمەسمەن.

تۇرەك سوجاڭ ئاستا ۋە ئېغىر ئېقىۋاتقان ئۆستەڭنىڭ سۇيىگە تىكىلىپ بىر هازاغىچە ئولتۇرۇپ قالدى. ۋاسىل تۇرەك سوجاڭنىڭ ئۆزى كۆتكەندەك «قولغا ئالىمەن»، «قامىۋېتىمەن» دەپ پوپۇزا قىلىپ ئۇنى قورقۇتۇشىنىڭ ئورنىغا ئۆزىنى خۇددى ئۆزى بىلەن تەڭتۇش چوڭ ئادەم قاتارىدا كۆرۈپ ئۇنىڭ بىلەن بىر خىل جىددىي ئەمما مۇلايىم تەلەپپۇزدا سۆزلىشىپ ئولتۇرغىنىغا هەيران بولۇپ بىردىنلا قورۇنۇپ قالغان بولسا، بۇ سوجاڭنىڭ ئۆزىنى بىر ـ ئىككى ياش چېغىدىن تارتىپ بىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ بەكلا هەيران قالدى.

— بۇگۈن مەن ساڭا ئاۋۋال بىر هېكايە ئېيتىپ بېرىمەن. قۇلاق سېلىپ ئاڭلىغىن. . .

— هېكايە؟ ماڭا؟ — ۋاسىل هېچنەرسىنى چۈشىنەلمەي ئالدىراپ سورىدى.

— شۇنداق، ساڭا هېكايە ئېيتىپ بېرىمەن. قارىسام سېنىڭ نوچىلىقتىن بەكلا تەمەيىڭ بار ئىكەن. نوچىلىقىڭ تۇتۇپ كېتىپ قېنىڭغا پاتماي قېلىۋېتىپسەن.

ۋاسىل بۇ گەپ بىلەن ۋىللىدە قىزارغاندەك بولدى ـ دە، بېشىنى سېلىۋالدى. گەپنىڭ تېگىدە گەپ بار ئىكەن ـ دە ئەسلىدە، دەپ ئويلىدى ئۇ بىر يەڭگىل خىجالەت تۇيغۇسى ئىچىدە.

— مەن ساڭا بىر نوچىنىڭ هېكايىسىنى سۆزلەپ بېرىمەن. نوچى دېگەن قانداق بولىدىكەن، شۇ چاغدا چۈشىنىپ قالارسەن، — تۇرەك سوجاڭ يېنىدىن چىرايلىق كېسىلگەن موخۇركا قەغىزىنى چىقىرىپ موخۇركا ئوراشقا تۇتۇندى.

— بۇنىڭدىن 20 يىل ئىلگىرى مۇشۇ يېزىمىزدىن بىر قەهرىمان چىققان.

بىر نوچى توغرىسىدا هېكايە ئاڭلاشقا قىزىقىپ ئولتۇرغان ۋاسىل «بۇ يېزىدىن بىر قەهرىمان چىققان» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تېخىمۇ ھەيران قالدى.

— قەھرىمان؟ مۇشۇ يېزىدىن. . . ؟ — دەپ سورىدى ئۇ، ۋاسىل بۇ گەپ بىلەن ئۆزىنىڭ بىر ئەيىبكار قاتارىدا ئولتۇرغىنىنى پۈتۈنلەي يادىدىن چىقىرىپ بىردىنلا روھلىنىپ كەتكەنىدى.

— شۇنداق، مۇشۇ يېزىدىن بىر قەھرىمان چىققان. پۈتۈن جۇڭگوغا داڭلىق بىر كۈرەش قەھرىمانى چىققان.

ۋاسىلنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى، ئۇ ھەيرانۇ ھەس بولۇپ تۆرەك سوجاڭنىڭ ئاغزىغا ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

— سەھرالىقتىنمۇ قەھرىمان چىقامدۇ؟ — دەپ تاشلىدى ئۇ ئاخىرى كۆڭلىدىكى ھەيرانلىقنى زادىلا باسالماي، ئۇنىڭ نەزىرىدە نوچى دېگەن ھەر يەردىن، ھەتتا سەھرادىنمۇ چىقىشى مۇمكىن ئىدى، لېكىن قەھرىمان دېگەن پەقەت كىنولاردىلا بولاتتى، كىنولاردىكى ئۇ قەھرىمانلارنىڭ نەدىن چىقىدىغىنىنى بىر خۇدا بىلمىسە ھېچكىم بىلمەيتتى. ئىشقىلىپ سەھرادىن قەھرىمان چىقمايدىغانلىقى ۋاسىلغا ئايان ئىدى. ئۇچ ۋاق تاماق يەپ، داڭ-گال چوقۇپ يەر تېرىيدىغان دېھقاندىن قانداقسىگە قەھرىمان چىقسۇن؟ قىزىق گەپ - دە، بۇ.

— بۇنىڭ ھەيران قالىدىغان نېمىسى بار؟ سەن ھېلىقىدەك نوچىلىقنى ئىشلىتىدىغان ۋاقىتتا ۋە جايىدا ئىشلىتەلىسەڭ سەنمۇ قەھرىمان بولالايسەن، قەھرىمان دېگەننىڭ تۆت قولىقى، سەككىز پۇتى، ئون ئىككى قولى يوق، ئۇمۇ ساڭا ئوخشاشلا ئادەم، بولۇپمۇ ھېلىقى قەھرىمان قۇيۇپ قويغاندەكلا ساڭا ئوخشايدىغان ئادەم.

تۆرەك سوجاڭنىڭ ئاۋازى بىلىنەر - بىلىنمەس بۇغۇلغاندەك بولدى. ئۇ قولىدىكى تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ ئارقا - ئارقىدىن شورىۋېتىپ خىياللىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى ۋە ئۇشتۇمتۇت قويۇن يانچۇقىدىن بىر كىچىك خاتىرىنى چىقىرىپ ئۇنىڭ قېتىدىن بىر پارچە سۈرەتنى چىقاردى - دە، ئۆزى ئۇنىڭغا بىر ھازا قارىۋەتكەن-

دىن كېيىن ئۇنى ۋاسىلغا ئۇزاتتى:

— ئەنە. . . مەن دېگەن ھېلىقى قەھرىمان شۇ قارىپ باققا ساڭا ئوخشامدىكەن.

ۋاسىل تۇرەك سوجاڭنىڭ «ساڭا ئوخشامدىكەن» دېگەن سۆزىگە ئېتىبار قىلماي، يېزىمىزدىن چىققان ئۇ چوڭ قەھرىمان قانداقراق ئادەمدۇ؟ دېگەن قىزىقىش تۇيغۇسى ئىچىدە رەسىمنى ئالدىراپ قولىغا ئالدى. رەسىم سارغىيىپ كەتكەن بولسىمۇ ناھايىتى ياخشى ساقلانغانىدى. رەسىمدە پاگون تاقىغان، شەپكىسىنى سەلگىنە قىڭغىر كىيگەن، ياپياش ئىككى يىگىت كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ۋاسىلغا بۇ ئىككى يىگىت ھېلىلا بىر يەردە كۆرگەندەكلا تونۇش بىلىندى. ئۇلارنىڭ شۇ چاغدىكى قىياپىتى ئۆزىنىڭ ھازىرقى يېشىدىن سەللا چوڭدەك، ھەتتا ئۆزىنىڭ ھازىرقى يېشى بىلەن تەڭدەك كۆرۈنەتتى. ئۇ بىر ھازا سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن، بىردىنلا رەسىمدىكى بىر كىشىنى تونۇپ قالدى. ئۇ مانا ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان تۇرەك سوجاڭ ئىدى. يەنە بىر يىگىت تۇرەك سوجاڭدىنمۇ بەستلىكرەك، قاڭشارلىق ۋە كېلىشكەنىدى. ئۇنىڭ قاشلىرى قاپقارا ۋە قويۇق بولۇپ، كۈلۈپ تۇرغان قوي كۆزلىرى كىمنىڭدۇر كۆزلىرىگە بەك ئوخشايتتى. لېكىن كىمنىڭ كۆزلىرىگە ئوخشايدىغانلىقىنى ۋاسىل زادىلا ئېسىگە ئالالمىدى. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ بىردىنلا سوقۇشقا ئىتتىكلەپ كەتتى. ئۇ بىر ھاياجان ئىچىدە يەڭگىلگىنە تىترەپ قولىدىكى رەسىمنى ئاۋايلاپ تۇرەك سوجاڭغا قايتۇرۇپ بەردى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزلىرى تۇرەك سوجاڭنىڭ ئۆزىگە مىختەك قادىلىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى ۋە نېمىشقىدۇر ئوڭايسىزلىنىپ كۆزلىرىنى تۇرەك سوجاڭنىڭ كۆزلىرىدىن ئېلىپ قېچىپ يەرگە قارىۋالدى. تۇرەك سوجاڭنىڭ سىنچى كۆزلىرى شۇ تاپتا ۋاسىلنىڭ چىرايىدا زاھىر بولغان ئاشۇ كىچىككىنە ئۆزگىرىشنىمۇ ئىنچىكە كۆزىتىپ تۇراتتى.

— قانداق، تونۇدۇڭمۇ؟ — ئۇشتۇمتۇت سوراپ قالدى تۇ-رەك سوجاڭ رەسىمنى ۋاسىلنىڭ قولىدىن ئېلىۋېتىپ.

— تونۇدۇم، بىرى سىز ئىكەنسىز. . .

— يەنە بىرەيلەنچۇ؟

— تا. . . تازا تونۇيالمىدىم، كىمدۇر بىرىگە ئوخشاتتىم-يۇ، زادى كىملىكىنى تاپالمىدىم، — دېدى ۋاسىل ھاياجان ۋە خىجالەتچىلىك ئىلكىدە.

تۇرەك سوجاڭ خۇددى بىر يېرى ئاغرىۋاتقاندەك ئايانچلىق تۇستە ئاچچىق كۇلۇمسىرىدى ۋە:

— ئاڭلاپ تۇر، مەن ئۇ قەھرىمان توغرىسىدا سۆزلەپ بېرەي، ئاخىرىدا. . . ئاخىرىدا ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلىپ قالىسەن.

ۋاسىل چوڭراق تىنىشقىمۇ پېتىنالماي ئالدىراپ بېشىنى لىڭشىتتى. تۇرەك سوجاڭ تاماكىسىنى قاتتىق بىر تارتىۋېلىپ تاماكا قالدۇقىنى تاشقا نىقتاپ مىجىپ ئۆچۈردى. ئاندىن گېلىنى قىرىپ ھېكايىسىنى باشلىدى.

## يەتتىنچى باب

1962 - يىل ئۆكتەبىردە، يەنى سەن تۇغۇلۇپ ئالتە ئايلىق بولغان چېغىڭدا چېگرىداش بىر دۆلەتنىڭ ئارمىيىسى چېگرىمىزغا بېسىپ كىردى، بىزنىڭ قىسمىمىز بۇيرۇقتا بىنائەن دەررۇ ئالدىنقى سەپكە ئاتلاندى، شۇ چاغدا مەن ئاشۇ قەھرىمان بىلەن بىر بەندە — پىلىموتچىلار لىيەنىنىڭ 3 - بەندە ئىدىم. ئۇ قەھرىمان 3 - بەنىنىڭ بەنجاڭى ئىدى. بىز ئىككىمىز كىچىكىمىزدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان، ئارمىيىگە بىللە كىرگەن ۋە بىر يۇرتلۇق بولغاچقىمۇ كۆڭلىمىز بەك يېقىن ئىدى. ئۇ

بەنجاڭ بەنگە تاپشۇرۇلغان ھەر قانداق قىيىن ۋەزىيەتنى باتۇرلۇق بىلەن ئۆز زىممىسىگە ئالاتتى ۋە ھەر قاچان مېنى ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ باراتتى.

ئۇرۇش ۋەزىيىتى بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ كەتتى. قاچا ۋۇزچىلارنى ۋەتەن زېمىنىدىن قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن ئارمىيىمىز ئومۇمىيۈزلۈك قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. بىزنىڭ بەنىمىزمۇ ھۇجۇمنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىگە ئەۋەتىلدى.

يېرىم كېچە، چېدىرلاردا چىراغلار ئاللىقاچان ئۆچۈرۈلگەندى، ئەتراپ جىمجىت بولۇپ، گاھى - گاھىدا ئايلىنىپ يۈرگەن پوستنىڭ ئايغىدىن چىققان غاچىلدىغان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ قالاتتى...

مانا شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، يۇقىرىدىن دۈشمەننىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا جايلاشقان 52 - نومۇرلۇق تايانچ بازىسىنى رازۋېدكا قىلىش ۋەزىپىسى بىزنىڭ بەنگە تاپشۇرۇلدى. چۈنكى بىزنىڭ بەنىمىز ئالدىنقى بىر قانچە قېتىملىق رازۋېدكا قىلىش ۋەزىپىسىنى سەزگۈرلۈك، پەم - پاراسەت بىلەن دەل ۋاقتىدا ئادا قىلىپ، يۇقىرىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەنىدى. بىز ۋەزىپىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپلا بەنجاڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە يېرىم كېچىدە يولغا چىقتۇق. بىز خەرىتە ئۈستىدىكى كومپاس ستىرېلكىسىنىڭ كۆرسەتكەن نىشانىنى قارارلاپ قار كېچىپ خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن، دۈشمەنلەرنىڭ تايانچ بازىسىغا يېقىنلاپ، دۆڭلۈكنىڭ تۈۋىگە ئۆمىلەپ كېلىپ توختىدۇق. ئەتراپ قارانى كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قاپقاراڭغۇ ئىدى. دۈشمەننىڭ كۆزىتىش مۇنارىدىكى يۇقىرى ۋولتلۇق چىراغ ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر نۇرى بىلەن تاغ جىلغىلىرىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. بىز بەنجاڭنىڭ ئارقىسىدىن قار ئۈستىدە يەر بېغىرلاپ سىلجىپ دۈشمەن ئاكوپىغا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدۇق. تۇساتتىن ئېتىلغان بىر پاي يورۇتقۇچى ئوق بىزنىڭ بېشىمىزدىلا خۇددى چاقماق چاققاندەك چاقناپ ئەت-

ـراپىنى پاللىدە يورۇتتى، بەنجاڭ مەن ۋە يەنە بىر جەڭچى بىردەم ئېڭىشىپ مېڭىپ، بىر دەم ئۆمىلەپ مېڭىپ، تېز ئىلگىرىلەپ تىكەنلىك سىم توساقنىڭ قېشىغا كېلىپ قالدۇق. دۈشمەنلەر سىم توساققا كونسېرۋا قۇتىسىدىن ياسالغان ئاددىي قوڭغۇراقلارنى ناھايىتى زىچ قىلىپ ئېسىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭغا تېگىپ كەتسىلا تاراڭشىغان ئاۋاز چىقىپ كېتەتتى. بىز بىرەر مىنۇت ھەپىلەشكەندىن كېيىن سىم توساقنى ئېھتىيات بىلەن قىسىپ كېسىپ، ئادەم گەۋدىسى سىغقۇدەك يول ئاچتۇق. ئارقا - ئارقىدىن ئېتىلىپ تۇرغان يورۇتقۇچى ئوقلار ئەتراپىنى كۈندۈزدەك يورۇتۇۋېتەتتى. بىز نىقابلانغان ھالدا ئۆزىمىزنى بىلىندۈرمەي داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ، دۈشمەن ئىستىھكاملىرىنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىنى كۆزىتىشكە كىرىشتۇق. بىر كەمدە، دۈشمەننىڭ ئىككى ئەسكىرى چىراغ يورۇقىدا ئۇققىلى بولمايدىغان بىر تىلدا ئۆز ئارا كالدىرلىشىپ، بىزگە ئاران 2 - 3 مېتىر كېلىدىغان ئارىلىقتىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار بىردەمدىن كېيىنلا كەلگەن يولى بىلەن كەينىگە قايتىپ دۆڭلۈكنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان يەر ئاستى ئىستىھكامىغا كىرىپ كەتتى. چىراغلار ئاستا - ئاستا ئۆچۈپ ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق ئۆز قوينىغا ئالدى.

بەنجاڭ بىلەن ئىككىمىز دۈشمەننىڭ بۇ مەخپىي ئىستىھكامىنىڭ خەرىتىسىنى سىزىۋالدۇق. بۇ ئىستىھكام ھازىرغىچە خەرىتىگە ئېلىنمىغان بىر مەخپىي ئوت توچكىسى ئىكەن. بىز كەلگەن يولىمىزنى بويلاپ بازىغا قايتتۇق. تۈن پەردىسىنىڭ بىر چېتى خۇددى نېپىز شايىدەك سۈزۈلۈشكە باشلىدى. بىز قۇياش ئۇپۇقتىن ھالقىپ نەيزە بويى ئۆرلىگەن ۋاقىتتا قارلىق دالانى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، كۈن نۇرىدا زۇمرەتتەك تاۋلىنىپ تۇرغان كۆل بويىغا ساق - سالامەت يېتىپ كېلىپ توختىدۇق. بەنجاڭ زىيان - زەخمەتسىز ئىگىلىگەن مۇھىم مەلۇماتنى قوماندانلىق شتابىغا يوللىۋەتتى.

www.uyghurkitap.com

تۈن نىسپىدىن ئۆتكەن چاغ ئىدى. ئاسماننى قويۇق قارا بۇلۇتلار قاپلاپ، پىلدىرلاپ چاقناپ تۇرىدىغان يۇلتۇزلارنى قاراڭغۇلۇق يۇتۇۋەتكەنىدى.

تۇەن قوماندانلىق شتابى بىزنىڭ يوللىغان تەپسىلىي مەلۇماتىمىزغا ئاساسەن دۈشمەننىڭ 52 ـ نومۇرلۇق تايانچ بازىسىنى ئىشغال قىلىش جىڭىنىڭ مۇكەممەل پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى.

ئاقۇچ تۇمان بارا ـ بارا تارقىلىپ، ئېگىز تاغ ئۈستىگە شەپەق نۇرى جۇلا تاشلىدى. مانا شۇ چاغدا 52 ـ نومۇرلۇق تايانچ بازىنى ئىشغال قىلىش جېڭى باشلاندى.

جىمجىت جىلغىلار پىلىموت، زەمبىرەك ۋە مىلتىقلار شاۋقۇنىدىن لەرزىگە كەلدى. ھاۋانى ئوق ـ دورىنىڭ ھىدى قاپلىدى. «پاڭ» قىلىپ ئېتىلغان قىزىل رەڭلىك بەلگە ئوقى بىلەن تەڭ بىزنىڭ پىلىموتچىلار بەنىمىزنىڭ ئېغىر پىلىموتلىرى سايىراپ كەتتى. ئاققان يۇلتۇزدەك ئۈزۈلمەي ئېتىلىۋاتقان ئوقلار دۈشمەننى باش كۆتۈرگۈزمىدى. پاراكەندە بولغان دۈشمەنلەر ئۇدۇل كەلگەن يەرگە ئۆزىنى ئېتىپ، خۇددى ساپىقىدىن ئۈزۈلۈپ چۈشكەن كاۋا ـ قاپاقتەك تاشلىق يەرگە دومىلىشىپ ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىدى. بىردىنلا گىرەلەشمە جەڭ باشلىنىپ كەتتى. پۈتكۈل جەڭ مەيدانى نەيزىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلغان چاغدىكى جاراق ـ جۇرۇق قىلغان ئاۋازىدىن قورقۇنچلۇق تۈسكە كىرگەنىدى. بەنجاڭىمىز ئۆزىگە قاراپ ئېتىلىپ كەلگەن قاپقارا ساقاللىق بىر شادا پاچاق دۈشمەن ئەسكىرىنى قولىدىكى ئاپتوماتىنىڭ پايىنىكى بىلەن خامىرىغا بىرنى ئۇرۇپ تىك مولـلاق ئاتقۇزۇۋەتتى ـ دە، ئاپتوماتىنىڭ نەيزىسىنى ھېلىقى دۈشمەننىڭ كۆكرىكىگە سانجىدى. مىلتىق نەيزىلىرى قىپقىزىل قانغا بويالغانىدى. ھالسىزلانغان دۈشمەنلەر ئامالسىز قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تەسلىم بولۇشقا باشلىدى.

ئەسىرگە چۈشكەن دۈشمەنلەر سوغۇق ۋە چۈشكۈنلۈكتىن

تۇگۇلىشىپ، ئۇيۇشۇپ قېتىپ قالغان پۇتلىرىنى تەسلىكتە يۆت-
كەپ ئاران ماڭاتتى. يۇز - كۆزىنى كىرپىنىڭ تىكىنىدەك ساقال
باسقان ئېگىز بويلۇق ئىككى نەپەر دۇشمەن ئوفىتسېرىنى سوراق
قىلىپ ئالغان مۇھىم مەلۇماتلارنى دەرھال قوماندانلىق شتابىغا
يوللىۋەتتۇق.

بىزنىڭ بەنىمىز بەنجاڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە داۋاملىق ئىلگى-
رىلىمەكتە ئىدى. دەسلەپكى جەڭنىڭ غەلىبىسى بىزنىڭ جاسارى-
تىمىزنى تېخىمۇ كۇچەيتكەنىدى. «پاڭ - پۇڭ» قىلغان ئاۋاز
بىلەن تەڭ ئاسمانغا كۆتۇرۇلگەن ئۇچ پاي بەلگە ئوقى پۇتۇن
قىسىمنى سەپ بويىچە ھەرىكەتكە كەلتۇردى. گويا بورانلىق دېڭىز
ئۇستىدە يەككە - يېگانە كېتىۋاتقان كېمىگە ئوخشاپ قالغان
ئېگىزلىكنىڭ ئۇچ تەرىپىدىن قورشاپ ھۇجۇمغا ئۆتكەن قوشۇنلار
تىك قىياغا ياماشتى. بەنـجاڭ بىزگە جىددىي بۇيـرۇق قىلـدى.
3 - بەنىنىڭ ئېغىر پىلىموتى خۇددى ئوت ئەجدىھاسىغا ئوخشاش
تۇن قاراڭغۇسى ئىچىدە ئوتلۇق ئىز قالدۇرۇپ، دۇشمەنىنىڭ
باشلىرىغا ئەجەل ئۇچقۇنلىرىنى شىددەت بىلەن چېچىشقا باشلى-
دى. ئېغىر پىلىموتىنىڭ بوغۇق ئاۋازىغا تەڭكەش قىلىپ ئىككى
ياندىكى يېنىك پىلىموتلارمۇ سايراشقا باشلىدى. جەڭچىلەرنىڭ
ھۇررا، ئالغا ساداسى ئېگىزلىك ئۇستىدىكى دۇشمەنلەرنى ئالاقزا-
دە قىلىۋەتتى. دۇشمەنلەرنىڭ باشلىقلىرى ئىشلىرىنىڭ ئوڭدىن
كەلمىگەنلىكىنى كۆرۇپ ئەسكەرلىرىنى، پوزىتسىيىلىرىنى تاش-
لاپ، ئەسكەرلىرىمۇ باشلىقلىـرىنى دوراپ قوللىـرىدىكى مىل-
تىق - ئاپتوماتلىرىنى تاشلاپ قېچىشقا كىرىشتى. قاچقان دۇش-
مەن توپى ئاللىقاچان ئۇلارنى كۇتۇپ تۇسۇپ تۇرغان جەڭچىلىرى-
مىزنىڭ قورشاۋىغا چۇشۇپ قېلىپ، ئىلاجىسىز بىر - بىرلەپ
تىزلىنىپ تەسلىم بولۇشتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆزلىرىنىڭ
ھايات قېلىشىدىن ئۇمىدىنى ئۇزۇپ جان - جەھلى بىلەن قارشى-
لىق كۆرسىتەتتى. بەزىلىرى قوللىرىنى ئېگىز كۆتۇرۇشۇپ بىر

نېمىلەرنى دەپ كالدىرلايتتى. سۈنايلاپ يېتىشقان دۆشىلەن ئەس-
كەرلىرىنىڭ جەسەتلىرى تاغ باغرىغا تولۇپ كەتكەندەك جوڭ تاڭ
سۈزۈلۈش بىلەن ئايالاشتى. كۆتۈرۈلگەن قۇياش ئاچ قىزىل
پەردىسىنى قارا قۇرۇم تېغى ئۈستىگە يايدى. چوققىسى بىلەن
كۆكنى تىرەپ تۇرغان ئاقباش تاغلاردىكى مەڭگۈ ئېرىمەس قارلار
كۈن شولىسىدىن خۇددى كۈمۈشتەك يالتىرايتتى.

ئېگىزلىكتىكى ئوق - دورا ھىدى تارقاپ ھاۋا ئاستا - ئاستا سايلاشتى. غەلىبە شادلىقىغا چۆمگەن جەڭچىلەر ئەسىرگە ئالغان تاجاۋۇزچى ئەسكەرلەرنى قىسىم ئارقا سېپىگە ئېلىپ ماڭدى. يىلانباغرى كەتكەن بۇ تاغ يولىدا ھەربىي ئاپتوموبىللار خۇددى قاناتلىق تۇلپارلاردەك غۇيۇلداپ ئۇچۇپ باراتتى. ئەگرى - بۈگ-رى بۇ تاشيولىنىڭ بىر تەرىپى ئاسمانغا تاقاشقۇدەك ئېگىز تاغ، يەنە بىر تەرىپى تۈۋى كۆرۈنمەيدىغان چوڭقۇر ھاڭ ئىدى. جەڭ-چىلەر ماشىنىدا ئولتۇرۇپ تۆۋەندە لەيلەپ ئۈزۈپ يۈرگەن بۇلۇت-لارغا قاراپ ئۆزلىرىنى گويا ئاسماندا پەرۋاز قىلىۋاتقان پەرىشتى-لەردەك ھېس قىلىشاتتى. بىزنىڭ پىلىموتچىلار بەنىمىزمۇ ئەڭ ئالدىنقى ماشىنىدا كېتىۋاتاتتى. بۇ يول 1962 - يىلى جەڭ تەييارلىقى ئۈچۈن ياسالغان بولۇپ، خەتەرلىك ئۆتكەللىرى دائىم ئۇچراپ تۇراتتى. . .

بۇلۇتلار ئارىسىغا يوشۇرۇنغان ئاينىڭ خىرە - شىرە يورۇ-قىدا ئالدىمىزدىكى بۇ يەرنىڭ بىر تەرىپى تۆپىلىك، يەنە بىر تەرىپى بولسا تۇزلەڭلىك ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتكىلى بولاتتى. تۈن يېرىمىغىچە بىر پارچىمۇ بۇلۇت كۆرۈنمىگەن ئاسمان قۇچىقى بارا - بارا قويۇق قارا بۇلۇتلار بىلەن قاپلىنىپ، چاراقلاپ يېنىپ تۇرغان ساناقسىز يۇلتۇزلار ۋە تولغان ئاينى يۇتۇۋالدى. ئەتراپ گويا گۆردەك قاراڭغۇ ئىدى. كېچىدىكى قاراڭغۇلۇق يات ئەلگە بېسىپ كىرگەن تاجاۋۇزچىلار ئۈچۈن دەھشەت ياغدۇراتتى. ئەڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان بىرىنچى ئاپتوموبىلنىڭ كابىنكىسى ئۈستىگە

ستوۋولى ئالدى تەرەپكە قارىتىلغان ئېغىر پىلىموت ئورنىتىلغان-
دى. جەڭچىلەر بۇ كېچىدە دۈشمەننىڭ 26 - نومۇرلۇق تايانچ بازىسىنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن يولغا چىققانىدى. بىزنىڭ 3 - بەنىمىز تۈەننىڭ ئاۋانگارت بەنى قىلىپ بەلگىلەنگەنىدى. بەنجاڭ پىلىموتنىڭ تۇتقۇچىنى چىڭ تۇتۇپ، ئالدى تەرەپتىن سوقۇۋاتقان ئاچچىق تاغ شامىلىنىڭ نەشتەردەك سوغۇقىغا يۈزلىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ قويۇق قارا قاشلىرى ئاستىدىكى ئوتلۇق كۆزلىرى يىراقلارغا تىكىلگەن، ئىككى مەڭزى سوغۇقتىن سەزمەس هالغا كېلىپ قالغانىدى.

ئاپتوموبىل بىر خىل سۈرئەتتە ئىلگىرىلىمەكتە. بۆشۈكتەك تەۋرىنىپ كېتىپ بارغان ئاپتوموبىلدىكى جەڭچىلەرنىڭ بەزىلىرى ئاتا - ئانا، بالا - چاقىلىرىنى خىيال قىلىپ ئولتۇرغان بولسا، بەزىلىرى يېنىدىكىلەر بىلەن قىزىق پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەنىدى. مەن لېيەنجاڭ بىلەن مۈرىدىشىپ ئالدى تەرەپكە بەتلىنىپ تۇرغاندىم. بىر چاغدا ئالدى يان تەرىپىمىزدە بىر زاڭزۇ ئۆيى ۋە ئىشىك بېشىدىكى خادا ئۇچىغا ئېسىپ قويغان غەلىتە بىر نەرسە كۆرۈنگەندەك قىلدى.

— ئاۋۇ ياقتىكى خادىغا ئېسىپ قويۇلغان نەرسە نېمىدۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن. بەنجاڭ مەندىن ئاۋۋاللا ئۇنىڭغا دىققەت قىلغانىكەن، ئۇ ماڭا «گەپ قىلما!» دېگەن مەنىدە ئىشارەت قىلدى - دە، شوپۇرغا پىچىرلاپ دېگۈدەك ماشىنىنى ئاستىلىتىشقا بۇيرۇق بەردى. تاشيولنىڭ سول تەرىپىدىكى يېقىنلا يەردە تىبەتلىكلەرنىڭ تاش بىلەن قوپۇرۇلغان ئۆيى ئەمدى ئوچۇقراق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. قارىساق، ئۆينىڭ ئالدى يان تەرىپىگە قادالغان ئېگىز خادىنىڭ ئۇچىغا چېگىلگەن بىر تال قوتاز قۇيرۇقى شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرۇپتۇ. ئۆينىڭ ئالدىدا بىر نەچچە قوتاز ۋە قويلار يەم يەۋېتىپتۇ. بۇ چاغدا تاڭ ئېتىپ كۈن خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى. هېلىقى قوتاز ۋە قويلار ئاپتاپقا قاقلىنىپ

تازا يايراپ تۇرۇپتۇ، بىزنىڭ ئاپتوموبىلىمىز بارغانسېرى ئۆيگە يېقىنلاشتى. ئۆينىڭ ئەتراپىدا ئادەم قارىسى كۆرۈنمەيتتى. بەخ-رامان يەم يەۋاتقان قوتاز - قويلار گۇرۇلدەپ ئاۋاز چىقىرىپ كېلىۋاتقان بۇ ئاجايىپ مەخلۇققا ھەيران بولغاندەك قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ، بويۇنلىرىـنى سوزۇپ قىزىـقىش ئىچىـدە قارىشىپ تۇراتتى.

تۇيۇقسىز ئېتىلغان ئوق ئاۋازى 3 - بەندىكىلەرنى جىددىي-لەشتۈرۈۋەتتى. ئۆي بىلەن ئاپتوموبىلنىڭ ئارىلىقى پەقەت 50 نەچچە مېتىرلا كېلەتتى. بىز ئۆيگە قارىتىپ پىلىموتلاردىن ئوت ئاچتۇق. ئۆيگە يوشۇرۇنغان دۈشمەنلەرنىڭ ئېغىر - يېنىك قو-راللىرىدىن مۆلدۈردەك ئۇچقان ئوقلار جەڭچىلەرنىڭ باش ئۈستى-دىن ۋىژىلداپ ئۆتەتتى. غۇيۇلداپ ئۇچۇپ كەلگەن تاغ زەمبىرى-كىنىڭ ئوقلىرى ئاپتوموبىلنىڭ ئالدى - كەينىـگە چۈشۈپ پارت-لاپ، تاشلارنى ئۇچۇرۇپ ئازگاللار پەيدا قىلاتتى. ئەتراپنى بىر-دەمدىلا ئىس - تۈتەك قاپلاپ كەتتى. بىر كەمدە قارىساق، دۈشمەنگە شىددەت بىلەن ئوت ئېچىۋاتقان بەنجاڭ بىرلا تولغىنىپ يىقىلدى. قىپقىزىل قان ئۇنىڭ پاختىلىق چاپىنىنىڭ ئۈستىگە تەپچىرەپ چىقتى.

— بەنجاڭ، يارىلىنىپسىز، پىلىموتىڭىزنى ماڭا بېرىڭ! — مەن ئاپتوماتىمنى قويۇپ بەنجاڭنىڭ پىلىموتىغا قول ئۇزاتتىم. يەنە ئۆزىنى ئوڭشاپ تىرەجەپ قوپقان بەنجاڭ ماڭا قاراپ:

— ئورنۇڭدا چىڭ تۇر، ئاپتوماتىڭنى ئات! — دېدى ئاغرىق ئازابىدىن چىشلىرىنى كىرىشتۈرگەن ھالدا قەتئىي قىلىپ.

ئۇ يەنە ئېغىر پىلىموتقا يېپىشتى. تا، تا، تا، تات. . . ئېغىر پىلىموت يەنە سايراپ كەتتى. پىلىموتتىن چىقىۋاتقان ئوق يامغۇرى غالجىرلاشقان دۈشمەنلەرنىڭ ئوت كۈچىنى بېسىپ، ئۇلارنى باش كۆتۈرگۈزمىدى.

مەن بەنجاڭنىڭ يارىلانغانلىقىنى كۆرۈپ زادىلا تاقەت قىلال-

مىدىم. چۈنكى بەنجاڭنىڭ يارىسى بەك ئېغىر ئىدى. باشقا بىرد-
مىز بولغان بولساق، يىقىلغان پېتى ئورنىمىزدىن قوپالمىغان
بولاتتۇق. مەن ئالدىراپ ئۇنىڭ قېشىغا ئۆمىلەپ كېلىپ ئېھتى-
يات ئۇچۇن تارقىتىپ بەرگەن بېنتنى يېنىمدىن چىقىرىپ بۇل-
دۇقلاپ قان چىقىۋاتقان يارىسىنى تېڭىپ قويدۇم. ئېغىر پىلى-
موتنىڭ ئۇشتۇمتۇت توختاپ قالغىنىنى كۆرگەن جەڭچىلەر چۇ-
چۇپ ماڭا قاراشتى. بۇ چاغدا مەن بەنجاڭنىڭ يارىسىنى تېڭىپ
بولۇپ پىلىموتنىڭ يېنىغا بېرىپ بولغانىدىم. لېكىن مەن ئېغىر
پىلىموتنىڭ تەپكىسىنى قانچە باسسامۇ پىلىموتتىن ئوق چىقماي-
ۋاتاتتى. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا دۈشمەننىڭ ئوت
كۈچى بىردىنلا كۈچىيىپ كەتتى.
ئۆلۈم دەھشىتى ماشىنىدىكى جەڭچىلەرنىڭ ھاياتىغا جىددىي
تەھدىت سالماقتا ئىدى. قولۇمدىكى ئېغىر پىلىموت تېخىچىلا
ئىشلىمەيۋاتاتتى. ئەسلىدە دۈشمەن ئوقى بۇ ئېغىر پىلىموتنىڭ
ئوق لېنتىسىدىكى بىر تال ئوقنىڭ بېشىنى ماكچايتىۋەتكەنىكەن.
ماكچايغان ئوق پىلىموت ستۋولىغا قاپلىشىپ قاپتۇ. ئېغىر پىلى-
موتتىن شۇڭا ئوق چىقمىغانىكەن. مەن پىلىموتنىڭ كاشىلىسىنى
ئوڭشىغىچە ھوشىدىن كېتىشكە ئازلا قېلىۋاتقان بەنجاڭ ئۆزىنىڭ
ئاپتوماتىنى قايتىدىن سايرىتىۋەتتى. ئۇنىڭ ئاپتوماتىدىن ئۇچقان
قىساس ئوقلىرى دۈشمەن باشلىرىغا مۆلدۈردەك يېغىپ كەتتى.
— يولداشلار! — دېدى بەنجاڭ بىر تەرەپتىن دۈشمەنگە ئوت
ئېچىۋېتىپ ئۈنلۈك ئاۋازدا، — نوچىلىقىمىزنى سىنايدىغان پەيت
كەلدى. چوڭ قىسىم يېتىپ كەلگىچە چوقۇم بەرداشلىق بېرىشى-
مىز كېرەك، كىم ئاخىرىغىچە بەرداشلىق بېرەلىسە شۇ نوچى،
شۇ قەھرىمان! ئېتىڭلار! 3 ـ بەنىنىڭ نوچى يىگىتلىرى، قەھرى-
مانلىق شەرىپى بىلەن غەلىبە بىزگە مەنسۇپ!!!
ئۇ بىر تەرەپتىن ۋارقىراپ سۆزلەپ، بىر تەرەپتىن دۈشمەن-
نى شىددەت بىلەن ئوققا تۇتۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ قولاق تۇۋىدىن

ئەجەل ئوقلىرى ۋىژىلداپ ئۇچۇپ تۇرسىمۇ، ئېغىر يارىلانغان قەھرىمان بەنجاڭىمىز پىسەنت قىلمايتتى. ئېغىر پىلىموتنىڭ كاشىلىسى ئوڭشالغىچە دۈشمەنلەر پۈتۈن ئوت كۈچىنى بىزنىڭ بەنجاڭغا قاراتتى. بەنجاڭ دۈشمەن ئۈستىگە ئوت چاچرىتىپ تۇرۇنىڭ قاۋۇل بەستى بىلەن دۈشمەننىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە قارىتىپ بەنىنىڭ چىقىمىنى ئازايتتى، پىلىموتنى ئوڭشاشقا ۋاقىت چىقىرىپ بەردى. شۇ ئارىدا يەنە بىر تال ئوق بەنجاڭنىڭ سول قولىغا تېگىپ ئۇنىڭ كۆكرىكىنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كىيىملىرى قانغا بويىلىپ كەتتى. لېكىن بىزنىڭ بەنجاڭىمىز ناھايىتى باتۇرلۇق بىلەن بەرداشلىق بېرىپ، ئىڭراپمۇ قويمىدى. ئۇ تېزلىك بىلەن دىسكىنى ئالماشتۇرۇپ دۈشمەنگە قارىتىپ داۋاملىق ئوت ئاچتى. غالجىرلاشقان دۈشمەننىڭ ئوت كۈچى نىشانى ئۇنىڭ ئۈستىگە مەركەزلەشتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭغا يەنە ئىككى تال ئوق تېگىپ كۆكرىكىنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ۋاقىتتا مېنىڭ ئېغىر پىلىموتىمنىڭ كاشىلىسىمۇ ئوڭشىلىپ، بىردىنلا تىلغا كىردى ــ دە، قۇدرەتلىك ئوت كۈچى بىلەن دۈشمەننىڭ ئوت كۈچىنى باستۇردى. بەنجاڭ مېنىڭ قايتىدىن ئوت ئېچىشقا كىرىشكىنىمنى كۆرۈپ، قان ئىچىگە ئاستا يىقىلدى. بۇ چاغدا چوڭ قىسىممۇ يېتىپ كەلدى. بەنجاڭ ئۆزىنىڭ بېشىنى يۆلەۋاتقان مۇئاۋىن لىيەنجاڭغا: «مۇئاۋىن لىيەنجاڭ، مەن يارىلاندىم...» دېدى ــ دە، كۆزلىرىنى ئاستاغىنە يۇمدى. بىزنىڭ قەھرىمان بەنجاڭىمىز ئەنە شۇنداق قۇربان بولدى. بىزنىڭ: «قەھرىمان بەنجاڭ ئۈچۈن قىساس ئالىمىز!» دېگەن ئاۋازىمىز تاغ ئىچىنى لەرزىگە كەلتۈردى. مەن بەنجاڭنىڭ جەڭدە ئىشلەتكەن قورالىدا ھېلىقى مەخپىي ئىستىھكام بولغان ئۆيدىن پىتىراپ قېچىپ چىقىۋاتقان دۈشمەنلەرنىڭ ئۈستىگە بىر ئۆچىرەت ئوق سىرىپ، قېچىشقا ئۇرۇنغان دۈشمەنلەرنى قىرىپ تاشلىدىم. چوڭ قىسىمنىڭ زەربىسى بىلەن «ئەۋلىيا قولتۇق» دەپ ئاتالغان بۇ جەڭ

مەيداندىكى دۈشمەنلەر ھەممىسى ئالتە مىنۇت ئىچىدە تامامەن يوقىتىلدى. ئاشۇ قەھرىمان بەنجاگىمىزنىڭ باتۇرلۇقى ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈپ جەڭنى چوڭ قىسىمنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئۆزارتتى ۋە دۈشمەنلەرنى ھالسىرىتىپ، كۈچىنى خورىتىپ، بىزنىڭ بىراقلا غەلىبە قىلىشىمىزغا ئاساس يارىتىپ بەردى. بىزنىڭ قەھرىمان بەنجاگىمىزنىڭ باتۇر، قەيسەرلىكى چوڭ قىسىمنى زور چىقىم بېرىشتىن ساقلاپ قالدى. جەڭ ئاياغلاشقاندىن كېيىن بىزنىڭ بەنجاگىمىز 1 ـ دەرىجىلىك نەتىجە بىلەن خاتىرىگە ئېلىندى ۋە ئۇنىڭغا «كۈرەش قەھرىمانى» دېگەن نام بېرىلدى.

## سەككىزىنچى باب

تۇرەك سوجاگىنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ، سۆزىدىن توختاپ قالدى. قالتىس قىزىق ۋە دەبدەبىلىك كىنو كۆرۈۋېتىپ، ئۆزىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىتنى پۈتۈنلەي يادىدىن چىقىرىپ قويغان ئادەمدەك تەسىرلىك جەڭ ھېكايىسى ئىچىگە غەرق بولغان ۋاسىل بېشىنى كۆتۈرۈپ تۇرەك سوجاگىغا لاپپىدە قارىدى.

50 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالغان، چىرايى ھەر قاچان جىددىي ۋە كەسكىن كۆرۈنىدىغان بۇ ئادەمنىڭ ئاپتاپتا قارايغان، چارداشقا باشلىغان ئۆسكىلەڭ ساقال قاپلاپ كەتكەن، ئادەتتە تولىمۇ قەھرلىك كۆرۈنىدىغان چىرايىنى چوڭقۇر بىر قايغۇ بۇلۇتى قاپلىغانىدى. ئۇنىڭ چۆرىسىگە ساناقسىز يىپچا قورۇقلار تارتىلغان ئۆتكۈر كۆزلىرىدە لىققىدە ياش لىغىرلاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ لەۋلىرى ئىختىيارسىز تىترەيتتى. چوڭ ئادەمنىڭ كۆز يېشى قىلغىنىنى بولۇپمۇ تۇرەك سوجاگىدەك قوپال، كەسكىن ۋە قەھرلىك ئەركەكنىڭ كۆز يېشى قىلغىنىنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتقان ۋاسىلنىڭ يۈرىكى ئېچىشقاندەك بولدى. ئۇمۇ سوئال

سوراشقا پېتىنالماي ئۇن ـ تىنسىز ئولتۇرۇپ قالدى. ئۆكىي-
لەن شۇ هالەتتە چوڭقۇر سۈكۈتكە چۆمۈپ بىر مار ئىچىرزۇۋان
سۇرۇشمىدى.

ئۆستەڭ سۈيى جىمجىت ئاقماقتا ئىدى. قويۇق باغجانلاپ
كەتكەن قىرى سىپدىنىڭ چىرايلىق شاخلىرى ئۈستىدە قۇشقاچلار
تىنىمسىز ۋىچىرلايتتى. دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدىن شۇڭغۇپ
چۈشكەن كۈن نۇرى خۇددى تۈرەك سوجاڭ ۋە ۋاسىل بىلەن بىللە
سۈكۈتكە چۆمگەندەك هېچقانداق تىۋىش چىقارماي جىمجىت لۆم-
شۈپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇنىڭ يۈزىدە جىمىرلايتتى.

— مەن سېنى نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە باشلاپ كەلدىم؟ —
ئۈشتۈمتۈت سوراپ قالدى تۈرەك سوجاڭ چوڭقۇر ئۇھ تارتىۋې-
تىپ ۋە ۋاسىلنىڭ جاۋاب بېرىشىنىمۇ كۈتمەستىن سۆزىنى داۋام
قىلدى، — مەن ئاشۇ قەهرىمان بەنجاڭ بىلەن ئارمىيىگە ماڭىدى-
غان كۈنى دەل مۇشۇ ئىككىمىز ئولتۇرغان كونا تۈگمەن تېشى
ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، هاياجانلىرىمىزنى باسالماي ئۇزاقىچە سۆز-
لەشكەنىدۇق. ئۇ ئاجايىپ بىر يىگىت ئىدى. يۈرىكىدە ئوتى بار،
مۇلايىم، خۇش چاقچاق، ئۆز مىللىتى ۋە يۇرتىنى جېنىدىن ئەزىز
كۆرىدىغان، ياۋاشنى بوزەك قىلمايدىغان، ياماندىن قورقمايدى-
غان، ئادىل، كۆڭلى دەريادەك بىر ئەركەك ئىدى. شۇ كۈنى
بىز مۇشۇ تاشتا ئولتۇرۇپ ئۇرۇش توغرىسىدا، كېلەچەك ۋە
بالىلىرىمىز توغرىسىدا ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا مۇڭداشتۇق. ئۇ دەل
سەن ئولتۇرغان يەردە ئولتۇرۇپ ماڭا: «دوستۇم تۈرەك، بالىلى-
رىمىز نېمە دېگەن بەختلىك، ئۇلار كەلگۈسىدە ئۇرۇش كۆرمەي-
دۇ، بىزدەك كونا جەمئىيەتنىڭ جاپا ـ مۇشەققىتىنى كۆرمەيدۇ،
ئۇلار ئوقۇپ بىلىم ئالىدۇ، يۇرتىمىزنى گۈللىتىدۇ. خۇدا بۇي-
رۇپ ئۇرۇشتىن سالامەت قايتسام، ئوغلۇمنى ياخشى تەربىيى-
لەپ، بىر يارامىلىق ئەركەك قىلىپ يېتىشتۈرۈپ ئارمىيىگە بېرى-
مەن. ئۇ چوقۇم بىر قەهرىمان بولىدۇ، ئۇ مېنىڭ ئىزىمنى

بىسىپ، مەن جەڭ قىلغان، مەن ئىسسىق قېنىم بىلەن ساقلاپ قالغان چېگرىنى قوغدايدىغان بىر چېگرا جەڭچىسى بولىدۇ. . . ئۇ چاغدا سەن بىلەن بىز قانچىلىك خۇشال بولۇپ كېتەرمىز! قانچىلىك پەخىرلىنىپ كېتەرمىز - ھە! ئويلاپ باقە، ئوغلى بىر خەلق ئوغلى بولۇپ يېتىلىپ چىقسا، بىر قەھرىمان بولۇپ ۋەتەن ئۈچۈن خىزمەت كۆرسەتسە، ئۇنداق ئاتا دۇنيادىكى ئەڭ بەختىيار ئاتا بولمامدۇ! ئۇنداق ئاتىدا يەنە نېمە ئارمان دەيسەن؟ » دېگەندى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئارزۇسى ئوغلىنى خەلق ئوغلانى، ۋەتەن ئوغلانى قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئىدى. . . ئەپسۇس، ئۇ ئۇنىڭغا ئۈلگۈرەلمىدى، — تۈرەك سوجاڭنىڭ ئاۋازى خىرقىراپ قالدى، ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ، كۆكرەك سىنەسى ئۆرىدەپ كەتتى.

— ئۇ قەھرىماننىڭ شۇ چاغدا بالىسى بارمىدى؟ — دەپ سوراپ قالدى ۋاسىل ئۈشتۈمتۈت.

تۈرەك سوجاڭ سوئالغا دەررۇ جاۋاب بەرمىدى. ئۇ يېنىدىن گېزىت قەغىزىنى چىقىرىپ ئالدىرىماي ئولتۇرۇپ بىر تال موخۇركا ئوراپ تۇتاشتۇردى ۋە ئۇنى چوڭقۇر بىر شور ئۈۋىتىپ ئىسسىنى كۆچەپ پۈۋلىدى.

— بار ئىدى. بىز 1960 - يىلى ئارمىيىگە كىرگەن. 1962 - يىلى يانۋاردا ئۇنىڭ ئوغلى تۇغۇلۇپ ئەمدى ئۈچ ئايلىق بولغانىدى.

— ئۇ ئوغۇل ھازىر بارمۇ؟ بولسا قەيەردە؟ ھەقچان دادىسى ئويلىغاندەك چېگرا جەڭچىسى بولۇپ كەتكەندۇ - ھە! — ۋاسىل سەبىيلەرچە قىزىقىپ سوراپ قالدى.

تۈرەك سوجاڭ ۋاسىلنى خۇددى ھازىرلا كۆرۈۋاتقاندەك، ئۇنىڭ پېشانىسىدىن تارتىپ قول - ئاياغلىرىغىچە بىر قۇر قارىۋېتىپ كۈلۈمسىرىدى. تۈرەك سوجاڭنىڭ قاراشلىرىدىن ۋاسىل تۇرۇپلا خىجالەت بولۇپ قالدى ۋە ھەيرانلىق ئىچىدە ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى. تۈرەك سوجاڭنىڭ كۆزى شۇ دەمدە بىر خىل

مېھرىبانلىق، سۆيۈنۈش ئىچىدە چاقناپ كەتتى.

— ئۇ بالا ھازىر بار. ناھايىتى ساغلام ۋە ئەقىللىق چوڭ بولدى. لېكىن. . . لېكىن ئۇ دادىسى ئارزۇ قىلغىنىدەك بىر قەھرىمان چېگرا جەڭچىسى بولۇشنىڭ ئورنىغا، بىر بەگۈنۈش. تەرسا، قىنىغا پاتماي جەڭگى ـ جېدەل تېرىپلا يۈرىدىغان بىر بالا بولۇپ قالدى.

— ھەي ئىستەي، بىر قەھرىماننىڭ ئوغلىمۇ شۇنداق ئادەم بولۇپ قالامدۇ؟ تازا ئەقلى يوق بىر نىمە ئىكەن ـ دە ئۇ! دادىسىنىڭ روھىي قانچە قورۇنۇۋاتىدىغاندۇ ـ ھە!

ۋاسىل يەنىلا كىچىك بالا ئىدى. ئۇ بالىلارچە ساددىلىق بىلەن قايناپ بۇغۇلۇپ كەتتى.

تۇرەك سوجاڭ قاتتىق ئېچىنىش تۇيغۇسى ئىچىدە ۋاسىلغا تىكىلىپ قاراپ قالدى.

— ئۇ ئوغۇل كىم بولىدۇ؟ مۇشۇ يېزىدا بارمۇ؟ مەنمۇ تونۇيدىغاندىمەنمۇ ـ ھە؟ شۇ بالىنى بىر كۆرۈپ باقسام دەيمەن، بىر قەھرىماننىڭ ئوغلى قانداق بولىدىغاندۇ ـ ھە؟

— ئۇ بالىنى كۆرسەڭ نىمە دەيسەن خىيالىڭچە؟ — تۇرەك سوجاڭ ئۇشتۇمتۇت سوراپ قالدى.

ۋاسىل ھېچ ئويلاپ ئولتۇرمايلا جاۋاب بەردى.

— نىمە دەيتتىم، مەنچۇ، ھەي ئاداش، سەن دېگەن بىر قەھرىماننىڭ ئوغلى ئىكەنسەن، قەھرىماننىڭ ئوغلى دېگەن قەھرىماندەك بولىدىغان، سەن بىزدەك لاكىلوزۇڭ ئادەم بولماي، قەھرىمان ئاتاڭدەك ئادەم بول، ئاتاڭ ئارزۇ قىلغان، ئاتاڭ قوغدىغان چېگراغا بېرىپ خىزمەت كۆرسىتىپ قەھرىمان بول ـ دە، ئاتاڭنىڭ روھىنى خۇشال قىل! ئاتاڭ گەرچە سېنىڭ بولسىمۇ ئۇ دېگەن يېزىمىزنىڭ قەھرىمانى، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدىن چىققان قەھرىمان. سەن ئۇنداق پايپاققا دەسسەپ يۈرسەڭ بىزنىڭ ئاچچىقىمىز كېلىدۇ، جۇمۇ! بىلىپ قوي! دەيتتىم.

ۋاسىل چىن دىلىدىن چىقىرىپ سۆزلەۋاتاتتى. قىزىقىشىدىن ئۇنىڭ كۆزلىرى چاقناپ، يۈزى قىزىرىپ لاۋۇلداپ كەتتى.

تۆرەك سوجاڭ نېمە دېيەرىنى بىلمەي قالغاندەك بىر خىل مۇجمەل قىياپەتتە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ۋاسىلنىڭ ساددىلىق ۋە سەممىيلىك ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، سېرىق تۈكلىرى ئەمدىلەتىن قارىيىپ كېلىۋاتقان چىرايلىق يۈزىگە تىكىلگەنىدى.

— ياخشى گەپ، ئۇنداق بولسا ئۇ قەھرىماننىڭ ئوغلىغا سەن ئىككىلەنمەي، دۇدۇقلىماي ھازىرقى گېپىڭنى قىلالامسەن؟ قىلالىساڭلا ئۇنى مەن ساڭا ھازىرلا تونۇشتۇرۇپ قوياي...

— ماقۇل، چوقۇم دەيمەن! دېمىسىمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەكقۇ قەھرىماننىڭ ئوغلى دېگەن...، — ۋاسىل ئالدىراپ جاۋاب بەردى.

تۆرەك سوجاڭنىڭ چىرايى بىردىنلا ئېچىلىپ كەتتى، ئۇنىڭ قويۇق ۋە ئۆسكىلەڭ قاشلىرى ئاستىدىكى ئولتۇرۇشاڭغۇ، لېكىن ئۆتكۈر كۆزلىرى قۇۋۇلۇق بىلەن قىسىلدى:

— ئۇنداق بولسا ئاڭلاپ تۇرغىن، ئۇ قەھرىماننىڭ ئوغلى دەل ئۆزۈڭ! سەن شۇ تاپتا دەل شۇ قەھرىمان ئاتاڭ ئولتۇرغان ئورۇندا ئولتۇرۇۋاتىسەن! سېنىڭ ئاتاڭ ئەزان توۋلىتىپ قويغان ئېتىڭ ۋارىس، كېيىن سېنىڭ ئىسمىڭنى ۋاسىل دەپ ئۆزگەرتىۋېتىشتى. سېنىڭ ھازىر قىلغان گەپلىرىڭنى خۇدا بىلىدۇكى، ئاتاڭنىڭ روھى ئاڭلاپ خۇشال بولىدۇ. ئەمدى بايىقى گەپلىرىڭنى باشقا بىرىگە ئەمەس، دەل ئۆزۈڭگە دېگىن!

ئوچۇق ئاسماندا ھاۋا گۈلدۈرلەپ، يەر - زېمىن ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتكەندەك ۋاسىلنىڭ كۆز ئالدى بىردىنلا قاراڭغۇلىشىپ، ئولتۇرغان جايىدىن ئارقىسىغا ئۈچۈپ چۈشكىلى تاس قالدى، ئۇنىڭ قۇلاق - مېڭىسى غوڭۇلداپ، يۈرىكى قەپىسىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك دۈپۈلدەپ سېلىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قۇلاقلىرىغا ئۆزى ئىشەنمەي، ئاغزىنى كاماردەك ئاچقىنىچە تۇ-

www.uyghurkitap.com

رەك سوجاڭنىڭ ئاغزىغا ھاڭۋېقىپ قېتىپ قالدى.

— شۇنداق، سەن دەل ئاشۇ قەھرىماننىڭ تۇغۇلسەن، ئۇ قەھرىماننىڭ ئېتى ئاتىللا، سەن ئاتىللانىڭ تۇنجى ۋە ئاخىرقى يەنى بىردىنبىر ئوغلىسەن!

— يا. . . ياق، قانداقسىگە. . . مېنىڭ ئاتام سايىم توقا ھايات تۇرسا. . . مەن. . . مەن قانداقسىگە. . . — ۋاسىل روھىي قېچىپ كەتكەندەك ئولتۇرۇپ تىلى ئاران دېگەندە زۇۋانغا كەلدى.

تۇرەك سوجاڭ سالماقلىق بىلەن ۋەزمىن ئاۋازدا ئېيتتى:

— سايىم توقا سېنىڭ كېيىنكى ئاتاڭ، سەن ئۇنىڭ ئۆز ئوغلى ئەمەس، سەن ئىككى ياشقا كىرگەن يىلى ئاپاڭ نۇرنىساخان سايىم توقىغا تەگكەن. سېنىڭ ئاشۇ ئادەمنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولغىنىڭ راست. بۇ ھەقتە مەن ئايرىم سۆزلەپ بېرىشتىن ئىلگىرى سەن تۇغۇلغان چاغدا ئېلىنغان نوپۇسنىڭ كۆتكىنى ساڭا كۆرسىتىپ قوياي، ئۇ پەيچۇسودا ساقلىنىپ كەلمەكتە. مانا كۆرۈپ باق. مەن بۇنى خېلى ئۇزۇندىن بۇيان يېنىمدا ساقلاپ كېلىۋاتىمەن. بىر پۇرسەت تېپىپ بۇنى ساڭا چۈشەندۈرمەكچىدىم. بۈگۈن سېنى كېلىپ قالار دەپ بازار ئايلىنىپ يۈرۈپ، ھېلىقى ماجىرادا ئۈستۈڭدىن چۈشتۈم، مانا قارا. . .

تۇرەك سوجاڭ تۆت قاتلانغان قېلىن بىر جەدۋەلنى خاتىرىسىنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ ۋاسىلغا سۇندى، ۋاسىل تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئۇنى ئېچىپ ئوقۇدى:

«ئائىلە باشلىقى ئاتىللا دانىش، ئەر، 1940 ـ يىلى 7 ـ ئايدا تۇغۇلغان. ئائىلە ئايالى نۇرنىساخان ھاشىم، ئايال 1944 ـ يىلى 9 ـ ئايدا تۇغۇلغان. پەرزەنتى ۋارىس ئاتىللا 1961 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى تۇغۇلغان».

— قارا، ئاتاڭنىڭ ئىسمى ئۈستىدىن سىزىلغان، بۇ ئاتاڭ قۇربان بولغاندىن كېيىن نوپۇستىن ئۆچۈرۈلگەنلىكىنى بىلدۈرى-

دۇ. ئەمدى بۇنىڭغا قارا، — تۇرەك سوجاڭ ھېلىقى خاتىرىدىن يەنە بىر پارچە جەدۋەلنى چىقىرىپ ۋاسىلغا ئۇزاتتى. جەدۋەلدە: «ئائىلە باشلىقى سايىم توقا، ئەر، 1942 - يىلى تۇغۇلغان. ئائىلە ئايالى نۇرنىساخان ھاشىم، 1944 - يىلى تۇغۇلغان، پەرزەنتى ۋارىس ئاتىللا، 1961 - يىلى 10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى تۇغۇلغان» دەپ يېزىلغانىدى.

— مانا بۇ يەرگە قارا، — دەپ كۆرسەتتى تۇرەك سوجاڭ، — مانا، ئۇلارنىڭ نىكاھلانغان ۋاقتى 1963 - يىلى 8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى.

— مانا بۇ يەرگە قارا، — تۇرەك سوجاڭ جەدۋەلنىڭ ئاستىنى كۆرسەتتى:

بۇ يەردە: پەرزەنتى ۋارىسنىڭ ئىسمى ئۆز ئانىسى نۇرنىساخان، تەربىيە ئاتىسى سايىم توقىنىڭ تەلىپى بىلەن ۋاسىلغا ئۆزگەرتىلدى، دەپ يېزىلغان. سىنىڭ ئېتىڭنىڭ ۋاسىلغا ئۆزگەرتىلگەن ۋاقتى 1963 - يىلى 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، يەنى ئاناڭ نۇرنىساخان سايىم توقىغا نىكاھلىنىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن بولغان ئىش. . . ئاپاڭ 1963 - يىلى 8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى سەن 22 ئايلىق بولغاندا يەنى ئىككى ياشقا ئاز قالغاندا سايىم توقا بىلەن تويلاشقان. سىنىڭ ئۆز ئاتاڭ قەھرىمان ئاتىللا 1962 - يىلى 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئەتىگەن سائەت سەككىزدە، يەنى سەن بىر ياشقا تولۇشقا تۆت كۈن قالغاندا «ئەۋلىيا قولتۇق» تىكى جەڭ مەيدانىدا قۇربان بولغان.

بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى نوپۇسنىڭ كۆتىكى، مۇبادا بۇنىڭدىن يەنە خاتىرجەم بولالمىساڭ، قايتىپ بېرىپ ئاپاڭ نۇرنىساخاندىن، ھازىرقى ئاتاڭ سايىم توقىدىن سوراپ كۆر، مەھەللە - يۇرتتىن سوراپ كۆر. . . ئاتاڭ بىلەن ئاپاڭ ئەسلىدە سايئىبىرىقلىق بولۇپ، ئاپاڭ يېڭى تۇرمۇشلۇق بولغاندا سىلەر يېڭىئاۋات كەنتىگە كۆچۈپ كەلگەن.

— ئۇنداقتا. . . ئاتام قۇربان بولغاندىن كېيىن ئاپام. . .
— ياق، ساڭا راست گەپنى قىلماي بولمايدۇ. ئەسلىدە بۇ گەپنى ساڭا ئېيتماي دېگەنىدىم. لېكىن سەن ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلىشىڭ كېرەك! بۇ بەلكىم سېنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ھايات يولۇڭدا بىر ئەينەك بولۇپ قالار. . . قېنى، ئاڭلاپ تۇرغىن

1962 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا قىسىملىرىمىز بۇيرۇققا بىنائەن تاغدىن قايتىدىغان بولۇپ بىزنىڭ يۇرتىمىزغا كەلگەندە، سېنىڭ ئاتاڭ ئاتىللاغا تەشكىلدىن ئۈچ كۈنلۈك ئاتپوسكا بەردى. مەن لىيەندە قېپقالدىم. چۈنكى مەن بىر يېتىم ئىدىم. يۇرتتا مېنىڭ يوقلاپ ئۆتكۈدەك بىرمۇ تۇغقىنىم يوق ئىدى. شۇڭا بەنجاڭ ئاتىللا يېزىغا ئۆزى يالغۇز كەتتى. ئاتىللانىڭ سايئېرىقتا ياشانغان ئانىسى، يەنى سېنىڭ موماڭ ھەم ئەمدىلا 11 ئايلىق بولغان ئوغلى يەنى ئاناڭ نۇرنىساخان بىلەن سەن ۋارىس بار ئىدىڭ. ئاتىللا سايئېرىققا بارغىنىدىن كېيىن ئۇنىڭ ياشانغان ئانىسى ئۇنىڭ ھەربىيدىن بوشاپ، ئائىلىسىگە قايتىپ كېلىشىنى تەلەپ قىپتۇ. چۈنكى موماڭ بەكلا قېرىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتىللانىڭ بىرلا ئاغرىقچان ئاكىسىدىن باشقا، ئۇ موماينىڭ ۋە سەن بىلەن ئاپاڭنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغۇدەك باشقا ئادىمى يوق ئىدى. لېكىن ئۇ كۈنلەردە دۆلەت چېگرىسى تولىمۇ پاراكەندە ئىدى. جىددىي ۋەزىيەت ھەر بىر جەڭچىنىڭ ھەقىقىي ئەسكەرلىك ۋىجدانىنى سىناۋاتقان پەۋقۇلئاددە بىر كۈنلەر ئىدى. شۇڭا ئاتاڭ ئاتىللا سېنىڭ موماڭغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇرۇش ئاخىرلاشقان ھامان قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ نۇرغۇن تەسەللى بىلەن ئانىسىنى قايىل قىلىپتۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئايالى يەنى سېنىڭ ئاناڭ نۇرنىسانىڭ ئىدىيىسىدىن زادىلا ئۆتمەپتۇ. ئۇ «مېنىڭ يولدىشىم ئۆزۈڭدىن بېرى سىرتتا بولدى، تاغدا يۈردى، يەنە ئۇرۇشقا كەتسە بالام بىلەن ئىككىمىز قىينىلىپ

قالىمىز، ئۇنىڭ ئۇستىگە مېنىڭ ياشلىق باھارىم بىكار ئۆتۈپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ قاراپ، ئۆيدىن ئېتىلىپ چىقىپ: «ئەگەر سەن يەنىلا ئارمىيىدىن بوشانمىساڭ خېتىمنى ئالمەن!» دەپ چۇقان ساپتۇ. ئۇشتۇمتۇت ئارمىيىمىزگە دەرھال ئالدىنقى سەپكە يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق كېلىپ قالغىنى ئۈچۈن، مەن لېيەنجاڭنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئاتىلانى قىسمىغا چاقىرىپ كېلىش ئۈچۈن بارغانىدىم. مەن دەل ئاشۇ غەلۋىنىڭ ئۇستىگە كېلىپ قاپتىمەن. ئاناڭ ئاتىلانىڭ ئالدىنى توسۇپ ماڭغىلى قويمايۋېتىپتۇ. ئاتىلا بىلەن مەن ئاناڭغا نۇرغۇن نەسىھەت قىلدۇق. لېكىن ئۇ زادىلا قۇلاق سالمىدى. ئۇ ھەتتا سېنى ئاتاڭنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ: «بالاڭنىمۇ بىللە ئېلىپ كېتىپ ئۆزۈڭ باققىن ئەمىسە!» دەپ يىغلاپ تۇرۇۋېلىۋالدى، قانچە چۈشەندۈرگەن بىلەن بولمىدى. ۋاقىت قىس ئىدى، بىزنىڭ ئاناڭ بىلەن تالىشىپ ئولتۇرغۇدەك ۋاقتىمىز يوق ئىدى. ئاخىرى ئاتىلا ئىلاجىسىز قېلىپ: «ۋەتەننىڭ بېشىغا قارا كۈن چۈشكەن مۇشۇنداق كۈنلەردە ئەل بىلەن ۋەتەننى ئويلىمىغان خوتۇن سەن بولساڭ، تەلىپىڭ بويىچە خېتىڭنى بېرەي، مەن سەندىن ۋاز كەچسەم كېچىمەنكى، ۋەتەننى تاجاۋۇزچىلاردىن قوغداش بۇرچۇمدىن ۋاز كېچەلمەيمەن! ئوغلۇم ۋارىس ساڭا قالسۇن، ئىككى يىلغا يېقىن ئۆتكەن ئەر - خوتۇنلۇقنىڭ يۈزىنى قىلمىساڭمۇ، ئالدىنقى سەپتە قان تۆكۈۋاتقان بىر جەڭچىنىڭ يۈزىنى قىلىپ ئوغلۇمنى بېقىپ تۇرغىن. مۇبادا مەن قايتىپ كېلەلمىسەم ئوغلۇمنى بىر يارامىلىق ئەر قىلىپ تەربىيىلە! شۇنداق قىلالىساڭلا ۋەتەن ئالدىدا سېنىڭمۇ يۈزۈڭ يورۇق بولىدۇ!» دېدى كەسكىنلىك بىلەن ۋە نىكاھتىن ئاجرىشىش رەسمىيىتىنى ئۆتۈۋېتىشكىمۇ ئۇلگۈرەلمەي، ئۇنى بېجىرىپ قويۇشنى كەنت مەسئۇلى بىلەن ئاغرىقچان ئاكىسىغا تاپشۇرۇپ قويۇپ، موماڭ بىلەن خوشلىشىپ مەن بىلەن يۈرۈپ كەتتى. بىز بازىغا كەلسەك قىسمى-

مىز ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىپ يولغا چىقىش ئالدىدا تۇرغانىكەن. شۇ ئىش بولۇپ 20 كۈندىن كېيىن ئاتاڭ قۇربان بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي موماڭ ۋاپات بولدى. مەن ئۇرۇشتىن كېيىن نەسەپ ئالمىشىپ يېنىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئاتاڭنىڭ ئاغرىقچان ئاكىسىمۇ ئالەمدىن ئۆتتى. ئاتاڭ قۇربان بولۇپ بىر يىلدىن كېيىن ئاناڭ يېڭىئاۋاتلىق سايىم توقىغا (سېنىڭ هازىرقى ئاتاڭغا) تۇرمۇشقا چىقىپ، سېنى ئېلىپ يېڭىئاۋاتقا كۆچۈپ كەتتى. . .

## توققۇزىنچى باب

تۇرەك سوجاڭ جىم بولدى. ئۇ خۇددى بىر گۇناھكار ئادەمدەك تەڭقىسچىلىق ئىچىدە بېشىنى سالدى.

ۋاسىل خۇددى تولىمۇ ئېغىر بىر تاش ئاستىدا بېسىلىپ قالغان ئادەمدەك هاسىراپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈز - كۆزى هېلىلا پارتلاپ كېتىدىغاندەك چىڭقىلىپ، ۋۇجۇدىدىكى پۈتكۈل قان ئۇنىڭ يۈزىگە تېپىپ چىقتى. ئۇنىڭ دىمى بىر - بىرىگە ئۇلاشمايتتى. گەۋدىسى بەزگەك بولغان ئادەمنىڭ گەۋدىسىدەك تىترىمەكتە ئىدى. ۋاسىلنىڭ بۇ هالىتىگە قاراپ تۇرەك سوجاڭنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى. ئۇشتۇمتۇتلا بۇلارنى ئۇنىڭغا دېمىسەممۇ بولغانىكەن، دەپ ئويلاپ قالدى. لېكىن دېمەي مۇمكىنمۇ؟! هېچنەرسىدىن بىخەۋەر هالدا ئۆزىنىڭ يىلتىزىنى بىلمەي چوڭ بولغان بىر ئادەمگە ئۆزىنىڭ تەكتى - تومۇرىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بۇنداق مۇھىم تەپسىلاتنى قانداقمۇ يوشۇرۇپ قالالىسۇن؟ لېكىن. . . شۇ تاپتا. . .

تۇرەك سوجاڭ تىت - تىت بولغاندەك لېۋىنى يەڭگىلگىنە چىشلىدى. ئاندىن سەل ئويلىنىۋېلىپ مۇلايىم ئاۋازدا دېدى.

— تازا چوڭقۇر ئويلاپ باقساڭ، سىنىڭ ئاناڭمۇ گۇناھكار ئەمەس، ئۇ چاغدا ئاناڭ تېخى ئەمدىلا 18 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بىر ساۋاتسىز يېزا قىزى ئىدى. مۇشتتەك تۇرۇپلا ئانا بولۇپ قالغان، يەنە كېلىپ گۇڭشېدا ئەتىدىن - كەچكىچە تاغار يۇدۇپ ئىككى چوڭ، بىر كىچىكنى ئۆزى بىلەن قوشقاندا تۆت جان ئادەمنى بېقىشتىن ئىبارەت مۇشەققەتلىك ئېغىر يۈك ئاستىدا قالغان بىر گۆدەك ۋە ساۋاتسىز يېزا ئايالى ۋەتەن ئالدىدىكى قەرز بىلەن ئائىلىسىنىڭ مەنپەئىتىنى قانداقمۇ توغرا تونۇيالىسۇن؟ بۇنىڭغا ئاشۇ يات ئەلنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى ئەيىبلىك! شۇلار تاجاۋۇز قىلمىغان بولسا، ئاتاڭ بىلەن ئىككىمىز سەپتىن بوشاش ئالدىدا ئىدۇق. شۇ ئۇرۇش تۇپەيلى بىز ئالدىنقى سەپكە كېتىپ قالدۇق! خەق بىزگە تاجاۋۇز قىلسا، بىز ئۆزىمىزنى قوغدىمىساق بولامدۇ؟ مۇبادا يات ئەل قوشۇنى ۋەتەن چېگرىسىغا باستۇرۇپ كىرمىگەن بولسا، بىز يېزىغا قايتاتتۇق - دە، سىلەرنىڭ ئائىلىمۇ ۋەيران بولمىغان، سەنمۇ يېتىم قالمىغان بولاتتىڭ! ئۇ چاغلاردا تۇرمۇش ھازىرقىدەك ئەمەس ئىدى. پۈتۈن مەملىكەت تەبىئىي ئاپەت، خاتا سىياسەت، چەت ئەلنىڭ بېسىمى قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن ئاچارچىلىق، ئىقتىسادىي ۋەيرانچىلىق ئىچىدە قالغانىدى. تۇرمۇش كەچۈرمەك بەكمۇ قىيىن ئىدى. بىر نان ئۈچۈن ئادەم ئۆلتۈرىدىغان، بىر بۇردا نان ئۈچۈن ھەر قانداق پەسكەشلىك قىلىشتىن يانمايدىغان ئەھۋالنى دائىم ئۇچراتقىلى بولاتتى. ھەتتا ئادەملەر ھايات قېلىش ئۈچۈن گۇڭشېنىڭ كالا - ئاتلىرىغا بېرىدىغان كۇنجۇر - كېپەك ۋە مەدەكلەردىن ئوغرىلاپ يەيتتى! ئادەملەر ياۋا بۇيىنىڭ ئۇرۇقىنى ئۇن تارتىپ يەپ جان ساقلايتتى. مۇشۇنداق مۇشەققەتلىك تۇرمۇش ئىچىدە سىلەرنىڭ ئائىلە ئاتاڭغا موھتاج ئىدى، ئەلۋەتتە، تېخى ئەمدىلا 18 گە قەدەم قويغان بىر ئايالنىڭ بۇنداق ئېغىر تۇرمۇش شارائىتىدا تۆت - بەش جان ئادەمنى بېقىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە

ئېلىشى ئاسان گەپمۇ؟ ! مەن ـ مەن دېگەن ئەركىلەر بىرداشلىق بېرەلمىگەن ئاشۇ ئېغىر تۇرمۇش سىنىقى گۆدەك، شۇڭا كۆرۈس-گەن، نادان، ساۋاتسىز ئاناڭنى ھەر قانداق ئويغا كۆتۈرسە بۇنىڭدىن بەكمۇ ئەجەبلىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سېنىڭ ئاناڭ سېنى قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن بىر ساغلام، ئەقىل ـ ھوشى جايىدا بىر يىگىت قىلىپ يېتىشتۇردى. بۇ بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ ئانىلىق مېھرى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزى-نىڭ شۇ چاغدا قىلغان سەۋەنلىكى ئۈچۈن قاتتىق پۇشايمان قى-لىپ، ئاتاڭنىڭ ۋەسىيىتىنى ئورۇنداش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يۈرە-كىدىكى ئازابىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن قىلغان ئەجرىنىڭ نەتىجى-سى، ئەلۋەتتە! شۇڭا سەن ھەرگىزمۇ بۈگۈن مەن ساڭا سۆزلەپ بەرگەن، ئۆتكەن ئىشلار تۈپەيلى ئاناڭدىن رەنجىسەڭ، ئۇنى يامان كۆرسەڭ قەتئىي بولمايدۇ! سېنىڭ ئۇنداق قىلىشقا ھەققىڭ يوق! سېنىڭ ئاناڭ يەنىلا ياخشى ئانا! قەھرىمانىنىڭ ئوغلىنىڭ بوينىنى قىسىلدۇرماي، يامانغا يولۇقتۇرماي، بەرجەس بىر ئەر-كەك قىلىپ تەربىيىلەپ چىققان ياخشى ئانا! شۇڭا ئۇ ھۆرمەتلى-نىشى كېرەك! سەن ئۇنى تېخىمۇ قەدىرلىسەڭ بولىدۇ، بالام!

ۋاسىلنىڭ ئىككى مۈرىسىنىڭ تىترىشىنى ھېسابقا ئالمىغان-دا، ئۇ گويا جېنى چىقىپ كەتكەندەك قېتىپ قالغانىدى. تۇرەك سوجاڭ بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى:

— مەن ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن يېزىغا قايتىپ كەل-دىم. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مەن سېنى كۆزۈمدىن بىر كۈنمۇ نېرى قىلمىدىم. چۈنكى مەن ئاتاڭ بىلەن ئاچماق ئىشتان كىي-گەندىن تارتىپ بىللە ئويناپ ئۆسكەن، بىر ئېرىقنىڭ سۈيىنى ئىچىپ بىللە چوڭ بولغان قىيامەتلىك دوست ئىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككىمىز بىر كۈندە ئەسكەر بولدۇق، بىر قىسىمدا، بىر تۈەندە، بىر لىيەندە، بىر بەندە ۋەزىپە ئارتقۇزدۇق. ئۇرۇش جەريانىدا مۈرىنى ـ مۈرىگە تىرەپ بىر ئاكوپتا جەڭ قىلدۇق.

ئۇ مېنىڭ كۆز ئالدىمدا يارىلىنىپ، مېنىڭ قۇچىقىمدا جان
ئۈزگەن. يەنە كېلىپ ئۇ رەھمەتلىكنىڭ ھېچقانداق ئۇرۇق -
تۇغقىنى قالمىدى. ئۇنىڭدىن قالغان بىر تال ئۇرۇق بار، ئۇ
بولسىمۇ پەقەتلا سەن! ئۇ ھايات ۋاقتىدا (گەرچە سەن ئۇ چاغدا
بەكمۇ كىچىك بولساڭمۇ) سەندىن چەكسىز سۆيۈنەتتى، ساڭا
پۈتۈن ئۈمىدىنى باغلىغانىدى... ! ئۇنىڭ سېنى ئۆزىگە ئوخشاش
ۋەتەن ۋە خەلق ئۈچۈن جان بېرىدىغان بىر قەيسەر جەڭچى، بىر
خەلق ئوغلانى قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش ئارزۇسى بار ئىدى،
سېنىڭ پاگون تاقاپ، قولۇڭغا قورال ئېلىپ ۋەتەن چېگرىسىنى
قوغداۋاتقان ھالىتىڭنى، بىر باتۇر، قەيسەر چېگرا جەڭچىسى
بولغان ھالدىكى قىياپىتىڭنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشنى بەكمۇ
ئارزۇ قىلاتتى، ئاخىر ئۇ ۋەتەننى قوغداش ئۇرۇشىدا باتۇرلارچە
جەڭ قىلىپ، پۈتكۈل قىسمنى زىلزىلىگە سالغۇدەك قەھرىمان-
لىق كۆرسىتىپ قۇربان بولدى، سېنىڭ ئۇ ھالىتىڭنى كۆرۈشكە
مۇيەسسەر بولالمىدى. لېكىن ئەپسۇس، سەن ساغلام، ھوشيار
چوڭ بولغىنىڭ بىلەن ئۆزۈڭنىڭ ئاشۇنداق شەرەپلىك بىر جەڭ-
چىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىڭنى بىلمەي ئۆستۈڭ، ئۇنى ئاپاڭ نېمىش-
قىدۇر سېنىڭدىن يوشۇردى. بەلكىم ئۇ سەندىن ئىش يۈزىدە
ئۆزىنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتاسىنى يوشۇرغاندۇ. ساڭا قەھرىمان ئا-
تاڭنى ئۈمىدسىز قالدۇرۇپ ئۇنىڭدىن خېتىنى ئالغان ھېلىقى
كۈندىكى كۆڭۈلسىز مەنزىرىنى چۈشەندۈرۈشكە قۇربى يەتمەي
شۇنداق قىلغاندۇ؟! لېكىن ئىمانىم بىلەن ئىشىنىمەنكى، ئاناڭ
ئۆزىنىڭ خاتاسى ئۈچۈن قاتتىق پۇشايمان يېدى، بىر ئۆمۈر ئازاب
چەكتى... ئۇ ھەر قېتىم مېنى ئۇچرىتىپ قالسا، يەرگە كىرىپ
كەتمەيدۇ ئۇنىڭ بېرىسى بولىدۇ. ماڭا بېشىنى كۆتۈرۈپ تىكى-
لىپ قارىيالمايدۇ! ئىش يۈزىدە ئۇ ئاتاڭنىڭ روھي ئالدىدا
تىترەيدۇ. بېشىنى كۆتۈرەلمەيدۇ، ئاتاڭنىڭ روھي ئالدىدا قىي-
نىلىپ ئازابلىنىدۇ.

مەن بىر كۆرەش قەھرىمانىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىمنى ساڭا بىلدۈرۈپ قويۇشنى ئۆزۈمدىن بۇيان ئويلاپ كېلىۋاتىمەن. چۈنكى بۇنى ساڭا چۈشەندۈرىدىغان ھەقىقىي ئەھۋالنى مەندەك بىلىدىغان ھېچكىم يوق ئىدى. بۇنداق قىلسام سېنىڭ ئۆسۈپ ـ يېتىلىشىڭگە بىر قۇدرەتلىك مەنىۋى تۈۋرۈك، بىر روھىي يۆلەك، بىر پارلاق يېتەكچى كۈچ قوشۇلاتتى، سەن ئاز تېپىلىدىغان پاك، دۇرۇس بىر روھىي مۇھىت ئىچىدە چوڭ بولۇپ، كېيىنكى ھايات يولۇڭدا ئازماس بىر نىشان، ئۆزۈلمەس بىر مەنزىل ئۈچۈن كۆرەش قىلىپ، توغرا ۋە دۇرۇس ئادەم بولۇپ، يارامىلىق ئەر، باتۇر جەڭچى بولۇپ چىقىشىڭغا بەكمۇ پايدىلىق ئىدى؛ لېكىن قارىسام، سەن ھېچنېمىدىن بىخەۋەر ھالدا ھازىرقى ئاتاڭنىڭ چەكسىز مېھرى ـ مۇھەببىتىگە قەرزدار بولۇپ قالدىڭ، ئۇ سېنى بەك ياخشى كۆرىدۇ، جېنىدىنمۇ بەك قەدىرلەيدۇ، ئائىلەڭلار تىنچ ۋە بەختلىك. مۇبادا مەن ئوپئوچۇق ـ توپتوغرا بۇ ئەھۋالنى ساڭا بىلدۈرسەم، ئائىلەڭلارنىڭ تىنچلىقى بۇزۇلۇشى، ئاشۇ مېھرىبان ئاتاڭنىڭ ياخشى كۆڭلى ئازار يەپ قېلىشى، بولۇپمۇ سەن بۇنداق پاجىئەلىك تارىخىي كەچمىشنى دەررۇ قوبۇل قىلالماي، روھىي جەھەتتە بىر بېسىم ئاستىدا قېلىپ ۋە ئۆسۈپ ـ يېتىلىشىڭگە مەلۇم ۋاقىت ئەكس تەسىر بېرىپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا مەن ئۆزۈمنى بېسىپ بىر مۇۋاپىق پۇرسەتنىڭ كېلىشىنى كۈتتۇم، ھەتتا ئاخىرىدا بۇ ئىشنى مەن بۇ ئالەمدىن كۆز يۇمىدىغان ئاخىرقى سائەتتىلا ساڭا بىلدۈرۈش قارارىغا كەلدىم. چۈنكى ئۇ چاغدا سەن ئاللىقاچان چوڭ بولغان بولاتتىڭ، ھەر قانداق تاسادىپىيلىققا ماسلىشالايدىغان بىر خاراكتېر ئىگىسى بولۇپ قالاتتىڭ ـ دە، سەن ھازىرقى مۇشۇ تۇرقۇڭدىكىدەك تېڭىرقاپ، گاڭگىراپ قالمايتتىڭ. لېكىن، بولدى، قارىسام ئىشنىڭ تەرەققىياتى مەن كۈتكەنىنىڭ تەتۈرىسىچە بولغىلى تۇردى. مەكتەپتىن چىقىۋالدىڭ، ئاتاڭنىڭ ئارتۇقچە كۆيۈنۈشى سېنى تولىمۇ

ئەركە قىلىۋەتتى. سەن ھېچكىمنى تونۇمايدىغان، ھېچكىمنى نەزەر گۆھىرىڭگە ئالمايدىغان، ئىچى بوش، روھىي نامرات بىر ئاقنانچى بولۇپ ئۆزگىرىشكە، ھەتتا بېرىپ - بېرىپ ھېچكىمگە ئاراملىق بەرمەيدىغان، جەمئىيەت تەرتىپىنى خالىغانچە بۇزۇشتىن يانمايدىغان بىر زوراۋان، بىر تەلۋە، بىر قۇلاق كەستى بولۇپ ئۆزگىرىشكە باشلىدىڭ! مەھەللىدە سېنىڭ ئۇستۇڭدىن قاقشىمايدىغان ئادەم يوق، سەن ھېچنەرسىدىن تەپتارتمايسەن، ھېچكىمنى ھەتتا قانۇننىمۇ كۆزۈڭگە ئىلىپمۇ قويمايسەن. مۇبادا مۇشۇنداق كېتىۋەرسەڭ سېنىڭ ئىستىقبالىڭ قاراڭغۇ، ئەتەڭ تولىمۇ خەتەرلىك، سەن ئاخىرى بېرىپ بىر جەمئىيەت داشقىلىغا، بىر زىيانداشقا ئايلىنىپ قېلىۋاتىسەن! مەن بۇنىڭغا تاقەت قىلىپ تۇرالمىدىم، سەۋرى قاچام تاشتى، چۈنكى سېنىڭ بۇ ھالىتىڭ ئاتاڭنىڭ، ئاشۇ ۋەتەن دەپ، خەلق دەپ جان بەرگەن، ساڭا ئەڭ گۈزەل ئارزۇ - ئۈمىدىنى باغلىغان ئاتاڭنىڭ روھىنى دەپسەندە قىلىدۇ، ئۇنىڭ پاكىز روھىنى قىينايدۇ، ئازابلايدۇ. ئۇ چاغدا ئاتاڭ ھېچكىمدىن ئەمەس مەندىن رەنجىيدۇ، مەندىن كۆڭلى قالىدۇ! دېمىسىمۇ ئاتاڭ سانسىز قېتىم چۈشۈمگە كىرىپ قالدى! ئاتاڭ ھەر قاچان ماڭا خاپا كۆرۈنەتتى، ئۇ ئاغزىدا ۋارىس! ۋارىس! دەپ ئۈمىدسىز ۋارقىرايتتى - يۇ، قولى بىلەن مېنى غەزەپ، ئاچچىقى بىلەن جۇنۇيتتى. مەن بۇنداق چۈشنى تالاي كۆردۈم، ھەر بىر كۆرگىنىمدە نەچچە كۈنگىچە گېلىمدىن غىزا ئۆتمەي، كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىدى، سەن تاپتىن چىققانسېرى ئاتاڭنىڭ روھىي ئالدىدا ئۆزۈمنى شۇنچە گۇناھكار ھېس قىلدىم، ئۇ رەھمەتلىكنىڭ سېنىڭ سەۋەبىڭ بىلەن روھىي ئازاب چېكىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغانسېرى ئىچىم ئېچىشىپ ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ كەتتىم! بىر قەھرىماننىڭ ئوغلى ئاخىرقى ھېسابتا ئاشۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالسا، ئەدناسى ئۆزىنىڭ كىمنىڭ ئوغلى، كىمنىڭ ۋارىسى ئىكەنلىكىنى بىلمىسە، ھەتتا

ئۆزىنىڭ پۇشتى – يىلتىزىنى، قەھرىمان ئانىسىنى تونۇمىسا بۇ بىر پاجىئە ئەمەسمۇ؟ !

مەن ئاخىرى سەن بىلەن قەتئىي رەۋىشتە سۆزلەشكىنىم، ماڭا ئەينى ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، سېنى يارنىڭ لېۋىدىن تارتتۇرۇپ ئاتاڭنىڭ روھىنى ئەمىن تاپقۇزۇۋش قارارىغا كەلدىم. شۇڭا مەن ھېلىقى ئەينى چاغدىكى نوپۇسنىڭ كۆتىكىنى ئىزدەپ تېپىپ مۇۋاپىق پۇرسەتنى كۈتۈپ يۈردۈم. مانا ئاخىرى بۈگۈن بۇ پۇر-سەت يېتىپ كەپتۇ! مانا بىز دەل ئەينى چاغدا ئاتاڭ بىلەن ئولتۇرۇپ مۇڭداشقان يەردە ئولتۇرۇپ سۆزلەشتۇق، سەن بۇ يەردە پەقەت ئىككىمىز بار دەپ ئويلاپ قالما! ئىشىنىمەنكى بىز ھازىر ئۈچ ئادەممىز، بىزنىڭ ئارىلىقىمىزدا ئاتاڭ ئاتىللامۇ ئول-تۇرۇپتۇ، ئاتاڭنىڭ روھي بىزنىڭ باش ئۈستىمىزدە ئەگىپ يۈرىدۇ، بۈگۈن ئۇ ھەممىنى ئاڭلىدى، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرۇۋا-تىدۇ، ھەممىنى بىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ! بۈگۈن مەن ساڭا ئەينى ئەھۋالنى تولۇق ئاشكارىلىدىم. ئەمدى قانداق قوبۇل قىلىش ئۆزۈڭنىڭ ئىشى! بۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىش ئۆزۈڭنىڭ ئىشى! بۇنىڭدىن كېيىن قانداق ياشايسەن؟ سەن كىمنىڭ پۇشتى ئىدىڭ، ئەمدى كىم بولدۇڭ ۋە يەنە كىم بولماقچى سەن، بۇلارنى ياخشى ئويلان! سەن مېنى تونۇيسەن! مەن ئاتاڭنىڭ بۇ دۇنيادى-كى ئەڭ يېقىن ئادىمى، مېنى خالىساڭ ئاتاڭ ئورنىدا كۆرگىن، مېنىڭ ھەر بىر سۆزۈمنى چايناپ باق، ئۆزۈڭ توغرىسىدا، ئاتاڭنىڭ ئارزۇ – ئۈمىدى توغرىسىدا چوڭقۇر ئويلىنىپ كۆر – دە، خالىغان چېغىڭدا مېنى ئىزدەپ كەلگىن، ئويلىغانلىرىڭنى ماڭا سۆزلەپ بەرگىن. بۇ، ئىش يۈزىدە بەزىدە ئاتاڭغا سۆزلەپ بەرگىنىڭ، چۈنكى ئۇنىڭ روھي ھەر قاچان بىز بىلەن بىللە، مەن بىلەن، سەن بىلەن بىللە! سېنىڭ خىياللىرىڭدىن ئاتاڭمۇ خەۋەردار بولسۇن، ئۇنىڭ روھي بىلىپ قالسۇن؛ مەن ساڭا «ئۇ بول» ، «بۇ بول» دېمەيمەن، چۈنكى شۇنچە ئەھۋالنى ئېيتىپ

تۇرۇپ ئۇنداق دېيىش ئارتۇقچە، لېكىن شۇنى تەكىتلەپ قويا-
كى، «ياخشى ئەر ئاتا بالىسى» دېگەندەك، ئاشۇ قەھرىمان ئاتاڭ-
نىڭ ئوغلى بولۇشقا تىرىشىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن، ئۇندىن باشقا
ئاناڭ ھەققىدە ھەر قانداق يامان خىيالنى كاللاڭدىن چىقىرىپ
تاشلىغىن، ئۇنى سۆي، قەدىرلە، ئاسرا، ئايىغىن، ئۇنىڭ ئازابى
ئۆزىگە يېتەرلىك، سەن تۆپىلەپ ئازاب كەلتۈرۈپ بەرمە، ئۇنداق
قىلساڭ ئاتاڭنىڭ روھىي قورۇنىدۇ. يەنە ئاۋۇ تەربىيىلىگەن
ئاتاڭنى ھۆرمەتلە، توغرا سۆزىنى ئاڭلا، ئۇنىڭ خىزمىتىنى
قىل. ئۇ راستىنىلا بىر ياخشى ئاتا!

تۇرەك سوجاڭ ئاخىر بىر ئېغىر ئىشتىن چارچاپ، ئۆزىنى
بۆگلۈككە تاشلاپ دېمىنى ئېلىشقا تەمشەلگەن ئادەمدەك چوڭقۇر
بىر تىنىپ جىم بولدى.

ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرى ئۈزۈلۈشى بىلەن تەڭلا ئۆزىنى
ئاران بېسىپ ئولتۇرغان ۋاسىل پاڭىدە ئېتىلىپ ھۆركىرەپ
يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدى تىترەيتتى. يۈز - كۆزى
ئېسىلىپ ئوتۇقۇپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭ پۈتۈن ئىچ - باغرى تۆ-
كۈلگۈدەك ئېسەدەپ، ئۆپكىدەپ، بۇقۇلداپ يىغلاشلىرىدىن تۆ-
رەك سوجاڭنىڭ كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش تولدى. ئۇ كۈچلۈك
قوللىرى بىلەن يېنىدا ئولتۇرۇپ يېتىم قوزىدەك بوزلاۋاتقان
ۋاسىلنىڭ مۈرىسىدىن قۇچاقلىدى. ۋاسىلمۇ خۇددى ئۆز ئاتىسى-
نى تېپىۋالغاندەك ئۇنىڭ ئىسسىق باغرىغا بېشىنى قويۇپ، تېخى-
مۇ بەكرەك يىغلاپ كەتتى.

قۇياش غەربكە قىيسايدى، ئۇنىڭ ئوتقاشتەك شولىسى قېرى
سېدىنىڭ باراقسان شاخلىرىنى پۈركەپ، سېدە دەرىخىنىڭ قارام-
تۇل ياپراقلىرىنى، بىر تەسىرلىك ۋە ئازابلىق ئائىلە شەجەرىسى-
نىڭ بايانىغا شاھىد بولۇپ ئېغىر سۈكۈت ئىچىدە جىمجىت ئېقى-
ۋاتقان ئۆستەڭ سۈيىنىڭ يۈزىنى شەلپەر ياپقاندەك ھالرەڭ قىز-
غۇچ تۈسكە كىرگۈزدى، مەيىن شامالدىن دەرەخ يوپۇرماقلىرى

خۇشال شىۋىرلىدى، قەيەردىدۇر بىر جايدا كاككۇكنىڭ خەندان
ئۇرۇپ مۇڭلۇق سايرىغىنى ئاڭلاندى.
تۇرەك سوجاڭ بىلەن ۋاسىلىنىڭ يۇرىكى ھاياجاندىن تىپ-
چەكلەپ، تىل بىلەن ئىپادىلىمەك تەس بولغان بىر خىل سېزىم
بىلەن لىققىدە توشقانىدى. بىر پىششقەدەم جەڭچى بىلەن بىر ئاتى-
ۋان ئۆسمۈرنىڭ ۋۇجۇدى بىر خىل ئاچچىق، ئازابلىق ـ قايغۇ-
لۇق، لېكىن يەنە نېمىسى بىلەندۇر كىشىنى شېرىن خىيالغا
يېتەكلەيدىغان بىر خىل مۇرەككەپ سېزىم بىلەن چۇلغانغانىدى.
بازاردىن تارقاپ ماڭغان بازارچىلارنىڭ قىقاس ـ چوقانلى-
رى، شاۋقۇن ـ سۈرەنلىرى گۈزەل يېزىنىڭ سۈزۈك ئاسمىنىنى
چاڭ كەلتۈرۈپ شاۋقۇنلايتتى. ھېلىقى كاككۇكنىڭ مۇڭلۇق ئا-
ۋازى ئاستا ـ ئاستا يىراقلاپ كېتىۋاتاتتى...

## ئونىنچى باب

شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ۋاسىل ئۆزگەردى. ئۆزگەردى ئە-
مەس، قايتا تۇغۇلدى، تۇغۇلغاندىمۇ باشقىچە، بەكمۇ باشقىچە
بولۇپ تۇغۇلدى.
ئۇ بىردىنلا جىمغۇرلىشىپ كەتتى. جىمغۇرلۇق پەقەت ئۇ-
نىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى ئىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ھەممىلا نەرسە
ئۆلۈپ، ھەممىلا نەرسە قايتىدىن ئۆزگەرگەن ھالدا تىرىلمەكتە
ئىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا زاھىر بولۇۋاتقان مانا مۇشۇ ئۆلۈش
بىلەن تىرىلىش جەريانى ئۇنىڭ ئەسلىي تۇپ تەبىئىتىدىكى بىر
ئازابلىق تىركىشىش جەريانى ئىدى. شۇنداق، ئۇ قاتتىق ئازاب
ئىچىدە قالغان ئىدى! ئۇنىڭغا ئەتراپىدىكى ھەممىلا نەرسە ساختا،
تەبىئىي ۋە چىن ئەمەس بولۇپ تۇيۇلاتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ 18
يىللىق ھاياتى چىن ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك ۋە

قەدىردان يۆلەكلىرى بولغان ھازىرقى ئاتىسى بىلەن ئانىسىمۇ چىن ئەمەس ئىدى، ھەتتا ئۇنىڭ ئۆزىمۇ چىن ئەمەس ئىدى. . .

ئۇ 18 يىل مابەينىدە ئۆزىنى تولىمۇ بەختلىك، تەلەيلىك بىر بالا دەپ چۈشىنىپ كەلگەنىدى، چۈنكى ئۇ قولىنى نەگە ئۇزارتسا شۇ يەرگە يېتەتتى، نېمىنى قىلىمەن دېسە شۇنى قىلالاتتى، ھەر جەھەتتىن ئۇ ئۆزىنى ئەتراپىدىكى تەڭتۇشلىرىدىن ئۈستۈن تۇرىمەن دەپ قەتئىي ئىشەنگەنىدى. چۈنكى بەزى تەڭتۇشلىرىنىڭ ئاتىسى بار، ئانىسى يوق، يەنە بەزىلىرىنىڭ ھال - كۈنى ئانچە ياخشى ئەمەس، يەنە بەزىلىرىنىڭ ئاتا - ئانىسى ياشىنىپ قالغان، كېسەلچان ۋە نامرات، يەنە بەزى تەڭتۇشلىرى جىسمانىي جەھەتتە ئاجىز، ئەقلى كەمتۈك، بەزىلىرى قورقۇنچاق، بەزىلىرى بەدەن قۇرۇلۇشى جەھەتتە سەت ۋە تومپاي. ئىشقىلىپ ئۆزىنى كىمگىلا سېلىشتۇرمىسۇن، ئۇ ھەر قاچان، ھەر جەھەتتە باشقىلاردىن ئۆزگىچە بولۇپ چىقىدۇ. ئاتا - ئانىسى تەل، ئاتا - ئانىسى قېرى دېگۈدەك قېرى ئەمەس، يېمەك - ئىچمىكى ئېشىپ - تېشىپ تۇرىدۇ، ئاتا - ئانىسى مەھەللىدە ئىككىنىڭ بىرى، ئۆزى بولسا كېلىشكەن ساغلام ۋە ئەقىللىق، ئۇنىڭدا كۈچ دېسە كۈچ، جىگەر دېسە جىگەر بار، ئۇ خەقنىڭ بالىلىرىغا ئوخشاش سىقىلىپ - قورۇنۇپ ئەمەس، ئەكسىچە تايچاقتەك قىيغىتىپ ئەركىن - ئازادە چوڭ بولدى. ئۇ ئائىلىدە بولسۇن، مەھەللىدە بولسۇن ئۆزى بەگ، ئۆزى خان.

ئەمدىچۇ؟ ئەمدى. . . ئەمدى مانا ھەممىسى ساختا ۋە يالغان بولۇپ چىقتى. ئاتا - ئانىسى ئۆز ئەمەس، ئانىسى ئۇ ئويلىغاندەك ئۇ دەرىجىدە ( «ياخشى ئەمەس» دېگەن سۆزنى ئاغزىدىن چىقىرالمىسا يەنە! ) ھەي، نېمە دېسە بولار، ئىشقىلىپ ئۇ دەرىجىدە ئەمەس، ئۇ قەھرىماندىن يۈز ئۆرۈگەن بىر خوتۇن! ھازىرقى ئاتىسىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئامراقلىقى، كۆرسىتىۋاتقان مېھىر - مۇھەببىتى پۈتۈنلەي ساختا! ئۇ كىشىنىڭ بالىسىنى بېقىۋاتىمەن

دەپلا چۈشىنىدۇ، پەقەت ۋاسلىنىڭ ئانىسىنى ئايىغىنى ئۈچۈنلا ئۇنىڭغا ئاشۇنداق يالغان شەپقەت كۆرسىتىپ كەلگەن. ئۇنىڭ بايلىقى ۋە بىساتى بىلەن ۋاسلىنىڭ ھېچبىر ئالاقىسى يوق، چۈنكى ئۇ بىر يالغان ئاتىنىڭ نەرسىلىرى. . . ئۇنىڭ سىغىنىشلىرىمۇ ساختا! چۈنكى ئۇلارمۇ ۋاسىل بىلەن بىر ئاتىنىڭ بالىلىرى ئەمەس! ھەتتا مۇشۇ يېگىئاۋاتمۇ ساختا! چۈنكى ئۇ بۇ يەردە تۇغۇلمىغان، سايىبېرىيىدە تۇغۇلغان. يېگىئاۋاتنىڭ كەڭرى زېمىنى، قاراڭغۇ باغلىرى، سۈزۈك سۇلىرى، ئېتىزلىرى، خامانلىرى، گۈل - گىياھى ئۇنىڭغا تەۋە ئەمەس، ئۇ پەقەت يېگىئاۋاتلىقلارنىڭ. . . دېمەك، ھەممىسى چىن ئەمەس، ھەممىسى ئۇنىڭ ئەمەس، ھەممىسى ساختا، ھەممىسى ئۇ ئويلىغان، ئۇ چۈشەنگەن، ئۇ ئىشەنگەندەك ئەمەس ئىكەن.

ھالبۇكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇ سۆيگەن، ئۇ كۆيگەن، ئۇ قەدىرلىگەن، ئۇ ئىشەنگەن ئەڭ سۆيۈملۈك، ئەڭ ئۆز، ئەڭ قەدىردان نەرسىلەر ئىدىغۇ؛ دېمەك ئۇنىڭ پۈتكۈل ھاياتى، بارلىقى، تۇرغان - پۈتكىنى ساختا ۋە يالغان!

ئۇنى بىر ئازابلىق تۇيغۇ زەھەرلىك يىلاندەك چىقىپ تولغىدۇراتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ 18 يىللىق ھاياتىنى تۇرمۇش چوققىسىدىكى بىر يۈكسەكلىك دەپ ئىشەنگەن بولسا، ئەمدىلىكتە ئۇ ئاشۇ يۈكسەك چوققىدىن بىر چوڭقۇر ھاڭغا، بىر چەكسىز قاراڭغۇلۇق ئىچىگە دومىلاپ چۈشۈپ كەتتى.

ئۇ ئەمدىلىكتە ئاتىسىز بىر يېتىم، يىلتىزسىز بىر تال قامغاق، لەيلەپ يۈرگەن بىر كۆپۈك، خالاس!

ئۇنىڭ ئىچى بوش، ئايىغى ماغدۇرسىز، يۈرىكى ھېسسىياتسىز، كاللىسى قۇرۇق. . . ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىلا نەرسە، ئىلگىرى ئۇنىڭغا چەكسىز خۇشاللىق ۋە ئۈمىد بەخش ئاتا قىلغان، گۈزەل ئارزۇ ۋە ئارمان بەرگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئەمدىلىكتە ئۆزلىرىنىڭ پۈتكۈل سېھىر - كارامىتىنى، تارتىش

كۆچىنى، قەدىر - قىممىتىنى، ئەھمىيەت - مەنىسىنى پاك - پاكىز يوقاتتى! ئۇ ئەمدى ھېچنەرسە ئەمەس، ھېچنەرسە! . . . ۋاسىلىنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى، ئۇنىڭ ياخشى كۆرىدىغان تامىقى ئۆز تەمىنى يوقاتتى، ئۇنىڭ ئۇيقۇسى ئۆز لەززىتىنى يوقاتتى، كۈلكە - چاقچاق، ئويۇن - تاماشا، كۈتۈش، سېغىنىش، خالاش، ئىزدەش دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر خىل يات ۋە يوچۇن نەرسىلەرگە ئايلاندى.

ئۇ ھېچكىمگە گەپ - سۆز قىلمايدۇ، ھېچنەرسىنى كۆرمەيدۇ ۋە ئاڭلىمايدۇ. ھېچكىمگە قاراپ كۈلمەيدۇ، خىيال سۈرگىنى سۈرگەن، ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان، ياتقىنى ياتقان. . .

ھەممىلا يەردە يالغۇز قېلىشنى خالايدۇ، يىگانە، تەنھا ھالدا خىيال سۈرۈشنى خالايدۇ، ئۇنىڭدىن ئۆزگە ھېچنەرسىگە رايى بارمايدۇ، بارمايدۇ ئەمەس، ئۇ قاچىدۇ، ئۆزىنى تارتىدۇ، ئۇلاردىن بىزار بولىدۇ.

ئىلگىرى ۋاسىلىنىڭ شوخلۇقى، كەيپىزلىكى، بەڭۋاشلىقى ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنى خاۋاتىرلەندۈرگەن بولسا، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ ئۇشتۇمتۇتلا بۇ دەرىجىدە جىمغۇر، مەيۈس بولۇپ ئۆزگىرىشى، ئۇنىڭ ھېچبىر سەۋەبسىزلا، ئۆزىچىلا روھىي قېچىپ كەتكەندەك شۈكلەپ كېتىشى، ھېچنەرسە بىلەن كارى يوق، ھېچنېمە تەسىر قىلماس، ھېسسىياتسىز، خىيالچان، بىپەرۋا، گومۇش چىراي ۋە ساراڭقېتىش بولۇپ ئۆزگىرىشى ۋاسىلىنىڭ ئاتا - ئانىسىنى قورقىتىۋەتتى، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىلا ئەمەس، ئادەتتە ئۇنىڭ كۆلەڭگىسىگىمۇ بىزار بولۇپ كەتكەن ئەل - مەھەللىلەر بىردىنلا ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇھ تارتىدىغان بولۇپ قېلىشتى. . . ۋاسىلىنىڭ بۇنداق ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىشى ۋاسىلىنىڭ ئاتا - ئانىسىنى، سىڭىللىرىنى قاتتىق ئازابقا قويدى، ئۇلار ھېچنەرسىنى چۈشىنەلمەي يىغلايتتى، قاقشايتتى، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېچىشقا، ئىلگىرىكى كەيپىز، بەڭۋاش ھەتتا بىزەڭ،

يالقاۋ ھالىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ ئاۋارە بولۇشاتتى... لېكىن ئۇلارنىڭ ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ ھەممىسى بىكارغا كەتتى. ۋاسىلنىڭ چىرايى بىرەر قېتىممۇ ئېچىلىپ باقمىدى. ئۇ گويا كۆز ئالدىدىكى رېئاللىقنى تامام ئۇنتۇپ، باشقا بىر دۇنياغا، بىر خىيال دۇنياسىغا، بىر قايغۇ ـ ھەسرەت دۇنياسىغا ئەسىر بولغانىدى.

ئۇلار بۇنى، ھەتتا يۇرت ـ مەھەللە ۋاسىلنى «شامال دارىپ قاپتۇ» غا جورۇشتى. مەھەللىدە «ۋاسىل ئېلىشىپ قاپتۇمىش» دېگەن سۆزلەر تارقالدى. چەكسىز ئازاب ئىچىدە قالغان ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى قانداقتۇر بىر داخانغا كۆرسەتمەكچى بولۇشتى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ۋاسىل غالجىرلاشقاندەك ئۆينى بېشىغا كىيدى. كېيىن ئاتا ـ ئانىسى نەلەردىندۇر ھېلىقى داخاننى تېپىپ كېلىشىپتۇ، ۋاسىل ياتقان يېرىدىن چاچراپ قوپۇپ ھېلىقى داخاننى سۆر ـ توقاي قىلىپ قوغلاپ چىقاردى. ئاتا بىلەن ئانا نېمە قىلارىنى بىلمەي قوللىرىنى چىشلىشىپ كۆز يېشى قىلىشتى. ئاخىرى ئۇلار تەقدىرگە تەن بەردى. «ۋاسىلغا جىن چاپلىشىپتۇ. بىرى قەست قىلدىمىكىن ـ يا، ئاخىرى بالىدىن ئايرىلىپ قاپتىمىز...» دېيىشىپ نالە قىلىشىپ ئولتۇرۇپ قېلىشتى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇلارنىڭ قورۇسىغا تۇرەك سوجاڭ ئۇشتۇمتۇت كىرىپ كەلدى. بۇ چاغدا سايىم توقا ئۆيىدە ئىدى. نۇرنىساخان ھويلىدىكى مال ـ قارىغا ئوت ـ چۆپ سېلىپ بېرىۋاتاتتى. تۇرەك سوجاڭنىڭ ئۇشتۇمتۇت كىرىپ كەلگىنىنى كۆرۈپ ئانىنىڭ يۈرىكى قارت قىلىپ قالدى. تۇرەك سوجاڭ ھېچقاچان كەلمەيتتى. ئۆزىگىمۇ ئۇنچە چىراي ئېچىپ كەتمەيتتى. ئەجەب ئۇشتۇمتۇت كېلىپ قاپتۇ ـ يا؟

نۇرنىساخانىنىڭ كۆڭلى بىر نەرسىنى تۇيغاندەك، دەككە ـ دۈككە ئىچىدە گاڭگىراپ قالدى. ئۇ تۇرەك سوجاڭغا تىكىلىپ قارىيالماي ئۇنى سۈپىغا باشلىدى. ئالدىغا داستىخان سېلىپ،

چاي دەملەپ تاتلىق - تۇرۇم كەلتۇردى. تۇرەك سوجاڭ ئۇنى - بۇنى دەپ بىر دەم ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇشتۇمتۇت ۋاسىلنى سوراپ قالدى. ۋاسىل بۇ چاغدا ئىچكىرىكى ئۆيدە ئىدى. بىر - ئىككى ئايدىن بۇيان ۋاسىل ئۆيدىكىلەرنىڭ كۆزىدىن قېچىپ، ئەتىدىن - كەچكىچە ئاشۇ ئۆيدىن چىقمايدىغان بولۇۋالغانىدى.

— بۇ بالا ئۆمىسىلا بالا بولۇپ قالدى، ئەتىدىن - كەچكىچە ئاشۇ ئۆيدىن چىقمايدۇ، — دېدى نۇرنىساخان يىغلامسىراپ.

— ئاڭلىدىم، شۇڭا ئاتايىن ئۇنى يوقلاپ كەلدىم. مەن كىرىپ كۆرۈشۈپ چىقاي، سىلە كىرمىسىلە، — تۇرەك سوجاڭ شۇنداق دەپلا ئىچكىرىكى ئۆيگە ماڭدى. نۇرنىساخان ھاڭ - تاڭ بولۇپ ئولتۇرۇپ قالدى. تۇرەك سوجاڭ كىرىپ كېتىپ خېلى ۋاق ئۆتتى. نۇرنىساخان يا ئۆيگە كىرەلمەي، يا نېمە دېيىشىۋاتقىنىنى ئاڭلىيالماي، تىت - تىت بولۇپ ئولتۇرالماي قالدى. . . بىر ھازادىن كېيىن تۇرەك سوجاڭ يېنىپ چىقتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ۋاسىلمۇ چىقتى.

— ۋاسىل بىلەن ئىككىمىز بىردەم تالا - تۈزنى ئايلىنىپ كېلەيلى. . . ، — دېدى تۇرەك سوجاڭ ۋېلىسىپىتىنى يېتىلەپ سىرتقا مېڭىۋېتىپ. ۋاسىل ئۈندىمەستىن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ كەتتى. ئىككى ئايدىن بۇيان ۋاسىلنىڭ بوسۇغا ئاتلاپ تالاغا چىقىشى مۇشۇ ئىدى.

شۇ چاغدىلا نۇرنىساخان ۋاسىلنىڭ بۇنداق ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىنى بىردىنلا چۈشىنىپ قالدى. «ئەسلىدە تۇرەك سوجاڭ ئەيىنەن ئەھۋالنى بالىغا ئېيتقانىكەن - دە. ۋاي شورۇم قورۇسۇن. ئەجەپ شۇنى ئويلىماپتىمەن. . . » دېگىنىچە يۇم - يۇم يىغلاپ ئولتۇرۇپ قالدى نۇرنىساخان.

نۇرنىساخاننىڭ كۆز ئالدىدىن بۇنىڭدىن 17 - 18 يىل ئىلگىرىكى ھېلىقى كۆرۈنۈشلەر بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى، ئۇنىڭ يۈرەكلىرى ئۆرتىنىپ، كۆز يېشى ئېتەكلىرىنى ھۆل

قىلىۋەتتى. ئۇ شۇ يىللاردىن بۇيان تالاي قېتىم مۇشۇنداق ياش تۆككەنىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئېچىشاتتى، ھەر قېتىم شۇلارنى ئويلىغىنىدا خۇددى بىر تال قارا ئارقانغا چىرمىشىپ قېلىپ جان تالىشىۋاتقاندەك دېمى كېسىلىپ، پۇت - قوللىرى ئۆيۈشۈپ ھوشىنى يوقاتقىلى تاس - تاسلا قالاتتى. بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى، ئۇ ئۆزىنى تامامەن يوقىتىپ چەكسىز نادامەت ئىچىدە ياپراقتەك تىترەپ ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا ئولتۇرۇپ كەتتى. بىر چاغلاردا قىزلىرى مەكتەپتىن كېلىشتى. ئارقىدىنلا سايىم توقا ئېتىزدىن ياندى.

— ۋاسىلجان قېنى؟ — دەپ ئالدىراپ سورىدى ئۇ ئادىتى بويىچە ئىشىكتىن كىرە - كىرمەيلا.

نۇرنىساخان چۆچۈپ ئۆزىگە كەلدى:

— ھېلىقى تۇرەك سوجاڭ كەپتىكەن، بىردەم - يېرىم دەم ئايلاندۇرۇپ ئەكىلەي، دەپ ئەپچىقىپ كەتتى، — نۇرنىساخان دەككە - دۈككە ئىچىدە جاۋاب بەردى.

— تۇرەك سوجاڭ؟ — سايىم توقى ئەندىكىپ كەتتى، ئۇنىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ، كۆزلىرى غەلىتە پارقىراپ كەتتى، — بىرەر چاتاق تېرىپ قويۇپ يۈرگەن بولمىسۇن مۇشۇ بالا؟ بىرەر ئىش چىقىرىپ قويۇپ بىزگە ئېيتالماي قىينىلىپ يۈرەمدۇ - يا بۇ يېتىم؟ — سايىم توقا ئەندىشە ئىچىدە سورىدى.

— ۋاي ئېغىزلىرىنى ئۇششۇتمىسىلە.

— ئەمىسە، ئۇ يىلدىن - بۇ يىلغا كېلىپ باقمىغان ئادەم نېمىشقا ئۇشتۇمتۇت كېلىپ قاپتۇ؟

— يوقلاپ كەلدىم دېدىغۇ. ھېچ ئۇنداق بىر ئىش باردەك قىلمايدۇ گەپ - سۆزىدىن.

نۇرنىساخان دېلىغۇل بولۇپ جاۋاب بەردى. ئۇ سايىم توقىنىڭ تۇرەك سوجاڭنىڭ ئىلگىرىكى ئىشلارنىڭ بىردىنبىر شاھىدى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ كې-

لىشنىڭ سىرىنى ئۇنىڭدىن يوشۇرۇپ قالماقچى بولدى.
سايىم توقا سەل خاتىرجەم بولغاندەك بولدى، ۋاسىل خېلى-غىچە قايتىپ كەلمىدى. كەچلىك چاي بىر كۆڭۈلسىزلىك ئىچىدە ئىچىلدى. بالدۇرلا يېتىپ قالىدىغان سايىم توقا خېلى-غىچە ئۇنى - بۇنى قىلىپ يۈرۈپ ياتمىدى. خۇپتەن نامىزىدىن كېيىنمۇ خېلىغىچە خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇردى. ئاخىرى بولماي ھارغىنلىق غالىب كېلىپ يېتىپ ئۇخلاپ قالدى.
ۋاسىل تولىمۇ كەچ قايتتى. ئۇ ئۆزىنى كۈتۈپ ئۇخلىماي ئىشىككە تەلمۈرۈپ ئولتۇرغان ئانىسىنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە:
— يەيدىغان بىر نەرسە بېرە ئانا، — دېدى ھارغىن ئاۋازدا.
ئانا ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ داستىخان سالدى. بۇ ۋاسىلنىڭ ئىككى ئايدىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئانىسىغا ئېغىز يېرىپ گەپ قىلىشى ۋە تاماق سورىشى ئىدى. ئانىنىڭ قۇلىقىغا ۋاسىلنىڭ ئاۋازى تولىمۇ مۇلايىم، يېقىملىق ئاڭلىنىپ كەتتى، خۇشلۇقى-دىن بىچارە مەزلۇمنىڭ يۈرىكى سېلىپ كەتتى.
ۋاسىل چاي ئىچىۋېتىپ ئارىلاپ - ئارىلاپ ئانىسىغا ئۇن - تىنسىز قاراپ قوياتتى. ئۇنىڭ قاراشلىرىدا بىر خىل ئىچ ئاغرى-تىش، ھېسداشلىق تۈيغۇسى ئەلەڭگىيتتى، ئىككى ئايدىن بۇيان ئوغلىنىڭ ئۆزىگە سارالڭ بولۇپ قالغاندەك چەكچىيىپ قاراشلىرى-دىن، ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ چوڭقۇرىدا يالتىراپ تۇرغان ئۆچلۈك، غەزەپ، ئەيىبلەش، پەس كۆرۈش ۋە بىزارلىق تۈيغۇلىرى ئارىلى-شىپ كەتكەن سوغۇق ئۇچقۇنلاردىن تېنى شۈركىنىپ جېنىنى قويارغا يەر تاپالماي قالغان بىچارە مەزلۇم ئوغلىنىڭ بۈگۈن ئۆزىگە باشقىچە نەزەردە، خۇددى ئىلگىرىكىدەك بىر خىل بالىلىق مۇھەببىتى بىلەن تىكىلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سې-لىپ كەتتى، خۇدايىم كۆڭلىگە ئىنساپ بەرگەن ئوخشايدۇ ئوغ-لۇمنىڭ. . . ھەر نېمە بولسا مېنى يەنە ئانام دەپ تەلپۈنۈۋاتىدۇ. مېنىڭ قانچىلىك ئازابتا قالغىنىمنى، پۇشايمان ئىچىدە قانچىلىك

پۇچۇلىنىۋاتقانلىقىمنى چۈشەنگەن ئوخشايدۇ. ئەسلىدە سوجاك شۇنىڭ ئۈچۈن كەپتىكەن ھېلى. . . مانا بىردەمدە باشقىچىلا بولۇپ كىرىپتۇ بىچارە ئوغلۇم.

ئۇ پۇت - قولى يەرگە تەگمەي پايپاسلاپ يۈرۈپ چاي راسلا-ۋېتىپ شۇلارنى ئويلايتتى. خۇشلۇقىدىن ھېلىدىن - ھېلىغا كۆزلىرىگە لىققىدە ياش تولاتتى ۋە ئوغلىغا بىلىندۈرمەي كۆز يېشىنى سۈرتۈۋالاتتى. . . ئانا - بالا ئىككى ئايدىن بېرى پەقەت بۈگۈنلا ئانا - بالىدەك ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشىپ ئۇخلاپ قېلىشتى.

شۇ كۈندىن باشلاپ تۆرەك سوجاڭ پات - پات كېلىدىغان بولدى. سايىم توقا سوجاڭ كەلسە قەۋەتلا خۇش بولۇپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. چۈنكى سوجاڭ يوقلاپ تۇرغاندىن بۇيان، ۋاسىلى-نىڭ كەيپىياتى كۈنسېرى ئۆزھاللىشىپ، ياخشىلىنىپ بارماقتا ئىدى. ئۇ ھازىر ئۆيىدىكىلىرىگە ئوچۇق - يورۇق گەپ قىلىدى-غان، ئانچە - مۇنچە ئۆي ئىشلىرىغا قارىشىدىغان بولدى. بۇنىڭ-دىن ئاتا بىلەن ئانىنىڭ بېشى كۆككە يەتتى. ۋاسىلى ئىلگىرىكى ئاغىنىلىرىنى تاشلىدى. تالا - تۈزگىمۇ كۆپ چىقمايتتى. لېكىن پات - پاتلا تۆرەك سوجاڭنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئولتۇرۇپ كېلەتتى. ئۆيىدىكىلەر بۇنىڭدىن تېخىمۇ خۇشال بولۇشاتتى. تۆرەك سوجاڭ-دەك ياخشى ئادەم ئوغلىنى ھېلىقىدەك ئازغۇنلۇقتىن قۇتقۇزۇپ قالغانىدى. ۋاسىلىنىڭ تۆرەك سوجاڭنى خۇددى ئاتا ئورنىدا كۆ-رۈپ دائىم ئىزدەيدىغان بولغانلىقى ۋاسىلىنىڭ ئەمدى ئۆزلىرى كۈتكەندىنمۇ بەكرەك بىر ياخشى ئادەم بولۇشقا باشلىغانلىقىنىڭ بېشارىتى ئىدى. سايىم توقا سوجاڭغا ئۆزۈن ئۆمۈر تىلەپ نامى-زىدا دۇئا قىلىدىغان بولدى. كۆز ئالىرى كىرىپ كەلمەكتە ئىدى، ئېتىز - ئېرىقنىڭ ئىشلىرى تازا ئالدىراش بولۇۋاتقان كۈنلەر ئىدى. ۋاسىل ئەتىدىن - كەچكىچە ئاتىسىغا قارىشىپ ئالدىراپ يۈردى. كەچقۇرۇن ئىشتىن يېنىپلا باش - كۆزلىرىنى

يۈيۈپ، كىيىملىرىنى ئالدىراپ يەڭگۈشلىدى ـ دە، تاماقمۇ يې-
مەستىن ۋېلىسىپىتنى مىنىپ چىقىپ كەتتى. سايىم ئاكا مال ـ
قارىلىرىنى بېسىقتۇرۇۋېتىپ، خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپلا
يېتىپ قاتتىق ئۇيقۇغا كەتتى. قىزلار بولسا ئەزەلدىن بالدۇرلا
يېتىۋالاتتى. ئانا گۆش ناننى سوۋۇپ قالمىسۇن دەپ، داستىخانغا
يۆگەپ ۋاسىلنى ساقلاپ سۇپىدا ئېڭىكىنى تۇتقىنىچە خىيالغا
پېتىپ ئولتۇراتتى. ئۈزۈم تېلىغا ئېسىپ قويۇلغان لامپۇچكا
خىرە يورۇپ تۇراتتى. سالقىن شامال مەي باغلىغان ئۈزۈم يوپۇر-
ماقلىرىنى يەڭگىل شىلدىرلىتاتتى. يىراق ـ يىراقلاردىن ئىتلار-
نىڭ ھۇرۇنلۇق بىلەن قاۋاۋاتقانلىقى ئاڭلىنىپ قالاتتى، پۈتۈن
يېزا ئۆزىگە خاس بىر جىملىققا چۆمگەنىدى. بۈگۈن ۋاسىل
تولىمۇ كەچ قايتتى. ئۇ كەلگىچە ئانا تولىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى،
ئۇنىڭ ھاياتىغا چوڭقۇر ئىز سالغان ئۇنتۇلغۇسىز كەچۈرمىشلەر-
نى ئويلاپ ئۈلگۈرگەن ۋە كۈنسېرى ئەمەس، سائەتسېرى ئۆسۈپ
چوڭ بولۇۋاتقان ئوغلى بىلەن ئۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ سەز-
گۈر ھەمدە ئىككىلىسىگە كۈندەك ئايان، لېكىن ئىككىسىلا ئې-
غىزدىن چىقىرالمايۋاتقان روھىي مۇناسىۋەتنىڭ ئىستىقبالىنى
ئويلاپ، ئۇنى قانداق تەڭشەش ۋە ئىزىغا سېلىش توغرىسىدا بىر
قارارغا كېلىپ ئۈلگۈرگەنىدى.

ۋاسىل ئادىتى بويىچە داستىخانغا ئولتۇرۇپ، ئانىسىغا يەر
ئاستىدىن ئۈنسىز قاراپ قويدى. ئۇنىڭ بۈگۈنكى پۈتكۈل تۇرقى،
سىياقى، ئولتۇرۇپ قوپۇشى، قاراشلىرى، چوڭقۇر خىيالغا پات-
قان چاغدىكى سۈكۈتلۈك ھالىتى باشقىچە ئىدى. ئانىنىڭ سەز-
گۈر كۆڭلى بۇنى بىر قاراپلا كۆرۈپ يەتكەنىدەك بالىنىڭ بۈگۈن
بىر كەسكىن قارارغا كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ بولغانىدەك بول-
دى. ئانا بۇنى بىلەتتى، ئاخىرى بىر كۈنى مۇشۇنداق بىر سائەت-
نىڭ يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئالدىنقاچان ئويلاپ يەتكەنىدى. شۇڭا
ئۇ بۇ سائەتنى بىر خىل ئىزتىراپلىق ئىچىدە كۈتۈپ كېلىۋاتاتتى.

لېكىن ئۇ بۇ سائەتنىڭ بۇنچىۋالا تېز يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى. شۇڭا ۋاسىلنىڭ داستىخان ئۈستىدىكى سىرلىق-دىن قارىغاندا خاتىرجەمدەك كۆرۈنگەن بىلەن، ئاشۇ خاتىرجەم-لىكنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنغان بىر خىل جىددىيلىكنى، كەسكىن-لىكنى، قىيىنلىشنى ۋە ساراسىملىقنى ھېس قىلغىنىدا بىردىنلا تەشۋىشلىنىپ ئەندىشىگە چۈشۈپ قالدى.

ۋاسىل بۈگۈن باشقىچە تەمكىن، مۇلايىم ۋە رايىش كۆرۈنەت-تى. ئۇ گويا ئانىسىدىن نېمىدۇر بىر نەرسىنى كۈتۈۋاتقاندەك، گويا ئانىسىغا ئەڭ خۇپىيانە سىرىنى تۆكۈپ بېرىشكە تەرەددۇتلى-نىۋاتقاندەك، لېكىن نېمىشقىدۇر يەنە بۇنىڭغا دەماللىققا جۈرئەت قىلالماي قىينىلىۋاتقاندەك كۆرۈندى. ئانىسىغا كىچىكىدىن بىر خىل تەرسالىق، قوپاللىق، يالغانلىق نىقابىغا ئورالغان ئەركە-ناياقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ ئۆگەنگەن ئوغلىنىڭ بىردىنلا بۇنچىلا ياۋاش، مۆمىن، رايىش ۋە مۇلايىم قىياپەتتە كۆز ئالدىدا پەيدا بولۇشى ئانىنى ئەندىشىگە سېلىپ قويدى. ئانا ئوغلىنىڭ قىمىر قىلغىنىنىمۇ كۆز ئۈزمەي كۈزىتىپ قاچۇرماي، داستىخاننىڭ بۇر-جىكىنى غىجىملاپ يەر بېقىپ مەيۈسكىنە ئولتۇراتتى.

ۋاسىل چاي ئىچىپ بولدى. ئانا ئورنىدىن قوزغىلىپ داس-تىخاننى يىغماقچى بولۇپ ۋاسىلنىڭ ئۇدۇلىغا كەلدى. شۇ چاغدا ۋاسىل ئانىسىنىڭ بىلىكىنى تۇتۇپ، ئانىنىڭ مەيۈس، غەمكىن، ئىزتىراپلىق ۋە سۇلغۇن چىرايىغا تىكىلگىنىچە بېشىنى ئانىسى-نىڭ ئوتتەك قىزىپ، بىر غۇلغۇيچىلىق ئىچىدە گاھ كۆتۈرۈ-لۈپ، گاھ چۈشۈپ تۇرغان قۇۋۋەتلىك كۆكرىكىگە مەھكەم باس-تى. ئانا قولىدىكى داستىخاننى جايىغا قويۇپ ئوغلىنىڭ كۆكرى-كىگە بېشىنى قويدى ـ دە، ئىچ ـ ئىچىدىن بوغۇلۇپ يىغلىۋەت-تى. ئانا ۋاسىلنىڭ يۈرىكىنىڭ شىددەت بىلەن تېپچەكلەۋاتقى-نىنى ئاڭلىدى، ئۇنىڭدىن كېلىۋاتقان بالىلىق مۇھەببەتنىڭ ھارا-رىتىدىن ئانىنىڭ ۋۇجۇدى لاۋۇلداپ كەتتى. ئاخىرى ئۇنىڭ ئوغ-

لى ئۇنى چۈشەنگەن ئىدى، ئۇنى كەچۈرگەنىدى. ئۆزىنىڭ بالدىلىق قەلبىدە پارتلىغان ئەڭ قىزغىن، ئەڭ يالقۇنلۇق پەرزەنتلىك مۇھەببىتىنى بۇ نادان، جاپاكەش ۋە پەرىشتىدەك مېھرىبان ئانىسىغا تولۇقى بىلەن تاپشۇرغان، بەخشەندە قىلغانىدى. بۇنى ئانا ئوغلىنىڭ تېپچەكلەپ سوقۇۋاتقان يۈرىكىنىڭ ساداسىدىن ئاڭلىدى، باللىق مېھرى بىلەن لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان يۈرىكىنىڭ تەپتىدىن ھېس قىلدى! ئانا بۈگۈن، پەقەت بۈگۈنلا ئۆزىنى گۇناھىدىن پاكلانغان، خاتاسىدىن ساقىت بولغان، بىر ئۆمۈر يەلكىسىنى بېسىپ، روھىنى مىجىۋەتكەن ئېغىر ۋە سوغۇق قارا تاشتىن قۇتۇلغان ھالەتتە سەزدى، بۇ سېزىم ئۇنى بىردىنلا بىر بەختىيار ئانىغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇنى ھەقىقىي ئىنساني خۇشاللىققا چۆمدۈردى.

ئانا ئوغلىغا تېخىمۇ مەھكەم چاپلاشقىنىچە ئۆپكىدەپ ئېسەدەپ يىغلىدى.

— مەن ھەممىنى بىلدىم، ھەممىنى چۈشەندىم... رەھمەت... ئوغلۇم...! — ئانا تىترەك ئاۋازدا ناله ئارىلاش نىدا قىلدى.

— ياق جېنىم ئانا، ئانىجان... سەندە گۇناھ يوق، بولدى، ھەرگىزمۇ بۇ گەپنى ئېغىزىڭغا ئالمىغىن!

ئانا بۇ گەپ بىلەن تېخىمۇ قاتتىقراق يىغلاپ كەتتى.

ۋاسىل ئانىسىنىڭ ۋاقىتسىز ئاقارغان لېكىن يەنىلا ناھايىتى قويۇق چاچلىرىنى ئۇزاققىچە سىلىدى. ئانىسىنىڭ چېچىدىن كېلىۋاتقان، ئۆزىگە تۇغۇلغىنىدىن تارتىپ تونۇشلۇق قەدىناس ۋە قەدىردان پۇراقنى تويماي - تويماي ئۇزاققىچە ھىدلىدى:

— مەن ئەسكەرلىككە ماڭىدىغان بولدۇم. ئاشۇ ئاتام تۇرغان قىسىمغا، ئاتام قۇربان بولغان چېگرىغا بېرىشنى تەلەپ قىلدىم، ئانا.

— بۇنى بىلىمەن، ئوغلۇم! ئاللىبۇرۇن بىلگەنىدىم! — ئانا

ئۆپكىدەپ تۇرۇپ بېشىنى كۆتۈردى، ئۇنىڭ چىرىسىنى ئىلىنىم -
تىلىم قورۇق باسقان چىرايى كۆز يېشىدىن ھۆللەنگەن ياشلىقى
دىكى بېجىرىم چىرايىنىڭ ئىزناسىنى يوقاتمىغان سۇلغۇن چىرايى
كۆز يېشى بىلەن يۇيۇلغانىدى، — بارغىن بالام! سەن توغرا
قىلدىڭ. خۇدا سېنىڭ تىلىكىڭگە يەتكۈزسۇن، ئاتاڭنىڭ روھى
خۇشال بولسۇن، بارغىن، — ئانا بىلەن بالا قايتىدىن مەھكەم
قۇچاقلىشىپ بىر ھازاغىچە ئۇنچىقماي تۇرۇشتى. بىر چاغلاردا
ئانا سەل قىمىرلىدى:

— توختاپ تۇر.

ئانا ئوغلىنىڭ قۇچىقىدىن چىقىپ ئۆيگە ئالدىراپ كىرىپ
كەتتى ۋە قانداق تېز كىرگەن بولسا، شۇنداق تېزلىكتە يېنىپ
چىقتى. ئانا ئوغلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ھاۋارەڭ ياغلىققا ئورالغان
نېپىز بىر نەرسىنى ئوغلىغا ئۇزاتتى. ۋاسىل ئۇنى ئېلىپ ئاۋاي-
لاپ ئاچتى. ئۇ بىر پارچە سۈرەت ئىدى. ۋاسىل سۈرەتنى چىراغ
يورۇقىغا ئەكىلىپ سىنچىلاپ قارىدى.

سۈرەتتە قاڭشارلىق، قاراقاش بىر ئەسكەر يىگىت بىلەن
كۆزلىرى بۇلاقتەك، قاشلىرى ئۇزۇن ۋە ئەگمە، بۇرنى ئېگىز
ۋە ئېقىپ چۈشكەندەك تۇپتۈز بىر بوستان چاچ ياش ئايال تەلپۈ-
نۇپ ئېتىلىپ تۇرغان بۇدرۇقىنىنە ئوغۇلنى ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ
قۇچاقلىشىپ تۇراتتى.

ۋاسىل ھېچ ئويلاپ تۇرمايلا ئاتىسى ئاتىللانى، ئانىسىنى ۋە
ئۆزىنى (ئۆزىنى ئەلۋەتتە پەرەز بىلەن) بىر قاراپلا تونۇۋالدى،
ئۇنىڭ چېھرىگە ۋىللىدە قىلغان بىر قىزىللىق، بىر بەختىيارلىق
ۋە شېرىن سېزىمنىڭ تەپتى بالقىپ چىقتى.

— سېنىڭ ئالتە ئايلىق چېغىڭ. . . ئاتاڭ بىرىنچى قېتىم
ئاتپوسكىغا كەلگەن چاغدا چۈشكەن ئىدۇق، — ۋاسىل ئانىسىنى
بېسىپ بولمايدىغان بىر خىل سۆيۈنۈش ۋە بالىلىق مۇھەببەتنىڭ

ئوقچۇشى بىلەن قايتىدىن باغرىغا مەھكەم باستى.

ئانا بىلەن بالىنىڭ يۈرەكلىرىنىڭ بەختىيار، خاتىرجەم، ھاياجانلىق سوقۇشلىرىدىن ئاتىللا! ئاتىللا! ئاتا! قەھرىمان ئاتام! دېگەن بىر قۇدرەتلىك سادا ئاڭلىناتتى!

شۇ ئاخشىمى ئۇلار چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىپ يۇلتۇزلار چاراقلاپ تۇرغان گۈزەل يېزا كېچىسىنىڭ قوينىدا تاڭ ئاتقۇچە مۇڭداشتى. بۇ ۋاسىلنىڭ ئۆمرىدىكى ئەڭ گۈزەل، ئەڭ بەختىيار، ئەڭ يېقىملىق بىر كېچە ئىدى. شەرق تەرەپ سۈزۈلۈپ سالقىن تاڭ ساباسى ئىچىدە ئاستا ــ ئاستا بالقىپ يېيىلىۋاتقان گۈزەل شەپەق ھويلىدىكى ئۈزۈم تاللىرىنىڭ ياپراقلىرىدا جۇلالاشقا باشلىغاندا، ۋاسىل بېشىنى ئانىسىنىڭ تىزىغا قويۇپ ئاستا ــ ئاستا شېرىن ئۇيقۇ قوينىغا غەرق بولدى.

ئانا يۈرىكىدە ئۆركەشلەۋاتقان ئانىلىق مېھرى بىلەن زەبەردەست ئەر، بىر شەرەپلىك قەھرىمان بولۇپ كۆزىگە كۆرۈنۈۋاتقان ئوغلىنىڭ قەھرىمان ئاتىسىنىڭ چىرايىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان بېجىرىم ۋە سەبىي چىرايىغا تويماي ــ تويماي قاراپ ئولتۇراتتى...

## ئون بىرىنچى باب

شىۋىرغان بىر خىلدا ئۇشقىرتماقتا، ئۇششاق ۋە يىرىك قار دانىچىلىرى قاتتىق بوران ئۇچۇرغان قۇم ــ شېغىل بولۇپ يېرىم بىھوش ھالەتتە ياتقان ۋاسىلنىڭ يۈزىگە ئۇرۇپ سانچىلاتتى. بوزارغان كۆل رەڭ ئاسمان، ئېغىر ۋە قېلىن كۆل رەڭ بۇلۇتلار ئۇنىڭ باش ئۈستىدىلا بېسىپ تۇرغاندەك ئىدى.

ۋاسىل ھېلىقى قۇدرەتلىك ئاۋاز بىلەن ئېسىگە كەلدى. بۇ

ئاۋاز تۇرەك سوجاڭىنىڭ ئاۋازى ئىدى. تۇرەك سوجالغىنى دەمدە ۋاسىلنىڭ يېنىدىلا تۇرغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ساقال باسقان ھەيكەلنىڭ يۈزىدەك مۇستەھكەم ۋە جىددىي يۈز مۇسكۇللىرى تارتىشقان، قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى ئۆتكۈر، سىنچى كۆزلىرى ۋاسىلغا جىددىي رەۋىشتە تىكىلگەنىدى. ئۇ ۋاسىلدىن خاپا بولغانىدى. ئۆزىنىڭ ئۈمىدىنى، ياق، قەھرىمان ئاتىسى ئاتىللانىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويۇۋاتقىنى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن رەنجىگەنىدى. . . «تېخى ھېچ ئىش كۆرمەي تۇرۇپ ئۆلۈۋالماقچى، ھەتتا چېگرىدا سەۋەبسىز ئوق چىقىرىشقا بولمايدىغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ، ئۆزۈڭنىڭ ئاپتوماتى بىلەن ئۆزۈڭنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولدۇڭمۇ؟» ئۇنىڭ ئاۋازى دەھشەتلىك گۈلدۈرمامىدەك ياڭراپ، تاغ ئارىسىنى، ئاشۇ ئاتىسى قۇربان بولغان «ئەۋلىيا قولتۇق» چېگرا رايونىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى! بۇ ئاۋاز بەكمۇ رەھىمسىز، بەكمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى! بۇ ئاۋاز ۋاسىلنىڭ نىمجان ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالدى، ئۇ نومۇس ۋە ئازابتىن پۈچۈلىنىپ جالاقلاپ تىترىدى. يۈرىكى خەنجەر بىلەن تىلغاندەك چىمىلداپ ئاغرىدى. ئاخىرى ۋاسىل ھېلىقى ئاۋازنىڭ ئازابلىشىغا زادىلا چىداپ تۇرالمىدى: ياق! مەن ئۆلمەيمەن! مەن قەھرىماننىڭ ئوغلى! مەن پەقەت جەڭ مەيدانىدا ئۆلۈشكە يارالغان! مەن گازارمىغا قايتىمەن! چوقۇم قايتىپ بارىمەن، ساق ـ سالامەت قايتىپ بارىمەن! مەن، مەن دېگەن قەھرىماننىڭ ئوغلى، ئاتىللانىڭ ئوغلى! ۋاسىل ئۆزىگە يۈپۈرۈلۈپ كېلىپ بېسىۋاتقان قار ئىچىدە شىددەت بىلەن يۇلقۇنۇپ تېپىچەكلىدى. ئاندىن ئاستا ـ ئاستا كۆزىنى ئاچتى. ئۇنىڭ يېنىدا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. تۇرەك سوجاڭمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ مىڭ تەسلىكتە ئۆلۈم قۇچىقىدىن يۇلقۇنۇپ چىققانلىقىنى چۈشەندى، بايىقى ئۆلۈۋېلىش خىيالى ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدىكى، ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئۆلۈم

ئىگىنىڭ ئۇنى چاقىرىشى، ئۇنى چېكىپ كۆرۈۋاتقىنى ئىدى. مۇبادا ۋاقسىل شۇ مىنۇتتا سەللا بوش تۇرسا ئۆزىنىڭ مۇشۇ چوڭقۇر ئازگالدىلا ئۆلۈپ قالىدىغانلىقىنى ئەمدى ئېنىق ھېس قىلدى. ياق! ئۆلمەيمەن! ئۆلمەسلىكىم كېرەك! مەن تېخى ھېچ ئىش قىلمىدىم! مەن ئۆلمەيمەن! دەپ ئويلىدى ئۇ ۋۇجۇدىدىكى ئەڭ ئاداققى قۇۋۋەت ۋە غەيرەتنى ئۆزىگە يىغىپ. بايا ئۇ ھوشسىزلىق ئىچىدە مەن ئۆلمەيمەن! دەپ ۋارقىرىغان (ئەمەلىيەتتە ئۇ ۋارقىريالمايتتى، ئۇنىڭدا ۋارقىرىغۇدەك كۈچ قالمىغانىدى!) بولسا، ئەمدىلىكتە مېڭىسى ئوچۇق، تەپەككۇرى روشەن ھالدا ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىدى قەتئىي قىلىپ.

شۇنداق، ئۇ ئۆلمەسلىكى كېرەك! بۇ قەھرىماننىڭ ئوغلى ئۆلمەسلىكى كېرەك! ۋەتەن ئۇنىڭغا موھتاج، زېمىن ئۇنىڭغا موھتاج، ئۇنى بېقىپ ئۆستۈرگەن ئەل ئۇنىڭغا موھتاج! ئۇ ئۆلگەندىمۇ خۇددى قەھرىمان ئاتىسى ئاتىللادەك، ئۆز زېمىنىسىگە يۈكلەنگەن ئەنە شۇ «موھتاج» لىقنى ئادا قىلىپ ئاندىن باتۇرلارچە، قەھرىمانلارچە، ئەركەكلەرچە ئۆلىدۇ! شۇڭا ئۇ نېمىلا قىلىپ بولمىسۇن ئۆلمەسلىكى، گازارمىغا سالامەت قايتىپ كېتىشى كېرەك!

پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا ئاتىسىنىڭ روھى خۇش بولىدۇ، ئاتىسىنى دورىغىنى ئۈچۈن ئاشۇ سۆيۈملۈك ئانىسى خۇش بولىدۇ! ئاتىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئاتىسىدەك قەھرىمان بولغىنى ئۈچۈن تۆرەك سوجاڭ، ئۇنىڭ يېزىلىقلىرى، ئۇنى ئىسسىق باغرىدا پەپىلەپ ئۆستۈرگەن زېمىن خۇش بولىدۇ، ئۇنىڭدىن رازى بولىدۇ! ۋاقسىل ئەمدىلا تولۇق ھوشىغا كەلدى. ئۇ چۆل - چۆل بولغان پۈتۈن بەدىنىنىڭ ئاغرىقىنى يادىدىن چىقىرىپ، بايا يىقىلغان چاغدا ئۆزىدىن ئاجراپ كەتكەن ئېگەرنى ھەپىلىشىپ يۆرۈپ دۈمبىسىگە تاڭدى. ئاپتوماتنى سۇنغان قول-

نىڭ قولتۇقىغا قىستۇردى ـ دە، لېۋىنى مەھكەم چىشلەپ تىك ۋە قار بىلەن قاپلانغان غىلتاڭ قىيا تاشقا يامىشىشقا باشلىدى.

*　　*　　*

«ئەۋلىيا قولتۇق» چېگرا پونكىتىنىڭ قاراۋۇل جەڭچىسى ئۆچىنچى كۈنى نامازدىگەر ۋاقتىدا يىراقتىن بىر قارا ـ قۇرنىڭ ناھايىتى ئاستا ئۆمىلەپ گازارما تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدى. ئۇ شۇ ھامان تىرېۋوگا قىلدى. بەنجاڭ ئەخمەت باشچىلىقىدىكى جەڭچىلەر ھېلىقى قارا ـ قۇرا ئۆمىلەپ كېلىۋاتقان نىشاننى يېرىم ھالقىسىمان ئوراپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى. ئۇلار بىر چاغدا ئاتىنىڭ ئېگىرىنى دۈمبىسىگە ئارتقان، ئاپتوماتنى قولتۇقىغا مەھكەم قىسقان ھالدا قاتقان قار ئۈستىدە قانلىق ئىز قالدۇرۇپ گازارمىغا قاراپ بەكمۇ تەسلىكتە ئۆمىلەپ كېلىۋاتقان ۋاسىلنى كۆردى ـ دە، خۇشاللىقىدىن چۇرقىرىشىپ ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈردى. ۋاسىل بىر خىرە ـ شىرەلىك ئىچىدە گازارمىنىڭ ئۆگزىسىدە لەپىلدەپ تۇرغان قىزىل بايراقنى، ئۆزىگە قاراپ قۇچاق ئېچىپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان سەپداشلىرىنى كۆردى ـ دە، «مەن گازارمىغا. . . » دەپلا ھوشىدىن كەتتى.

يولداشلىرى ئۇنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كېلىشتى. بەنجاڭ ئەخمەت ۋاسىلنى باغرىغا باستى. جەڭچىلەر ئۇنى چۆرىدەپ تۇرۇشتى. ۋاسىل ناھايىتى ئاجىز تىنىپ ياتاتتى، ئۇنىڭ چىرايى ئازاب دەستىدىن ئادەم چىرايىغا ئوخشىماي قالغانىدى. ئۇنىڭ جىمى يېرىدىن قان ئېقىپ تۇراتتى. ئۇ ئاشۇ ھالدا تۇرۇپ جەڭگىۋار ئاتىنىڭ ئېگىرى بىلەن قولىدىكى قورالنى تاشلىۋەتمىگەنىدى.

جەڭچىلەر ئۆزىنىڭ كۆز ئالدىدا ياتقان بۇ قەيسەر جەڭچىگە، بۇ ئاجايىپ شىجائەت ۋە جاسارەت ئىگىسىگە، يېقىملىق ۋە كې-

لىشكەن يېڭى ئەسكەرگە قاراپ بىر چەكسىز پەخىرلىنىش ۋە قايىللىق ئىچىدە ھۆرمەت بىلەن ھەربىي سالام بېرىشتى. ئاندىن ئۇنى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ گازارمىغا ئېلىپ مېڭىشتى.

بۇ چاغدا ھاۋا ئېچىلىپ بىردىنلا كۈن پارلاپ كەتتى. قۇياش نۇرىدا ئاپئاق، پاكىز قار بىلەن لىباسلانغان يەر ـ جاھان خۇددى رىۋايەتلەردىكى كرىستال سارايدەك چاراقلاپ كەتتى.

ھەيۋەتلىك ئاقباش قارا قۇرۇم تاغلىرى، بۇ يەردە كۈرەش قىلىۋاتقان چۆچەكلەردىكى باھادىرلاردەك قەيسەر، باتۇر، كۈچ-تۇڭگۇر، تىز پۈكمەس ۋەتەن جەڭچىلىرى توغرىسىدىكى بىر تەسىرلىك گۈزەل داستاننى پۈتۈن زېھنى بىلەن ئاڭلاۋاتقاندەك بىر غايىۋى قۇدرەت ئىچىدە جىمجىت قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. . .

1984 — 1994 ـ يىللار، قەشقەر — ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئىز باسقان ئەۋلاد

## 1

بىز ھېكايە قىلىپ سۆزلىمەكچى بولغان ئىشلار قارا قۇرۇم‑دىكى چېگرا مۇداپىئە قاراۋۇلخانىسىدا يۈز بەرگەن. بۇ يەرنىڭ ئۈچ تەرىپى ھالقىسىمان تاغ قاپتىلى، بىر تەرىپى تۈزلەڭلىك ئىدى. چېگرا مۇداپىئە قاراۋۇلخانىسىنى قۇرۇش ئۈچۈن بۇ يەرگە بىرىنچى بولۇپ بىر لىيەنني باشلاپ كەلگەن مۇئاۋىن لىيەنجاڭ مەتقاسىموف بۇ يەرنىڭ يەر شارائىتىغا ماسلاشتۇرۇپ، «پەرىشتە‑لەر قولتۇقى»① دەپ ئات قويغانىدى. يىللار ئۆتۈپ بۇ ئات بۇ يەرنىڭ خاس نامى بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە شۇ نام بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە.

60 ‑ يىللارنىڭ ئەتىياز كۈنلىرى ئىدى. ئەمما، «پەرىشتە‑لەر قولتۇقى» دا تېخى قارا قىشنىڭ سوغۇقى ھۆكۈم سۈرۈۋاتات‑تى. يىراق ‑ يېقىندىكى چوققىلارنى قېلىن مۇز، تاغ قاپتاللىرى‑نى بولسا ئاپئاق قار بېسىپ ياتاتتى. «پەرىشتىلەر قولتۇقى» نىڭ شىمالىدىكى كۆرۈمسىز تۈزلەڭلىكتە پاكار ئۆسكەن ئوت ‑ چۆپ‑لەر ئارىلاپ سوقۇپ تۇرىدىغان سوغۇق شامالدىن دۈگدىيىپ ‑ شۈمشىيىپ تۇرۇشاتتى.

بىر كۈنى كەچتە ئات، قېچىرلارغا يۈك ‑ تاقلىرىنى ئارتىش‑قان بىر توپ كىشىلەر تۈزلەڭلىكنىڭ شىمالي تەرىپىدىن چىقىپ كېلىشتى. ئۇلار چېگرا مۇداپىئە قاراۋۇلخانىسىغا يېقىندىن كەل‑

---

① خەنزۇچە شېنشيەنۋەن دېيىلىدۇ.

گەن ۋە ئۇلارنى كۇتۇۋېلىش ئۇچۇن چۇشۇپ كەتكەن جەڭچىلەر ئىدى. ئۇلار قاراۋۇلخانىغا يېتىپ كەلگۇچە قۇياشمۇ ئۇپۇق جىيد- كىنى قىزارتىپ پېتىشقا ئۇلگۇردى. شۇنىڭ ئۇچۇن يېڭى جەڭ- چىلەرنى قارشى ئېلىش رەسمىيىتى ئاددىيلا ئۆتكۇزۇلدى. چېدىر ئالدىدا قاتار تۇرغان كوماندىر - جەڭچىلەر ئۇلارنى قارشى ئېلىپ قىزغىن چاۋاك چېلىشتى. كېيىن يېڭى جەڭچىلەرنى باشلاپ كەلگەن پەيجاڭ ئۇلارنى سەپكە تىزىپ ھۆرمەتتە تۇرغۇزۇپ، بىر- مۇبىر ساناتقاندىن كېيىن قاراۋۇلخانىنىڭ مەسئۇلى ليەنجاڭ ئاب- لانىڭ ئالدىغا كەلدى - دە، چاس بېرىپ:

— دوكلات مۇئاۋىن ليەنجاڭ، يېڭى جەڭچىلەر يېتىپ كەل- دى، — دېدى.

ليەنجاڭ ئالدىغا بىر قەدەم چىقىپ، يېڭى كەلگەن جەڭچد- لەرنى راھەتتە تۇرۇشقا بۇيرۇغاندىن كېيىن قارشى ئېلىش سۆزى قىلدى:

— يولداشلار، سىلەرنى قىزغىن قارشى ئالىمىز. بۇ يەرنىڭ شارائىتى ناچار، تۇرمۇشى جاپالىق، ئىشىنىمەنكى، سىلەر بۇن- چىلىك جاپا - مۇشەققەتكە باش ئەگمەيسىلەر، چۇنكى بۇ يەرگە ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ مۇقەددەس زېمىنىنى قوغداش، چېگرىنى ساقلاش ئۇچۇن كەلدىڭلار، بۇ شەرەپلىك ۋەزىپە. . .

ليەنجاڭنىڭ قارشى ئېلىش سۆزىمۇ ئۇزۇنغا سوزۇلمىدى. ئۇ ئاددىي، چۇشىنىشلىك قىلىپ بىر نەچچە ئېغىز سۆزلىگەندىن كېيىن يېڭى كەلگەن جەڭچىلەرنىڭ تارقىلىشىغا رۇخسەت قىلد- دى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار چېدىرلارغا — ياتاققا ئورۇنلاشتى، يۇز - كۆزلىرىنى يۇيۇشۇپ بولغاندىن كېيىن تاماققا كىرىشتى.

«زىياپەت» دەپ ئاتالغان كەچلىك تاماقمۇ ئاددىيلا — موما، كونسېرۋا، پېچىنە - پىرەنىك، چېلىغان سەي ئىدى. دېڭىز يۇزىدىن 5380 مېتىر ئېگىز، ھاۋاسى شالاڭ بۇ جايدا سۇ 60 سېلسىيە گرادۇستىلا قايناپتتى، موما ئەنە شۇنداق سۇدا پىشۇ-

رۇلغان بولغاچقا ئۇنىڭدىن بىر چىشلەم چىشلەپ چاينىساڭ، نەچچە چىشلەم بولۇپ كۆپىيەتتى ـ دە، يۇتماق ئاپپېتتى تېتىكە توختايتتى، كونسېرۋا، پېچىنە ـ پىرەنىكلەرنىڭمۇ ھېچبىر تەمى نى بىلگىلى بولمايتتى. شۇڭا، يېڭى جەڭچىلەر ئۇچۇن تاماق يېيىش مۇشكۇل ئىش بولۇپ تۇيۇلدى. ئۇلارنىڭ مومىنى چايناپ يۇتالماي قىينىلىۋاتقانلىقىنى سەزگەن ليەنجاڭ ئابلا:

— يولداشلار، بۇ يەردە تاماقنى كۆپ يېيەلىگەن ئادەم نوچى ھېسابلىنىدۇ، — دېدى خەنزۇ تىلىدا ئۇنلۇك سۆزلەپ، — بىر موما يېگەنلەر لاياقەتلىك، ئىككى موما يېگەنلەر ياخشى، ئۈچ موما يېگەنلەر ئەلاچى، دەپ باھالىنىدۇ. چۈنكى، تاماقنى كۆپ يېسە، قىسمىنىڭ جەڭگىۋارلىق كۈچى ئاشىدۇ. شۇڭا تاماقنى كۆپ يېيىش ئۈچۈن تىرىشىڭلار، سىلەر ئۈچۈن تاماق يېيىشمۇ بىر تۈرلۈك ھەربىي ۋەزىپە ھېسابلىنىدۇ، — دېدى.

ئۇنىڭ سۆزى غەلىتە تۇيۇلدى بولغاي، يېڭى جەڭچىلەر بىر ـ بىرىگە يەر ئاستىدىن قاراپ قويۇشتى. ئاق سېرىق، قاڭشارلىق كەلگەن بىر يېڭى جەڭچى بۇ جايغا كېلىپ قالغىنى ئۈچۈن پۇشاي-مان قىلغاندەك «ھەي. . .» دەپ بېشىنى چايقاپ قويدى. ئۇ ئەسكەرنىڭ قارشى تەرىپىدە ئولتۇرغان ليەنجاڭ ئابلا ئۇنىڭ بې-شىنى چايقىغىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن ئىسمىنى سورىدى. ئۇ جاۋاب بېرىپ بولغۇچە يېڭى جەڭچىلەرنى باشلاپ كەلگەن پەيجاڭ ئابلاغا قاراپ:

— ليەنجاڭ، ئۇ بۇرۇن مۇشۇ جايدا تۇرغان مەتقاسىموفنىڭ چوڭ ئوغلى ئىكەن. ئىسمى مەتتوختى، بۇ ياققا ماڭىدىغان چاغدا دادىسى ئۇنى ئۇزاتقىلى بارغانىكەن. ئۇ كىشى سىزگە ئالاھىدە سالام ئېيتىپ قويۇشۇمنى ئېيتقانىدى. كېلىپلا سىزگە دەيمەن، دەپ ئۇنتۇپ قاپتىمەن، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئابلا ئورنىدىن تۇردى ۋە پەيجاڭ «مەت-توختى» دەپ تونۇشتۇرغان يېڭى ئەسكەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ،



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

دولىسىغا قولىنى قويۇۋېدى، مەتتوختى دەرھال ئورنىدىن تۇ-
رۇپ، ئۇنىڭغا بۇرۇلدى.

— مەتقاسىموفنىڭ ئوغلىمۇ سەن؟ قارا سېنى، بىر چاغلاردا كىچىككىنە بالا ئىدىڭ، چوپچوڭ يىگىت بولۇپ كېتىپسەن، — دېدى لىيەنجاڭ مېھىر بىلەن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، — سېنى كۆرمىگىنىمگىمۇ خېلى يىللار بولۇپ قاپتۇ، تونۇماي قاپتىمەن. داداڭنىڭ سالامەتلىكى ياخشىمۇ؟

— ناھايىتى ياخشى، — دېدى مەتتوختى ئاغزىدىكى بىر چىشلەم مومىنى تەسلىكتە يۇتۇپ، — دادام سىزگە سالام ئېيتتى.

— داداڭ ھېلىمۇ X ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىدە ئىشلەۋاتامدۇ؟

— شۇنداق، ھازىرمۇ شۇ يەردە.

ئۇلار سۆزلىشىۋاتقاندا ئۇيغۇر جەڭچىلەر بىلەن ئۇيغۇرچىنى چۈشىنەلەيدىغان قازاق، شىبە جەڭچىلەر مەتتوختىنىڭ لىيەنجاڭ بىلەن تونۇش چىقىپ قالغىنىغا ھەۋەسى كەلگەندەك قىزىقىپ قاراپ قېلىشتى. ئۇيغۇرچىنى بىلمەيدىغان خەنزۇ، زاڭزۇ، خۇيـ-
زۇ ئەسكەرلەر بولسا ئابلانىڭ بۇ يېڭى ئەسكەرنىڭ ئالدىغا ئالاھىدە بېرىپ، ئوچۇق - يورۇق پاراڭلاشقىنىدىن ھېچ نېمىنى چۈشىـ-
نەلمەي، ھەيران بولۇپ قارىشاتتى.

— بىلەمسەن، ئازادلىقتىن كېيىن داداڭ بۇ يەرگە بىرىنچى بولۇپ بىر لىيەننى باشلاپ كەلگەن، مۇشۇ يەرنى چېگرا مۇداپىئە قاراۋۇلخانىسى قىلىپ تاللىغان. بۇ يەرگە «پەرىشتە قولتۇقى» دېگەن ئاتىنىمۇ مەتقاسىموفكام قويغان، بۇ ھەقتە ساڭا سۆزلەپ بەرگەن بولغىيدى؟

— ھەئە، سۆزلەپ بەرگەن.

— ئاشۇ قىسىمدا مەنمۇ بار ئىدىم، خۇددى ساڭا ئوخشاش يېڭى جەڭچى ئىدىم. داداڭ شۇ چاغلاردا ئوغلۇم چوڭ بولسا ھەربىي سەپكە قاتناشتۇرىمەن، مۇشۇ يەردە چېنىقتۇرىمەن، دەيـ-

دىغان، دېگىنىنى قىپتۇ. ياخشى چېنىق، بۇ يەر سەندەك ياشلار چېنىقىدىغان ياخشى جاي. مەنمۇ بۇ يەرگە داداڭ بىلەن بىللە كېلىپ، بىللە يۆتكىلىپ كەتكەن، ئۆتكەن يىلى خىزمىتىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن يەنە كەلدىم.

شۇ ئارىدا ئۇلارنىڭ پارىڭىنى شىبە جەڭچى (ئۇ ئادەتتە قوشۇمچە تەرجىمانلىق قىلاتتى) باشقىلارغا تەرجىمە قىلىپ ئۇل-گۇردى. جەڭچىلەر ئۆزئارا پىچىرلىشىپ، مەتتوختى ئامەتلىك ئىكەن. دادىسى قوراللىق بۆلۈم باشلىقى، بىزنىڭ لىيەنجاڭ بولسا ئۇ كىشى تەربىيىلىگەن جەڭچى، دېمەك، ئۇ بۇ يەرنىڭ ئەركە بالىسى دەڭلار، دېگەندەك گەپلەرنى قىلىشتى.

## 2

مەتتوختى دادىسىنىڭ بۇ يەرگە بىرىنچى بولۇپ ئازادلىق ئارمىيىنىڭ بىر لىيەنىنى باشلاپ كەلگەنلىكىنى ياخشى بىلەتتى. چۈنكى، دادىسى بۇ ھەقتە ئۇنىڭغا كۆپ قېتىم سۆزلەپ بەرگەن، ھەتتا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقتىدىكى ئەسكەرلىك ھاياتى توغرى-سىدىمۇ سۆزلەپ بەرگەنىدى.

مەتقاسىم 40 ـ يىللاردا تىرىكچىلىك ئۈچۈن تاغ ئارقىسىغا چىقىپ قالغانلاردىن ئىدى. ئۇ چاغدا ئۇ تازا قورامىغا يەتكەن يىگىت ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندا ئۇ مىللىي ئارمىيىگە قاتناشتى، كەڭسايدىكى ئۇرۇشقا، شىخودىكى قانلىق جەڭلەرگە ئىشتىراك قىلدى، ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرى باد-دىت تازىلاش ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ، پەيجاڭلىققا ئۆستۈرۈلدى. كېيىن مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنى ئاساس قىلىپ تەشكىللەن-گەن شىنزاڭغا يۇرۇش قىلىش قىسمىنى باشلاپ بۇ يەرگە كې-لىپ، مۇشۇ چېگرا قاراۋۇلخانىسىنى قۇردى.

مەتتوختىنىڭ ئاي - يىللاپ ئۆيدە تۇرمايدىغان دادىسىغا نېمىشقىدۇر كىچىكىدىنلا ھەۋىسى كېلەتتى. دېمىسىمۇ ھەربىي فورما ئېگىز بويلۇق، گەۋدىلىك، ئاق سېرىق، قاڭشارلىق كەل-گەن مەتقاسىموفقا بەكمۇ يارىشاتتى ۋە ئۇنى تېخىمۇ قامەتلىك كۆرسىتەتتى. مەتتوختى دادىسىنىڭ ئەينەك جازىغا سېلىنىپ، مېھمانخانا ئۆينىڭ تۆر تېمىغا ئېسىپ قويۇلغان سۈرىتىگە قارىسى-لا كىنولاردا كۆرگەن مەشھۇر گېنېراللار كۆز ئالدىغا كېلەتتى - دە، ئۇنىڭ دادىسىغا بولغان ھۆرمىتى تېخىمۇ ئاشاتتى، دادىسىدىن پەخىرلىنەتتى. بۇنداق قىزىقىش، ھەۋەس بار - بارا ئۇنىڭدا ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىسى بولۇش ئارزۇسىنى ئويغاتتى. ئۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىقىدا ئوقۇپ يۈرگەن كۈنلىرىدە ھەتتا مۇنداق خىياللارنىمۇ قىلغان ئىدى. مەنمۇ دادام-غا ئوخشاش ئەسكەر بولىمەن، ۋەتەنىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداي-مەن، بۇ ھەر بىر يىگىت ئۈچۈن شەرەپلىك ئىش. مۇمكىن بولسا، بىرەر قېتىم ئۇرۇشقا قاتناشسام، ۋىژىلداپ ئۇچۇپ تۇر-غان ئوقلارغا پىسەنتمۇ قىلماي ئالغا يۈگۈرسەم، دۈشمەننى قىر-سام. . . قانداق ياخشى بولاتتى - ھە!

ئۇ شۇ ئارزۇدا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 2 - يىللىقىنى تۈگىتىپلا مەكتەپتىن توختىۋالدى. مەتقاسىموفنىڭمۇ ئارزۇسى ئوغلىنى ھەربىي سەپكە قاتناشتۇرۇش بولغاچقا، ئوغلىنىڭ ئار-زۇسىنى قوللاپ ھەربىيلىككە بەردى. مەتتوختى تۇەن ئورۇنلاش-قان جايدا ئىككى ئايدەك ھەربىي مەشىقە قاتناشقاندىن كېيىن بۇ يەرگە ئەۋەتىلدى.

مەتتوختى دادىسىنىڭ «پەرىشتىلەر قولتۇقى» ھەققىدە سۆز-لەپ بەرگەنلىرىدىن بۇ يەرنىڭ ناھايىتى جاپالىق ئىكەنلىكىنى ئاللىقاچان بىلگەن بولسىمۇ، شارائىتنىڭ بۇنچىلا ناچار، جاپالىق ئىكەنلىكىنى ئويلىمىغانىدى. كونىلارنىڭ «مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا» دېيىشكىنى راست ئىكەن. . . مۇز بىلەن قاپلانغان

چوققىلار، قاپتاللىرى ئاپئاق قارنى يېپىنچا قىلغان كۆرۈنمەسىز قات - قات كۆيۈك تاغلار، قۇپقۇرۇق سايلار، يۇز كۆللىرىنى ئاچچىق چېقىپ ئۆتىدىغان شىۋىرغان. . . يېقىن ئەتراپتا مەھەللىلەر تۇرماق، مالچىلارنىڭ كېگىز ئۆيلىرى، قوتانلىرى بولسىچۇ كاشكى! تۆت ئەتراپىڭغا قارىساڭ يەر شارى پۈتۈنلەي دېگۇدەك ئادەمسىز، گىياھسىز كۆيۈك تاغلار بىلەن قاپلانغاندەك ھېس قىلىسەن. ئويلىساڭ، بۇ قات - قات تاغلار ئارىسى خۇددى چۆچەكلەردىكى تىلسىم دۇنيانى، ئۇنىڭ يوللىرى بارسا كەلمەس يولنى ئەسلىتىدۇ. راستىنى ئېيتقاندا، بۇ يەردە يولمۇ يوق. مەتتوختىلارمۇ تۇزلەڭلىكنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى تاغ باغرىغا ھەربىي ماشىنىلاردا كەلدى. بۇ تەرەپكە بولسا نەچچە كۈن يول يۈرۈپ، بەزىدە ئات، قېچىرغا مىنىپ، بەزىدە قار كېچىپ، نەچچە داۋان ئېشىپ مىڭ جاپادا كەلدى.

مەتتوختى چېگرا مۇداپىئە قاراۋۇلخانىلىرىنى ھېچقاچان بۇنداق ئوسال دەپ ئويلىمايتتى. قاراۋۇلخانىنىڭ خالىي جايلاردا بولىدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، لېكىن بۇنداق ئادەمزاتسىز جايدا بولىدىغانلىقىنى خىيالمۇ قىلىپ باقمىغانىدى. قاراۋۇلخانىلارغا يىراقراق بولسۇن ياكى يېقىن بولسۇن ھامان ئەتراپىدا مەھەللىلەر بولىدۇ، دەپ ئويلايتتى. شۇڭا، ئۇ ھازىر ئۆزى ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقان قاراۋۇلخانىنى چېگرا مۇداپىئە قاراۋۇلخانىسى، دەپ تەسەۋۋۇر قىلغىدۇرالمىدى. مۇبادا ئۇلارنىڭ قارشى تەرىپىدە باشقا بىر دۆلەتنىڭ — ياتلارنىڭ قاراۋۇلخانىسى بولمىغىنىدا، ئۇ يەردە باشقىچە ھەربىي فورما كىيگەن ساقاللىق ئەسكەرلەر كۆرۈنۈپ تۇرمىغىنىدا، بۇ يەردە دۆلەت چېگرىسى بارلىقىغىمۇ ئىشەنمىگەن بولاتتى. ئەمما، بۇ يەر دەل جۇڭگو - ھىندىستان، جۇڭگو - پاكىستان چېگرىسى ئىدى.

چېگرا مۇداپىئە قاراۋۇلخانىمىزنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى «2 - نومۇرلۇق ئېگىزلىك» دېيىلگەن تۆپىلىككە چىقىپ قارىغاندا پەس

تەرەپتە ئىككى مېتىر كەڭلىكتە شىمالدىن جەنۇبقا پاراللىل قىلىپ ئورنىتىلغان پولات تۇۋرۇكلەرنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ تۇۋرۇكلەرگە رەتلىك قىلىپ تارتىلغان تىكەنلىك سىملار ئۆمۈچۈك تورلىرىنى ئەسلىتىدۇ. سىم توسالغۇنىڭ ئىچى تەرىپىدىكى (بىز تەرەپتە) بىر - بىرى بىلەن تۇتۇشۇپ كەتكەن يەر ئاستى ئاكوپلار ھەقىقىي ئۇرۇش مەيدانىنى كىشىنىڭ كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. تازا ئىنچىكىلىك بىلەن سەپسېلىپ قارىغاندا ئاكوپلارنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىدە دەرھال بايقىغىلى بولمايدىغان يەر ئاستى توچكىلار كۆرۈنىدۇ. بۇ، قارشى تەرەپنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىش ئورۇنلىرى بولۇپ، جەڭچىلەر ئۇ يەردە سائەتلەپ مىختەك قادىلىپ قاراپ ئولتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى يوشۇرۇنچە كۆزىتىدۇ.

تەبىئەت ھادىسىلىرىمۇ كىشى چۈشەندۈرۈپ بولمايدىغان ئاجايىپ سىرلىق كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە. قاچانلاردۇر بىر چاغدا، بەلكى زامانى ئاۋۋالدا ئالدى تەرەپتىكى تاغ ئېغىزىدىن مىسلى كۆرۈلمىگەن شىددەتلىك كەلكۈن تۈرۈلۈپ كېلىپ، بۇ زېمىننى شەمشەر بىلەن كەسكەندەك ئويمۇ ئوخشاش كەڭلىكتە تىك ۋە چوڭقۇر قىلىپ كېسىپ ئۆتۈپ، ئۈچ سايغا بۆلۈۋەتكەن، ئېھتىمال، بۇ تاغلار بىنا بولغىنىدىنلا بۇ يەردە شۇنداق ئۈچ ساي ھاسىل بولغان. بەلكىم بۇ ئۈچ ساي باشقىچە بىر تەبىئەت ئۆزگىرىشىدىن ھاسىل بولغان بولغىيدى. ئەمدىلىكتە بۇ سايلار تەبىئىي ئۈچ دۆلەتنىڭ دۆلەت چېگرىسى بولۇپ قالغانىدى. ئالدى تەرەپتىكى ئۇزۇنغا سوزۇلغان سايلىقنىڭ تەخمىنەن ئىككى كىلومېتىر نېرىسىدىكى گىدىيىپ تۇرغان قار كەتمەس ئېگىزلىكنىڭ باغرىدىكى غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان پوتەينىڭ ئارقىسىغا قارشى تەرەپ قاراۋۇلخانىسى جايلاشقانىدى. بىز تەرەپتىمۇ ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى يوشۇرۇن كۆزىتىدىغان ئىستىھكاملىرىمىز بار ئىدى.

جەڭچىلىرىمىز بۇ ئىستىھكاملاردا تۇرۇپ قارشى تەرەپنىڭ ھەرىكەتلىرىنى بەش قولدەك ئېنىق كۆرۈپ تۇراتتى، ئۇلارمۇ ئېھتىمال بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزنى شۇنداق ئېنىق كۆرۈپ تۇرىدىغاندۇ. شۇڭا ئىككى تەرەپنىڭ چېگرا مۇداپىئە ۋەكىللىرى پات - پات ئۆز دۆلىتىگە ۋاكالىتەن بەلگە بايراقلىرىنى چىقىرىپ سۆزلىشىش ئارقىلىق يۈتۈشكەن ئورۇندا سۆھبەتلىشەتتى، ۋەتەننىڭ ھەر بىر غېرىچ يېرىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈستىدە تالاش - تارتىش قىلىشاتتى، بەزىدە تېخى بىر - بىرىگە نوتا تاپشۇرۇپ، ئۆزئارا نارازىلىق بىلدۈرۈشەتتى. ھەممىدىن غەلىتە يېرى شۇكى، بىر - بىرىگە دۈشمەندەك مۇئامىلە قىلىشىدىغان ئاشۇ كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ دۆلەت بايرىمى ياكى مۇھىم خاتىرە كۈنلىرىنى قارشى تەرەپنىڭ چېگرا مۇداپىئە خادىملىرىنى تەكلىپ قىلىشىپ، بىرلىكتە ئۆتكۈزۈشەتتى. مېھمان قىلىشاتتى. قىزىق ئىش، دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ خۇددى تەبىئەت ھادىسىلىرىگە ئوخشاش سىرلىق، غەلىتە بولىدىكەن - دە؟!

مەتتوختى ئۆزى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن جاي ئەنە شۇنداق جاي ئىدى. ئۇنىڭ كۈنلىرى ھاۋاسى شالاڭ ئېگىزلىكتە كىشىگە ناھايىتى تەس كېلىدىغان ھەربىي مەشىق، سائەتلەپ پوستتا تۇرۇش، يوشۇرۇن كۆزىتىش ئىستىھكاملىرىدا قارشى تەرەپنىڭ ھەرىكىتىنى بايقاش بىلەن ئۆتەتتى.

بۇ يەردىكى ئەڭ قىيىن ئىش نەپەس ئېلىش ئىدى. بۇ يەردە ھاۋا تەركىبىدىكى ئوكسىگېن تۆزلەڭلىكتىكىدىن 60% ئاز بولغاچقا، ھەر ۋاقىت نەپەس قىسىلىپ تۇراتتى. تۇرۇپ - تۇرۇپ باش قاياتتى. خۇددى كىمدۇر بىرى بۇرنىنى تۇتۇۋالغاندەك. كارنىينى بوغۇۋالغاندەك ئادەم نەپەس ئالالماي قىينىلاتتى. ماغدۇرسىزلىنىپ دەلدۈگىنىپ، خۇدنى يوقاتقۇدەك دەرىجىدە ھاراق ئىچكەن مەستكە ئوخشاپ قالاتتى. بۇ يەردە تاماق يېيىشمۇ ناھايىتى قىيىن ئىش ئىدى. كىشىنىڭ دائىم ئىشتىھاسى تۇتۇ-

لۇپ، قورساق ئاچقىنىنى بىلگىلى بولمايتتى، شۇڭا كىشى ئۆزد-
نى ئۆزى زورلاپ تاماق يېيىشكە مەجبۇر بولاتتى. ئەمما، يېگەن
نەرسىنى شۇنچە چايناپ يۇتماقچى بولسىمۇ گېلىدىن ئۆتكىلى
ئۇنىمايتتى. كىشىنىڭ كۆڭلى ئېلىشىپ، ياندۇرغۇسى كېلىپلا
تۇراتتى. ئۇ مۇشۇنداق جايىنى ئارزۇ قىلىپ كەلدىمۇ؟

مەتتوختى «پەرىشتىلەر قولتۇقى» دا تۇنجى سەھەرنى ناھايى-
تى كۆڭۈلسىز كۈتۈۋالدى — بېشى قېيىپ ئورنىدىن تۇرالمىدى،
كۆڭلى ئېلىشىپ، ھۆ قىلغۇسى كېلىپ ئازابلاندى. ئۇنىڭغا
ئادەتتە ناھايىتى يېقىملىق مۇزىكىدەك تۇيۇلىدىغان ئورنىدىن تۇ-
رۇش سىگنالى شۇنچە ئۇزاق چېلىنغان بولسىمۇ، ئۇ ئەتىگەنلىك
مەشىققە چىقالمىدى. خۇددى پالەچ بولۇپ قالغاندەك پۇت-
قولىدا جان يوق ئىدى. تېخى پاقالچاقلىرىنىڭ ئىششىپ كەتكىنى-
چۇ، نېمە بولدى، ئۇ تېخى تۇنۇگۇنلا بەستىدىن كۈچ-قۇۋۋەت
ئۇرغۇپ تۇرىدىغان يىگىت ئىدىغۇ، ئەجەبا، قانداقلارچە بىر كې-
چىدىلا چالا-بۇلا يەل بېرىلگەن توپتەك بوشىشىپ كەتتى؟
ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ، يىغلىغۇسى كەلدى. لېكىن، چوڭ-
چوڭ يىگىت، يەنە كېلىپ جەڭچى بولغان يىگىت ئۈچۈن ئورۇن-
سىز يىغلاش دېگەن قانداق نومۇس-ھە؟ ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى،
تېشىپ كېلىۋاتقان ياش قىيانلىرىغا توسما سالدى-دە، بېشىنى
يوتقان بىلەن پۈركىۋالدى. بىر چاغدا بەنجاڭنىڭ قوپال ئاۋازى
ئاڭلاندى:

— مەتتوختى! قاچانغىچە ئۇخلايسەن؟ تۇر ئورنۇڭدىن!

ئۇ كىچىكىدىنلا سەھەر تۇرۇشقا ئادەتلەنگەنىدى. ئۇزاق يىل
ھەربىي تۇرمۇش ئىچىدە ياشىغان دادىسىنىڭ تەسىرىدىن بولسا
كېرەك، ئانىسى ئۇنىڭدىن سەھەر تۇرۇشنى تەلەپ قىلاتتى. كۆپ
ئۇخلاش ئادەمگە زىيانلىق، — دەيتتى ئانىسى، — زىيادە ئۇخلاش
ئادەمنى ئەزمە، ھورۇن قىلىپ قويىدۇ، سەھەر تۇرغان ئادەم
تېتىك بولىدۇ. ئۇ تا ھازىرغىچە ئانىسىنىڭ شۇ تەلىپى بويىچە

ئىش قىلىپ كەلدى. ھەتتا، دەم ئېلىش كۈنلىرىمۇ ئىلىپ ئۇخلاپ ياتمايتتى. ئەمما، ھازىر. . . ئۇنىڭغا نېمە بولدى؟ ھېچ قىمىر قىلغۇدەك ھالىمۇ يوققۇ؟ لېكىن، مۇنۇ بەنجاڭ مەتتوختى-نى ھۇرۇن، ئەزمە دەپ ئويلاۋاتىدۇ. ئۇنىڭ قوپال ۋارقىرىشىنى ھاقارەتتەك تۇيۇلىدىغان سۆزلىرىدىن مەتتوختى قاتتىق ئىزا تارت-تى، ھەمدە ئوبدانلا رەنجىدى، ئۇنىڭغا لايىقىدا قوپاللىق بىلەن نېمىنىدۇر دېمەكچى بولدى، لېكىن ھەربىي تۈزۈم بۇنداق قى-لىشقا يول قويمايتتى. ئۇ ئاخىرى يوتقاندىن بېشىنى چىقىرىپ:

— ئۇخلاۋاتقىنىم يوق بەنجاڭ، — دېدى مەيۈسقىنا.

— نېمە بولدى ئەمىسە؟ — دېدى بەنجاڭ نېمىشقىدۇر بىر-دىن مۇلايىملىشىپ. مەتتوختىنىڭ مەيۈس ئاۋازى ئۇنى ئويلاندۇ-رۇپ قويغانىدى، — ئاغرىپ قالمىغانسەن - ھە؟

— بىلمىدىم نېمە بولغىنىمنى. پۇت - قولۇمدا ھېچ جان يوق، بېشىمنى كۆتۈرەلمەيۋاتىمەن.

— بىر ئامالىنى قىلىپ، ئورنۇڭدىن تۇرۇپ كەت، تالاغا چىقساڭ بەلكىم ياخشى بولۇپ قالارسەن.

بەنجاڭ شۇنداق دېدى - دە، چىقىپ كەتتى. مەتتوختىمۇ ئۇ دېگەندەك بىر ئامالىنى قىلىپ ئورنىدىن تۇرماقچى بولدى. بەلگىچە كۆتۈرۈلدى، ئەمما ئىككى چېكىسى پىچاق تىققاندەك زىڭىلداپ ئاغرىپ كەتتى. شۇ ئارىدا چېدىرغا ليەنجاڭ كىرىپ كەلدى:

— تۇرالمايۋاتامسەن؟ — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، — بېشىڭ قېيىپ، نەپەس ئالالماي قىينىلىۋاتىسەن، شۇنداققۇ دەيمەن؟

— شۇنداق ليەنجاڭ، ھېچ. . .

— بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى شالاڭ، ئوكسىگېن مىقدارى ئاز، شۇڭا نەپەس ئالماق تەس، بۇنداق ئورنىدىن تۇرالمايۋاتقانلار سەنلا ئەمەس، 7 - 8 دەك بار ئىكەن، ھازىر چېدىرلارنى ئارىلاپ چىقتىم. بىر مەزگىل شۇنداق قىينىلىدىغان ئىش. كېيىنچە ئاستا - ئاستا بۇ ناچار شارائىتقىمۇ كۆنۈپ كېتىسەن. ئاستا تۇرۇپ ھەرىكەت

قىل، ئۆزۈڭنى چېنىقتۇرۇپ، شارائىتقا ماسلاشقىن.

ئابلا چىقىپ كەتتى. مەتتوختى مىڭ تەسلىكتە ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىندى، دەلدۈگىنىپ يۈرۈپ سىرتقا چىقتى. ئاللىقاچان تاڭ سۈزۈلگەن، ئۇپۇق قىزىرىشقا باشلىغانىدى.

مەتتوختىنىڭ چېگرا مۇداپىئە قاراۋۇلخانىسىدىكى تۇنجى كۈنىنىڭ سەھىرى ئەنە شۇنداق كۆڭۈلسىز باشلانغانىدى. شۇ كۈنى ئۇ چۈشكە يېقىن يەنە بىر غەلىتە ئۆزگىرىشنى سېزىپ قالدى. يېڭى كەلگەن جەڭچىلەرنىڭ چىرايلىرى ئۆزگىرىپ قارىداپ، بۇرۇنقىغا ئوخشىماي قالغانىدى. قىزىق ئىش، بىر كېچىدە شۇنچە ئۆزگىرىپ كېتەمدۇ ئادەم؟ ئۇ باشتا ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمىدى، ئېھتىمال كۆزلىرىم چاتاقتۇر، شۇڭا ماڭا شۇنداق كۆرۈنۈۋاتقاندۇ، دەپ ئويلىدى. شۇ ئوي بىلەن چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن چېدىرغا كىرگەندە ماش رەڭ سومكىسىدىكى دۈگىلەك، چاققانغىنا ئەينەككە قاراپ باقتى. ئەينەكتىن كۆرگىنى قاپقارا چىراي ئىدى. كۆرۈنۈپ تۇرغان ئەكسى ئۆزىگە ھېچ ئوخشىمايتتى. كېيىن ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا لىيەنجاڭ ئابلا كەلدى ۋە تۈنۈگۈن ئۇ تونۇشلۇق بېرىشتىن ئىلگىرى نېمە ئۈچۈن ئۇنى تونۇيالمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندى. ئۇ كىشى ئىلگىرى مەتتوختىلارنىڭ ئۆيىگە پات - پات بېرىپ تۇراتتى. ئۇ چاغلاردا ئۇ بۇغداي ئۆڭ، سېمىز، يوغان ئادەم ئىدى. ھازىر بولسا قارىداپ، ئوبدانلا ئورۇقلاپ قالغىنى ئۈچۈن كىچىكلەپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى.

3

كۈنلەر ئۆتكەنسېرى مەتتوختىنىڭ رەڭگى - رويىلا ئەمەس، مىجەزىمۇ ئۆزگىرىپ، باشقىچىلا ئادەم بولۇپ قالدى. ئىلگىرىكى

خۇش چاقچاقلىقى، سۆزمەنلىكىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى، ئەمدى ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن چاقچاقلىشىش ئەمەس، تۇرۇۋەلگەن ئىشتى ئىگىز مۇڭداشقۇسىمۇ كەلمەيتتى. پوستتا تۇرغاندا، يوشۇرۇن كۆزىتىش ئورۇنلىرىدا ۋەزىپە ئىجرا قىلغاندا، قىسقىسى بۇ يالغۇز قالغاندا خىيال سۈرەتتى، نېمىنىدۇر ئويلايتتى. ئەمما، نېمىلەرنى خىيال قىلىۋاتقىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئېزىلىپ، مۇڭلىنىپلا يۈرەتتى، ئاخشاملىرى ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمايتتى. ئۇ ھەمىشە ئىچى سىقىلىپ، ئۆزىمۇ چۈشىنەلمەيدىغان بىر خىل ئازابلىق تۇيغۇ ئىچىدە تىپىرلايتتى، خورسىناتتى، ئۇلۇغ - كىچىك تىناتتى. ئۇنىڭدىكى بۇنداق ئۆزگىرىشنى ھەممىدىن بۇرۇن لېيەنجاڭ ئابلا سېزىپ قالدى.

— ساڭا نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى ئۇ بىر كۈنى پوستتىن چۈشۈپ چېدىرغا كىرىۋاتقان مەتتوختىنى توختىتىپ، مەتتوختى «نېمە بوپتىمەن؟» دېگەندەك سوئال نەزىرىدە لېيەنجاڭغا قاراپ قويۇپ، ئۇنچىقمىدى، — سەن شوخ بالا ئىدىڭ، نېمىشقىدۇر جىمغۇر بولۇپ قالدىڭ، ئاغرىپ قالمىغانسەن؟

— ياق.

— ياكى بۇ يەرنىڭ جاپاسىغا چىدىمايۋاتامسەن؟

مەتتوختى بۇ سوئالغا دەرھال جاۋاب بېرەلمىدى. چۈنكى، ئابلا دەل ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبىنى سېزىۋالغانىدى. شۇنداقلىقىنى، يەنى ئۆزىدىكى جىمغۇرلۇق، خىيالچانلىق، مەيۈسلۈكنىڭ سەۋەبى بۇ يەرنىڭ تەبىئىي شارائىتى ۋە جاپاسىغا ماسلىشالمىغانلىق ئىكەنلىكىنى مەتتوختى بۇرۇن ئويلاپ باقمىغانىدى. ئابلانىڭ سوئالىدىن كېيىن ئۇ ئۆزىدىكى غەلىتە ئۆزگىرىشنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندى - دە، خىجىل بولۇپ قىزىرىپ كەتتى. ئەمما، لېيەنجاڭنىڭ ئالدىدا بۇ ئاجىزلىقىنى ئىقرار قىلغۇسى كەلمىگەندەك، ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىيالماي، يانغا — ئېرىتىپ سۇ قىلىش ئۈچۈن چېلەكلەردە قار ئېلىپ كېلىۋاتقان

جەڭچىلەرگە قاراپ تۇرۇپ:

— بۇ يەرنىڭ ھاۋاسىغا كۆنەلمەيۋاتىمەن، لىيەنجاڭ. بۇ يەردە ھەممىدىن يامان نەرسە شۇ ھاۋا ئىكەن. نەپەس ئالماق تەس. خۇددى بىرى گېلىمىزدىن بوغۇۋالغاندەكلا ئازابلىنىپ يۈرىدىكەنمىز، — دېدى.

— شۇنداق، لېكىن، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ جەڭچىسى ئىكەنلىكىڭنى ھەر قاچان ئېسىڭدىن چىقارما، جەڭچى دېگەن سۆز جەڭ قىلغۇچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈپلا قالماي، يەنە ھەر قانداق جاپا - مۇشەققەتكە باش ئەگمەيدىغان ئادەم، دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. يەنى بىز شۇنداق ئادەم بولۇشىمىز كېرەك، — ئابلا بىر پەس تۇرۇۋېلىپ قوشۇپ قويدى، — ھازىرقى شارائىتىمىز بۇرۇنقىدىن مىڭ ھەسسە ياخشى، دېسەم ساڭا غەلىتە ئاڭلىنار، ئەمما، ئەمەلىيەت شۇنداق، ھاۋاغۇ يەنە شۇ ھاۋا، ئەمما، بىز بۇ يەرگە دەسلەپ كەلگەندە، قاتناش ناھايىتى ناچار ئىدى، قاغىلىقتىن چىقىپ تاغقا ئۇلاشقاندىن كېيىنلا ئۇلاغ بىلەن ماڭاتتۇق، چىغىر يولمۇ يوق ئىدى، قاتناش شارائىتى ناچار بولغاچقا، ئوزۇق - تۈلۈكىمىز ۋاقتىدا يېتىپ كېلەلمەي، كۈنلەپ - كۈنلەپ ئاچ قالغان ۋاقىتلىرىمىزمۇ بولغان. ئۇ چاغلاردا دوختۇرىمىز بولسىمۇ، تۇزۇكرەك دورىلىرىمىز يوق ئىدى. شۇڭا، بىر يىل ئىچىدە يەتتە ئادىمىمىز ئىس ئېلىپ كېتىپ ھەم ئاغرىق سەۋەبى بىلەن داۋالاش ئىمكانىيىتى بولمىغاچقا بىھۇدە ئۆلۈپ كەتكەن. . . مەتقاسىموفكام بۇ ھەقتە سۆزلەپ بەرگەن بولغىيدى ھەقىچان؟

— سۆزلەپ بەرگەن، دادامنىڭ دېيىشىچە، سوپۇن تۈگەپ كەتكەن بەزى چاغلاردا ھەپتە - ھەپتىلەپ كىر يۇيالماي، كىر كىيىملەرنى كىيىپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولغانىكەنسىلەر، — دېدى مەتتوختى لىيەنجاڭنىڭ سوئالىغا جاۋابەن.

— ھاۋانى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھازىر شارائىتىمىز كۆپ

ياخشىلىنىپ كەتتى. سەن شۇ چاغلاردىكى شۇنداق ناچار شارائىتتا بىر ليەنگە يېتەكچىلىك قىلغان ئادەمنىڭ بالىسى تۇرۇپ، بۇ يەردىكى جاپا ـ مۇشەققەتنى يېڭەلمىسەڭ قانداق بولىدۇ؟

ئابلانىڭ ئۆزىگە سوئال نەزىرىدە تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن مەتتوختى يەرگە قارىۋالدى، ليەنجاڭ ئۇنىڭ دولىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— سەن داداڭنى، باشقا كۇرەش قەھرىمانلىرىنى ئۈلگە قىلىشىڭ كېرەك. . .

ئۇ كۆپ سۆزلىدى، جاپاغا چىداش، ئۇنى يېڭىدىغان ئىرادە تىكلەش ھەققىدە كۆپ نەسىھەت قىلدى. مەتتوختى ئۇنىڭغا تىك تۇرۇپ ۋەدە بەردى:

— خاتىرجەم بولۇڭ، ليەنجاڭ، مەن چوقۇم جاپا ـ مۇشەقـقەتنى يېڭىمەن، دادامنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلايمەن، ۋەتەن، خەلق كۈتكەندەك پولات ئىرادىلىك جەڭچى بولۇپ چېنىقىمەن.

مەتتوختى ۋەدە بېرىشنى بەردى ـ يۇ، ھە دېگەندە ۋەدىسىدە تۇرالمىدى. يەنىلا ئىچى پۇشۇپ، زېرىكىپ يۈردى. شۇنچە كۆپ سەپداشلىرى بىلەن بىللە ھەربىي تۇرمۇش — قىلىپلاشقان ئىنتىزام ئاستىدا ياشاۋاتسىمۇ غېرىبسىنىپ يۈردى. ئۇ ھامان كەم سۆز، خىيالچان ئىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئىچىنى قانداقتۇر بىر نىمە خۇددى چاشقان قېتىپ قالغان ناننى غاجىلىغاندەك غاجىلاپ ئارام بەرمەيتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئاتا ـ ئانىسى، دوستلىرى كېلەتتى. دادىسىنىڭ ئۇنىڭغا دائىم سۈرلۈك كۆرۈنىدىغان سىيماسى گاھىدا كۆز ئالدىدا سۈرەتتەك تۇرۇۋالاتتى، ئۇنىڭ قاپىقى تۈرۈلگەن، چىرايى جىددىي تۇستە كۆرۈنەتتى ـ دە، دادىسى ئۆزىنى تەنقىد قىلىۋاتقاندەك، خاپا بولۇۋاتقاندەك ھېس قىلىپ ئۇيۇلاتتى.

شۇ تەرىقىدە كۈنلەر، ھەپتىلەر ئۆتۈپ كەتتى. شىۋىرغان ھۇۋلاپ، ھەيۋە كۆرسىتىپ تۇرغان بىر ئەتىگەنلىكى يېڭى كەل-

گەن بىر جەڭچى كۆز يۇمدى. بۇ هال مەتتوختىنغا تېخىمۇ يامان
تەسىر قىلدى. ئەمدىلا 18 ياشقا كىرگەن، ۋىجىككىنە كەلگەن
بۇ يىگىت بۇ يەرگە كېلىپلا خۇددى مەتتوختىدەك نەپەس ئالالماي
قىينىلىپ يۇردى. بىر نەچچە قېتىم ئىس ئېلىپمۇ كەتتى (شالاڭ
هاۋانىڭ رېئاكسىيىسى هوشسىزلاندۇرۇۋەتتى) . ليەن دوختۇرى
ئۇنى شۇنچە قېتىرقىنىپ داۋالىسىمۇ ئۇنۇمى بولمىدى. ئۇ كۇن-
دىن كۇنگە زەئىپلىشىپ كەتتى. لىيەنجاڭ ئۇنى تۆۋەنگە — تۆەن
شتابى ئورۇنلاشقان جايغا قايتۇرۇشنى ئېيتىۋېدى، ئۇ: «مەن
سىچۇەندىن ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرىسىنى قوغدىغىلى كەلگەن، ئاغ-
رىپ قالدىم، دەپ تۆەن شتابىغا قايسى يۇزۇمنى كۆتۇرۇپ بارد-
مەن؟ مېنى قايتۇرماڭ لىيەنجاڭ، پات ئارىدا ياخشى بولۇپ قالد-
مەن» دەپ رەت قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ساقىيىپ كېتىشىگە ئىشىد-
نەتتى، شۇنداق بولۇشىنى بەكمۇ ئۇمىد قىلاتتى. لېكىن، رە-
هىمسىز ئەجەل ئۇنىڭ ئارزۇ - ئۇمىدلىرىنى يوق قىلدى. ئۇن
گۇلىنىڭ بىرەرىمۇ ئېچىلمىغان، كۆڭلىدىكى ئارزۇ - ئىستەكلىد-
رىنىڭ بىرىمۇ ئەمەلگە ئاشمىغان بىر يىگىت — ئاجايىپ قەهرد-
مانلىقلارنى كۆرسىتىشكە قادىر ئاشۇ جەڭچى شۇنچە قىلىپمۇ
ئۆلۇمدىن ئىبارەت بۇ تەبىئەت هادىسىسىدىن غالىب كېلەلمىدى.

ئۇ كۇنكى ئورۇندىن تۇرۇش سىگنالى نېمىشقىدۇر هەر
كۇنىدىكىدەك جۇشقۇن ئەمەس، بەلكى مۇڭلۇق بولۇپ تۇيۇلدى.
دوختۇر سىچۇەنلىك جەڭچىنىڭ تۇيۇقسىز قازا قىلغانلىقىنى
1 - بولۇپ لىيەنجاڭغا خەۋەر قىلغان، سىگنالچىمۇ ئورنىدىن
تۇرۇپلا بۇ مۇسىبەتتىن خەۋەر تاپقان، ئۇنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلغا-
نىدى. يۇرىكى ئېزىلگەن، كۆڭلىدە قايغۇ قىيانى ئۆرلەپ تۇرغان
كىشى چالغان سىگنالدىن قايغۇلۇق سادا چىقىشى تەبىئىي، گويا
ئۇ جەڭچىلەرنى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقا ئۇندەپ ئەمەس، مۇسىد-
بەتتىن خەۋەردار بولۇشقا چاقىرىۋاتقاندەك ئىدى.

ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپلا بۇ مۇسىبەتتىن خەۋەر تاپقان جەڭچى-

لەرنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى، باشلىرى ئېچىلدى، جۈجىلەرنى سەپكە تىزىشقا بۇيرۇق قىلغانلارمۇ بوش سۆزلەيتتى. جۈجىلەر سەپكە تىزىلىپ بولۇپ، 1، 2، . . . دەپ سانىغاندىمۇ ئاۋازلىر-نى ئۆزلىرى ئاڭلىغۇدەكلا چىقىرىشتى.

مەتتوختى شۇ كۈنى كۈن بويى ئۇنچىقماي يۈردى. بىرەر بىلەنمۇ تۈزۈكرەك پاراڭلاشمىدى. ئۇ ئەڭ يېقىن، جان ـ جىگەر ئادىمىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك مىسكىن بولۇپ قالغانىدى. ئۇ مەرھۇمنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرسىلا يىغلىغۇسى كېلەتتى، كۆڭلى بۇزۇلاتتى، ھەسرەت چېكەتتى.

شۇ كۈنى كېچىسى ئۇ ياخشى ئۇخلىيالمىدى، نەچچە قېتىم چۈش كۆردى — بىردەم ئانىسى بىلەن، بىردەم دادىسى بىلەن كۆرۈشۈپ چۈشىدى. سەھەرگە يېقىن ئىنىسى مەتتۇردىنى چۈشىدى. ئۇ ئاكىسىنى كۆرگىلى كەلگەنمىش، ئۇنىڭ بىلەن قۇچاق-لىشىپ كۆرۈشكۈدەك. مەتتۇردىنىڭ ئۇستىدە بىردەم ھەربىي فورما، بىردەم قارا كۆك دېكادىن تىكىلگەن كىيىم تۇرغۇدەك، ئۇ ناھايىتى ياخشى ئوقۇۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بېرىۋېتىپ، تۇيۇق-سىز مەتتوختىدىن: «سىنىڭ بۇ يەردىكى ئەھۋالىڭ قانداقراق؟ ئىلغار جەڭچى بولالىدىڭمۇ ـ يوق؟» دەپ سورىغۇدەك. مەتتوخ-تى بۇ سوئالغا جاۋاب بېرەلمەي قىينىلىپ تۇرسا، ئۇكىسى خاپا بولۇپ ھومايغۇدەك ۋە: «مەن سىنى ئىلغار جەڭچى بولدى، دەپ ئاڭلاپ تەبرىكلەش ئۈچۈن يوقلاپ كەلگەنىدىم. ھېچنېمە بولالماپ-سەن ـ دە؟ بولدى، مەن كېتىمەن» دەپ قېيداپ كېتىۋاتقۇدەك. مەتتوختى ئۇكىسىنى چاقىرسىمۇ قارىمىغۇدەك. ئاخىرى ئۇ: «توختا!» دەپ ۋارقىراپ ئويغىنىپ كەتتى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن قايتا كۆز يۇمالمىدى. ئۆيدىكىلەر كۆزىگە كۆرۈنۈپ تۇرۇۋالدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆيدىكىلەرنى قاتتىق سېغىندى. شۇڭا، ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن ئۆيىگە خەت يازماقچى بولۇپ ئولتۇردى. «قەدىر-لىك دادا، كۆيۈمچان ئانا، سۆيۈملۈك ئۇكام. . .» دەپ باشلىدى

ئۇ خېتىنى. ئۇ ئۆزى توغرىسىدا يازماقچى بولدى، ئەمما نېمىدەپ يازىمەن، دېگەن سوئال ئۇستىدە ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. راست، نېمىدەپ يازىدۇ، زېرىكتۈاتىمەن، ئىچىم سىقىلىپ يۈرىدىمەن، ئۆيگە كەتكۈم كېلىۋاتىدۇ، دەپ يازامدۇ؟ ئۇ كىمنىڭ بالىسى؟ مەتقاسىموفنىڭ. تالاي جەڭلەرگە قاتناشقان، نەچچە قېتىم يارىدار بولغان، جەڭ مەيدانلىرىدا ئۇچۇپ كېلىۋاتقان ئەجەل ئوقلىرىغا پىسەنتىمۇ قىلمىغان، بۇ يەرگە تۇنجى قېتىم كېلىپ يول ئاچقان، «پەرىشتىلەر قولتۇقى» دا تۇنجى قاراۋۇلخانىنى قۇرغان پېشقەدەم جەڭچىنىڭ ئوغلى! شۇنداق تۇرۇپ جاپاغا چىدىيالمايۋاتىمەن، دەپ يازسۇنمۇ؟ ئۇ ئۇزاق ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ كەتتى، ئەمما خېتىنى داۋاملاشتۇرالمىدى.

كېيىن ئۆز ئەھۋالى توغرىسىدا ھېچنېمە يازماي، سىچۇەنلىك جەڭچىنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا يازماقچى بولدى. لېكىن، بۇ ئويىدىنمۇ دەرھال يالتايدى. بۇ ئىشنىڭ ئۆيگە خەۋەر قىلغۇدەك نېمىسى بار؟ ليەنجاڭ تەزىيە سۆزىدە ئۇ جەڭچىنى «پەرىشتىلەر قولتۇقى» دا قازا قىلغان 18 - جەڭچى، دېدى. دادىسى بۇ يەردە تۇرغان چاغلاردىمۇ بۇنداق ئۆلۈم ھادىسىلىرى بولغانىكەن. ئۇ بۇ يەرنى بەش قولدەك، مەتتوختىدىنمۇ ياخشىراق بىلىدۇ، شۇنداق ئىكەن، خەتتە بۇنداق كۆڭۈلسىز ئىشنى يېزىپ نېمە قىلىدۇ؟ ئۇنىڭ ئىچىنى ئاغرىتىش، كۆڭلىنى ئېزىش، بۇ ئارقىلىق ئۇنى تەشكىلگە دەپ، ئوغلۇمنى تۇەن شتابىغا، جاپا تارتمايدىغان جايغا قايتۇرۇپ كېلىمەن، دېگەن ئويغا كەلتۈرۈش ئۈچۈنمۇ؟ مۇبادا بۇ سىچۇەنلىك جەڭچىنىڭ ئۆلۈمىدىن ئانىسى خەۋەردار بولسا يىغلىماسمۇ؟ «ئوغلىمىزنى ھەربىيلىككە بەرمەيلى، ھەربىيلىك سىز بىلەنلا ئۆتۈپ كەتسۇن، دېسەم ئۇنىمىدىڭىز» دەپ دادىسىغا تاپا قىلماسمۇ؟

ئۇ شۇنداق ئويلار بىلەن خەتتە بۇ مۇسىبەت ئىشى توغرۇلۇقمۇ يازمىدى. خەتنىڭ ئاخىرىنى چۇشۇرەلمەي قىينالدى. ئاخىر-

www.uyghurkitap.com

رى، يۈرىكى ئېزىلىپ، كۆزىدىن ئاققان ئىككى تامچە ياش مەڭ-زىدە ئىز قالدۇرۇپ ئۆتۈپ، ئالدىدىكى ئاق قەغەز ئۈستىگە چۈشتى.

## 4

«پەرىشتىلەر قولتۇقى» دا سائەتلەپ ھۆركىرەيدىغان بوران-نىڭ، ئادەمنىڭ يۈزلىرىنى ھەرىدەك چېقىپ ئۆتىدىغان شىۋىر-غاننىڭ ئەمدى ھەيۋىسى بوشاپ، پەسكويغا چۈشۈپ قالغانىدى. كۈنگەي تاغ قاپتاللىرىدىكى قارلار ئېرىپ، يەر يۈزى بىلىنەرلىك قارىيىپ قالدى. چوققىلار مەڭگۈ ئېرىمەس كۆك مۇزلار بىلەن قاپلىنىپ تۇرسىمۇ، جىرا ۋە تۈزلەڭلىكلەردە باھاردىن دېرەك بېرىپ، ئوت - چۆپلەر كۆكىرىشكە باشلىدى.

«پەرىشتىلەر قولتۇقى» دا باھار جىلۋە قىلىشقا باشلىغان شۇ كۈنلەردە مەتتوختى تۇيۇقسىز ئاغرىپ قالدى. ئۇ ئىككى ھەپتى-دىن بېرى ئارىلاپ - ئارىلاپ قىزىتما بولۇپ يۈرسىمۇ، پەرۋا قىلمىغانىدى. ئاخىرى بولمىدى، ئاغرىق ئۇنى يىقىتتى. ئۇ شۇ كۈنى سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇش سىگنالى چېلىنغاندا ئورنىدىن زادىلا تۇرالمىدى. بەدىنى ئوتتەك قىزىپ كەتكەنىدى. تىنىقى تىنىقىغا ئۇلاشمايتتى. پۈتۈن ئەزايى - بەدىنىدىن چىپىلداپ تەر قۇيۇلۇپ تۇراتتى. مەتتوختى جەڭچىلەر ناشتا قىلىپ بولغاندىن كېيىن مىڭ جاپادا ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىندى. دوختۇرغا كۆرۈن-مەكچى بولۇپ مېڭىۋېدى، پۇت - قوللىرى تىترەپ، قاتتىق مەست ئادەمدەك سەنتۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇنى بۇ ھالدا كۆرگەن بىر جەڭچى يۈگۈرۈپ كېلىپ يۆلىۋالدى:

— دوختۇرغا كۆرۈنۈپ باقامسىز؟ — دەپ سورىدى مېھرى-بانلىق بىلەن.

— شۇنداق قىلاي دېگەن، پەقەت ماغدۇرۇم يوق، — دېدى مەتتوختى بەكمۇ خىجىل بولۇپ.

— مەن يۆلەپ ئېلىپ چىقاي. . .

ئۇ مەتتوختىنى يۆلەپ ماڭدى. شۇنىڭدىمۇ ئۇنىڭ پۇت - قوللىرى دىرىلدەپ تىترەپ تۇراتتى. گويا ئايلاپ يېتىقتا بولۇپ قالغان كېسەل كىشىگە ئوخشاش، چىرايلىرى سارغىيىپ، مەڭىز سۆڭىكى چىقىپ قالغانىدى. ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىمۇ ئۆچەي دەپ قالغان جىن چىراغدەك ئاجىز پىلدىرلاپ تۇراتتى.

دوختۇر مەتتوختىنى دەرھال كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ، تىڭشىغۇچ بىلەن يۈرىكىنى تەكشۈردى. تومۇرىنى تۇتۇپ كۆردى. يۈرەك سوقۇشىمۇ، تومۇر ئۇرۇشىمۇ نورمال ئىدى. جىگەر ئاغرىقى بولۇپ قالدىمىكىن، دېگەن گۇماندا ئاستىنقى قاپاقلىرىنى قايرىپ قارىدى. سېرىقلىق كۆرۈنمىدى، ئانگىنا بولۇپ قالدىمىكىن، دەپ ئاغزىنىڭ ئىچىگە تاكى گېلىغىچە ئىنچىكىلەپ سەپسالدى، ئەمما ئانگىنانىڭمۇ بەلگىسىنى كۆرەلمىدى. پېشانىسىنى، مەيدە-سىنى تۇتۇپ كۆردى. ئۇ ئوت - كاۋاپ بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ قانداق كېسەل بىلەن ئاغرىغاندۇ؟ دوختۇر بۇنىڭغا ئېنىق دىئاگ-نوز قويۇشقا ئاجىزلىق قىلدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ مەتتوختىنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى:

— قىزىپ كېتىپسەن، قىزىتماڭنى چۈشۈرىدىغان دورا بې-رەي، ئەنسىرىمە، ياخشى بولۇپ قالىسەن، مۇشۇ كارىۋاتتا بىر - ئىككى كۈن ياتقىن، مەن كۆزىتىپ باقاي.

مەتتوختى دوختۇرنىڭ چىرايىدىن مەيۈسلۈك ئالامىتىنى كۆرگەندەك بولۇپ، كۆڭلى يېرىم بولدى - يۇ، ئۈنچىقمىدى.

مەتتوختى دوختۇرنىڭ چېدىرىدا شۇ ياتقانچە ئۈچ كۈن يات-تى. دوختۇر ئۇنىڭغا ۋاقتى - قارارىدا دورا ئىچۈرەتتى، قولل-رى بىلەن بوينىنىڭ تومۇرلار كۆرۈنۈپ تۇرغان يېرىگە ئىسپىرت سۈركەيتتى. لۆڭگىنى ھۆل قىلىپ پېشانىسىگە قوياتتى، بۇ

ئۇسۇللار قىزىتمىنى بىر پەسلا چۈشۈرەتتى ـ دە، يەنە ئۇ لەيت-
تى، بەزىدە ھەتتا 39 گرادۇسقا چىقاتتى. ئۇنىڭ ئەھۋالى بارغان-
سېرى يامانلاشماقتا ئىدى. دوختۇر شۇنچە تەكشۈرۈپمۇ مەتتوخ-
تىنىڭ كېسىلىگە ئېنىق دىئاگنوز قويالمىغىنى ئۈچۈن
ئەپسۇسلىناتتى.

دوختۇرنىڭ چېدىرىدا كىم يېتىپ قالسا، لىيەنجاڭ كۈندە يوقلاپ، ئەھۋال سوراپ تۇراتتى. مەتتوختىنىمۇ ئەلۋەتتە شۇنداق قىلدى. 4 ـ كۈنى چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ئۇنى يەنە يوقلاپ كىردى، ئۇنىڭ ئەھۋالىنىڭ بارغانسېرى ئوساللىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن لىيەنجاڭ دوختۇرغا ئامالىنى قىلالمىدىڭىزمۇ، دېگەندەك مەنىدە قاراپ قويىدى. دوختۇر ئۇنى باش ئىشارىتى بىلەن سىرتقا چىقىشقا تەكلىپ قىلدى.

— ئۇنىڭ كېسىلىنى تازا ئېنىقلىغىلى بولمايۋاتىدۇ، — دېدى دوختۇر سىرتقا چىققاندىن كېيىن، — كېزىكمىكىن، دەپ ئويلاۋاتىمەن، شۇنداق بولسا، ئۇ يۇقىدۇ، شۇڭا ئۇنى بۇ يەردە داۋالىغاندىن كۆرە شەيدۇللاغا ئەۋەتكىنىمىز ياخشىراق بولارمىكىن؟

شەيدۇللا «پەرىشتىلەر قولتۇقى» دىن 3 ـ 4 يۈز كىلومېتىر نېرىدىكى جىلغىنىڭ ئىسمى ئىدى. ئۇ يەر گومىنداڭ دەۋرىدە شەيدۇللا ئىسىملىك بىر لىيەن ئەسكەر بىلەن چېگرا ساقلىغان جاي بولۇپ، كېيىن بۇ ئادەم ئىسمى شۇ يەرنىڭ خاس ئىسمى بولۇپ قالغانىدى. ھازىر ئۇ يەردە تۇەن شتابى تۇراتتى.

لىيەنجاڭ دوختۇرنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى:

— مەيلى، دېگىنىڭىزدەك بولسۇن، ئۇنى ئەتە ئەتىگەندە يولغا سالايلى.

شۇنداق قىلىپ ئەتىسى يەنى مەتتوختى ئاغرىپ ياتقانىنىڭ بەشىنچى كۈنى ئۇنى بىر جەڭچى بىلەن بىر سېسترا قىز ئاتقا مىندۈرۈپ تۇەن شتابىدىكى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەتتى. تۇەن شتابى دوختۇرخانىسىدىكىلەر مەتتوختىنى ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ،

كېزىك، دەپ دىئاگنوز قويدى ۋە ئۇنى كۆڭۈل قويۇپ داۋالىدى. ئۇ دوختۇرخانىدىن چىققاندا، دوختۇرلار ئۇنىڭ ئائىلىسىدە ئىككى ھەپتە دەم ئېلىپ كۈتۈنۈشى لازىملىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەربىي ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ، ئۆيىگە بېرىش ئۈچۈن يولغا چىقتى.

*　　*　　*

مەتتوختى X ناھىيە بازىرىغا يېتىپ كەلگەندە شام ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. راھەتبەخش، سالقىن شامال باغلاردىن گۈل ھىدى تارقىتىپ تۇراتتى. قايسىبىر ھويلىدىن دۇتارغا جور بولۇپ ئېيتىلىۋاتقان شوخ ناخشا ساداسى ياڭرايتتى. ئېرىقلاردا سۇ شىلدىرلاپ ئاقاتتى. ئىككى تەرىپىدە چىراغلار چاقناپ تۇرغان كوچىلار ئۇنىڭغا كېڭىيىپ قالغاندەك، بازارمۇ چوڭىيىپ كەتكەندەك بىلىندى. تونۇش كوچىلار، تونۇش ئۆيلەر، تونۇش دەرەخلەر، باغلار ئۇنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ، كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى. ئۇ ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى قورۇسىدىكى ئۆيى ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە ئىختىيارسىز توختاپ قالدى. ئۆيدىكىلەرنى ئەنسىرەتمەسلىك ئۈچۈن ئاغرىپ قالغانلىقى ھەققىدە خەت يازمىغان، باشقىلارنىڭمۇ خەۋەر قىلماسلىقىنى ئۆتۈنگەن، دەم ئېلىشقا كېلىدىغانلىقى ھەققىدىمۇ خەۋەر بەرمىگەنىدى. تۇيۇقسىز كىرىپ بارسا، ئاتا - ئانىسى قانداق ئويلاپ قالار؟ بۇ خىيال بىلەن ئۇ سەل گاڭگىراپ، ئىشىك ئالدىدا بىر پەس تۇرۇپ قالدى.

مېھمانخانا بىلەن ئاشخانا ئۆيدە چىراغ يېنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئىشىك چېكىشىگە جاۋابەن ئۆيدىن ئانىسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— كىم؟

— مەن، ئانا.

مەتتوختى شۇنداق دەپلا ئىشىكنى ئېچىپ دالانغا كىردى. تونۇش ئاۋازنى ئاڭلىغان ئانىسى ئاشخانىدىن، ئىنىسى مەتتۇردى بىلەن سىڭلىسى مېھمانخانىدىن يۈگۈرۈپ چىقتى. ئانا دالاننىڭ لامپۇچكىسىنى ياندۇردى ـ دە، ئوغلىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئۆزىـنى ئاتتى ۋە باغرىغا باستى:

— جېنىم بالام، ئوبدان تۇردۇڭمۇ؟ سالامەت كەلدىڭمۇ بالام؟ بارىمەن، دەپ خەۋەر قىلىۋەتسەڭ بولماسمىدى ـ ھە؟

— ئۆزۈڭچۇ، ئۆزۈڭنىڭ سالامەتلىكى ياخشىمۇ ئانا؟

مەتتوختى ئىنىسى بىلەنمۇ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. سىڭلىـسى ئۇنىڭدىن يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ تىنچ ـ ئامانلىق سورىدى. شۇ ئارىدا مېھمانخانىنىڭ بوسۇغىسىدا دادىسى كۆرۈنـدى. ئۇ كۆڭلەكچان، يالاڭباش ئىدى، چېكە چاچلىرىغا ئاق كىرگەن دادىسى يېقىملىق كۈلۈپ تۇراتتى. مەتتوختى كىچىكىـدىنلا دادىسىدىن ئېمىنىشقىدەك ئەيمىنەتتى، ھازىرمۇ دەقىقە تارتىـنىپ تۇرۇپ قالدى ـ دە:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، دادا، — دېۋىدى، دادىسى قۇچاق ئېچىپ تۇرۇپ:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، بالام، كەل! — دېدى مېھرىبانـلىق بىلەن.

مەتتوختى دادىسىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتتى. مەتقاسىموف ئوغلىنى قۇچاقلاپ يۈزىنى يۈزىگە يېقىپ، ئوغلىنىڭ دۈمبىسىگە بوش ئۇرۇپ قويىدى. شۇ ئارىدا مەتتۇردى:

— ئاكام دادام بىلەن تەڭ بولۇپ كېتىپتۇ! — دەپ ئۈلگۈردى.

مەتتوختى ئۆيدىكىلەرنى بەكمۇ سېغىنىپ كەتكەنىدى، شۇـڭا ئۆزىنى شۇنچە تۇتۇۋالسىمۇ، دادىسى باغرىغا باسقىنىدا شادلىـقىدىن كۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلدى. بۇ ھالنى كۆرگەن ئانىسىنىڭمۇ كۆزلىرىدە ياش لىغىرلاپ قالدى.

مەتتوختى مېھمانخانا ئۆيگە كىردى، ئانىسى ھايت ـ ھۇيت

دېگۈچە چاي تەييار قىلىپ كىردى ـ دە، ئۇلار ئۆي ئوتتۇرىسىدىكى چاسا ئۇستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى.

پاراڭ ئارا دادا ئوغلىنىڭ چىرايىغا سەپسېلىپ قاراپ چىقتى. ئۇ قارىداپ قالغان، خېلىلا جۇدىگەن ۋە كۆزلىرى ئولتۇرۇشقانىدى. كېيىن ئۇ ئوغلىنىڭ چىرايىنىڭ ئاستىرتىن سېرىق ئىكەنلىكىنى سېزىپ قالدى ـ دە، ئاغرىپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟ دېگەن ئوي كۆڭلىدىن كېچىپ سورىدى:

— نېمە بولدۇڭ بالام، ئاغرىپ قالمىغانسەن؟

— شۇنداق، كېزىك بولۇپ قاپتىمەن، ئۇ يەردە ئامالىنى قىلالماي، شەيدۇللاغا كېلىپ داۋالاندىم.

مەتتۇردى ئاكىسىنىڭ شەپكىسى بىلەن چاپىنىنى كىيىپ، ئىشكاپنىڭ ئەينىكى ئالدىدا ئۆزىگە ياراشقان ـ ياراشمىغانلىقىنى كۆرۈۋاتاتتى، ئاكىسىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، كەينىگە ئىتتىك ئۆرۈلدى ـ دە، ئىچ ئاغرىتىپ قاراپ قالدى. كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالغان سىڭلىسى:

— ئانا، ئاكام ئاغرىپ قاپتۇ، — دەپ توۋلىۋەتتى.

ئاشخانا ئۆيدە ئوغلىغا ھاردۇق ئېشى ئېتىۋاتقان ئانا يۈگۈرۈپ كىردى:

— جېنىم بالام، ئاغرىپ قالدىڭمۇ؟ شۇنداق تۇرۇپمۇ خەت يازمىغىنىڭنى قارا سېنىڭ، — دېدى رەنجىگەندەك.

— سىلەرنى ئەنسىرەپ قالمىسۇن، دەپ خەۋەر قىلالمىدىم ئانا. يىراق يەرنىڭ ئەندىشىسى يامان، دېگەنىكەن. . .

— شۇنداق بولسىمۇ خەت يېزىشىڭ كېرەك ئىدى بالام.

— ھازىرچۇ، دوختۇرلار ساقايدىڭ، دەمدۇ؟ — دېدى دادا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ.

— ھەئە، دوختۇرلار ئۆيۈڭدە ئىككى ھەپتە دەم ئېلىپ، ئوبدانراق كۈتۈنگىن، دەپ قايتۇرۇشتى.

مەتتوختىنىڭ سۆزى ھەممەيلەننىڭ كۆڭلىنى ئەزگەندى.

ئۆي ئىچىنى سۈكۈت باستى. ئانا «بىچارە بالام» دەپ پى-چىرلىغىنىچە پەرتۇقىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆزلىرىنى سۈرتۈپ، ئاش-خانىغا چىقىپ كەتتى. مەتتۇردى ئاكىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، «پەرىشتىلەر قولتۇقى» ھەققىدە، ئۇ يەردىكى تاغلار ئېگىزمۇ؟ قارىغايلار كۆپمۇ، ھازىر ئۇ يەردە گۇللەر ئېچىلىپ كەتتىمۇ؟ دېگەندەك سوئاللارنى سوراشقا باشلىدى. مەتتوختىمۇ ئىلگىرى «پەرىشتىلەر قولتۇقى» دېگەن سۆز تىلغا ئېلىنىسىلا ياپپېشىللىققا پۈركەنگەن، قارىغايزارلىق تاغنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. ئۇ-كىسىنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئويلايدىغانلىقىنى بىلگىنىدىن كېيىن كۈلۈپ كەتتى ـ دە:

— ۋاي ئەخمەقەي، تاغلارنىڭ ھەر قاندىقىدا قارىغاي بولى-دۇ، دەپ ئويلامسەن؟ بىز تۇرۇۋاتقان جاي كۆيۈك تاغ، ئۇ يەردە دەل ـ دەرەخ يوق، بەلكى كۆپكۆك مۇز، ئاپئاق قار بار، — دېدى.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئۇكىسى ئەجەبلەنگەندەك چەكچىيىپ قاراپ قالدى. كېيىن قوشۇپ قويدى:

— مەنمۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈۋالسام، چوقۇم ئەسكەر بولىمەن، ئاشۇ «پەرىشتىلەر قولتۇقى» غا — سەن تۇر-غان يەرگە بېرىپ چېگرىدا پوستتا تۇرىمەن.

قولى چاققان ئانا ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ھاردۇق ئېشى — ئۆزۈپ تاشلاپ ئەتكەن سۇيۇقئاش ئۇسۇلغان چىنىلەرنى كۆتۈرۈپ كىردى. ئۆي تامىقى يېمىگىنىگە خېلى ئايلار بولۇپ قالغىنى ئۇچۇنمىكىن، ئاش مەتتوختىغا بەكلا تېتىپ كەتتى. گۆپۈلدەپ ئاشكۆكى پۇرىقى كېلىپ تۇرغان بۇ ئاشتىن ئۇ ئىككى چىنىنى ئىچىۋەتتى ۋە يول ھاردۇقى چىققاندەك بولدى.

كونىلار «ئۆز ئۆيۈمنىڭ خۇشلۇقى، پۇت ـ قولۇمنىڭ بوش-لۇقى» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقانىكەن، قانغۇدەك ئۇخلىمىغى-نىغا خېلى زامان بولغان مەتتوختى بۇ كېچە ناھايىتى ھۇزۇرلى-

نىپ ئۇخلىدى. ئۇ ئەتىسى يېپيېنىك بولۇپ ئورنىدىن تۇرغاندا
دادىسى خىزمەتكە، ئۇكىسى بىلەن سىڭلىسى مەكتەپكە كېتىشكە-
نىدى. ئۇ ئانىسى بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ ناشتا قىلدى.

## 5

ئىككى ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. ئانىسىنىڭ مەززىلىك تاماقلى-
رىنى يەپ خېلىلا رەڭ تۈزەپ، ياخشىلىنىپ قالغان مەتتوختى
ئۆيدىكىلەر بىلەن خوشلىشىپ، «پەرىشتىلەر قولتۇقى» غا قاي-
تىش ئۈچۈن دېڭىزىيە شتابىغا كەلدى. ئۇ يەردىن شەيدۇللاغا
بارىدىغان ماشىنا تېپىش كېرەك ئىدى. ئۇلارنىڭ تۇەنى ئورۇن-
لاشقان جايغا شۇ كۈنىلا ماڭىدىغان ماشىنا بولمىغاچقا، دېڭىزىيە
مېھمانخانىسىدا بىر كېچە قونۇشقا توغرا كەلدى. ئەتىسى ئۇ
ئورنىدىن تۇرۇپ، ناشتا قىلىپ سىرتقا چىققاندا بىر توپ جەڭچى-
لەرنىڭ «ئىنقىلابىي تارىخىي كۆرگەزمە» ئورنى قىلىنغان زالغا
تىزىلىپ كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئۇ ھەر-
بىي سەپكە كىرىپ بىر ھەپتە بولغاندا بۇ كۆرگەزمىنى ئېكسكۇر-
سىيە قىلغان. چۈشەندۈرگۈچى قىزلارنىڭ كۈرەش قەھرىمانى
ئىسمائىل مۇھەممەت قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلار توغرىسىدىكى
ئاجايىپ تەسىرلىك چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئاڭلاپ ھاياجانلانغانىدى.
ئۇ قەدىمىنى ئىختىيارسىز شۇ تەرەپكە بۇرىدى.

ئۇ شۇ كۈنى چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن شەيدۇللاغا قاراپ
يولغا چىقتى. ئۇ ئاپتوموبىلدا شوپۇرنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى.
قۇلىقىغا ئاپتوموبىلنىڭ ماتور ۋە سىگنال ئاۋازى ئەمەس، كۆر-
گەزمىخانىدىكى چۈشەندۈرگۈچى قىزلارنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرى
ئاڭلىنىپ تۇرغاندەك قىلاتتى. ئاپتوموبىل تاغقا قاراپ ئۆرلەشكە
باشلىغاندا بولسا ئۇ قىزلارنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرى تەسىرلىك ھې-

كايىگە ئايلىنىپ، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كىنولېنتىسىدەك ئۆ-
تۈشكە باشلىدى. . .

*　　*　　*

يېرىم كېچە. چېدىرلاردىكى چىراغلار ئاللىقاچان ئۆچۈرۈل-
گەن، زىمىستان سوغۇقى جاراڭلاپ تۇراتتى، شۇرغان دەھشەت-
لىك ئۇشقىرتاتتى، چېدىرلارنى يۇلۇپ تاشلايدىغاندەك لەپەڭشى-
تەتتى. گاھى - گاھىدا قاراۋۇلنىڭ غاچىلدىغان ئاياغ تىۋىشى
ئاڭلىنىپ قالاتتى. قارىماققا جەڭچىلىرىمىز ناھايىتى شېرىن
ئۇيقۇدا ياتقاندەك، ئەمەلىيەتتە، ئۈچىنچى بەندىكى جەڭچىلەر ۋە
بەن قاراشلىق پەي ۋە لىيەننىڭ باشلىقلىرى ئۇخلىمىغانىدى —
ئۈچىنچى بەندىكى جەڭچىلەر دۈشمەن ئەھۋالىنى رازۋېدكا قىلىش
ئۈچۈن ئاتلىنىشقا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى.
3 - بەن ئالدىنقى بىر قانچە قېتىملىق رازۋېدكا قىلىش
ۋەزىپىسىنى پەم - پاراسەت بىلەن ۋاقتىدا، تولۇق ئادا قىلىپ،
يۇقىرىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئىگە بولغانىدى. شۇڭا، بۇ قېتىم يۇ-
قىرىدىن ئۇلارغا دۈشمەننىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا جايلاشقان
62 - نومۇرلۇق تايانچ بازىسىنى رازۋېدكا قىلىش ۋەزىپىسى
تاپشۇرۇلدى. ئۇلار ئوقدانلىرىنى باغلاپ، قوراللىرىنى ئوقلاپ،
يولغا چىقىشقا بۇيرۇق كۈتۈپ تەقمۇ تەق بولۇپ تۇرۇشاتتى،
چېدىر ئىچى جىمجىتلىققا چۆككەنىدى. لىيەنجاڭ فوسفورلۇق قول
سائىتىگە پات - پات قاراپ، ئۇيان - بۇيان مېڭىپ يۈرەتتى.
پەيجاڭ ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ ئۆرە تۇراتتى. ھەممەيلەننىڭ
كەيپىياتىدىن جىددىيچىلىك بىلىنىپ تۇراتتى. 3 - بەننىڭ بەن-
جاڭى ئىسمائىل مۇھەممەت تېخىمۇ جىددىيلەشكەنىدى. ئۇ بۇي-
رۇق بېرىلىشى ھامان چېدىردىن ئېتىلىپ چىقىدىغاندەك ئوڭ
قولىنى يەرگە تىرەپ، زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى.

لیەنجاڭ ئاخىرقى قېتىم سائىتىگە قارىدى ـ دە، چېدىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇستەلنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇستەل ئۇستىدە بىر خەرىتە يېيىقلىق تۇراتتى. پەيجاڭ قول چىرىغىنى ياندۇرۇپ، خەرىتىگە يورۇق چۇشۇردى. بەنجاڭمۇ ئۇستەل يېنىغا ئىتتىك كەلدى، ئۇلار خەرىتە ئۇستىدىكى كومپاس ئىسترېلكىسى كۆرسەتكەن نىشانغا قاراشتى. كىچىككىنە قىزىل بايراقچە قاداپ قويۇلغان ئېگىزلىكنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— كۆردىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى بەنجاڭدىن.

— كۆردۈم، لیەنجاڭ! — دېدى ئىسمائىل تىك تۇرۇپ.

— بايا ھەممە سۆز ئوچۇق ئېيتىلدى. بۇ قېتىمقى رازۋېدكىنىڭ قانداق بولۇشى بۇ ئېگىزلىكنى قايتۇرۇۋېلىش ئۇچۇن بولىدىغان ئومۇمىي ھۇجۇمنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇڭا، رازۋېدكا قىلىشتا ھەممە يەرنى ئىنچىكە كۆزىتىشكە دىققەت قىلىڭلار.

— خوپ لیەنجاڭ، بۇيـرۇقـنى چوقـۇم ياخشى ئىجرا قىلىمىز.

— ئۇنداق بولسا يولغا چىقىڭلار!

ئىسمائىل جەڭچىلەرگە سىرتقا چىقىپ سەپكە تىزىلىشقا بۇيرۇق قىلدى. كېيىن ئۇلارنى دىققەتتە تۇرغۇزدى ـ دە، چېدىر ئالدىدا ئۆزلىرىگە قاراپ تۇرغان لیەنجاڭ بىلەن پەيجاڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ چاس بەردى. ئۇلارمۇ جاۋابەن چاس بېرىشتى. پەيجاڭ بۇيرۇق قىلدى:

— ئاتلىنىڭلار!

ئۇنىڭ بۇيرۇقىنىڭ ئاخىرى چۇشە ـ چۇشمەستىن، ئىسمائىل كەينىگە بۇرۇلدى ـ دە، جەڭچىلىرىنى باشلاپ تۈن قوينىدا غايىب بولدى.

يۇلتۇزسىز كۆك، قاپقاراڭغۇ تۈن، قارلىق دالا، تاغنىڭ سۆڭەك ـ سۆڭەكلەردىن ئۆتۈپ كېتىدىغان سوغۇقى. ئارىلاپ

يۇزلەرنى چېقىپ ئۆتىدىغان شىۋىرغان، شالاڭ ھاۋا. بۇلار جىبدەللەپ يول يۈرۈۋاتقان جەڭچىلەرنىڭ خىيالىدىمۇ يوق ئىدى. ئۇلار نەپەس ئېلىشتا شۇنچە قىينىلىپ، ئازابلىنىپ تۇرسىمۇ بۇنى ھېچ ھېس قىلمىغاندەك قار كېچىپ، داۋان ئېشىپ كېتىپ باراتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار كۆزلىگەن نىشانغا مۆلچەرلىگەن ۋاقىتتىن بەش مىنۇت بۇرۇن يېتىپ باردى. ئۇلار دۈشمەننىڭ كۆزىتىش مۇنارىدىكى يۇقىرى ۋولتلۇق كۆزىتىش چىرىغى يورۇ-قى يېتىپ كېلەلەيدىغان جايغا بارغاندا ئىسمائىل جەڭچىلەرنى يەر بېغىرلاپ مېڭىشقا بۇيرۇدى.

دۈشمەننىڭ توساتتىن ئېتىلغان يورۇتقۇچ سىنارەتى ئۇلار-نىڭ بېشىدىلا خۇددى چاقماق چاقچاقاندەك پارتلاپ، ئەتراپنى پاللىدە يورۇتۇپ ئۆچتى. جەڭچىلەر ئاق يېپىنچا ئارتىۋالغاچقا، دۈشمەن ئۇلارنى قاردىن پەرقلەندۈرەلمىدى، ئۇلارنى سېزەلمىدى. ئۇلار بىردەمدىلا سىم توساققا يېقىنلاشتى. سىم توساققا كونسىرۋا قۇتىلىرىدىن قىلىنغان ئاددىي قوڭغۇراقلار زىچ ئېسىپ قويۇلغا-نىدى. سەللا تېگىپ كەتسە دۈشمەن ئۇلارنى تۇيۇپ قالاتتى. ئىسمائىل ئىككى جەڭچىنى ئۆزى بىلەن بىللە بېرىشقا تاللىۋال-دى، قالغانلارنى بولسا مۇبادا دۈشمەنلەر ئۆزلىرىنى سېزىپ قې-لىپ ئوق ئاتسا، ئوت ئېچىپ قوغداش ئۈچۈن قالدۇردى. ئۇلار سىملارنى ئاۋايلاپ كېسىپ، ئادەم پاتقۇدەك يول ئاچتى ـ دە، توساقتىن ئۆتۈپ كەتتى.

دۈشمەننىڭ يورۇتقۇچ سىنارەتلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېتى-لىپ، كېچىنى ئاپئاق يورۇتۇپ تۇراتتى. بۇ ھال ئىسمائىللارنىڭ دۈشمەن پوتەيلىرىنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىنى كۆرۈۋېلىشىغا ئا-سانلىق تۇغدۇرۇپ بېرەتتى. ئۇلار سىنارەتلەر ئەتراپنى يورۇتقان-دا، دۈشمەن پوتەيلىرىگە ئىنچىكىلەپ سەپسېلىپ، ئاستا ـ ئاستا ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. بىر چاغدا ئىككى دۈشمەن ئەسكە-رى ئۆز تىلىدا بىر نىمىلەرنى دەپ كالدىرلىشىپ، ئۇلاردىن

ئىككى - ئۈچ مېتىر نېرىدىن ئۆتۈپ كەتتى. بىر ئازدىن كېيىن يەنە كەلگەن يولى بىلەن كەينىگە قايتتى - دە، يەر ئاستى ئاكوپىغا كىرىپ كېتىشتى. ئېلېكتر چىراغلىرى بىر - بىرلەپ ئۆچۈپ، ئەتراپنى گۆرىستان قاراڭغۇلۇقى قاپلىدى.

ئىسمائىللار دۈشمەننىڭ ئاساسلىق پوتەي، ئاكوپلىرىنى كۆرۈپ بولغان، ئەمدى ئالغا قاراپ ئۆمىلەۋېرىشنىڭ زۆرۈر-يىتى قالمىغاندى. شۇڭا، بۇ تايانچ ئاكوپ-نىڭ خەرىتىسىنى سىزدۇالدى - دە، كەلگەن يولىنى بويلاپ كەينىگە قايتتى. سىم توساقنىڭ يېنىدا ساقلاپ تۇرغان جەڭچىلەر ئۇلارنىڭ تىنچ - ئامان قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ يېنىك نەپەس ئېلىشتى.

سوغۇق تېخمۇ كۈچەيگەن، شىۋىرغان ئاچچىق ئۇشقىرتاتتى ۋە يۈزلەرگە يىڭنىدەك سانجىلاتتى. ئۇلار دۈشمەن ئىگىلەپ ياتقان دائىرىدىن خېلىلا يىراقلىغاندا شەرق تەرەپ نېپىز شايىدەك سۇزۇلۇشكە باشلىدى. كېيىن ئۇپۇق جىيىكىنى قىزارتىپ قۇياش كۆرۈندى ۋە ئۇنىڭ زەر شولىلىرى ئاپئاق قار ئۈستىدە تالا - تالا بولۇپ چاقناپ، كۆزلەرنى قاماشتۇردى. ئىسمائىللار قۇياش نەيزە بويى ئۆرلىگەندە قارلىق دالانى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، كۈن نۇرىدا سۇ يۈزى زۇمرەتتەك يالتىراپ تۇرغان كۆل بويىغا يېتىپ كېلىپ توختىدى ۋە ئىگىلىگەن مەلۇماتنى قوماندانلىق شتابىغا يوللىدى. قوماندانلىق شتابىدىكىلەر بۇ مەلۇماتقا ئاساسەن دۈشمەننىڭ 62 - نومۇرلۇق تايانچ بازىسىنى ئىشغال قىلىش جېڭىنىڭ مۇكەممەل پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى.

ئىككىنچى كۈنى سەھەردە ئاقۇچ تۇمان ئاستا - ئاستا تارقىلىپ، ئېگىز تاغ ئۈستىگە قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرى جۇلا تاشلىغاندا، دۈشمەننىڭ 62 - نومۇرلۇق تايانچ بازىسىنى ئىگىلەش جېڭى باشلاندى — قىزىل بەلگە ئوقى ئېتىلىش بىلەن تەڭلا زەمبىرەك، پىلىموت، ئاپتومات، مىلتىقلارنىڭ ئاۋازى سەھەر ئۈيقۇسىدا ئېزىلىپ ئۇخلاۋاتقان جىلغىلارنى لەرزىگە كەلتۈردى.

دۇشمەنلەر بۇنداق تۇيۇقسىز ھۇجۇمنى كۇتمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئاققان يۇلتۇزدەك ئۇزۇلمەي ئېتىلىۋاتقان ئوقلار ئاستىدا ئاتلىق كۆتۈرۈشەلمەي قالدى. ئۇلار ھودۇققان، ساراسىمىگە چۈشكەندى. شۇڭا، قالايمىقان ئوق ئېتىپ، ئۆزلىرىنىڭ يوشۇرۇن توچكىلىرىنى ئاشكارىلاشقا باشلىدى.

ھۇجۇمغا ئۆتۈش سىگنالى چېلىنىش بىلەن تەڭلا جەڭچىلىرىمىز سەپ تارتىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. دۇشمەنمۇ ئاخىرقى مەرتىۋە ئېلىشىش مەقسىتىدە قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى ـ دە، گىرەلەشمە جەڭ باشلىنىپ كەتتى. بىرلىرى ئېتىلىپ كەلگەن، كۆزلىرى قانغا تولغان رەقىبىنىڭ بېشىغا مىلتىقىنىڭ پايىنكى بىلەن سالسا، بىرلىرى دۇشمەننىڭ بۇرنىغا ئاپتوماتىنىڭ پىركىلاتى بىلەن ئۇراتتى. نەيزىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلغاندىكى جاق ـ جۇق ئاۋازلىرى ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسى قىلىچلار بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىدىغان قەدىم زامان جەڭلىرىنى ئەسلىتەتتى.

دۇشمەننىڭ 62 ـ نومۇرلۇق تايانچ بازىسىنى ئىشغال قىلىش ئۇرۇشى ئۇزۇنغا سوزۇلمىدى. ئىسمائىل ئۆزىگە ئۇزۇن مىلتىقنىڭ نەيزىسىنى سانجىماقچى بولۇپ ئېتىلىپ كېلىۋاتقان قاپقارا ساقاللىق، شادا پاچاق دۇشمەننىڭ بېشىغا ئاپتوماتىنىڭ پىركىلاتى بىلەن ئۇرۇپ تىك موللاق چۈشۈرگەندە، ھالسىرىغان دۇشمەنلەر نائىلاج قوللىرىنى كۆتۈرۈپ، تەسلىم بولۇشقا باشلىغانىدى. ئۇلار بىر ـ بىرلەپ تەسلىم بولۇشتى. جەڭچىلىرىمىز ئەسىرلەرنى يالاپ، ئۆز ئورۇنلىرىغا ئېلىپ بېرىشتى. يۈزلىرىنى كىرپە تىكىنىدەك ساقال باسقان ئىككى ئوفىتسېرنى سوراق قىلىپ ئېرىشكەن مۇھىم مەلۇماتلارنى دەرھال قوماندانلىق شتابىغا يوللىدى. قوماندانلىق شتابى بۇ مەلۇماتلارغا ئاساسەن 2 ـ قېتىملىق جەڭنى ئورۇنلاشتۇردى. 62 ـ نومۇرلۇق تايانچ بازىسىنى قولدىن بېرىپ قويغان دۇشمەنلەر ئۆزىنى ئوڭشاپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتكۈچە ئۇلارنى يوقىتىش كېرەك ئىدى. شۇڭا جەڭچىلەر بۇي-

رۇق بويىچە دەرھال يۈرۈش قىلىپ، دۈشمەننىڭ ئاساسلىق كۈچى ئورۇنلاشقان، گويا بورانلىق دېڭىزدا يەككە - يېگانە چايقىلىپ كېتىۋاتقان كېمىگە ئوخشاپ كۆرۈنىدىغان ئېگىزلىكنى ئۈچ تەرەپتىن قورشاپ ياتتى. سەگەك كۆزلەر شۇ ئېگىزلىككە تىكىلگەنىدى.

ئېگىزلىكنى قورشاپ ياتقانلار ئىچىدە ئىسمائىلنىڭ 3 - پىلىموت بەنىمۇ بار ئىدى. ئۇلار دۈشمەن ئىستىھكاملىرىدىن كۆزىنى ئۈزمەي، گەپ - سۆزسىز كۆزىتىپ يېتىشاتتى. پۈتۈن ئوي - خىيالى بولغۇسى قانلىق جەڭ بىلەن چىرمالغان جەڭچىلەر ئۆزلىرىنىڭ قار ئۈستىدە ياتقانلىقىنىمۇ، جاراڭلاپ تۇرغان سوغۇقنىمۇ سەزمەيۋاتقاندەك ئىدى. ئۇلار ھۇجۇم بۇيرۇقىغا تەقەززا بولۇپ تۇرۇشاتتى. تومۇرلىرىدا قانلار شۇۋۇلداپ، جىددىيلىشىپ كەتكەنىدى.

ئاخىرى كۈتكەن مىنۇت يېتىپ كەلدى. ئاسماندا ئۈچ پاي بەلگە ئوقى كۆرۈندى. ئىسمائىل دەرھال «ئات!» دەپ بۇيرۇق بېرىۋېدى، ئۈچىنچى بەنىڭ ئېغىر پىلىموتىدىن ئۈزۈلمەي چىققان ئوقلار قاراڭغۇلۇقنى كېسىپ ئۆتۈپ، دۈشمەن ئىستىھكامىغا ئەجەل ئۇچقۇنلىرىنى چېچىشقا باشلىدى. ئېغىر پىلىموتنىڭ بوم ئاۋازىغا ئىككى ياندىكى يېنىك پىلىموتلارنىڭ ئاۋازىمۇ تەڭكەش بولدى. ئۇلارنىڭ ئارقا تەرىپىدە زەمبىرەكلەر دەھشەتلىك گۈمبۈرلەيتتى. سىنارەتلەر ئېگىزلىكتە پارتلاپ، چاڭ - توزان كۆتۈرەتتى، دىماغنى ئوق - دورىنىڭ ھىدى قوشۇلۇپ كەتكەن چاڭ - توزان ئېچىشتۇراتتى.

ئالغا! ئاشۇ بۇيرۇق بىلەن تەڭ جەڭچىلىرىمىز پۈتۈن سەپ بويىچە ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئېگىزلىككە يامىشىشقا باشلىدى. بۇ قېتىمقى جەڭدىمۇ يېڭىشكە كۆزى يەتمىگەن دۈشمەن ئوفىتسېرلىرى قۇيرۇقنى تىكىپ قېچىشقا باشلىدى. ئەسكەرلىرىمۇ ئۇلارغا ئەگەشتى. ئەمما، ئۇلار قېچىش يولىنى توسۇپ ياتقان

ئەسكەرلىرىمىزنىڭ ئەجەل ئوقلىرىغا دۇچ كەلگەندە قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تىزلىنىشتى. بۇ قېتىمقى جەڭمۇ ئاقسۇزلۇكتە ئاخىرلاشتى. شۇنىڭدىن كېيىن دۈشمەننىڭ 26 - تومۇرلۇق تايانچ بازىسىنى ئىشغال قىلىش ھەققىدە قوماندانلىق شتابىدىن بۇيرۇق كەلدى. ئىسمائىلنىڭ بەنى بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا تۆەنىنىڭ ئاۋانگارت بەنى قىلىپ بەلگىلەندى. جەڭچىلەر يەنە كېچىدە يولغا چىقتى.

تۈن يېرىمىغىچە بىر پارچىمۇ بۇلۇت كۆرۈنمىگەن ئاسماندا توساتتىنلا قارا بۇلۇتلار پەيدا بولۇپ ۋە كېڭىيىپ، ئاستا - ئاستا ئاي بىلەن يۇلتۇزلارنى يۇتۇپ كەتتى - دە، ئەتراپنى گويا قازاننى دۈم كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قاراڭغۇلۇق باستى. ئىسمائىلنىڭ بەدىنىدىكىلەر ئولتۇرغان ئاپتوموبىل قوشۇننىڭ ئالدىدا كېتىپ باراتتى. ئاپتوموبىلنىڭ كابىنكىسى ئۈستىگە ئېغىر پىلىموت ئورنىتىلغانىدى. ئىسمائىل پىلىموتنى ئوڭ كۆكسىگە تىرەپ، قويۇق، قارا قاشلىرى ئاستىدىكى ئوتلۇق كۆزلىرىنى ئەتراپقا سەگەكلىك بىلەن تىكىپ ئولتۇراتتى. ئالدى تەرەپتىن نەشتەردەك ئاچچىق تاغ شامىلى سوقۇپ تۇراتتى.

ئاپتوموبىل بىر خىل سۈرئەتتە كېتىپ باراتتى. ئۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ سۇنئىي ئەجەل ئاغزىغا كېتىپ بارغان جەڭچىلەرنىڭ بەزىلىرى ئاتا - ئانىسىنى، ئائىلىسىنى ئويلاپ ئولتۇرسا، بەزىلىرى نېمە توغرۇلۇقتۇر پىچىرلىشاتتى. ئاستا - ئاستا تاڭ يورۇدى. سوغۇقتىن يۈزلىرى قىزىرىپ كەتكەن ئىسمائىلنىڭ كۆزلىرى يەنىلا ئالدىغا تىكىلگەنىدى. قادىر ئىسىملىك جەڭچىنىڭ:

— ئاۋۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان نېمىدۇر؟ — دېگەن ئاۋازى ئۇنىڭ دىققىتىنى بۆلدى.

ئىسمائىل قادىر كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىۋېدى، بىر ئۆي كۆرۈندى. ئۇ شوپۇرغا ئاپتوموبىلنى ئاستىلىتىشنى بۇيرۇدى. تاشيولنىڭ سول تەرىپىدىكى تاش بىلەن قوپۇرۇلغان ئۆي ئالدىدا



www.uyghurkitap.com

قوتاز، قويلار يەم يەپ تۇرۇشاتتى. ئېگىز خادىنىڭ ئۇچىغا چىد- گىلگەن قوتاز قۇيرۇقى شامالدا يەلپۈنۈپ تۇراتتى. ئۆي ئەتراپىدا ئادەم قارىسى كۆرۈنمەيتتى. قوتاز، قويلار يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئاپتوموبىلغا ئەجەبلەنگەندەك بويۇنلىرىنى سوزۇپ، قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ قاراشقا باشلىغاندا تۇيۇقسىز ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى.

تاش ئۆي ئەسلىي دۈشمەنلەرنىڭ ئىستىھكامى ئىدى. ئۆي بىلەن ئاپتوموبىل ئارىلىقى 50 مېتىردەك قالغاندا تاش ئۆيگە يوشۇرۇنغان دۈشمەننىڭ ئېغىر - يېنىك قورالّلىرىدىن مۆلدۈر ياغقاندەك ئېتىلىۋاتقان ئوقلار ئۇچىنچى بەن جەڭچىلىرىنىڭ باش- لىرى ئۈستىدىن ۋىژىلداپ ئۆتۈشكە باشلىدى. تاغ زەمبىرەكلىد- رىنىڭ سىنارەتلىرى ئاپتوموبىلنىڭ ئالدى - كەينىگە چۈشۈپ، يەرنى ئويۇپ، چاڭ - توزان كۆتۈردى. بۇ كۈتمىگەن زەربە شۇنچە تۇيۇقسىز بولغاچقا، جەڭچىلەر دەقىقە مەڭدەپ قېلىشتى، ئەمما ئىسمائىلنىڭ «ئات!» دېگەن جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن تەڭلا يې- نىك پىلىموتلار دۈشمەن ئىستىھكامىغا يامغۇردەك ئوق ياغدۇ- رۇشتى. ئىسمائىل بولسا ئېغىر پىلىموتنى سايرىتىۋەتتى. ئەت- راپنى ئوق - دورىلارنىڭ قويۇق ئىس - تۈتەكى قاپلاپ كەتتى.

تاغ زەمبىرەكلىرى گۈمبۈرلەيتتى، ئوقلار ۋىژىلداپ ئۇچات- تى. ھايات - ماماتلىق چېگرىسىدا تۇرغان جەڭچىلىرىمىز دۈش- مەنگە يامغۇردەك ئوت ياغدۇراتتى. دۈشمەنگە ئېغىر پىلىموتتىن شىددەتلىك ئوت ئېچىۋاتقان ئىسمائىل تۇيۇقسىز بىرلا تولغىنىپ يىقىلدى - دە، قىپقىزىل قان پاختىلىق چاپىنى ئۈستىگە تەپچد- رەپ چىقتى. ئۇنىڭ يارىلانغانلىقىنى كۆرگەن قادىر:

— بەنجاڭ، يارىلىنىپسىز، پىلىموتنى ماڭا بېرىڭ، — دېۋىدى، ئىسمائىل:

— ئورنۇڭدا چىڭ تۇر! — دېدى چىشىنى چىشىغا بېسىپ ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئېغىر پىلىموتنى يەنە تاتاتلىتىپ ئېتىشقا

باشلىدى.

بەنجاڭنىڭ يارىلانغانلىقىنى كۆرۈپ يۈرىكى ئېتىشقان قادىر سومكىسىدىن داكا چىقىرىپ، ئۇنىڭ قان ئېقىۋاتقان يېرىنى بۇ-ڭىپ قويدى. دەل شۇ چاغدا كۈتمىگەن كاشىلا يۈز بەردى — ئېغىر پىلىموت ئېتىشتىن توختىدى.

— نېمە بولدى؟

ھەممەيلەن بىردەك ئېغىر پىلىموت تەرەپكە قاراشتى. شۇ ئارىلىقتا دۈشمەننىڭ ئوت كۈچى كۈچىيىپ كەتتى. ئىسمائىل پىلىموتنىڭ كورجىكىنى قانچە باسسىمۇ ئوق چىقمايتتى. ئۆلۈم خەۋپى جەڭچىلىرىمىزنىڭ ھاياتىغا تەھدىت سالماقتا ئىدى.

ئەسلىدە دۈشمەننىڭ بىر تال ئوقى ئېغىر پىلىموتنىڭ ئوق لېنتىسىدىكى ئوققا تېگىپ ئۇنى ماكچايتىۋەتكەن، ماكچىيىپ كەتكەن ئوق پىلىموت ستۋولىغا كەپلىشىپ قالغانىكەن. ئۇ ئوق ئېلىۋېتىلىۋىدى، ئېغىر پىلىموت زۇۋانغا كېلىپ يەنە سايراشقا باشلىدى.

— يولداشلار! — دېدى قان كۆپ ئېقىپ ھالسىزلىنىشقا باشلىغان ئىسمائىل جەڭچىلەرگە قاراپ، — ۋەتەن ئۈچۈن خىزمەت كۆرسىتىدىغان پەيت كەلدى. خەلقىمىز بىزنىڭ غەلىبە خەۋىرىمىزنى ئاڭلىسۇن، قىسمىمىز يېتىپ كەلگۈچە قەتئىي بەرداشلىق بېرەيلى!

ئۇ لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ، دۈشمەنگە داۋاملىق ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى...

چوڭ قىسمىمۇ يېتىپ كەلدى. دۈشمەننىڭ زاڭزۇلارنىڭ ئۆيى شەكلىدە ياسالغان يەر ئاستى ئاكوپى يەر بىلەن يەكسان قىلىندى، يوشۇرۇنغان دۈشمەن تولۇق يوقىتىلدى. ئەمما، ئىسمائىل مۇھەممەت بۇ قېتىمقى غەلىبە شادلىقىغا ئورتاق بولالمىدى. ئۇ كۆزى ئوچۇق ھالدا مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەنىدى...

## 6

مەتتوختى «پەرىشتىلەر قولتۇقى» غا باشقىچە قىياپەتتە قايتىپ كەلدى. شۇ بىر ئاي ئىچىدە بۇ يەردە كۆپ ئۆزگىرىش بولمىغانىدى. تاغ چوققىلىرىنى يەنىلا كۆك مۇز بېسىپ ياتاتتى. تەسكەيدىكى تاغ قاپتاللىرىدا تېخى قار ئېرىپ بولمىغانىدى. لېكىن، سوغۇق شامال ئىلگىرىكىدەك چېقىپ ئۆتمەيتتى. ساي - جىرالاردا، تۈزلەڭلىكتىكى تاشلىقتا ئاجىز تاغ چۆپلىرى كۆكىرىپ تۇراتتى. قۇياشمۇ ئىلگىرىكىدەك سوغۇق، يېقىمسىز تۇيۇلمايتتى. مەتتوختى تاغقا ئۆرلەپ كېتىۋېتىپ، سەپداشلىرى بىلەن تېزرەك يۈز كۆرۈشكۈسى كېلىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ قىزىق پاراڭلىرىنى، چاقچاقلىرىنى سېغىنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى.

شۇنداق، ئۇ بۇ قېتىم «پەرىشتىلەر قولتۇقى» غا باشقىچە روھلىنىپ قايتقانىدى. ئۇنىڭدىكى بۇ ئۆزگىرىشكە نېمە سەۋەب بولدى، دادىسىنىڭ نەسىھەتلىرىمۇ؟

مەتتوختى ئەتە يولغا چىقىمەن، دېگەن ئاخشىمى دادىسى بىلەن ئۇزاق مۇڭداشتى. ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، دادىسى ئۇنىڭغا بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى — شىخو ئۇرۇشىدا قانداق يارىدار بولغانلىقىنى، شىزاڭغا يۈرۈش قىلىش جەريانىدا تارتقان جاپا - مۇشەققەتنى، «پەرىشتىلەر قولتۇقى» دا چېگرا مۇداپىئە قاراۋۇلخانىسى قۇرۇش جەريانىدا قانداق قىينالغانلىقىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ دادىسى نېمە ئۈچۈن يارىدار بولغان؟ ئەلۋەتتە، خەلقنى گومىنداڭنىڭ زۇلمىدىن ئازاد قىلىش ئۈچۈن. نېمە ئۈچۈن ئالتاي تاغلىرىدا باندىتلار بىلەن سوقۇشقان؟ باندىتلارنى يوقىتىپ، ئازادلىققا ئېرىشكەن، قەد كۆتۈرگەن خەلقنىڭ تىنچ، خاتىرجەم ياشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن. نېمە ئۈ-

چۈن بۇ قاقاس تاغدا چېگرا مۇداپىئە قاراۋۇلخانىسىنى قۇرغان؟ ۋەتەننىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، ئەلۋەتتە.

— مېنىڭ ئوغلۇم بولساڭ، مېنىڭدەك ياشا، — دېدى دادىسى شۇ ئاخشىمى ئۇنىڭغا، — يىگىت ئۈچۈن، بولۇپمۇ جەڭچى يىگىت ئۈچۈن يەڭگىلى بولمايدىغان جاپا - مۇشەققەت يوق. سەن ھازىر قەھرىمان ئارمىيىنىڭ بىر جەڭچىسى بولدۇڭ، بۇ شەرەپلىك نامغا لايىق ئىش قىلىشىڭ كېرەك. غەيرەتلىك، چىداملىق بول، ۋەتەننىڭ، خەلقنىڭ كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاقلا...

دادا ئۇزاق سۆزلىدى، كۆپ نەسىھەت قىلدى. دادىسىنى كىچىكىدىنلا ئۈلگە قىلىپ ياشىغان مەتتوختى ئۇنىڭغا ۋەدە بەردى:

— خاتىرجەم بول دادا، كۈتكىنىڭدەك ئادەم بولىمەن، مەتقاسىموفنىڭ بالىسى دېگەن نامغا لايىق ئادەم بولۇپ چىقىمەن!

ئۇنىڭغا ئىسمائىل مۇھەممەتنىڭ قەھرىمانلىق ئىش - ئىزلىرىنى ئىككىنچى قېتىم ئاڭلاش ئالاھىدە تەسىر قىلغانىدى. ئۇ يېڭىدىن ھەربىي سەپكە كىرىپ «ئىنقىلابىي تارىخىي كۆرگەزمە»گە كىرگەندىمۇ ئىنقىلابىي قۇربانلار ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈشنى ئاڭلىغان. ئەمما، بۇ قېتىمقىدەك تەسىرلەنمىگەنىدى. ئۇ ئىسمائىل مۇھەممەتلەر ماڭغان يولغا ماڭغان، ئۇ قۇربان بولغان تاغ تىزمىلىرىنىڭ بىر يېرىدە بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن ئۇنىڭ قەھرىمانلىقى ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈشنى ئاڭلىغىنىدا، ئۆزىنى ئىسمائىل مۇھەممەت بىلەن بىر بەندە تۇرغاندەك، تاغنىڭ مۇشەققەتلىك يوللىرىدا بىللە ماڭغاندەك، بىرلىكتە دۈشمەن بىلەن كۈرەش قىلغاندەك، ھەتتا بىر ئاكوپتا جەڭ قىلىپ، ئىسمائىل يارىدار بولغاندا يارىسىنى ئۆز قولى بىلەن تاڭغاندەك، ئۇ جان ئۈزگەندە ئوچۇق قالغان كۆزلىرىنى ئۆز قولى بىلەن يۇمدۇرۇپ قويغاندەك ھېس قىلىپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ تاغقا ئۆرلەپ كېتىۋاتقىنىدا يېنىدا ئىسمائىل مۇھەممەت باردەك تۇيۇلدى.

مەتتوختى سەپداشلىرى بىلەن ئۇزاق ۋاقىت كۆرۈشەلمىگەن تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشكەندەك قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى، چاق-چاقلاشتى. ليەنجاڭ ئابلا بىلەن تىك تۇرۇپ، ئوڭ قولىنى چېكىسىگە ئاپىرىپ ھەربىيچە سالام بېرىپ كۆرۈشتى.

— ياخشى بولۇپ كەتتىڭمۇ؟ — دېدى ليەنجاڭ ئۇنىڭ ھۆرمەت سالىمىغا سالام بىلەن جاۋاب قايتۇرغاندىن كېيىن.

— سەللىمازا ساقايدىم. ئەمدى تاغ ھاۋاسى مېنى بوزەك قىلالمايدۇ، — مەتتوختى شۇنداق دەپ بولۇپ قوشۇپ قويدى، — دادام سىزگە ئالاھىدە سالام ئېيتتى.

— سالامەت بولسۇن... قارىغاندا، باشقىچە روھلىنىپ قالغاندەك تۇرىسەن.

— شۇنداق ليەنجاڭ، مەن داۋالىنىپ كەلدىم - دە.

مەتتوختى شۇنداق دەپ كۈلۈۋىدى، ليەنجاڭمۇ ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەندەك مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلۈمسىرىدى:

— ناھايىتى ياخشى.

«پەرىشتىلەر قولتۇقى» دىكى تۇرمۇش ئاۋۋالقى پېتى ئىدى. جەڭچىلەر يەنىلا ماشىرەڭ چېدىردا ياتاتتى؛ يىراقتىن قار ئېلىپ كېلىپ ئېرىتىپ تاماق ئېتەتتى، يۇيۇناتتى. باھار جىلۋە قىلىشقا باشلىغان بولسىمۇ، تاغ ھاۋاسى يەنىلا ئۆز پېتى ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ مەتتوختى تۈنجى سەھەرنى ياخشى كۈتۈۋالدى.

ئورنىدىن تۇرۇش سىگنالى چېلىنغان ھامان ئۇ ھەممىدىن بۇرۇن سىرتقا چىقتى. سەپكە تىزىلدى. سەھەرلىك مەشىقنىمۇ ئىخلاس بىلەن قىلدى. چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ كەتسىمۇ پىسەنت قىلمىدى. ئەتىگەنلىك ناشتىدا باشقىلارنى ھەيران قالدۇرۇپ مومىدىن ئىككى يېرىمنى سوقۇۋەتتى. موما يەنە شۇ ئاۋۋالقىدەك ئاتمىش گرادۇستا قايىنىغان سۇدا پىشقانىدى، ئۇنىڭ خام ياكى پىشقانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى. بىر چىشلەم مومىنى

چاينىساڭ ئاغزىڭدا ئىككى چىشلەم بولۇپ كۆپىيىپ، كېلىڭدىن ئۆتمەيتتى. ئەمما، مەتتوختى بۇنىڭغا پەرۋا قىلماستىن مومىنى كىچىك - كىچىك چىشلەپ، چالا - پۇچۇق چايناپ يۇتۇۋەردى. دادىسى ئۇنىڭغا شۇنداق قىلىشقا نەسىھەت قىلغان. «تاماقنى زورلاپ يۇرۇپ جىق يە. تاغ يېرىدە تاماقنى قانچە جىق يېسەڭ سالامەتلىكىڭگە شۇنچە پايدىلىق. ئەكسىچە بولغاندا، تېنىڭ ئاجىزلايدۇ - دە، كېسەل بوزەك قىلىدۇ. قىسمىنىڭ جەڭگىۋارلىقىغىمۇ تەسىر يېتىدۇ. كونىلار دېگەندەك قۇرۇق تاغار ئۆرە تۇرمايدۇ. . . »

— يېغىلىقمۇ؟ — دېدى ئۇنىڭ ئىككى يېرىم موما يېگىنىگە سەپسىلىپ ئولتۇرغان سەپدىشى ئەخمەت.

— كېزىكتىن ساقىيىپ، ئويقان كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالمىغانسەن؟ — دەپ چاقچاق قىلدى چىلىغان سەينى مەززە قىلىپ چايناۋاتقان شىبە جەڭچى.

— بىز قازاقلار ئۇزاق يول يۇرۇپ كەلگەن ئاتنى سوۋۇتۇش ئۇچۇن قاڭتۇرۇپ قويىمىز، قارىغاندا مەكەڭنىڭ[1] ئاپىسى ئۇنى قاڭتۇرۇپ قويۇپ، ئاچ قويغان ئوخشايدۇ، — دېدى بىر قازاق جەڭچى.

— كىم بىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاشلىق نورمىسى يەتمەيۋاتقان بولسا، ئاپىسى: بىز سېنى ئەسكەرلىككە بەرگەن، ئاشلىق نورماڭ شۇ يەردە، شۇ يەرگە بېرىپ تويغۇدەك يەۋال، دەپ تاماق بەرمىدىمۇ تېخى.

مەتتوختىنىڭ ئىككى يېرىم موما يېگىنىگە ھەيران بولۇپ، چاقچاق قىلغۇچىلار كۆپەيدى. ئۇلارنىڭ چاقچاقلىرىدىن ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلىۋاتقانلىقى ئوچۇق بىلىنىپ تۇراتتى.

— نېمە دېسەڭلار مەيلى، ئەمدى مەن زورلاپ يۇرۇپ تاماق

---

① مەتتوختى دېگەن ئىسمىنىڭ قازاقچە ھۆرمەتلەپ ئېيتىلىشى.

يەيمەن، تاماقنى خۇددى دۈشمەندەك كۆرىمەن، ئۇنى بىر-بىرلەپ يوقىتىمەن. ئۇنى ئاز يېگەنلىكىم ئۈچۈن ئاجىزلاپ كەتتىم، كېسەل بوزەك ئەتتى. ئەمدى كېسەلگە بوزەك بولماسلىق ئۈچۈن كۆپ تاماق يەيمەن، — دېدى مەتتوختى سەپداشلىرىغا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

ئۇ دېگىنىنى قىلدى. شۇ كۈنى كەچلىك تاماق ۋاقتىدا مەتتوختى ئۈچ مومىنى سوقۇۋەتتى. بۇ ئىشى ئۈچۈن ليەنجەڭ ئۇنى شۇ سورۇندىلا ماختىدى:

— يولداشلار، ھەممىمىز مەتتوختىنى ئۈلگە قىلايلى، — دېدى ئابلا ئورنىدىن تۇرۇپ، كۆپچىلىككە قاراپ، — كېسەلدىن نېرى، ساغلام يۈرۈشىمىز ئۈچۈن كۆپ تاماق يېيىشىمىز كېرەك، ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، بۇ يەردە كۆپرەك تاماق يېيىشمۇ بىر تۈرلۈك ھەربىي ۋەزىپە...

تاماقنى بەك كۆپ يېيىش ئادەم ئۈچۈن ئەيىب سانىلىدۇ، ئەمما، «پەرىشتىلەر قولتۇقى» دا ئىش ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىدى — كىم كۆپ تاماق يېيەلىسە شۇ ئەزىمەت ھېسابلىناتتى. چۈنكى، بۇ يەردە تاماقلىنىشنىڭ ئۆزى مۈشكۈل ئىش. مەتتوختى بۇ مۈشكۈلنى يېڭەلىگىنى ئۈچۈن ئەزىمەتلەردىن بولۇپ قالدى ۋە بۇ ئارتۇقچىلىقى بىلەن نەچچە قېتىم ماختالدى.

كونىلار: «ئادەم قۇلاقتىن سەمرىيدۇ، ھايۋان تۇياقتىن» دەپ بەكمۇ توغرا ئېيتقانىكەن. ماختاش مەتتوختىنى تېخىمۇ ئىشتىھالىق، چاققان، تېتىك قىلىپ قويدى. ئۇ ئەمدى سەھەردە بۇرۇنقىدەك ئېزىلىپ ياتمايتتى. ئاز ئۇخلىسىمۇ پوستتا تۇرغاندا مۈگدىمەيتتى. بىكار بولسىلا جىم تۇرماي، بىردەم ئۇ، بىردەم بۇ ئىشنى تېپىپ قىلاتتى. ئېرىتىپ سۇ قىلىش ئۈچۈن چېلەكلەردە قار توشۇيتتى. ئاغرىپ قالغانلارنىڭ كىرلىرىنى يۇياتتى، ياماقچىلىقىنى قىلاتتى. ئۆز كىيىملىرىنىمۇ ئىككى كۈندە بىر دېگۈدەك يۇيۇپ، كۆرپىسىنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ «دەزماللاپ»،

رەتلىك، چىرايلىق كىيىنىپ يۈرەتتى. تېخى باج ياساش، ئۇس-تۇرا تۇتۇشنىمۇ ئۆگىنىۋالدى ـ دە، سەپداشلىرىنىڭ چاچلىرىنى ياساپ، بۇرۇت ـ ساقاللىرىنى قىرىپ قويىدىغان بولدى. ئۇ بۇنداق لېپي فىكچە پەزىلىتى بىلەنمۇ لىيەن تەرىپىدىن كۆپ قېتىم تەقدىرلەندى. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، كاندىدات پارتىيە ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىنىپ، مۇئاۋىن بەنجاڭلىققا، كېيىن بەنجاڭلىققا ئۆستۈرۈلدى.

## 7

مەتتوختى «پەرىشتىلەر قولتۇقى» دا ئۈزۈنغا سوزۇلغان قىش پەسلىدىن يەنە بىرنى ئۈزىتىۋەتتى. تولىمۇ قىسقا بولىدىغان يازمۇ ئۆتۈپ كەتتى. سېنتەبىر كىرە ـ كىرمەي تاغلارغا قار چۈشتى. غىرىچچە ئۆسكەن تاغ چۆپلىرىگە ئۈششۈك تېگىپ، قورۇلۇپ، پىلدىرلاپ قېلىشتى. ھاۋا ئوبدانلا سوغۇق بولۇپ قالدى. كۆكتە ئارىلاپ قارامتۇل بۇلۇتلار قار ياغدۇرىمەن، دەپ ھەيۋە قىلغاندەك سۈرلۈك، ئېغىر ئۈزۈپ يۈرەتتى. قۇياشمۇ سوغۇق كۆرۈنەتتى.

سېنتەبىرنىڭ باشلىرى. مەتتوختى نامازشام مەزگىلىدە چېدىر ئالدىدا پوستتا تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىدە جۇۋا، پۇتىدا سېرىق باجىگىر بار ئىدى. قۇلاقچىنى چۆكۈرۈپ كىيگەن بۇ يىگىتنىڭ ھوشيار كۆزلىرى قاراڭغۇلۇق ئالىقىنىنى يىيىپ كېلىۋاتقان شۇ پەيتتىمۇ قارشى تەرەپنىڭ ئىستىھكاملىرىنى كۆرۈپ تۇراتتى. راستىنى ئېيتقاندا، قارشى تەرەپنىڭ ئىستىھكامىنى ئۇنىڭ كۆزى ئەمەس، كۆڭلى كۆرەتتى. بۇ يەردىكى ھەر بىر چوققا، جىرا، چۆپلەرگىچە ئۇنىڭغا تونۇشلۇق بولۇپ كەتكەن، دۈشمەننىڭ ئىستىھكاملىرى، كۆزىتىش ئورۇنلىرىمۇ ئۇنىڭغا

بەش قولدەك تونۇش ئىدى. ئۇ يېرىم كېچىدىمۇ قارشى تەرەپتىن-
كىلەرنىڭ قايسى ئىستىھكامدا، قايسى يوشۇرۇن كۆزىتىش ئورنىدا
قانداق ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى — تاماكا چېكىۋاتقان، مۇڭدىشىۋات-
قان، مۈگدەۋاتقان... غا ئوخشاش ئىشلارنى ئېنىق كۆرۈپ
تۇرغاندەك بىلەلەيتتى.

قاراڭغۇلۇق ئاستا - ئاستا قويۇقلاشتى. يۇلتۇزلار بىرىنىڭ
كەينىدىن بىرى كۆرۈنۈپ، كۆك يۈزى قىزىل ياقۇت چېچىۋېتىل-
گەن دۇنياغا ئوخشاپ قالدى. بۇ «پەرىشتىلەر قولتۇقى» دا كەم-
دىن كەم كۆرگىلى بولىدىغان ئاخشام ئىدى. مەتتوختى تۇيۇقسىز
بىر جىددىيچىلىكنى سېزىپ قالدى. رادىست تېلېگراممىنى ئې-
لىپ چېدىردىن يۈگۈرۈپ چىققانچە لىيەنجاڭنىڭ چېدىرىغا كىرىپ
كەتتى ۋە هايال ئۆتمەي لىيەنجاڭ بىلەن سىياسىي يېتەكچىنى
چاقىرىپ چىقتى. ئۇلار رادىستنىڭ چېدىرىغا كىرىپ ئۇزاق ئۆت-
مەيلا پەيجاڭلارنى لىيەنبۇغا چاقىردى. مەتتوختى ئۇلارنىڭ ھەرى-
كەتلىرىدىن يۇقىرىدىن قانداقتۇر بىر جىددىي ۋەزىپە تاپشۇرۇل-
غانلىقىنى سەزدى، ئەمما ئۇنىڭ قانداق ۋەزىپە ئىكەنلىكىنى پەرەز
قىلالمىدى.

مەتتوختى پوست ئالمىشىپ، ياتاققا قايتىپ كىرگەندە،
جەڭچىلەر تېخى ياتمىغان، نېمە توغرۇلۇقتۇر پىچىرلىشىپ ئول-
تۇرۇشاتتى. ئۇ ئۇلارنىڭ لىيەندىكى جىددىيچىلىك توغرىسىدا
سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى پەملىدى - دە، سورىدى:

— نېمە بولدى؟ تېخىچە ياتماپسىلەرغۇ؟

— ۋەزىپە بار ئوخشايدۇ، — دېدى بىرەيلەن ئۇنىڭغا جاۋا-
بەن، — بىر تۈركۈم باندىتلار چەت ئەلگە قېچىپ كېتىش ئۈچۈن
چېگرىغا قاراپ كېلىۋاتقان ئوخشايدۇ. بىز ئۇلارنىڭ قېچىش
يولىنى قامال قىلغۇدەكمىز...

بۇ گەپ راست ئىدى. چەت ئەل ئىشپىيونلىرىنىڭ دەيدەيگە
سېلىشى، قۇترىتىشى بىلەن توپلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلانغان بىر

تۇركۇم كىشلەرنىڭ يامان غەرەزلىرى ئاشكارلىنىپ قالغاندىن كېيىن ئۇلار چېگرىغا قاراپ قېچىپ كېلىۋاتاتتى. يۇقىرىدىن ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ چېگرىدىن ئۆتكۈزمەسلىك توغرىسىدا بۇيرۇق كەلگەنىدى. شۇ تاپتا لىيەنبۇدا مۇشۇ ئىش — قاچقۇنلارنى قاتىراق تورغا چۈشۈرۈش ئىشى مۇزاكىرە قىلىنىۋاتاتتى. مەلۇماتتا توپىلاڭچىلار «پەرىشتە قولتۇقى» دىن يېرىم كۈنلۈك نېرىدىكى ئىككى جىلغا ئارقىلىق چېگرىدىن ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن، دېيىلگەنىدى. بۇنىڭغا ئاساسەن لىيەنجاڭ ئىككى پەيىنى ئاجرىتىپ، ھەر بىر جىلغىغا بىردىن پەي ئورۇنلاشتۇرۇپ، قالغان كۈچ بىلەن قاراۋۇلخانىنى ياخشى مۇداپىئە قىلىش ۋە 1 ـ، 2 ـ پەيگە توپىلاڭچىلارنى توسۇش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى.

تۇيۇقسىز چېلىنغان سىگنال ئاۋازى جەڭچىلەرنى تىك تۇرغۇزدى. ئۇلار كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە چېدىرلىرىدىن ئېتىلىپ چىقىپ سەپكە تىزىلىپ بولدى. لىيەنجاڭ جەڭچىلەرنى دىققەتتە تۇرۇشقا چاقىردى ۋە كېچە بولۇشىغا قارىماي، ھەر بىر جەڭچىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرغاندەك سەپنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن قەددىنى رۇسلاپ، يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىنى يەتكۈزدى. كېيىن ھەر قايسى بەنلەرگە ۋەزىپە تاپشۇردى:

— . . . بىر تۇركۇم ۋەتەن ئاسىيلىرى چەت ئەلگە قېچىش ئۈچۈن چېگرىغا قاراپ كېلىۋېتىپتۇ. بىز ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ قاچۇرۇپ قويماي تەلتۆكۈس تورغا چۈشۈرۈشىمىز لازىم. 1 ـ پەي X چوققىنى، 2 ـ پەي X تۇمشۇقنى ئىگىلەڭلار. . . قېنى ئەمىسە، ئاتلىنىڭلار!

قاچقۇنلارنىڭ ئالدىنى توسۇشقا ئاجرىتىلغان ئىككى پەي جەڭچى بۇيرۇق بىلەن تەڭ تۈن قوينىدا غايىب بولدى.

تاغ ھاۋاسى ئۆزگىرىشچان كېلىدۇ. تېخى ھېلىلا كۆكتە يۇلتۇزلار چاقناپ تۇراتتى، ئىزغىرىن شامال بىر پەستىلا چوققىلاردا ئۇخلاپ ياتقان بۇلۇتلارنى سۈرۈپ ھەيدەپ كۆك يۈزگە توپلى-

دى. بۇلۇتلار بارا - بارا قويۇقلىشىپ، يۇلتۇزلار كۆرۈنمەي قالدى. جەڭچىلەر يۈرۈشنى شامال بىلەن بەسلەشكەندەك تېزلىكتە داۋام ئەتتى. ئۇلار بەلگىلەنگەن جىلغىلارغا يېتىپ بارغاندا، ئەتراپنى تاڭ ئالدىدىكى سۇرلۇك قاراڭغۇلۇق باسقانىدى. ئۇلار دەرھال ئۆز ئورۇنلىرىنى ئىگىلەپ، ئاكوپ قېزىشقا كىرىشتى. مەتتوختىنىڭ بەنگە X تۇمشۇقىنى ئىگىلەش بەلگىلەنگەنىدى. ئۇلارمۇ يېرىم سائەتكە قالماي ئاكوپ قېزىپ، قورام تاشلارنى دالدا قىلىپ، سەپ تارتىپ يوشۇرۇنۇشتى. ئۇلار ئۇزاق يول يۈرۈپ چارچىغان، جىددي ئاكوپ قېزىپ چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمگەنىدى. ئۇلار ھاسىرىشاتتى، نەپەسلىرى يېتىشمەي ئۆرىگە تىنىشاتتى. مەتتوختىلارنىڭ پەيگە ئابلا لىيەنجاڭ، يەنە بىر پەيگە مۇئاۋىن لىيەنجاڭ قوماندانلىق قىلاتتى. ھەر قايسى بەنلەرنىڭ ئارىلىقى ئۇن يەتمەس دەرىجىدە يىراق ئىدى. مەتتوختىلار دۈشمەننىڭ ئۆتەر يولىنى توسۇپ ياتاتتى. مەلۇماتتا دېيىلىشىچە، قاچقۇنلار بۇ يەردىن تاڭ يورۇشتىن بۇرۇن ئۆتۈشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا، جەڭچىلەر جىددىيلەشتى. ئۆزئارا پىچىرلىشىشلارنى توختاتتى. مەتتوختى تۇيۇقسىز كىمدۇر بىرىنىڭ تاماكا تۇتاشتۇرغىنىنى كۆرۈپ ۋارقىرىدى:

— كىم ئۇ تاماكا تۇتاشتۇرغان؟ ئەخمەق، ئۆچۈر ئۇنى، بولمىسا دۈشمەنلەر بىزنى سېزىپ قالىدۇ.

— خوپ بەنجاڭ. . .

شۇ ئارىدا ئالاقىچى يېتىپ كېلىپ، لىيەنجاڭنىڭ بۇيرۇقىنى يەتكۈزدى:

— قاچقۇنلار يېقىنلاپ قالدى، لىيەنجاڭ ئالدىراپ ئوق چىقارمىسۇن، دەيدۇ. ئۇلار دائىرىمىزگە كىرگەندىن كېيىن قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولۇشقا چاقىرىدىكەنمىز، قارشىلىق قىلسا، ئاندىن ئوق چىقىرىدىكەنمىز. . .

— خوپ، ئۇقتۇم، — دېدى مەتتوختى ۋە ئۆز جەڭچىلىرىگە

بۇيرۇق قىلدى، — بۇيرۇقۇمسىز ئوق ئېتىشقا بولمايدۇ!

ھەممەيلەننىڭ كۆزى جىلغىنىڭ ئوڭ تەرپىگە تىكىلگەندى. جىلغا شۇ تەرەپتىن تۆۋەنلەپ كېلىپ، مەتتوختىلار بوشۇرۇنغان دوقمۇشقا كەلگەندە سولغا بۇرۇلۇپ كېتەتتى ۋە بىر چاقىرىمچە ئارىلىقتىن كېيىن چېگرىغا تۇتىشاتتى. مەتتوختىلارنىڭ قىيپاش ئۇدۇلىغا لېيەنجاڭ يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان بىر بەن، ئاياغ تەرەپكە بولسا يەنە بىر بەن ئورۇنلاشقانىدى.

تۇيۇقسىز ئاتلارنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى، ھەممەيلەن سەگەكلەشتى. ئاياغ تىۋىشى تېخىمۇ يېقىنلىشىشقا باشلىدى. جەڭچىلەر قورallىرىنى بەتلىدى. مەتتوختىمۇ ئاپتوماتنى قاچقۇنلار كېلىدىغان تەرەپكە توغرىلىدى. ئەمدى ئادەملەرنىڭ سۆزلەشكەن ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. مەتتوختىنىڭ قاراڭغۇلۇققا كۆنگەن كۆزلىرى بىر توپ ئاتلىق دۈشمەننىڭ يۈك ئارتىلغان قوتازلارنى ھەيدەپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇلار جەڭچىلىرىمىز قورشاپ ياتقان دائىرىگە كىرىپ بولغانىدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ قورشاۋدا قالغانلىقىدىن بىخەۋەر بىغەم ھالدا سۆزلىشىپ، قوتازلارنى ئۇرۇپ ھەيدەپ كېلىشىۋاتاتتى. ئۇلار بىرەر شەپىنى سېزىپ قالدىمۇ، توساتتىن ئالاقزادە بولۇشۇپ قوراللىرىنى بەتلىدى. دەل شۇ پەيتتە تەرجىماننىڭ ئۈنلۈك ئاۋازى ئاڭلاندى: — سىلەر قورشاۋدا قالدىڭلار، تەسلىم بولۇڭلار، قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولساڭلار كەڭچىلىك قىلىمىز، قارشىلىق كۆرسەتسەڭلار ئېتىپ تاشلايمىز!

تەرجىماننىڭ سۆزىگە دۈشمەنلەر ئوق بىلەن جاۋاب قايتۇردى يەنى لېيەنجاڭلار ئىگىلەپ تۇرغان چوققىغا قارىتىپ ئوق ئېتىشتى. چوققىدىكى جەڭچىلىرىمىزمۇ ئوققا ئوق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشتى ـ دە، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئېتىشىۋازلىق باشلىنىپ كەتتى. ئوقلار قاراڭغۇلۇقنى يىرىپ ئۆتۈپ ۋىژىلداپ ئۇچاتتى، تاشلارغا تېگىپ قاڭقىپ چۇۋۇلدايتتى. يۇلتۇزدەك



www.uyghurkitap.com

ئېقىپ، نەلەرگىدۇر بېرىپ چۈشەتتى. مەتتوختى جەڭچىلەرنى ئالدىراپ ئوق چىقارماسلىققا ئاگاھلاندۇردى. ئۇ بىر پەس جىم-جىت يېتىش ئارقىلىق دۈشمەنلەرنى ئالدىماقچى — جەڭچىلىرىمىزنى بىرلا جايدا ئىكەن، دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرمەكچى بولدى. ئۇلار شۇنداق ئويلىسا چېگرا تەرەپكە، يەنى مەتتوختىلار مۆكۈنۈپ ياتقان دوقمۇشقا ئۆزىنى ئاتاتتى.

ئىش مەتتوختىنىڭ ئويلىغىنىدەك بولدى. قاچقۇنلار ئارقىغا قاراپ ئوق ئۈزگەچ ئاتلىرىنى دېۋىتىپ، قوتازلارنى ئۇرۇپ ھەيدەپ، ئۇلارغا يېقىنلاپ كەلدى. ئۇلار دوقمۇشقا كېلىشىگە:

— ئات! — دەپ بۇيرۇق قىلدى مەتتوختى.

ئۇ شۇنداق دەپلا ئاپتوماتتىن ئوت ئاچتى. دۈشمەنلەرنى ئېنىق كۆرگىلى بولمايتتى، ئۇلارنىڭ قارىسى قاراڭغۇدا خىرە-شىرە كۆرۈنەتتى. ئۇلار كۆتمىگەن 2 - زەربىدىن مەڭدەپ قالدى ۋە بىردىنلا قايتۇرما زەربىگە ئۆتتى. ئوقلار سەھەر قاراڭغۇلۇقىدا ساناقسىز يۇلتۇز ھەريان ئاققاندەك كۆرۈنەتتى، باشلار ئۈستىدىن ۋىژىلداپ ئۆتۈپ، يۈرەكلەرنى جىغىلدىتاتتى. جىلغىنى ئوق-دورىلارنىڭ قويۇق ھىدى ياق، ئوچۇقراق ئېيتقاندا قان ھىدى قاپلىغانىدى. ئەزرائىل ئىككى ئارىدا ئالدىراش چېپىپ يۈرگەندەك تۇيۇلاتتى.

دۈشمەنلەر مەتتوختىنىڭ تۇرغان يېرىنى بىلىپ قالغاندەك ئىدى. ئۇچۇپ كېلىۋاتقان ئوقلار ئۇنىڭغا مەركەزلىشىپ قالدى. ئۇ كولىغان چاققانغىنا خەندەكنىڭ ئالدىغا قاراڭغۇدا سىلاپ يۈرۈپ ئاران تاپقان قورام تاشنى قويۇۋالغانىدى. بۇ تاش ئۇنىڭغا ياخشى قالقان بولۇۋاتاتتى. ئەمما، ھازىر بۇ تاش دۈشمەنىنىڭ قارىغا ئېلىش نىشانى بولۇپ قالغانىدى، ئۇنىڭغا توختىماي ئوقلار تېگىپ چۇۋۇلدايتتى ياكى ئۇنىڭ بېشى ئۈستىدىن ۋىژىلداپ ئۆتۈپ كېتەتتى. ئۇ بىر ھازاغىچە بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالدى، گويا بېشىنى چىقارسىلا جېنىدىن ئايرىلىدىغاندەك تۇيۇلاتتى.

www.uyghurkitap.com

ئۇرۇشتا هامان شۇنداق بولىدۇ، هۇجۇم قىلىۋاتقان ياكى مۇداپىئە قىلىپ قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقانلار بولىدۇ. ئەجەل ئۇنىڭ يېنىدا ئەگىپلا يۈرىدۇ. ئۆلۈم خەۋپى جېنىڭغا قادىلىپلا تۇرىدۇ. ئادەم تونۇمايدىغان، كۆزى يوق ئوقنىڭ هەر مىنۇتتا جېنىڭغا زامىن بولۇشى مۇمكىنلىكىنى چۈشىنىپ تۇرساڭمۇ، هاياتىڭ بىلەن هېسابلىشىپ ئولتۇرىدىغانغا ۋاقىت بولمايدۇ، ئۇچۇپ كېلىۋاتقان ئەجەل ئوقلىرى ساڭا بۇنداق پۇرسەتنى بەرمەيدۇ. بۇنداق چاغدا سەن پەقەت ئەقىل - پاراسەت ئىشلىتىپ، دۈشمەنلىرىڭنىڭكىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان كۈچلۈك ماهارەت، شىددەتلىك ئوت كۈچى بىلەن ئۇنى بېسىشنى، قورقۇتۇپ ۋەهىمە ئىچىدە قالدۇرۇشنىلا ئويلايسەن، چۈنكى، شۇنداق قىلالىساڭ جېنىڭنى ساقلاپ قالالىشىڭ مۇمكىن.

ئۇدۇلدىن ئېتىلىۋاتقان ئوقلار سەل بېسىققاندەك قىلىۋىدى — بەلكىم، ئەمەلىيەت ئۇنداق ئەمەستۇ، ئۇ پەقەت شۇنداق هېس قىلىنغاندۇ — مەتتوختى دەرهال قارشى تەرەپنى ئوققا تۇتتى، بىر دىسكا ئوقنى قاتىرىسىغا ئېتىۋەتتى. دۈشمەن قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىۋاتاتتى. بۇ جىلغا ئۇلارغا بەش قولدەك تونۇش بولسا كېرەك، قاراڭغۇ بولۇشىغا قارىماي، ئەپلىك، ئۆزگە پايدىلىق جايلاردا دالدىلانغاندەك قىلاتتى ۋە توختىماي ئوت ئېچىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىۋاتاتتى.

تاڭ ئالدىدىكى ئەڭ ئاخىرقى سۈرلۈك قاراڭغۇلۇق مەزگىلى ئۆتۈپ كەتتى. شەرقىي ئۇپۇق ئاۋۋال نېپىز شايىدەك سۇزۇلۇشكە باشلىدى، كېيىن ئادەملەرنى پەرق ئەتكۈدەك بولغانىدى، دالدىلانغان تاشلار، ئاكوپلارمۇ خىرە - شىرە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئىگىسىز قالغان ئۇلاغلار هەر تەرەپكە پىتىراپ، ئېچىنىشلىق كىشنىشەتتى، مۆرىشەتتى، بۇ ئارقىلىق گويا ئۇلار ئىنساننىڭ ياۋۇزلۇقىنى ئەيىبلەۋاتقاندەك قىلىشاتتى.

مەتتوختى سۇزۇلۇپ كېلىۋاتقان تاڭ يورۇقىدا لىيەنجاڭ ئابلا

يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان بەندىكىلەرنىڭ دۈشمەننى قورشاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، ئۆز جەڭچىلىرىگە دۈشمەننى تۆۋەن تەرەپتىن قورشاپ، مۇھاسىرە چەمبىرىكى شەكىللەندۈرۈشكە بۇيرۇق بەردى. ئۆزى بىرىنچى بولۇپ دالدىلانغان جايدىن ئوچۇقچىلىققا چىقتى. جەڭچىلەر ئۇنىڭغا ئەگەشتى. ئۇلار يەر بېغىرلاپ ياكى ئۆمىلەپ مېڭىپ، دۈشمەننى ئاستا ـ ئاستا مۇھاسىرىگە ئالدى. دۈشمەنلەر بۇنداق بولۇشىنى ئويلىمىغانىدى، ئۇلار ئۆزىنىڭ مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلىپ، ئەڭ ئاخىرقى قارشىلىق كۈچىنى ئىشقا سالدى، ئوقلار تاراسلاپ ئېتىلىپ، گراناتلار گۈمبۈرلەپ پارتلىدى. ئەجەل ئوقلىرى توختىماي ئۇچۇپ تۇراتتى. قەيەردىدۇر ياردار بولغان، جان بېرىۋاتقانلارنىڭ ۋايجانلىغان، زارلىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى، ئۇلاغلار كىشنەپ، مۆرەپ، ئۇدۇل كەلگەن يەرگە ئۆزىنى ئۇراتتى. مەتتوختىلارنىڭ بەندىن بىر جەڭچى هاياتىدىن ئايرىلدى.

بىر جەڭچىسىنىڭ ئۆلۈمى مەتتوختىنىڭ دۈشمەنگە بولغان ئۆچمەنلىكىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. ئۇنىڭ قىساسىنى ئالماي بولمايتتى. كۆزىگە قىزىللىق تىقىلغان مەتتوختى مۇھاسىرىنى كىچىكلىتىشكە بۇيرۇق بەردى ـ دە، ئاپتوماتتىن توختىماي ئوق ئۈزگىنىچە ئالدىغا ئېتىلىپ، دۈشمەن ئۆلۈكى ئۈستىدىن سەكرەپ ئۆتتى. مەتتوختى ئۈستىدىن سەكرەپ ئۆتكەن جەسەتتىن سەل نېرىدا بىر دۈشمەن يالغاندىن ئۆلگەن بولۇپ يېتىۋالغانىدى. ئۇ نامەرد مەتتوختىنىڭ كەينىدىن ئوق ئاتتى. ئۇنىڭغا ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ پاي ئوق تەگدى، قېنى قىزىغان، چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمگەن، نەپسى سىقىلىپ تۇرغان مەتتوختى دۈشمەننىڭ كەينىدىن ئوق ئاتقىنىنى بىلىپ، سەنتۈرۈلگىنىچە كەينىگە ئۆرۈلدى ـ دە، ئۆز جېنىغا زامىن بولغان دۈشمىنىگە ئاپتوماتنى توغرىلاپ تۇرۇپ بىر دىسكا ئوقنى قالدۇرماي ئېتىۋەتتى. دۈشمەن ئۆلدى، ئۆزىمۇ يىقىلدى.

دۇشمەنلەر ئاخىرى تەسلىم بولدى، ئۇرۇش ئاخىرلاشتى، سەپداشلىرى مەتتوختىنى تاپقان چاغدا ئۇ قىپقىزىل قان ئىچىدە غەزەپ ئۇچقۇنلىرى قېتىپ قالغان كۆزلىرىنى كۆككە تىكىپ ياتاتتى.

## 8

ناھىيە بازىرى كوچىلىرىدىكى سۆۋادان تېرەكلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىدا كەچكى قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرى چاقناپ تۇراتتى. كوچىلاردا ئادەملەر شالاڭ ئىدى. ناھىيە بازىرىنىڭ چوڭ كوچىسىدا بىر جىپ پەيدا بولدى ۋە ئۇچقاندەك تېز مېڭىپ، خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ قورۇسىغا كىرىپ كەتتى. مەتقاسىموف ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە كىرىشىگە قوراللىق بۆلۈمنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، سىياسىي كومىسسارى، تەرجىمانى ئۇنىڭ كەينىدىنلا ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇلار مېھمانخانا ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرۇپ، بىرەر پىيالىدىن چاي ئىچە ـ ئىچمەستىن ناھىيىنىڭ ھاكىمىمۇ كىرىپ كەلدى. ئەسلىي دىۋىزىيە شتابىدىن سىياسىي كومىسسارغا تېلېفون كېلىپ، بۈگۈن كەچتە ئادەم كېلىپ، مەتتوختىنىڭ قۇربان بولغانلىقىنى ئائىلىسىدىكىلەرگە ئۇقتۇرىدىغانلىقى ئېيتىلغانىدى. شۇڭا، ئۇلار شۇم خەۋەر ئۇقتۇرۇلغاندا مەتقاسىموف بىلەن ئايالىغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن بۇ ئۆيگە كىرگەنىدى. مەتقاسىموف يۈرەك پارىسىنىڭ ۋاپاتىدىن بىخەۋەر بولغاچقا، ئۆزلىرى كىرىپ قالغان بۇ مېھمانلار بىلەن بىر ئاخشام پەيزى قىلىپ ئولتۇرۇشنى ئويلاۋاتاتتى. خىيالىدا كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇشنى ئويلاۋاتقان مەتقاسىموف ئىشىك ئالدىدا جىپ توختىغىنىنى كۆرۈپ مېھمانلاردىن سورىدى:

— يىراقتىن كېلىدىغان مېھمان بارمىدى؟

— تاغەي، ئۇقمىدۇق، — دېدى ھاكىم مەتقاسىموفقا قارى-
ماي تۇرۇپ.

— مېھمان كېلىدىغانلىقىدىن خەۋىرىمىز يوق، — دېدى قوراللىق بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تاماكا چېكىپ تۇرۇپ، — بىزمۇ ئۆزىمىزچىلا ئولتۇرۇپ چىقايلى، دەپ كىرگەن.

شۇ ئارىدا ئىشىك چېكىلدى. مەتقاسىموف ئىشىكنى ئېچىپ ھەيران قالدى. ئالدىدا تۇرغىنى «پەرىشتىلەر قولتۇقى» دىكى لىەن قاراشلىق تۆەننىڭ سىياسىي كومىسسارى رۇستەم ئىدى. ئۇ رۇستەمنىڭ كېلىشىنى ئويلىمىغانىدى.

رۇستەم 50 - يىلى ھەربىيلىككە قوبۇل قىلىنغان، بىر مەزگىل مەتقاسىموفنىڭ قول ئاستىدا جەڭچى بولۇپ تۇرغانىدى. ئۇ ماتقاسىموفقا تىك تۇرۇپ ھەربىيچە سالام قىلدى، ئاندىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. مەتقاسىموف ئۇنى شۇنچە ئوچۇق چىراي كۈتۈۋالسىمۇ، ئۇنىڭ چىرايى نېمىشقىدۇر جىددىي، قايغۇلۇق ئىدى. مەتقاسىموف بۇ ھالنى كۆرۈپ ئەجەبلەندى.

رۇستەم ئۆيدە مېھمان بارلىقىنى كۆرۈپ ئوڭايسىزلانغاندەك بوسۇغىدا دەقىقە تۇرۇپ قالدى، كېيىن مېھمانلارغا قاراپ:

— ئوھۇي، سىلەرمۇ بارمىدىڭلار؟ — دېدى.

— كېلىڭ، سىياسىي كومىسسار. . .

— بۇياققا ئۆتۈڭ، بۇ ياققا، يۇقىرى. . . — دېيىشتى مېھ-مانلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ سىياسىي كومىسسارنى ئالاھىدە ھۆرمەتلەپ.

— بولدى، بولدى، قوزغالماڭلار. . .

سىياسىي كومىسسار شۇنداق دېسىمۇ، بەربىر تۆر تەرەپكە ئۆتۈپ ئولتۇرۇشقا توغرا كەلدى. ئۇ ئولتۇرغاندىن كېيىن قائىدە بويىچە دۇئا قىلىشتى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ، مەتقاسىموف بىلەن تىنچلىق - ئامانلىق سوراشتى. مەتقاسىموف تېخىچە ئۆرە تۇراتتى، ئۇ سىياسىي كومىسسارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى،

لېكىن سىياسىي كومىسسار ئۆرە تۇرغان پېتى جوزىنى چۆرۈدەپ ئولتۇرغانلارغا قاراپ قويۇپ:

— سىلەرنىڭمۇ كىرگەنلىكىڭلار ناھايىتى ياخشى بولدى، — دېدى، ئاندىن مەتقاسىموفقا قاراپ، — بوجاك، مېنى كەچۈرۈڭ، مەن سىزگە بۇنداق كەچتە يامان خەۋەر ئېلىپ كەلمىسەم بولاتتى. بىراق، بولمىدى. ھەربىي تۇرمۇش ھەممىمىزگە تونۇشلۇق، شۇڭا، سىزنى مەسىلىگە توغرا قارايدۇ، دەپ ئويلايمەن... سىزنىڭ ئوغلىڭىز، بىزنىڭ قەھرىمانىمىز مەتتوختى دۈشمەنگە قارشى كۈرەشتە قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى. ئۇ ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن، پارتىيە ئۈچۈن...

مەتقاسىموف بايا ئىشىكنى ئاچقان چاغدىلا روستەمنىڭ روھىي ھالىتىگە قاراپ ئوغلۇمغا بىرەر كېلىشمەسلىك بولغانمىدۇ؟ دېگەن خىيالنى كۆڭلىدىن كەچۈرگەن - يۇ، بۇنداق مۇسىبەت خەۋىرىنى كۈتمىگەنىدى. شۇڭا «... مەتتوختى دۈشمەنگە قارشى كۈرەشتە قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى» دېگەن گەپنى ئاڭلاپلا كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، ئۆي چۆرگىلىگەندەك تۇيۇلدى. كومىسسارنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى ئاڭلىيالمىدى، تەرجىمان ئۇنى يۆلەپ ئەكىلىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى.

مەتقاسىموفنىڭ بۇ شۇم خەۋەرنى راست ئاڭلىغانلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ئەمما، ئىشەنمەي بولمايتتى. كومىسسار شۇنچە يىراق يەردىن بۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈش ئۈچۈنلا كەلگەن - دە، سەپداشلىرى بۇ ئۆيگە پەيزى قىلىپ ئولتۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا — شۇم خەۋەر ئاڭلايدىغان مەتقاسىموفقا ھەمراھ بولۇپ ئولتۇرۇش ئۈچۈن ئەتەي كىرگەن، ئۇلار بۇ مۇسىبەت خەۋىرىنى ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئاڭلىغان، ئەمما سەزدۈرمىگەن، يوشۇرغان...

مەتقاسىموف ئايالى ۋە بالىلىرى ئالدىدا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشى كېرەك ئىدى، لېكىن ئۇنداق قىلالمىدى. ئىچ - ئىچىدىن بۇل-

دۇقلاپ چىقىۋاتقان ياش قىيانلىرىغا توغان سالالمىدى، ئىسەدەپ يىغلاپ تاشلىدى. كېيىن ناله قىلغانلىقىنى ئۆزىمۇ سېزەلمەي قالدى:

— جېنىم بالام، جىگىرىم، ياش كەتكەن قوزام. . .

ئەتراپتىكىلەرنىڭمۇ يۈرىكى ئېزىلدى. كۆڭلى بۇزۇلدى، كۆزلىرى ياشلاندى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ۋەزىيىتى مەتقاسىموفقا قوشۇلۇپ هازا ئېچىش ئەمەس، بەلكى تەسەللى بېرىش ئىدى.

— بولدى، بولدى، سەۋر قىلىڭ، ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ. . .

— نېمە دېگۈلۈك بۇنىڭغا ئەمدى؟ بۇ بىر ئەجەل، مەتقاسىموف.

— كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، ئوغلىڭىز شەرەپلىك قۇربان بولدى.

يۇقىرىقىدەك گەپلەر ئارقا ـ ئارقىدىن دېيىلدى.

مەتقاسىموف ئوغلىنىڭ ئەسكەر بولۇشىنى ئۇنىڭ كىچىك ۋاقىتلىرىدىلا ئارزۇ قىلغان، ئۇنى ھەربىيلىككە خۇشاللىق بىلەن ئەۋەتكەنىدى، باشقىلارغا قارىغاندا ھەربىيلەرنى ئەزرائىل كۆپرەك مارىلاپ يۈرىدىغانلىقىنى ئۇ بىلەتتىمۇ؟ يەنە كېلىپ، «پەرىشتىلەر قولتۇقى» ئۇنىڭغا بەش قولدەك تونۇش جاي، ئۇ يەردە تۇرغان جەڭچىلەر ئۇ دۇنياغا تېخىمۇ يېقىنراق — ئۇ ھەر زامان ئىس ئېلىپ كېتىپ ئۆلۈپ كېتىشىمۇ، داۋالاش شارائىتى ياخشى بولمىغانلىقتىن ھەر خىل كېسەللىك بىلەن جان بېرىشىمۇ مۇمكىن، چېگرىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى تۇرۇپ يېقىن دوست، تۇرۇپ دۈشمەن بولۇپ قالىدىغان دۆلەت ئەسكەرلىرى بىلەن ئويلىمىغان ۋاقىتتا تۇتۇشۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. . . قىسقىسى، ئۇ يەردە تۇرغان ئەسكەرلەر باشقا جايدىكى — تۈزلەڭلىكتىكى، شەھەر، يېزا ـ قىشلاقلاردىكى ئەسكەرلەرگە قارىغاندا كۆپرەك خەۋپ ـ خەتەر ئىچىدە ياشايدىغانلىقىنى ئۇ ناھايىتى ياخشى بىلىدىغۇ؟ شۇنداق تۇرۇپ ئۇ يەنە نېمىشقا سەۋر قىلالمايدۇ، نېمىشقا ئوغلىنىڭ ۋاپاتىدىن شۇنچە تويۇقسىزلىق ھېس قىلىپ زارلاپ يىغلاي-

دۇ؟ ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا شۇنچە ئۇرۇندى. ئامال بولمىدى. ئاخىرى بۇ دۇنيادىن ياش كەتكەن ئۇنىڭ تۇنجى پەرزەنتى — چوڭ ئوغلى ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ سەۋر قىلىشقا، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا يۈرىكى يول قويمايۋاتاتتى.

نېمە ئىش بولغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن ئانا ئاشخانىدىن ئېتىلىپ چىققان پېتى دالاندا نېمە ئىش بولغىنىنى چۈشىنەلمەي ھاڭۋېقىپ تۇرغان قىزىنى قۇچاقلىغىنىچە ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى:

— جېنىم بالام، ئون گۈلۈڭنىڭ بىرىمۇ ئېچىلمىغانتىغۇ بالام، قەرزىڭنى ئادا قىلالمىغانىدۇققۇ جېنىم بالام...

مەتقاسىموف ئايالىنىڭ نالە ـ زارىنى ئاڭلىغىنىدىلا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش زۆرۈرلۈكىنى چۈشەندى. ئۇ يۈزىنى ئالىقانلىرى بىلەن توسۇپ، ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ توختاپ قالدى، قولياغلىق بىلەن سەلدەك ئېقىۋاتقان ياشلىرىنى سۈرتتى. ئانىنىڭ زارىغا سىرتتىن كىرىپ كەلگەن مەتتۇردىنىڭ نالىسى قوشۇلدى:

— جېنىم ئاكام، ئامراق ئاكام، قانتىم ئاكام...

مەتقاسىموف مۈكچىيىپ جىممىدە ئولتۇراتتى. ئۇ بىردەمدىلا ئون ياش قېرىپ كەتكەندەك، سۇغۇلۇپ كىچىكلەپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ھەمراھ بولغۇچىلار ئانا بىلەن بالىلارغا تەسەللى بېرىۋاتاتتى. مەتقاسىموف يىغا ئارىسىدا مەتتۇردىنىڭ «ئاكامنىڭ ئىنتىقامىنى ئالماي قويمايمەن...» دېگىنىنى ئاڭلاپ قالدى. ھازا ئاۋازىنى ئاڭلىغان قولۇم ـ قوشنىلار بىرلەپ ـ ئىككىلەپ كىرىشكە باشلىدى. ئۆيگە ھەربىر ئادەم كىرگەندە ئانىنىڭ نالىسى ئەۋجىگە چىقاتتى.

پەتچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلگەندە سىياسىي كومىسسار قايتماقچى بولۇپ ئورنىدىن تۇردى. باشقىلار ئۇنى قونۇپ قېلىشقا دەۋەت قىلىسىمۇ ئۇنىمىدى.

— قايتىپ كەتمىسەم بولمايدۇ، مەرھۇمنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان ئاخىرەتلىك ئىشلىرى بار، — ئۇ كېيىن مەتقاسىموفقا

www.uyghurkitap.com

بۇرۇلۇپ شۇنداق دېدى، — مەتتوختىغا «ۋەتەننى قوغدىغۇچى» دەپ شەرەپلىك نام بېرىش توغرىسىدا يۇقىرىغا دوكلات يوللىدۇق، دىۋىزىيە شتابىدىن ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىشنى بېكىتىپتۇ، ئۆگۈنلۈككە شۇ جايدا ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلمەكچى، ئەتە سىلەرنى ئالغىلى مەخسۇس ماشىنا كېلىدۇ.

— ئاۋارە بولماڭلار، — دېدى قوراللىق بۆلۈمنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سىياسىي كومىسسارنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — بىز دە ماشىنا بار، مەتقاسىموف ئاكىغا ھەمراھ بولۇپ بىزمۇ بارىمىز.

— مەيلى بولمىسا. . . مەتقاسىموف ئاكا، سىزنىڭ تەشكىلگە دەيدىغان قانداق تەلەپلىرىڭىز بار؟ — دەپ سورىدى سىياسىي كومىسسار.

— ھېچقانداق تەلىپىم يوق. . .

— مېنىڭ تەلىپىم بار، — مەتتۇردى دادىسىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ مېھمانخانىغا كىرىپ كەلدى، — مەن تەشكىلدىن مېنى ئاكامنىڭ ئورنىغا ئەسكەرلىككە ئېلىشنى تەلەپ قىلىمەن!

— ئەگەر ئاتا - ئانىلار ماقۇل دېسىلا، بۇ تەلىپىڭىزنى ئورۇنداشقا بىز تەييار، — دېدى سىياسىي كومىسسار مەتتۇردىنىڭ قولىنى سىقىپ تۇرۇپ، ئۇ مەتقاسىموفقا قانداق قىلىمىز، دېگەندەك قاراپ قويدى.

ئوغلىدىن بىمەھەل ئايرىلىپ يۈرىكى زېدە بولۇۋاتقان مەتقاسىموف دەقىقە ئويلىنىپ تۇرۇپ:

— ئاۋۋال مەتتوختىنىڭ نەزىر - چىراغلىرىنى تۈگىتىۋالايلى، شۇنىڭدىن كېيىن بىر گەپ بولار، — دېدى.

شۇ كۈنى ھەربىي قائىدە بويىچە مەتتوختى ئۈچۈن ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئاسمانغا 24 پاي ئوق ئېتىلدى. كېيىن ئۇ سۇغا ئېلىنىپ كېپەنلەندى ۋە بىر يېزا مەسچىتىدە نامىزى

چۇشۇرۇلگەندىن كېيىن ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا ئىپ-
لىپ بېرىلىپ يەرلىكىدە قويۇلدى. . .

مەرھۇمنىڭ قىرقى نەزىرىسىدىن كېيىن ئىنىسى مەنسۇرنى
ھەربىي سەپكە قوبۇل قىلىندى. قىسىم باشلىقلىرى ئۇنىڭ تالى-
پىگە قوشۇلغانىدى. ئۇ تۇەن ئورۇنلاشقان جايدا بىر مەزگىل
ھەربىي مەشىققە قاتناشقاندىن كېيىن مەتتوختى ھايات ۋاقتىدا
تۇرغان لىيەنگە تەقسىم قىلىنىپ، «پەرىشتىلەر قولتۇقى» غا
ئەۋەتىلدى.

# پامىردىكى چاقماق

## 1

ياز پەسلىدە دولان دەرياسى بويلىرى ئاجايىپ گۈزەللىشىپ كېتەتتى. بۈككىدە باغ ـ بوستانلار، ياپيېشىل قىياق ـ چىملىق-لار ۋە قوناقلىقلاردا ياز مەنزىرىسى جىلۋە قىلاتتى، ئېگىزلىقلار، ئاق چېچەكلىك قومۇشلۇقلاردا قوزا ـ ئوغلاق، موزايلار قىيغى-تىپ ئوينايتتى. باغلاردا كاككۇكلار سايرايتتى، قۇشقاچلار چۇ-رۇقلىشىپ ناخشا ئېيتاتتى، تورغايلار كۆككە پۇررىدە قىلىپ كۆتۈرۈلۈپ، يەنە پەسكە شۇڭغۇپ چۇشۇپ چۇچۇلىشاتتى. ئەمما، ھازىر كەچكۈز، ياز گۈزەللىكىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان ئىدى. كەچكۈزنىڭ ئاچچىق شامىلى ئۇشقىرتىپ تۇراتتى، غازاڭلىرى تۆكۈلۈپ يالىڭاچلانغان دەرەخ شاخلىرى سوغۇق دەستىدىن ئازاب-لىق تولغىنىپ شىۋىرلايتتى. يازچە لايقىپ، شوخ، ئەركىن ئاققان دەريا سۈيى بولسا گۈزەل ياز مەنزىرىسىنى يوق قىلغان كۈز پەسلىگە غەزەپلەنگەندەك تولغىنىپ، بېتوندەك قېتىپ كەت-كەن قۇملۇق قىرغاقلارغا ئۇرۇلۇپ شاۋقۇنلايتتى. ئېتىزلىقلارمۇ تاپتاقىر بولۇپ قالغان، ئوت ـ چۆپلىرى قۇرۇپ تۈگىگەن يايلاق-لارمۇ كۆرۈمسىز بولۇپ قالغان ئىدى. قۇرت ـ قوڭغۇزلار ئاللى-قاچان ئۆچەكلىرىگە كىرىپ كەتكەن ئىدى، دۈگدىيىپ قالغان باغلاردىن قۇشلارنىڭ سايرىشىمۇ ئاڭلانمايتتى، مەھەللىلەردە ئەمدى چۇقان ـ سۈرەن سېلىپ ئويناپ يۈرگەن شوخ، بىغەم بالىلارنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى.

نىياز بەگنىڭ بالا مالچىسى بارات ئۈچۈن ھەممە پەسىل — باھارمۇ، قىشمۇ، يازمۇ، كۈزمۇ ئوخشاشلا ئىدى. ئۇ تېخى ئەمدىلا ئون ياشتىن ھالقىغان بولسىمۇ، بەگنىڭ قوي - كالىلى- رىنى قىش - ياز دولان دەرياسى بويىغا كۆن بىلەن تەڭ ھەيدەپ باراتتى. ئۇ قوي - كالىلارنى ئوت - چۆپى ياخشى يەرلەرگە ئاپىرىپ بېقىشقا مەجبۇر ئىدى، چۈنكى قۇياش غەربىي ئۇپۇققا باش قويغاندا نىياز بەگ قوش قاناتلىق يوغان دەرۋازىسى ئالدىدا پادىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى ۋە قوي - كالىلىرى- نىڭ تويغان - تويمىغانلىقىغا بىر - بىرلەپ سەپسالاتتى، مۇبادا بىرەر مالنىڭ قورسىقى ساڭگىلاپ، تۈكلىرى پارقىراپ تۇرمىسا، بارات نىياز بەگدىن ئۆلگۈدەك تاياق يەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كۈن بويى پادا كەينىدە يۈرەتتى، «باينىڭ بالىسىمۇ ئەركە، كالىسىمۇ ئەركە» دېگەندەك، بەگنىڭ قوي - كالىلىرى پات - پات يول بويىدىكى زىرائەتلەرگە كىرىپ خاپا قىلاتتى، بۇنداق چاغلاردا بارات زىرائەت ئىگىلىرىدىن تاياق - دەشنام يەتتى، تىل - ھاقارەت ئاڭلايتتى، يازنىڭ قاقراق ئاپتىپىدا قويلار باشلىرىنى بىر - بىرىنىڭ چاتراقلىرىغا تىقىپ تۇرۇۋېلىشسا، كالىلار سايىغا قېچىپ بېرىپ يېتىۋالاتتى. بارات ئۇلارنى ياخشىراق تويغۇزۇش، بايدىن تاياق يېمەسلىك ئۈچۈن ئوت - چۆپلۈككە قوغلايتتى. ئۇنىڭغا كۈن بويى ئارامچىلىق يوق ئىدى. بارات يىلنىڭ يېرىمى دېگۈدەك يەنى ئۈچىنچى ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن توققۇزىنچى ئاي- نىڭ ئاخىرىغىچە يالىڭاياغ يۈرەتتى، شورلۇق يەر، تىكەنلىك ئوتلاقتا يۈرۈپ، تاپانلىرى تىلىم - تىلىم يېرىلىپ كېتەتتى ۋە پۇتلىرى قىش كۈنلىرى تارتىۋالغان چورۇقىدىن پەرق قىلمايت- تى، قاچانلا قارىساڭ تېگى - تېگىدىن سېرىق كۆرۈنىدىغان چىرايىدا توپا ئۆرلەپ تۇراتتى، ياز كۈنلىرى جاڭگالدا ئۇسسۇز- لۇقتىن كالپۇكلىرى ئاپئاق شەلۋەرەپ، مەڭزى چاۋۇرۇپ يېرى- لىپ كېتەتتى.

بىر يېشىدىلا دادىسىدىن ئايرىلىپ يېتىم قالغان بارات كىچىك بولغىنى بىلەن غەيرەتلىك بالا ئىدى، ئۇ ئىسسىقتىن زارلانمايتتى، قەھرىتان سوغۇقتىن ۋايسىمايتتى. نىياز بەگنىڭ تاياق ـ دەشناملىرىغا كۆزىدىن ياش ئاققۇزۇپمۇ قويمايتتى. بىراق، ئاخشىمى نىياز بەگنىڭ تاشقىرىقى ھويلىسىدىكى كەپىگە ئوخشاش تار، پاكار ئۆيىگە كىرىپ، كىگىز ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلىغاندىلا ئىچ ـ ئىچىدىن يىغلىغۇسى كېلەتتى، بەزىدە ھەتتا ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ سالاتتى. بۇنداق چاغدا مېھرىبان ئانىسى بەختىخان بېشىدا پايپېتەك بولۇپ كېتەتتى:

— نېمە بولدۇڭ جېنىم بالام؟ — دەيتتى ئانا ئوغلىنىڭ كۆز ياشلىرىنى يىرىك ئالىقانلىرى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ، — باي يەنە ئۇردىمۇ، بالام؟

بارات ئانىسىنىڭ سوئاللىرىغا ئۇزاققىچە جاۋاب بەرمەي ئۆكسۈيتتى، ئاخىرى ئىچ ـ ئىچىدىن زارلىنىپ تۇرۇپ شۇنداق دەيتتى:

— جېنىم ئانا، مەنمۇ باشقا باللارغا ئوخشاش بالىغۇ؟ مەنمۇ باللارغا ئوخشاش مۆكۈشمەك ئويناپ باقسام بولمامدۇ؟ مەن پادا بېقىشقا چىدىمىدىم ئانا...

راست، بارات تەڭتۇشلىرى بىلەن بىرەر قېتىممۇ قانغۇدەك ئويناپ باققان ئەمەس، ئۇ پادىلارنى ھەيدەپ كېلىپ، قوتان، ئېغىللارغا سولاپ بولغۇچە قاراڭغۇ چۈشۈپ بولاتتى ۋە كەچلىك تاماقتىن كېيىنلا لايدەك يېتىپ ئۇخلاپ كېتەتتى، ھەر كۈنى سەھەر تورغاي چۇچۇلىماستا ئورنىدىن تۇراتتى. شۇڭا باراتنىڭ يۇقىرىقىدەك سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، بەختىخان ئانىنىڭ يۈرەك ـ باغرى ئېزىلىپ، ئۇزاققىچە زۇۋان سۈرەلمەي تۇرۇپ قالاتتى. ئاخىرى ئۇ ئوغلىنىڭ يۈرەكنى ئېزىدىغان سوئاللىرىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرەلەيدۇ؟ ئۆز ئوغلىنىڭ — يۈرەك پارىسىنىڭ مۇشتتەك تۇرۇپ يىللىقچى بولۇپ قېلىشىنى قايسى ئانا راۋا كۆرىدۇ؟

بەختىخانچە بولسا، ئوغلى — ئاشۇ بىر تاللا جىگەر پارىسى باشقا ئەركىن، شوخ باللارغا ئوخشاش قىيغىتىپ ئويناپ، كۈلسە، چىرايىدىن خۇشاللىق كەتمىسە، ئۇنىڭ يۈرىكى يېرىلىپ كېتەر-مىدى ـ ھە؟! ئانا ئاخىرى ئوغلىنىڭ سوئاللىرىغا مۇڭلۇق ئاھاڭدا شۇنداق جاۋاب بېرەتتى:

— جېنىم بالام، يۈرىكىمنى ئەزمە، سېنى ئوينىغىلى قويىماي نىمە قىلاي؟ مەن سېنى ئوينا دېگەن بىلەن نىياز بېگىم ئوينىغىلى قويمايدۇ. بىلسەڭغۇ باينىڭ ئاچچىقىنى، بىز ئۇنىڭغا چاكار، يىلللىقچى، داداڭ رەھمەتلىك ھايات بولغان بولسىمۇ بۇنچە جاپا چەكمەس ئىدىڭ...

بەختىخان شۇنداق دەپلا تۆكۈلۈپ كېتەتتى، ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆپكىدەپ يىغلايتتى. ئانىسىنىڭ تارامىلاپ تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرى-نى كۆرگەن بارات تېخىمۇ مۇڭلىنىپ ئولتۇرۇپ قالاتتى...

بارات ئېسىنى بىلگۈدەك بولغاندا دادىسى يوق ئىدى، يەنى دادىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى، دادا مېھرى دېگەننى تېخىمۇ چۈشەنمەيتتى. بەختىخان بولسا ئۇنىڭغا پەزىدە ئۇزاققىچە قاراپ مۇڭلىنىپ ئولتۇرۇپ: «داداڭغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشاپ-سەن بالام، خۇدايىم ئۆمرۈڭ ئوخشىمىغاي...» دەيتتى. بارات ئانىسىنىڭ، باشقىلارنىڭ تەرىپلىشىگە قارىغاندا، بويلۇق، بەستى-لىك كەلگەن ئاق پىشماق، قاراقاش، بۇلاق كۆز، قاڭشارلىق بالا ئىدى. دېمەك، دادىسى رەھمەتلىكمۇ شۇنداق ئادەم ئىكەن ـ دە؟ لېكىن ئۇ ھەر قانچە ئويلىسىمۇ، زورىقىپ ئەسلىسىمۇ دادىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمەيتتى. چۈنكى ئۇ دادىسىدىن ئايرىلغاندا ئەمدىلا يېشىغا توشقان ئىدى.

بارات ھەر كۈندىكىدەك دەريا بويىدىن پادا ھەيدەپ كەچ قايتتى، قۇياش ئولتۇرۇپ بولغان ئىدى، ئەمما، ئۇپۇق جىيىكى-دە ئۇخلاپ ياتقان شالاڭ بۇلۇتلار قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرىدىن رەڭ ئېلىپ قىزىرىپ تۇراتتى. مورىلاردىن ئاقۇچ ئىس ھېرىپ

قالغانده‌ك ئاستا ئۆرلىمه‌كته ئىدى. چه‌لله - باراڭلاردىكى ئاق قۇشقاچلار پادىلارنىڭ قايتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى خه‌ۋه‌ر قىلىۋاتقان‌دەك توختىماي ۋىچىرلىشاتتى.
هارغىنلىقتىن پادا كه‌يندە قه‌ده‌ملىرىنى سۆره‌پ دېگۈده‌ك كېلىۋاتقان بارات شۇ تاپتا تېزراق قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىشىنى، باي ماللىرىنىڭ قورساقلىرىنىڭ ساڭگىلىغان - ساڭگىلىمىغانلىقىنى كۆره‌لمه‌ي قېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. چۈنكى، كۈن قىسقا، دەريا بويىدىكى ئوتلاقنىڭ ئوت - چۆپلىرى قۇرۇپ تايىنىمۇ قالمىغان بولغاچقا، ئۇ ماللارنى شۇنچه هه‌يده‌پ يۈرۈپ باققان بولسىمۇ قورساقلىرى باي رازى بولغۇده‌ك چىقمىغان ئىدى. شۇڭا، ئه‌تراپ قاپقاراڭغۇ بولۇپ كه‌تسه، نىياز به‌گ ماللىرىنىڭ قورساقلىرىنى ئېنىق كۆره‌لمىسه. . . ئه‌مما، باراتقا شۇ ئايان ئىدىكى، باي شۇ تاپتا باداڭ قورسىقىنى تومپايتىپ، قوللىرىنى ئارقىسىغا قىلىپ، دەرۋازا ئالدىدا مېڭىپ يۈره‌تتى. باراتنىڭ قايتىشىنى تۆت كۆزى بىله‌ن كۈته‌تتى. بارات نىياز به‌گنى شۇ هالدا كۆز ئالدىغا كه‌لتۈرۈۋىدى، تېنى شۈركىنىپ كه‌تتى - ده، بېشىدىكى كىيىۋېرىپ كونىراپ، كىردىن پارقىراپ كه‌تكه‌ن كۆ-ره‌ك تۇمىقىنى ئىختىيارسىز هالدا چۆكۈرۈپره‌ك كىيىۋالدى، خۇددى مۇزلاپ كه‌تكه‌نده‌ك، ئانىسى قولدا تىكىپ به‌رگه‌ن پاختى-لىق چه‌كمه‌ن چاپىنىنى تارتىپ تۈرۈپ قوۋۇشتۇرۇپ، ئه‌سكى به‌لۋېغىنى تېخىمۇ چىڭتىپ قويدى.
بارات پادىنى هه‌يده‌پ قايتىپ كه‌لگه‌نده ئۇنىڭ كۈتكىنىنىڭ ئه‌كسىچه ئه‌مدىلا گۇگۇم چۈشكه‌ن ئىدى، ئه‌مما، نىياز به‌گ ئۇ په‌ره‌ز قىلغانده‌ك قوش قاناتلىق دەرۋازا ئالدىدا ئايلىنىپ مېڭىپ يۈره‌تتى. سه‌رپىش تۇماق، مه‌لله تون كىيگه‌ن باي ماللىرىنى كۆرۈپ، چارلاشقان، ئۆچكىنىڭكىده‌ك بىر تۇتام، ئۇزۇن ساقى-لىنى سىلاپ قويدى - ده، كالا - قويلارنى بىر - بىرله‌پ كۆزدىن كه‌چۈرۈپ، سانىنى ئېلىشقا باشلىدى.

بىر چاغدا بايىنىڭ دەھشەتلىك گۈركىرىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ھەي بارات دېگەن ھارىمى، قېنى سەن؟

نىياز بەگ دەرۋازىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۇرۇپ ماللارنى بىرمۇبىر كۆزدىن كەچۈرۈشكە باشلىغاندىلا بارات ماللارنى يانداپ قېڭىپ تاشقىرىقى ھويلىغا كىرىپ كەتكەن ئىدى. باي ۋارقىرىغاندا ئۇ كالىلارنى تاشقىرىقى ھويلىدىكى ئېغىلغا كىرگۈزۈۋاتاتتى، قويلار بولسا تاشقىرىقى ھويلىدىن باغقا كىرىدىغان ئىشىكتىن مەرىشىپ كىرىپ كېتىشىۋاتاتتى. چۈنكى، قويلار ئۈچۈن قىلىنغان، ئۈستىگە پەۋەس شاخ - چۆپ بېسىلغان قوتان باغ ئىچىدە ئىدى. بارات نىياز بەگنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ دەرۋازا ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقتى ۋە قورقۇپ تۇرۇپ سورىدى:

— مېنى چاقىردىلىمۇ بېگىم؟

— ھوي كىسپۈرۈش، ماۋۇ كالىنى نېمە قىلدىڭ؟ — نىياز بەگ شۇنداق دېگىنىچە باراتقا بىر تەستەك سالدى، باي گويا ئۇنىڭ كۆزىگە ئۇرغاندەك كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. بارات دىر - دىر تىترىگىنىچە شۈمشەيدى. نىياز بەگ ئۇنىڭ سول كاچىتىغا يەنە بىر تەستەك سېلىپ تۇرۇپ سورىدى:

— نېمە قىلدىڭ، دەيمەن، ئۇنىڭ پۇتىغا ئۇرۇپسەن - ھە، ھارىمى؟

شۇ ئارىدا باراتنىڭ قارا كالىغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئۇ نېمىشقىدۇر سەل ئاقساپ قالغان ئىدى. كەينى ئوڭ پۇتىنى ئاۋايلاپ يۆتكەيتتى. كالىغا نېمە بولغاندۇ؟ ئۇ ھېچ بىلەلمىدى، بارات ئۇنى بۈگۈن بىرەر قېتىممۇ ئۇرمىغان ئىدى. بۈگۈنلا ئەمەس، ئۇ ھېچقاچان ماللارنى ئۇرغان ئەمەس، گەرچە ئۇ توغراق شېخىدىن كېسىۋېلىنغان، سىلىقلىنىشىپ پارقىراپ كەتكەن تاياقنى كۆتۈرۈپ يۈرسىمۇ، ھېچقاچان ماللارنى ئۇرمايتتى، ئۇ تاياقنى ئوتلاققا بېرىپ كەلگۈچە بىراۋنىڭ زىرائىتىگە كىرمەكچى بولغان ياكى ئوتلاقتا توپتىن ئايرىلىپ باشقا تەرەپكە كېتىۋاتقان مالنى

توسقاندا ھەيۋە قىلىپ شىلتىپ قوياتتى ياكى مالنىڭ ئالدىغا ئاتاتتى. لېكىن، ئاۋۇ قارا كالا قانداقلارچە ئاقساپ قالدى؟ شۇ ئارىدا ئۇنىڭغا يەنە بىر تەستەك تەگدى، مەڭزى كۆيگەندەك بىلىنىپ كەتتى.

— بېگىم، بېگىم. . . مەن ئۇرمىدىم، — دېدى ئاغرىققا چىدىمىغان بارات ئاخىرى زۇۋان سۈرۈپ ۋە قورقۇنچتىن يىغلامسىراپ، — خۇدا ھەققى، مەن ئۇرمىدىم، بېگىم.

— ئۇرمىساڭ نېمىشقا ئاقسايدۇ ئەمىسە؟ ئۇرمىدىم، دەپ يالغان سۆزلەپ مېنى ئالدىماقچىمۇ سەن ھارامدىن بولغان؟

تۆتىنچى تەستەكتىن كېيىن باراتنىڭ كۆڭلىدىن بىر ئوي كەچتى، كالىنىڭ پۇتىغا شوخا كىرىپ كەتتىمۇ ـ يا؟ كالا يايلاقتىن ئايرىلغاندىمۇ، ئۆيگە ئاز قالغاندىمۇ ئاقسىماي مېڭىۋاتاتتى، بۇنى ئۇ ئېنىق كۆرگەن ئىدى.

— مەن ئۇرمىدىم بېگىم، — دېدى بارات يەنە يىغلامسىراپ تۇرۇپ ۋە پەرىزىنى ئېيتىپ، — شوخا كىرىپ كەتكەن ئوخشايدۇ.

— ئۇنداق سەۋەبلىرىڭگە مېنى ئىشىنىدۇ، دەمسەن ھارىمى، بىلىپ قوي، ماللىرىمنى ئۇرۇپ زەخملەندۈرىدىغان بولساڭ، جېنىڭنى ئالىمەن كىسپۇرۇش، ئەگەر ئەتە ئەتىگەندە كالا يەر دەسسىيەلمىسە، ئاندىن كۆرىسەن ئۇرغىنىمنى تېخى!

نىياز بەگ ئۇنى يەنە بىر نەچچە تەستەك سالدى. بارات ھاقارەت، خورلۇق ۋە ئاغرىق ئازابىدىن يامغۇردەك تۆكۈلۈپلا كەتتى، ئەمما، ئاۋازىنى چىقارمىدى. بارات ماللارنى ئېغىل ـ قوتانلارغا سولاپ بولۇپ ئۆيگە كىرگەندە بولسا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي پاڭڭىدە قىلىپ يىغلاپ تاشلىدى.

بەختىخان ھەممە ئىشنى كۆرۈپ تۇرغان ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى كەچتە ئوغلىنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ قارايتتى، ئەنسىرەيتتى. بىرەر مالنى يوقىتىپ كېلەرمۇ، ماللار تويماي قالارمۇ ۋە بىرەرسىنىڭ زىرائىتىگە كىرىپ كەتكەنمىدۇ؟ دېگەندەك تەشۋىشلىك

خىياللار ئانىنى ئوغلىنىڭ يولىغا تەلمۈرتكۈزەتتى. مۇبادا بىرەر مال يوقىلىپ كەتسە ياكى ماللار بىرەر يۈز ـ ئابرۇيلۇق كىشى-نىڭ زىرائىتىگە كىرىپ قېلىپ زىيان سالسا، يوقالغان مال ياكى زىيان ئۈلارغا قەرز بولۇپ ئارتىلاتتى. ئانا شۇنداق بولۇپ قېلىش-شىدىن ئەنسىرەيتتى. بۈگۈنمۇ شۇنداق تەشۋىش ئىلكىدە ئۆي ئىچىدە دەرۋازىغا قاراپ ئۆرە تۇرغان، باي دەرۋازا ئالدىدا بولغاچقا سىرتقا چىقالمىغان ئىدى. ئۇ نىياز بەگنىڭ ئوغلىنى ئۇرغانلىقى-نى كۆردى. ئوغلىنىڭ كاچىتىغا ھەر بىر تەستەك تەگكىنىدە يۈرىكى پىژىلداپ ئىچىشىپ تۇرسىمۇ ئوغلىغا ئارا تۇرۇش ئۈچۈن بوسۇغىدىن ئاتلىيالمىدى. ئىچ ـ ئىچىدىن يىغلىدى. ئوغلى ئۆيگە كىرىپ پاخسىدە قىلىپ يىغلاپ سالغاندا بولسا، ئۇنى باغرىغا بېسىپ، دەمدەردەك بۇقۇلداپ يىغلىدى:

— بولدى بالام، يۈرىكىمنى ئېزىپ يىغلىما، بولدى، تاياققا ئۆلمەسسەن بالام، بولدى قىل، دەيمەن...

ئانا ـ بالا ئىككىيلەن قۇچاقلىشىپ تۇرۇپ بىر ھازا يىغلاشتى. ياش بىلەن قەلبىدىكى ھەسرەت ـ ئەلەملىرى ئاز بولسىمۇ بىللە ئېقىپ چىقىپ كەتكەندەك بىر ئاز يېنىكلەپ قېلىشتى ۋە ئېسەدەپ ـ ئېسەدەپ توختاشتى.

ئۆيگە تېخى چىراغ يېقىلمىغان ئىدى. بەختىخان نەچچە يېرىگە ياماق چۈشكەن، يۈيۈۋېرىپ ئاقىرىپ سۇزۇلۇپ كەتكەن كېۋەز گۈللۈك ماتا كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى ۋە بېرىپ تەكچىدىكى تارشا گۈڭگۈرتنى ئوچاقتىكى چوغقا تەگكۈزۈپ ياندۇردى، كېيىن مورا بېشىدىكى جىنچىراغنى ياقتى ـ دە، ئوغلىغا:

— يۈر بالام، ھېلىقى مەرەز كالىنىڭ پۇتىغا قاراپ باقايلى، سەن دېگەندەك شوخا كىرىپ كەتكەن بولسا ئېلىۋېتەيلى، ئەتىگىچە ياخشى بولۇپ قالىدۇ، بولمىسا باي سېنى ئەتە يەنە ئۇرىدۇ.

بارات جىنچىراغنى كۆتۈرۈپ ماڭغان ئانىسىغا ئۇنچىقماي

ئەگەشتى. ئۇلار كالا ئىغىلىغا كىرىشتى. كۆشەۋاتقان كالىلار ئانا - بالىغا ئەجەبلەنگەندەك قاراپ قويۇشتى. قارا كالا تام تۆۋىدە كۆشەپ ياتقان ئىكەن، بارات يېنىغا بېرىشىغا ئورنىدىن تۇردى - يۇ، قاچىدى، ھەتتا ئۇ ئارقا ئوڭ پۇتىنى كۆتۈرۈپمۇ قىمىر قىلماي تۇردى. باراتنىڭ پەرىزى راست بولۇپ چىقتى، كالىنىڭ ئوڭ پۇتىنىڭ ئاچا تۇياقلىرى ئارىسىدىن قىلىن گۆشكە يوغان، قاتتىق جىگدە تىكىنى سانجىلىپ قالغان ئىدى. بارات ئۇنى ئېلىۋەتتى، ئاغرىق ئازابىدىن قۇتۇلغان كالا رەھمەت ئېيتقاندەك باراتقا بويىنىنى بۇراپ قاراپ قويدى.

بەختىخان كەچلىك تاماق ئۇچۇن يوبدان ئېتىپ قويغان ئىدى. بارات چامغۇر سېلىنغان مەززىلىك يوبداننى تەرلەپ ئولتۇرۇپ ئىچتى. ئەمما، يېتىپ ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمىدى. ئۇ كۈندە كەچتە يېتىپلا لايەدەك ئۇخلاپ كېتەتتى. ئەمما بۈگۈن. . . ئانا سېزىپ تۇرۇپتىكى، باينىڭ ئاچچىق تەستەكلىرى ئۇنى ئازابلاپ ئۇخلاتمايتتى. ئۇ راست گەپ قىلسىمۇ نىياز بەگ ئىشەنمىدى، بەلكى يالغان سۆزلىدىڭ، دەپ ئۇردى. خورلانغان ئوغلىغا ئىچى ئاغرىغان ئانا شۇلارنى ئويلاپ ئېغىر خورسىندى ۋە ئۆزىمۇ سەزمەستىن باراتنىڭ دادىسىنى تىلغا ئېلىپ سالدى.

— دادىڭ رەھمەتلىك ھايات بولغان بولسىمۇ بۇ دوزاختىن بىر ئامالىنى قىلىپ چىقىپ كېتەتتۇق. . . ئايال خەق ئاجىز، دېگەن گەپ راست ئىكەن، سېنى ئېلىپلا چىقىپ كېتەي دېسەم، بارىدىغان يېرىمىز يوق، باش تىققۇدەك ئۆيىمىز، تىرىغۇدەك ئەمەس، ئولتۇرغۇدەكمۇ يېرىمىز يوق. . .

بەختىخاننىڭ ئېيتقىنى راست ئىدى. باراتنىڭ دادىسى توختى قارا يېتىم ئىدى. ئۇ خۇددى باراتتەك ۋاقتىدا ئاتا - ئانىسى، ئاچىسى بۇ يۇرتتا تارىغان قارا كېزىك كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى. نىياز بەگ يېتىمنىڭ بېشىنى سىلىغان بولۇپ، ئۇنى ئۆيىگە ئەكىلىۋالغان ئىدى. باي گەرچە توختىـ

نى كىشىلەرگە بالا قىلىپ بېقىۋالدىم، دېسىمۇ، ئۇلار بەتتەر ئىشلەتكەن. ئاتا ـ ئانىسىدىن قالغان يەرلەرنى ئۆزىنىڭ قىلىۋال-غان ئىدى، ئۆيلىرىنى چېقىپ ئېتىزلىققا قوشۇۋەتكەن ئىدى، ئەمدى ئۇ يەرلەرنى بىزنىڭ يېرىمىز، دېگىلى بولامتىمۇ؟ بەختى-خان ئۆزى بولسا باشقا يۇرتتىن كېلىپ قالغان تۇل خوتۇننىڭ يالغۇز قىزى ئىدى، ئۇ ئانىسىغا ئەگىشىپ بۇ يۇرتقا كەلگەندە هازىرقى باراتتىنمۇ كىچىك ئىدى ۋە بۇرۇنقى يۇرتىدا قانداق يېقىن كىشىلىرىنىڭ بارلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. ئانىسى رەھمەتلىك قول ئىلكىدە بار كىشىلەرنىڭ ئاياللىرىنىڭ، كېلىن ـ قىزلىرى-نىڭ چېچىنى تاراش بىلەن تاپقان يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكلەر بىلەن ئىككى جاننى باقاتتى. ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىدە قوشنا ئولتۇراتتى، تېرىغۇدەك يېرى يوق ئىدى. بەخ-تىخان راسا تولۇپ بويىغا يەتكەن كۈنلەردە ئانىسى كېسەل بولۇپ يېتىپ قېلىپ ئورنىدىن تۇرالمىغان، ئۇنى بۇ كۆلپەتلىك دۇنياغا يالغۇز تاشلاپ كەتكەن ئىدى. . . بارات ئانىسىنىڭ خىياللىرىنى بۆلۈپ:

— جېنىم ئانا، دادام زادى قانداق ئۆلۈپ كەتكەن، سۆزلەپ بېرە، كىشىلەر دادامنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا ھەر خىل سۆزلەرنى قىلىشىدۇ، — دېدى.

راست، مەرھۇم توختىنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا يۇرتتا ھەر-خىل گەپ ـ سۆزلەر بار ئىدى، بىرلىرى ئۇنى «كالا ئوغرىلى-غان» دېسە، بىرلىرى «ئوغرى بىلەن شېرىك بولغان» دەيتتى، بىرلىرى ئۇنى «تۈرمىدە كېسەل بولۇپ ئۆلگەن» دېسە، بىرلىرى «گۇندىپايلار ئۆلتۈرۈۋەتكەن» دېيىشەتتى. لېكىن، بەختىخانغا ئۇنىڭ قانداق ئادەملىكى ۋە تۈرمىدە قانداق ئۆلگەنلىكى ناھايىتى ئېنىق ئىدى. ئۇ ئوغلىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرەي، دەپ تۇرۇ-شىغا بارات يەنە سوراپ قالدى.

— دادام راست نىياز بەگنىڭ كالىسىنى ئوغرىلىغانمۇ ئانا؟

— ياق بالام، — دېدى ئانا ئىتتىكلا نېمىدىندۇر سەسكەنگەن-دەك شۈركىنىپ، — داداڭ ھەرگىز ئۇنداق ئادەم ئەمەس، دا-داڭنى ياخشى بىلىمەن. ئۇ ئۇنداق قىلىدىغان ئادەم ئەمەس، باي ئۇنىڭغا تۆھمەت چاپلىغان. مەن داداڭنىڭ ئەمرىگە ئۆتكەندە، تازا قۇرامىغا يەتكەن، كۆچكە تولغان يىگىت ئىدى.

بەختىخان شۇ سۆز بىلەن ئۆتمۈشنى ئەسلەپ سۆزلەپ كەتتى. . .

بەختىخان تازا تولۇپ، بويىغا يەتكەن كۈنلەردە ئانىسى ئۆ-لۈپ كەتتى. نىياز بەگ ئۇلارغا مېھرى - شەپقەت قىلغان بولۇپ، مەرھۇمنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىغا ئىگە بولدى ۋە نەزىر - چىد-راغلىرىنى بەردى. قىرىق نەزىرىسى ئۆتكۈزۈلگەن كۈنى بەختى-خاننىڭ بېشىنى سىلايمەن، يېتىمگە ئاتىدارچىلىق قىلىمەن، دەپ ئۇنى ئۆز ئۆيىگە ئاپىرىۋالدى. مەرھۇم ئانىنىڭ يىل نەزىرىسىدىن كېيىن بولسا ئۇنى توختىغا چېتىپ، نىكاھىنى ئوقۇتۇپ قويدى.

بۇ توختىنىڭ يىگىرمە ياشتىن ھالقىغان، قىران مەزگىلى ئىدى. باينىڭ ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىنى قىلاتتى، نىياز ئۇ چاغلاردا يۇرتتا ئىككىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدىغان بايلاردىن بول-سىمۇ، لېكىن بەگ ئەمەس ئىدى، تېرىلغۇ يېرى كۆپ بولغىنى بىلەن مال - چارۋىسى ئاز ئىدى ۋە مال - چارۋىسىنى يەنە بىر يېتىم بالا سادىر بېقىپ يۈرەتتى. ئۇ تاشقىرىقى ھويلىدا، توختى-لارنىڭ ئۆيىگە يانداش ئۆيدە يېتىپ - قوپاتتى.

بەختىخان باراتقا ھامىلدار بولغان كۈنلەر ئىدى، بۇ ئىش-تىن ئەر - خوتۇن ناھايىتى خۇشال ئىدى. بولغۇسى ئانىنىڭ ئاي - كۈنى يېقىنلىغانسېرى ئۇلار خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا پاتماي يۈرەتتى. بالىمۇ تۇغۇلدى. گويا ئۇلارنىڭ كەپىسىدە قۇ-ياش چىققاندەك ھېس قىلىدىغان بولۇشتى، كۈن بويى ئىشلىسىمۇ چارچىمايتتى — باي زۇلۇم سېلىپ، ھاقارەتلەپ تۇرسىمۇ، خور-لۇق، ئازاب ھېس قىلىشمايتتى. ئەمما، بىر كېچىسى. . .

ئۇ كېچە نىياز باينىڭ ئىككى كالىسىنى ئوغرى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئاخشىمى كالا ئېغىلىنىڭ ئىشىكىگە شادا قۇلۇپ سېلىناتتى، بۇ ئىشنى پادىچى سادىر قىلاتتى، ئەمما شۇ ئاخشىمى ھېرىپ كەتكەن سادىر بالدۇرلا ئۇخلاپ قالغاچقا، توختى ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ ئويغاتماي، ئېغىلنىڭ ئىشىكىنى ئۆزى قۇلۇپلىغان، ئاچقۇچنى بولسا سادىر ياتىدىغان ئۆينىڭ ئىشىكىنىڭ بېشىغا ئېسىپ قويغان ئىدى. بۇ ئىش باينىڭ گۇمانىغا سەۋەبچى بولدى، ئوغرى تۇتۇلمىغانسېرى ئۇ بۇ ئىشنى توختىدىن كۆردى، ئەگەر توختى ئوغرى بىلەن شېرىك بولمىسا، ئوغرى كېچىسى ئاچقۇچنىڭ ئىشىك بېشىدا ئىكەنلىكىنى قانداق بىلىدۇ؟ ئۇ ئاخىرى مۇشۇنداق ئوي - گۇمانى بويىچە توختىنىڭ ئۇستىدىن ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىغا ئەرز قىلدى. ئۇ ساقچى توختىنى قىيىنسا، توختى شېرىكلىرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ، ئوغرى تۇتۇلىدۇ. دەپ ئويلايتتى. ساقچىلار ئۇنىڭ تەلىپى بويىچە توختىنى قامىدى، نەچچە ئاي ئازابلاپ سوراق قىلدى. لېكىن، نىياز باي كۈتكەن جاۋابقا ئىگە بولالمىدى، ئوغرىمۇ تېپىلمىدى. توختىمۇ ساقچىدىن چىقالمىدى، تاياق زەربىسىدىن كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتتى. . .

بارات دادىسىنىڭ قانداق ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۈن - تىنسىز كۆز يېشى قىلدى. ئۇنىڭ قەلبىدە قىساس ئوتى ئۇچقۇنلىغاندەك بولدى.

## 2

قارا قىش كۈنلىرى ئىدى. شىۋىرغان قارلارنى ئۇچۇرۇپ، توزغىتىپ تۇراتتى. ئاچچىق سوغۇق جان - جاندىن ئۆتۈپ كېتەتتى. بارات پادىنى ھەيدەپ ئۆيگە كەلگۈچە قاراڭغۇ چۈشۈپ كەت-

تى. دەرۋازا ئالدىدا مېڭىپ يۈرگەن نىياز بەگ كالا ـ قويلارنى بىرمۇ بىر كۆزدىن كەچۈردى. سوغۇق شامالدىن توڭۇپ، غازاڭ-دەك تىترەپ تۇرغان بارات كالا ـ قويلارنى ئېغىل ـ قوتانلارغا سولىدى. ئۆيگە كىرىپ، ئۇدۇل ئوچاق ئالدىغا باردى. بەختىخان ئۇماچ ئېتىۋاتاتتى، ئوچاقتا قوناق شاخلىرى لاپىدە قىلىپ كۆ-يۈپ، دەم كۆزنى يۇمۇپ تۇراتتى، بارات بىر تۇتام قوناق شېخى-نى ئۇشتۇپ ـ سۇندۇرۇپ ئوچاققا سالدى ۋە لاۋۇلدىغان ئوتقا مۇزدەك بولۇپ قالغان قوللىرىنى قاقلىدى. لېكىن، قول تېرى-لىرى ئېچىشىپ كەتتى.

تاماقتىن كېيىن ئوچاق ئالدىدا ئولتۇرۇۋېلىپ چورۇقىنى يەشتى، پايتىمىلىرىنى كولۇك ئەتراپىغا يايدى. پايتىمىدىن كۆ-تۈرۈلگەن سېسىق هور ئۇنىڭ بۇرنىغا ئۇرۇلۇپ ئېچىشتۇرۇۋەت-تى. ئەمما بارات بۇنى سەزمىگەندەك خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ شۇ تاپتا دادىسىنى خىيال قىلىۋاتاتتى. دادىسىنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى يۈرىكىدە ساقايماس جاراھەت پەيدا قىلغان ئىدى. شۇ تاپتا شۇ جاراھەت ئېچىشىپ ئاغرىتىۋاتاتتى. بىگۇناھ بىر ئادەم ئاساس-سىز گۇمان بىلەن قامىلىپ، ئۇرۇپ، قىيناپ ئۆلتۈرۈۋېتىلسە، ئۇنىڭ سورىقى بولمىسا، بۇ قانداق جاھان ئاخىر؟

باراتنىڭ تۇيۇقسىز ئانىسىغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئۇ ئو-رۇن سېلىۋاتاتتى. ئانار شۆپىكىنى قايىنتىپ بويىغان خامدىن تىكىلگەن يوتقان ـ كۆرپە. . . باراتقا ئانىسى مومايلارغا ئوخشاش مۈكچىيىپ قالغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ تېخى ئوتتۇز ياشقىمۇ كىرمىگەن ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ نەچچە يەرگە ياماق چۈشكەن كىيىملىرى، بېلىنى سەل ئېگىپ مېڭىشى ئۇنى ياشانغان ئاياللار-دەك قىلىپ كۆرسىتەتتى، بارات ئېغىر خورسىنىپ قويدى. باينىڭ ئورۇنسىز گۇمانى ۋە گۇندىپايلارنىڭ تاياق، مۇشتلىرى ئۇنى يېتىم قىلىپلا قويماي، ئانىسىنىمۇ ئۆمۈرلۈك بەختسىز قىلىپ قويغان ئىدى. بۇنداق تەڭسىزلىك، ناھەقچىلىقنى ئاللامۇ

كۆرۈپ تۇرامدىغاندۇ؟ ئاھ، خۇدا، نېمىشقا بىزدەكلەرنىڭ ھالىغا يەتمەيدىغانسەن؟

بارات مۇڭلىنىپ ئولتۇرۇپ، دادىسى ئۇچۇن ئۆچ ئېلىش خىيالى يەنە كۆڭلىدىن كەچتى. ئۇ دادىسىنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى ھەققىدە ئانىسىنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، نېمىشقىدۇر پات ـ پات ئۆچ ئېلىش ھەققىدە ئويلاپ قالاتتى. كىمدىن ئۆچ ئالىدۇ؟ ئەلۋەتتە نىياز بەگدىن، چۈنكى ئۇ دادىسىنىڭ تۈرمىگە قامىلىشىغا، ئۇ يەردە قىيناپ ئۆلتۈرۈلۈشىگە سەۋەبچى بولغان. قانداق ئۆچ ئالىدۇ؟ بۇنى ئۇ ھازىرچە بىلمەيتتى. ئەمما، دائىم ئۆچ ئېلىشنى ئويلايتتى...

بارات نىياز بەگدىن دادىسىنىڭ ئۆچىنى ئېلىشنى ئويلاپ يۈرۈپ نەچچە يىلنى ئۆتكۈزدى. ئۇ ئەمدىلا ئون بەش ياشقا كىرگىنىگە قارىماي، بوي تارتىپ، تەن قويۇپ چوپچوڭلا ئادەم سىياقىغا كىرىپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىمۇ كۈچكە تولغاندەك، بالاغەتكە يەتكەندەك ھېس قىلاتتى.

شۇ كۈنلەردە ئۇ ئۆز ۋاقتىدا ئۆزىگە ئوخشاش پادا باققان، ئەمدىلىكتە يىل بويى نىياز بەگنىڭ ئېتىزىدىن كىرمەي ئىشلەيدىغان سادىر بىلەن يېقىن بولۇپ قالغان ئىدى. سادىر 20 ياشلاردىن ھالقىغان بولسىمۇ، تېخى ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولالمىغان ئىدى. ئۇ باراتلار بىلەن بىر ھويلىدا قوشنا ئولتۇراتتى، ئايلىقچى، كۈنلۈكچىلەر بىلەن بىرگە باينىڭ ئۆيىدىن تاماق يەيتتى. ئۇ نېمىشقىدۇر، بەلكىم سەرگۈزەشتىلىرى ئوخشاش بولغىنى ئۈچۈنمىكىن، باراتنى ياخشى كۆرەتتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بوش ۋاقتى بولسىلا مۇڭدىشاتتى.

تۈنى قىسقا، كۈندۈزى ئۇزاق تومۇز كۈنلىرى ئىدى. بىر ئاخشىمى ئۇلار ئىككىسى ئۆگزىدە بىرگە يېتىشتى. سادىر مۇڭدىشىپ يېتىپ ئۆز ھەسرەتلىرىنى ئېيتتى:

— يېشىم بىر يەرگە بېرىپ قالدى. ئۆيلىنەي دېسەم باي

ھېچ ئۇنىمايدۇ. مېنى ئۆيلەنسە، بۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىدۇ، دەپ قورقسا كېرەك. شۇنداق ئويلىغىنىغا، مانا ئەمىسە دەپ بويتاق پېتىم چىقىپ كەتسەم، قانداق قىلاركىن ئۇ ئاچ كۆز.

— بۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىش مۇمكىنمۇ؟ — دەپ سورىدى بارات ئۇنىڭ چىقىپ كېتىمەن دېگەن سۆزىگە قىزىقىپ، چۈنكى، ئۇ بايىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كەتكىلى بولمايدۇ، دەپ ئويلايتتى ۋە باشقىلاردىن بۇ يەردە يېگەن تاماق، كىيگەن كىيىملەرنى قەرزگە ھېسابلاپ، يىللىقچىلارنى باي ئۆيىدىن چىقارمايدۇ، دەپ ئاڭلىغان ئىدى.

— نېمىشقا مۇمكىن ئەمەس؟ — دېدى سادىر ئىشەنچلىك سۆزلەپ، — مەن ئۇنىڭغا ئۆيۈڭدىن كېتىمەن، دەپ ئېيتىپ ئولتۇرمايمەن، ئۇنداق دېسەم ئۇ ئاچ كۆز ماڭا «سېنى مانچە يىل ئاش - نان بېرىپ باقتىم، كىيىم كىيگۈزدۈم، سەن ماڭا مانچە-لىك قەرزدار، بۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتەر بولساڭ قەرزىڭنى تۆلەپ كەت» دەپ ئالدىمغا تاقاق سېلىپ تۇرۇۋالىدۇ. شۇڭا، بىر ئاخشىمى گەپمۇ قىلماي كېتىپ قالسام، لېۋىنى چىشلەپ قالىدۇ شۇ.

— ئادەم ئەۋەتىپ تۇتۇپ كەلسىچۇ؟

— ئۇنداق قىلغۇچە قاراپ تۇرامدىمەن؟ بىر ئاخشامدىلا غىپ-پىدە تىكىۋېتىمەن، ئەتىسى ئۇ ئويغىنىپ مېنىڭ بار - يوقلۇ-قۇمنى بىلىپ بولغۇچە بۇ يەردىن يىراق بىر يەرگە بېرىپ بولى-مەن، دېگىنە. جاھانىنىڭ ئېتىكى كەڭرى، ئاردىن بىر كۈننى ئۆتكۈزۈۋالسام، ئۇ مېنى نەدىن تاپالايدۇ، دەيسەن؟

بارات ئويلىنىپ قالدى: سادىر توغرا ئويلىغاندەك قىلاتتى، ئۇ بايىنىڭ ئۆيىدە قۇلدەك ئىشلەپ، خارلانغاندىن كۆرە قېچىپ كەتسە، بۇ يۇرتتىن يىراق، بەگنىڭ ھۆكۈمى ئۆتمەيدىغان بىر يەرگە بېرىپ ئۆز ئالدىغا ماكان تۇتۇپ ياشىسا، ھەقىقەتەنمۇ ياخشى بولمامدۇ؟ قوشلارنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا چاڭگىلىرى بولىدۇ.

ئاللا تەڭ يارانقان بەندىلەرنىڭ تېخىمۇ ئۆز ئالدىغا ماكانى بولۇشى كېرەك ـ دە. . .

بارات شۇنداق خىيال سۈرۈپ يېتىپ ئۇخلاپ قالدى ۋە سەھەرگە يېقىن چۈش كۆردى. چۈشىدە ئۇ بىر چۆللۈكتە كېتىپ بارغۇدەك، بىر جايدا بىر قۇش ئۇچۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا چۈشكۈدەك ۋە ئاپئاق ساقال بوۋايغا ئۆزگىرىپ: «ھەي يىگىت، نەگە بارىسەن؟» دەپ سورىغىدەك، بارات: «نەگە بېرىشىمنى بىلمەيمەن، ئەمما نىياز باينىڭ ئۆيىدىن يىراق بىر يەرگە كېتەي، دەيمەن» دېگۈدەك، كېيىن ئۇ بوۋاي: «بوپتۇ، يىراققا، باي سېنى ئىزدەپ بارالمايدىغان يەرگە كەت. ساڭا بىر خەنجەر بې-رەي، ئۇ ساڭا ھەمراھ بولىدۇ. قاراقچىلار ئالدىڭنى توسسا، بۇ خەنجەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بەر» دېگۈدەك ۋە ئۇنىڭغا بىر خەنجەر بەرگۈدەك. . . چۈشى شۇ يەرگە كەلگەندە بارات ئويغىنىپ كەتتى ۋە كۆرگەن چۈشىنى ئويلاپ ھاياجانلىنىپ، ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمىدى.

ئەمما، ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، بارات ئۇچۇن چوڭ كېلىش-مەسلىك يۈز بەردى.

بۇغدايلار ئورۇلۇپ بولۇپ، خامان تېپىلىۋاتقان، ئىگىزلىق-لار ئېچىلغان كۈنلەر ئىدى. بارات پادىنى باينىڭ ئىگىزلىقىدا بېقىپ يۈرەتتى. بىر كۈنى ئۇ چىڭقى چۈش ۋاقتىدا دەرەخ ساي-سىدا سوغۇق سۇ بىلەن نان يەپ ئولتۇراتتى. قورساق تويغاندىن كېيىن ئىسسىقتا ئېزىلىپ مۈگدەپ قالدى، شۇنداق بىر تاتلىق ئۇيقۇ ئۇنىڭ ئۇگە ـ ئۇگىلىرىنى بوشىتىپ، يېنى يەر تارتىپ كېتىپ باراتتى، ئۇ ئىختىيارسىز داق يەرگە قىيسايدى. بىر چاغدا چۆچۈپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئالاقزادىلىق بىلەن ئەتراپقا قارىدى، كالىلارنى باينىڭ كۆممىقوناقلىقىدا كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ يۈگۈردى، لېكىن ئۇ كېچىك-كەن ئىدى، ئىگىزلىقتا بىر نەرسە تېپىپ يېيەلمىگەن كالىلار

بىر پارچە قوناقلىقنى ئوبدانلا ۋەيران قىلىپ ئۆلگۆرگەن، قوناقلارنىڭ يېگىنىنى يەپ، سۇندۇرىدىغىنىنى سۇندۇرۇپ بولغان ئىدى. بارات كاللارنى ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم غەزەپ بىلەن كالتەكلەپ، سۇرۇپ قوغلاپ چىقتى. لېكىن، بۇ ئىشى ئۇچۇن ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي ئۆلگۇدەك تاياق يېدى.

كاللارنىڭ بىر پارچە قوناقلىقنى پېتىقلاپ چەيلىۋەتكەنلىكىنى كىمدۇر بىرى كۆرگەن ئىكەن، ئۇ بېرىپ بايغا خەۋەر قىلىپتۇ، نىياز بەگ هايال ئۆتمەي قۇيۇندەك يېتىپ كەلدى. كەلدى ـ دە، باراتنى ئادەم ئاغزىغا ئالغۇسىز سەت سۆزلەر بىلەن تىللاپ، قوغلاپ يۈرۈپ قامچا بىلەن راسا قامچىلىدى، ئۇ قارا كۆندىن چىرايلىق قىلىپ ئۆرۈلگەن دەستىسى نەقىشلەنگەن قامچا ئىدى. نىياز بەگ ئۇنى يىراق ـ يېقىن جايلارغا ئات مىنىپ بارغىنىدا ئىشلەتمىسە، باشقا چاغلاردا تۇتۇپمۇ قويمايتتى، قامچا بوگۇن ئۇنىڭ قولىغا قانداقلارچە چىقىپ قالغىنىنى بىر خۇدا، بىر ئۆزى بىلەتتى. ئۇ قامچىنىڭ ئازابىنى بارات بىرىنچى قېتىم، ئەمما ئۆمۈر بويى ئۇنتۇغۇسىز دەرىجىدە تېتىدى. قامچا تەگكەن يەر دەرهال ئىشىشىپ چىقتى ۋە ئېچىشىپ، خۇددى لازا سۇركىگەندەك كۆيۈپ ئاغرىپ ئازابلىدى. بارات ئاچچىق ئازابقا چىدىماي يىغلىۋەتتى.

بەختىخان كەچتە پادا هەيدەپ قايتقان ئوغلىنى يۇز ـ كۆزلىرى تىلىم ـ تىلىم بولۇپ ئېتىلىپ ـ يېرىلىپ، ئىششىپ ـ كۆكىرىپ كەتكەن هالدا كۆرۈپ ئۆزىنى تۇتالماي يىغلىۋەتتى، ئۇنى قاراڭغۇ ئۆيگە باشلاپ كىرىپ باغرىغا باستى، ئانا ـ بالا بىر هازا شۇ هالدا يىغلاشتى، كەچتە بارات يەنە سادىر بىلەن ئۆگزىدە ياتقان ئىدى، سادىر ئۇنىڭ نېمە ئۇچۇن شۇنچە قامچىلانغىنىنى ئاڭلاپ ئىچ ئاغرىتتى:

— هەي، بىچارە ئۇكام، قانداقمۇ چىدىغانسەن قامچىنىڭ ئازابىغا ـ هە؟ — دېدى ئۇ ئۇهسىنىپ قويۇپ، — نىياز بەگ

دېگىنىڭ ئادەم ئەمەس، ۋەھشىي ھايۋان، شۇڭا مەن بۇ دوزاختەك ئۆيدىن يىراقراق يەرگە كېتەي، دەيمەن.

— مەنمۇ كېتىمەن، لېكىن، ئۇ ئەبلەختىن قانغۇدەك ئەن-تىمنى ئېلىپ قېچىپ كېتىمەن، — دېدى باراتمۇ بۈگۈن پادا ھەيدەپ قايتىپ كېلىۋېتىپ كۆڭلىدىن كەچكەن ئويىنى ئېيتىپ.

— ئاناڭچۇ؟ سەنمۇ قېچىپ كېتەرسەن، ئەمما، بەختسىز ئاچامنى قانداق قىلىسەن؟

بارات بۇ سوئالغا جاۋاب بېرەلمەي جىم بولۇپ قالدى، چۈنكى، ئۇ ئىشنىڭ بۇ تەرىپىنى ئويلىمىغان ئىدى. ئۇ ئاخىرى دەرھال كۆڭلىدىن كەچكەن ئويىنى ئېيتتى:

— ئانامغا باشقا يۇرتقا بىللە كېتەيلى، دەپ يېلىنىمەن، كەتمىسە، مەيلى، ئۆزى بىلسۇن، ئەمما، مەن ئەمدى بۇ ئۆيدە تۇرمايمەن، باينى پوخادىن چىققۇدەك ئۇ-رۇپ، ئەنتىمنى ئېلىۋېلىپ قېچىپ كېتىمەن.

سادىر باراتنى غەزەپتىن ئاشۇنداق دەۋاتىدۇ، ئانىسىنى تاش-لاپ ھېچ يەرگە كېتەلمەيدۇ، دەپ ئويلاپ، بۇ ھەقتە ئارتۇقچە گەپ - سۆز قىلمىدى. لېكىن، بارات بايدىن ئەنتىنى ئېلىش خىيالىنى ئۆزىدىن نېرى قىلالمىدى.

ئۇ شۇ كېچە ئازاب، ئاغرىقتىن تۇزۇكرەك ئۇخلىيالمىدى. قامچا ئىز قالدۇرغان جايلار ئەتىسىمۇ ئېچىشىپ، كۆيۈپ ئاغرىپ قىينىدى. شۇڭا كۈن بويى پادا كەينىدە يۈرۈپ، بايدىن قانداق ئۆچ ئېلىش ئۈستىدە ئويلاندى، باش قاتۇردى. ئاخشىمى تاماقتىن كېيىن ئانىسىغا بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچتى. ئانا ئوغلىنى بايدىن ئۆچ ئېلىش ئويىدىن توستى:

— ئۇنداق يېنىكلىك قىلما جېنىم بالام. باينىڭ قولى ئۇ-زۇن، ئۇنى ئۇرۇپ قويۇپ قېچىپ كەتسەڭ، سېنى بەربىر تۇتۇۋالىدۇ.

— مەيلى، بېشىمغا كەلگىنىنى كۆرىمەن، بۇ ئىش بىلەن

سىنىڭ كارىڭ بولمىسۇن، ئەمما، سەن مەن بىللە كەت-
كىن، جېنىم ئانا، — دېدى بارات كاجلىق بىلەن.

— ياق، سەنمۇ كەتمەيسەن، مەنمۇ كەتمەيمەن، قېچىپ نەگە
بارالايمىز؟ بەگ بىزنى بەربىر تۇتۇۋالىدۇ.

— جاھاننىڭ ئىتىكى كەڭرى، بىزگىمۇ باش تىققۇدەك بىر
جاي تېپىلىپ قالار، ئانا.

— ياق جېنىم بالام، ئۇنداق بىمەنە خىيالدا بولما.

— ئەتىمنى ئالماي قويمايمەن ئانا، چوقۇم ئۆچ ئالىمەن.

— ياق، ئۇنداق قاراملىق قىلما بالام. . .

ئانا - بالا ئىككىيلەن ئۇزاققىچە ئۆزلىرىنىڭ سۆزلىرىنى
تەكرارلاشتى. ئوغلى ئانىسىنى بىللە قېچىپ كېتىشكە قايىل
قىلالمىدى، ئانىمۇ ئوغلىنى ئۆچ ئېلىش نىيىتىدىن ياندۇرالمى-
دى. ئۇلار شۇ ھالدا ئۇخلاپ قېلىشتى، راستىنى ئېيتقاندا، ئانا
ئۇخلاپ قالدى، بارات ئۇخلىيالمىدى.

بارات بۇ كېچە ئۇخلايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. قامچا تەگكەن
جايلار ھېلىمۇ كۆيۈپ ئاغرىۋاتاتتى، خورلۇق، ئەلەم ئۇنى تېخىمۇ
قىيناۋاتاتتى، قىساس ئوتى يۈرىكىدە يالقۇنجاپ تۇراتتى. ئۇ ئا-
خىرى غەزىپىگە پايلىيالمىدى. يوتقاندىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ ھويلى-
غا چىقتى. ئاسماندا يۇلتۇزلار چاقناپ تۇراتتى. ئايدىڭ بولمىسى-
مۇ بەكمۇ قاراڭغۇ ئەمەس ئىدى، كۆز ئالدىدىكى نەرسىلەرنى
ئىلغا قىلغىلى بولاتتى. ئۇ ئاختۇرۇپ يۈرۈپ، ھويلىدىن بىر
كالتەك تاپتى ۋە قورۇنى ئېچىپ باغقا كىردى، باغنى ئايلىنىپ،
ئىچكىرىكى ھويلا تەرەپكە ئۆتتى. ئۇ تەرەپتە بىر كۆل بار ئىدى.
نىياز بەگ تىنجىق بولغان كۈنلىرى كېچىسى كۆل بويىدا كارىۋاتتا
ياتىدىغانلىقىنى بارات بىلەتتى، ئۇ باينى بۇ ئاخشاممۇ شۇ يەردە،
دەپ ئويلايتتى. ئۇنىڭ پەرىزى توغرا بولۇپ چىقتى، بارات قاپقا-
راڭغۇ باغ ئىچىدىن كېتىۋېتىپ، كۆل تەرەپتىن كېلىۋاتقان خو-
رەك ئاۋازىنى ئاڭلىدى، بۇ سۆزسىز نىياز بەگ ئىدى. ئۇ چالا

بوغۇزلانغان كالىنىڭ خارتىلدىشىغا ئوخشاش سەت خورەك تارتىۋاتاتتى. بارات كېچە بولۇشىغا قارىماي، تولىمۇ ئېھتىيات بىلەن كېتىۋاتاتتى. يۈرىكىنىڭ دۈپۈلدەپ سوقۇپ تۇرغىنىنى ئېنىق ئاڭلاپ تۇراتتى، گويا كىمدۇر بىرى ئۆزىنى مارىلاپ تۇرغاندەك بىلىنىپ، تەشۋىشلىنەتتى. ئۇ ئاشۇ ھالەتتە بىر بېسىپ ـ ئىككى بېسىپ كۆل بويىغا يېقىنلاشتى. باي ھېچنەرسىنى سەزمەي ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئاپئاق ياستۇقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بارات كارىۋاتقا ئاستا يېقىنلاپ باردى، كالتەكنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ بىر تىنىق ۋاقىت توختاپ قالدى. چۈنكى، يۈرىكى قورقۇنچلۇق دۈپۈلدەپ كەتكەن ئىدى. ئاخىرى نىياز بەگنىڭ مەيدىسىگە زەرب بىلەن بىر كالتەك ئۇردى، ئۇردى ـ يۇ، قورقۇپ كېتىپ يەنە توختاپ قالدى، سەۋەبى، باي خورەك تارتىشتىن توختاپ جىم بولۇپ قالغان، باراتنىڭ كۆڭلىدىن بولسا، باينى ئۆلتۈرۈپ قويدۇممۇ ـ نېمە، دېگەن قورقۇنچلۇق ئوي كەچكەن ئىدى. لېكىن، ئۇ خاتا ئويلىغان ئىدى. باي تۇيۇقسىز كۆزىنى ئېچىپ «ئادەم بارمۇ؟» دەپ دەھشەتلىك ۋارقىرىدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپلا ئالسا بارات ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيتتى، شۇڭا، بارات نىياز بەگنى قوناق سوققاندەك دۇمبالاشقا باشلىدى. باي ۋايجانلاپ، ۋارقىراپ يۈرۈپ ئورنىدىن تۇرماقچى بولاتتى، ئاخىرى ئورنىدىنمۇ تۇردى، ئەمما، كۈچ بىلەن دەل بېلىگە ئۇرۇلغان كالتەك ئۇنى كۆلگە تىك موللاق چۈشۈردى.

ئەمدى بارات ئۈچۈن بۇ يەردە تۇرۇش خەتەرلىك ئىدى. ئۇنىڭسىزمۇ ئۇ باينى راسا كالتەكلەپ، ئۆچىنى ئالغاندەك، پۇخادىن چىققاندەك بولدى، شۇڭا، تاشقىرىقى ھويلىغا قاراپ قاچتى. ئۇ ئىشىكتىن تاشقىرىقى ھويلىغا كىرىشىگىلا بىرى بېلىكىدىن كاپپىدە تۇتۇۋالدى، بارات گويا يۈرىكى بېغىشىدىن ئۈزۈلۈپ كانىيىغا كەپلىشىپ قالغاندەك قورقۇپ كەتتى، غال ـ غال تىتى-

-رىدى. لېكىن، ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتقان سادىر ئىدى، ئۇ نىياز بەگنىڭ تۇنجى كالتەكنى يەپلا دەھشەتلىك ۋارقىرىشىدىن چۆچۈپ ئويغانغان، ئۇنىڭ ۋايجان - ۋايىيەيلىرىنى ئاڭلاپ نېمە ئىش بول-غانلىقىنى ئويلاپ ئۇلگۇرگەن ۋە باراتنىڭ قېچىپ چىقىۋاتقانلىقى-نى كۆرۈپ ئۆگزىدە ياتقان يېرىدىن سەكرەپلا چۈشكەن ئىدى.

— نېمە قىلىپ قويدۇڭ ئەخمەق؟ — دېدى سادىر باراتقا بوشقىنا كايىپ، — باينى كالتەكلەپسەن - دە؟ ئەمدى ئۆزۈڭنى دەرھال دالدىغا ئال، — ئۇ دەقىقە ئويلىنىپ قالدى، — مۇنداق قىلايلى، سەن ئىتتىك بېرىپ، يېزىنىڭ ئارقىسىدىكى قەبرىستاندى-لىقتا تۇرۇپ تۇر، مەن كەينىڭدىن بارىمەن، ئىككىمىز بىرگە قېچىپ كېتەيلى.

سادىر شۇنداق دېگەچ باراتنى يېتىلەپ بېرىپ دەرۋازىنى ئاچتى، بارات ئۇچۇن قاچماقتىن باشقا يول يوق ئىدى، ئۆزىمۇ باينى پۇخادىن چىققۇدەك ئۇرۇۋېلىپ قاچماقچى ئىدى. شۇڭا، سادىرنىڭ مەسلىھىتىنى ئۇن - تىنسىز قوبۇل قىلدى، ھەتتا ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن بىرگە قاچماقچى بولغانلىقىدىن خۇشال بولدى ۋە دەرۋازىدىن چىقىپلا تۈن قوينىدا غايىب بولدى.

باينىڭ ۋارقىراپ - جارقىراشلىرىنى ئاڭلاپ، ئىچكىرىكى ھويلىدىكى خوتۇن - بالىلىرى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، ئۇپۇر - توپۇر بولۇشۇپ كېتىشتى. سادىر بەختىخاننىڭ ئىشىكى-نى چەكتى. ئۇمۇ ئاللىقاچان ئويغانغان، ئوغلىنىڭ يېنىدا يوقلۇ-قىنى كۆرۈپ ۋە باينىڭ «ئادەم بارمۇ؟ ئوغرىنى تۇتۇڭلار. . .» دەپ جار سېلىشلىرىنى ئاڭلاپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى قىياس قىلىپ ئۇلگۇرگەن ئىدى. ئۇ تىترەپ تۇرۇپ ئىشىكنى ئاچتى، سادىر ھەممە ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتتى. بەختىخان يىغلاپ كەتتى، ئەمما ئاخىرى ئامالسىز ئوغلىغا ئامانلىق تىلەپ، دۇئا قىلدى، سادىرمۇ بەختىخان يوللۇق تۇتقان تۆت زاغرىنى قوينىغا سالدى - دە، دەرۋازىدىن ئوقتەك تېز چىقىپ كەتتى.

# 3

بارات بىلەن سادىر شۇ چىقىپ كەتكەنچە ئىز ـ دېرىكى، خەت ـ خەۋىرى يوق، كۆپ يىللار ئۆتۈپ كەتتى.

بەختىخان شۇ كېچىنى تولىمۇ تەستە ئۆتكۈزدى. نىياز بەگكە زادى نېمە بولغاندۇ. ئۇ ئۆلگەنمىدۇ، ئوغلۇمنى تۇتۇۋېلىشسا نېمە قىلىشۋېتىشەر؟ دېگەندەك غەم ـ ئەندىشە، قورقۇنچ، ۋەھىمە ئىچىدە ئۇخلاش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ياتالمىدى. تاڭ ئاتقۇچە غەم قىلىپ ئىزتىراپ چېكىپ، ساراسىمىغا چۈشۈپ، ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈردى. بايىنىڭ ئاللا ـ توۋىسى، ۋارقىراشلىرى، خوتۇن ـ بالىلىرىنىڭ چىراغ كۆتۈرۈپ يۈرۈپ، باغ، ئېغىل ـ قوتانلارنى ئاختۇرۇشلىرى ئۇزاققىچە ئاڭلىنىپ تۇردى. خەيرىيەت، ئۇلار بايىنى باراتنىڭ ئۇرغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ بېقىشمىغان، بەلكى بايىنى ئۆيگە ئوغرىلىققا كىرمەكچى بولۇپ باغقا چۈشكەن قايسىبىر ئوغرىلار ئۇرغان، دەپ ئويلاشقان ئىدى. لېكىن، سەھەردە ھەممە ئىش بىلىنىپ قالدى. بارات بىلەن سادىرنىڭ كېچىدە «ئوغرى» نى تۇتۇشقا چىقماسلىقى بايىنى گۇمانلاندۇرۇپ قويغان ئىدى. بامداتقا ئەزان چىقىپ خېلى بىر زامانغىچە ئۇلارنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەسلىكى نىياز بەگنىڭ گۇمانىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى، ھەتتا ئۇ كېچىدە ئۆزىنى ئۇرغانلار بارات بىلەن سادىر ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدى ـ دە، ئاۋۋال سادىر ياتىدىغان ئۆيگە، كېيىن بەختىخاننىڭ ئۆيىگە قەھرى بىلەن ئۇسسۇپ كىردى، سادىرنىمۇ، باراتنىمۇ كۆرەلمىدى. پەقەت بەختىخانلا بار بولۇپ چىقتى، ئۇمۇ قاراڭغۇ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا قاققان قوزۇقتەك ئۆرە تۇراتتى.

— شۇمتىكنىڭ قېنى؟ — دەپ ۋارقىرىدى نىياز بەگ، — سادىرچۇ، ئۇلار نەگە كەتتى؟ گەپ قىلمامسەن دەيمەن؟

بەختىخان باينى كۆرۇپ قورقۇنچتىن غال ـ غال تىترەپ، ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرەلمىدى، گاڭگىراپ تۇرۇپلا قالدى.

— گەپ قىل، دەۋاتىمەن دۇيۇز، گەپ قىل! ئۇلار قېنى؟

— بىلمىدىم، غوجام، — دېدى بەختىخان بىر هازادىن كېيىن، — بىلمىدىم، ئاخشام ئوغلۇم يېنىمدا ياتقان، ئەتىگەن تۇرسام يوق. . .

نىياز بەگ ئۇچۇن كېچىدىكى چۇشكە ئوخشايدىغان ۋەقەنىڭ نېمە ئىشلىكى ئايان بولدى: بارات بىلەن سادىر ئۆچىنى ئېلىش ئۇچۇن ئۇنى ئۇرغان، ئۇرۇپ بولۇپ قېچىپ كەتكەن ئىدى. نىياز بەگ ئەلەمگە چىدىيالماي قالدى. ئۇنى ئۆزىنىڭ يىللىقچىلىرى ئۇرۇپتۇ، يۇرتتا ئىككىنىڭ بىرى بولۇپ كېلىۋاتقان، هېچكىم ئالدىدىن توغرا ئۆتۇشكە پېتىنالمايدىغان بۇ بەگنى ئۇ ئادەم قاتارىدا كۆرمەيدىغان ئىككى چاكىرى ئۇرۇپتۇ! ئۇ غەزەپتىن كاس ـ كاس بولۇپ كەتتى، بوغۇلۇپ قالغىلى تاس قالدى.

— هۇ هارامتاماقلار، مەرەزلەر، توختاپ تۇرۇش، سەن دەيۇزلەرنى تۇتۇپ كېلىپ، تولۇمچىلاپ سويمىسام نىياز بەگ بولماي كېتەي، — دەپ چېچىلىپ، ۋارقىراپ، ئۇلارنى بىر هازا تىللىدى، كېيىن «ئېشەككە كۇچۇك يەتمىسە ئۇر توقۇمنى» دېگەندەك بەختىخاننى سەت تىللار بىلەن هارغۇچە تىللىدى، — ئۇلارنى سەن قاچارۇۋېتىپ، يەنە نەگە كەتكىنىنـى بىلمەيمەن، دەيسىنا، هـۇ ئـەر ئالمايـدىغان سېسىق. .

باي بەختىخاننى تىللاپ يۇرۇپ نەچچە كاچات سالدى. ئۇ تاياققىمۇ، تىل ـ هاقارەتكىمۇ چىدىدى، ئۇنچىقمىدى.

شۇ كۇنى بامداتتىن كېيىن نىياز بەگ بەختىخاننى ئۆيدىن هەيدەپ چىقاردى. ئۇنىڭ يوتقان ـ كۆرپىلىرىنى بالىلىرىغا دەپ دەرۋازا ئالدىغا تاشلاتقۇزدى.

— كۆزۇمدىن يوقال دەيۇز! ئىككىنچى بوسۇغامدىن ئاتلىغۇچى بولما!

بەختىخان ئوغلىنىڭ نىياز بەگنى ئۇرۇپ قېچىپ كەتكىنى ئۇچۇن باي ئۆزىنى جازالىشى مۇمكىنلىكىنى ئويلىغان بولسىمۇ، ئەمما، ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان، بەلكى، مېنى قەرزگە بوغۇپ ئۆمۈرۋايەت قولدەك ئىشلىتىدۇ دەپ ئويلىغان ئىدى. شۇڭا، باينىڭ يېگەن - ئىچ-كەن، كىيگەنلىرىنى قەرزگە سۇندۇرمايلا ئۆيدىن ھەيدەپ چىقار-غانلىقىغا، ئۇ باينىڭ بۇ دوزاختەك ھويلىسىدىن شۇنداق ئاسان چىقىپ كېتەلىگەنلىكىگە خۇشال بولدى.

بەختىخان ئاياغ مەھەللىدىكى بىر تۇل خوتۇننىڭ ئۆيىدە قوشنا ئولتۇردى ۋە ئانا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلدى. ھاللىق كىشىلەرنىڭ قىز - ئاياللىرىنىڭ چېچىنى تاراش، ئارىلاپ كىر - قاتلىرىنى يۇيۇش بىلەن تىرىكچىلىك قىلدى، ھەر ھالدا ياراتقان ئىگىسى ئۇنى ئاچ قويمىدى.

ئەمما، ئوغلى ھامان كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى، ئۇنى كېچە - كۈندۈز سېغىنىپ ئەسلەيتتى، گەرچە نىياز بەگ بىر مەزگىل تۆت ئەتراپقا ئادەم ئەۋەتىپ، بارات بىلەن سادىرنىڭ دېرىكىنى ئالالماي ھەسرەت يۇتۇپ جىمىپ قالغان بولسىمۇ، بەختىخان ھامان ئوغلىدىن ئەنسىرەيتتى، ئۇنىڭ غېمىدە پۇچۇلى-ناتتى: ئۇ ھاياتمىدۇ؟ ھايات بولسا نەلەردە، كىملەرنىڭ ئىشىكى-دە سارغىيىپ يۇرىدىكىن؟ ئاھ، خۇدا، ئوغلۇمنى ئامان قىل! بەختىخان دائىم ئاشۇنداق غەم - ئەندىشە بىلەن ئازابلىنىپ يۇرەت-تى. بەش ۋاق نامىزىدا، تاماقتىن كېيىن داستىخاندا دۇئا قىلى-غاندا ئوغلىغا ئامان - ئېسەنلىك تىلەپ، خۇداغا ئىلتىجا قىلاتتى، يىلىناتتى.

ئارىدىن سەككىز يىلمۇ، ئون يىلمۇ، ئىشقىلىپ بىر زامان-لار ئۆتۈپ كەتتى. شۇ ئارىدا زامانمۇ ئۆزگەردى. بەختىخان نېمە ئىشلار يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى ياخشى چۈشەنمىسىمۇ، لېكىن، بىر ياخشىلىق بولۇۋاتقانلىقىنى تۇيۇپ تۇراتتى، چۈنكى ئادەملەر، يەنە

كېلىپ، ئۆزىگە ئوخشاش يېتىم - يېسىرلار، يىلىلىقچىلار، ھا-ياتتىن خوۋلۇق كۆرمىگەنلەر باشقىچە خۇشال ئىدى. ئۇلار ماخ-تىنىپ، كېرىلىپ تۇرۇپ: «گومىنداڭ قېچىپتۇ، گوڭچەنداڭ كەپتۇ، ئەمدى يوقسۇللارنىڭ كۈنى تۇغۇلدى» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىشاتتى. دېگەندەك، نىياز بەگ سەھنىگە ئېلىپ چىقىلىپ راسا ئۇچۇقدالدى، سازايى قىلىندى، كېيىن يەر ئىسلاھاتى دېگەن ھەرىكەت باشلىنىدىكەن، دېگەندەك گەپ - سۆزلەر تارىدى.

يۇرتنىڭ ئوتتۇرىسىدىراق مەسچىت بار ئىدى، بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭغا يانداپ مەكتەپ سېلىنغان ئىدى. بەختى-خان بىر كۈنى بىر توپ كىشىلەرنىڭ شۇ ياققا ئالدىراپ - سالدىراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. بۇ چاشكا ۋاقتى بو-لۇپ، ئۇ سۇ ئالغىلى ئۆستەڭ بويىغا چىققان ئىدى، سوغىسىنى ئۇتقىنچە توپا توزىتىپ كېتىۋاتقان كىشىلەرگە نېمىشقىدۇر ئۇزققىچە قاراپ تۇرۇپ قالدى. بىر چاغدا مەكتەپ تەرەپتىن بىر توپ كىشى كېلىۋاتقانلىقىغا كۆزى چۈشتى. ئۇ ئۇلارغىمۇ قاراپ تۇردى. بۇ توپ ئۇنىڭغا ئاستا - ئاستا يېقىنلىدى. ئۇ كۆردىكى، بىر توپ ياش بىر ناتونۇش كىشىنى ئارىغا ئېلىپ، ناھايىتى خۇشال - خۇرام كېلىۋاتاتتى. بۇ ناتونۇش كىشى غەلىتىلا كىيىن-گەن بولۇپ، ئۇستىدە ماش رەڭ شىم - توجۇركا، پۇتىدا قارا ئۆتۈك، بېشىدا شەپكە بار ئىدى. بەختىخان ئۆمرىدە بۇنداق يارىشىملىق كىيىم كىيگەن ئادەمنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭغا ھەم قىزىقىپ، ھەم ھەيران بولۇپ قاراپ تۇردى. ئۇلار بەختىخانغا يېقىنلاپ كېلىپ توختاشتى، ھېلىقى ئۆزگىچە كىيىنگەن كىشى يىگىرمە نەچچە ياشلاردىكى يىگىت ئىدى، توپ ئالدىغا چىقىپ كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— ئانا! — دېدى.

بەختىخان بۇ سۆزنى ئاڭلىمىغىلى ئۇزاق يىللار بولغان ئى-دى، شۇڭا، ئۆزى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ يۈرىكى سوقۇپ كەتتى،

لېكىن، ئۇ ئۆزىنى «ئانا» دەپ چاقىرىۋاتقان بۇ بىگانىنى ئەسلىيەلمىدى. شۇ ئارىدا ياشلاردىن بىرى:

— بەختىخان ئاچا، ئوغلۇڭنى تونۇيالمىدىڭمۇ؟ قارا، ئۇ بارات ئەمەسمۇ؟ — دېمەسمۇ.

شۇ سۆز بىلەن ئانىنىڭ كۆز ياشلىرى تۆكۈلۈپلا كەتتى. ئۇ سەنتۈرۈلگەن پېتى ئوغلىغا ئېتىلدى، ئوغلىمۇ ئۆزىنى ئانىنىڭ باغرىغا ئاتتى.

— جېنىم بالام، بۇ ئوڭۇممۇ - چۈشۈممۇ؟ بۇ راست سەنمۇ؟ — دەيتتى ئوغلىنىڭ مەڭزىنى قايتا - قايتا يېقىۋاتقان بەختىخان ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمىگەندەك.

— مەن شۇ، جېنىم ئانا. . . سېنى كۆرەلمەسمەنمۇ؟ دەپ ئەنسىرىگەن ئىدىم، خۇداغا شۈكرى، ساق - سالامەت تۇرۇپسەن، — دەيتتى بارات ئورۇقلاپ، بىر ئۇستىخان - بىر تېرە بولۇپ قالغان ئانىسىنى باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ.

ئۇلارنىڭ خۇشاللىق ياشلىرى يامغۇردەك تۆكۈلمەكتە ئىدى.

— كونىلارنىڭ «كەتكەنلەر كېلەر، كەتمەنلەنگەنلەر كەلمەس» دېگەن گېپى راست ئىكەن، — دېدى كۆز چاناقلىرىدا لىققىدە ياش لىغىرلاپ تۇرغان ياشلاردىن بىرى.

بۇ سۆز بەختىخانىنىڭ كۆڭلىدىنمۇ نەچچە قېتىم كەچكەن، ئۇ ئوغلى بىلەن هامان بىر كۈنى دىدار كۆرۈشىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ يۈرگەن ئىدى. ئەمما، ئوغلىنى بۇنداق هالەتتە، سالاپەتلىك قىياپەتتە كۆرىمەن، دەپ خىيالمۇ قىلمىغان ئىدى. شۇڭا ئوغلىغا كۆز ياشلىرىنى تاراملىتىپ تۆكۈپ تۇرۇپ تويماي قارايتتى، يەنە باغرىغا باساتتى، پۇرايتتى، مەڭزىگە مەڭزىنى ياقاتتى.

بەختىخان ئوغلىنى كىچىك بالىنى يېتىلىگەندەك يېتىلەپ ئۆيىگە باشلىدى، ئاستىغا كۆرپە سالدى. ھەقەمسايىلەر چۆرىدەپ ئولتۇردى، دۇئادىن كېيىن يەنە تىنچلىق - ئامانلىق سوراشتى، هال - مۇڭ بولۇشتى. . .

بارات سادىر بىلەن شۇ قاچقانچە ئۈرۈمچىگە بېرىپ توختىغان، ئۇ يەردە بىر ياز كۈنلۈكچى بولۇپ ئىشلەپ يۈرۈپ، كېيىن غۇلجىغا ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى. ئۇ يەردە ئۇلار يېزىدا بىر باينىڭ ئۆيىدە كۈنلۈكچى بولۇپ ئىشلەپ تىرىكچىلىك قىلىپ يۈرگەندە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىدى. بارات غۇلجا شەھىرى ئازاد قىلىنغان كۈنلا سادىر بىلەن بىللە شەھەرگە كىرىپ، پارتىزانلارغا قوشۇلدى، كېيىن مىللىي ئارمىيە جەڭچىسى بولدى. كەڭساي، جىڭ ئۇرۇشلىرىغا قاتناشتى، شىخودا بولغان قانلىق جەڭلەرنىڭ شاھىدى بولدى، ماناس بويىدا ئاكوپتا ھەپتە - ھەپتىلەپ كىيىم سالماي ياتتى، سادىر شىخو ئۇرۇشىدا قۇربان بولدى.

بارات ھازىر مىللىي ئارمىيىدە لىيەنجاڭ ئىدى، شىخو ئۇرۇشىدا ياردار بولۇپ، ھەربىي دوختۇرخانىدا ياتقاندا تونۇشۇپ قالغان ھاۋاخان ئىسىملىك سېستىرا بىلەن بۇ يىل ئەتىيازدا توي قىلغان ئىدى. ھاۋاخان قىسىم دوختۇرخانىسىدا ئىشلەيتتى، بارات بولسا قىسىمدىن يەر ئىسلاھاتىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئاجرىتىلىپ، مۇشۇ يېزىغا چۈشكەن خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ كەلگەن ئىدى.

ئانا ئوغلىنىڭ كەچمىشلىرىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنى تۇتالماي ئېسەدەپ يىغلىدى.

— نېمە بولدى ئانا، نېمىگە يىغلايسەن؟ — دېدى بارات ھەيران بولۇپ، — ئامان - ئېسەن كۆرۈشتۇقغۇ مانا. . .

— بولدى قىلسىلا بەختىخان، — دېدى قوشنىلاردىن بىرى، — قارىسىلا ئوغۇللىرىغا، شۇنچە كاتتا ئادەم بولۇپ كېتىپتۇ. سىلى يىغلىماي كۈلسىلە بولىدۇ، شۇنداق ئوغۇللىرى بولغىنى ئۈچۈن پەخىرلەنسىلە.

— راست دېدىلە، — دېدى بەختىخانمۇ كۆز يېشىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، — بالام بىلەن ئامان - ئېسەن كۆرۈشكىنىمگە خۇشال بولۇپ يىغلاۋاتىمەن.

بەختىخان ئالەمچە خۇشال ئىدى، شۇڭا، خۇشاللىقىنى ئۇزاققىچە توختىتالمىدى.

ئۇ ئوغلىنى كۆردى. ئۆز ۋاقتىدا ئەسكى، يىرتىق كىيىم، چورۇق تارتىپ يۈرىدىغان پادىچى ھەربىي كىيىم كىيىپ يۈرىدىغان سالاپەتلىك ئادەم بولۇپ كەتكەن ئىدى. بەختىخان ئوغلىنى شۇ قىياپەتتە كۆرۈپ، نەچچە كۈندىن بېرى كىشىلەردىن ئاڭلىغان «جاھان ئۆزگەردى. . .» دېگەن گەپ - سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئەمدى چۈشەندى. راست، جاھان ئۆزگەرگەن، ياقىلار ئېتەك، ئېتەكلەر ياقا بولغان ئىدى. شۇنداقلىقىغا مانا ئۇنىڭ ئوغلى بىلەن نىياز بەگ مىسال: بارات بىر توپ كادىرنى باشلاپ ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ، دېھقانلار بىلەن مۇڭدىشىپ، سىردىشىپ يۈرەتتى، بايلارنىڭ يەرلىرىنى قورقماي بېرىپ ئۆلچەيتتى، ئاخشاملىرى يىغىندا شۇنچە ئادەمنى — ئۆزىدىن چوڭنىمۇ، كىچىكنىمۇ ئاغزىغا قارىتىپ ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق سۆزلەيتتى، دېھقانلار سورىغان سوئاللارغا تەمتىرىمەي جاۋاب بېرەتتى. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا يۈزلۈكرەك ـ ھاللىقراق ئادەملەرنىڭ ئالدىدا بېشىنى كۆتۈرۈپ تۇرالمايدىغان پادىچى ئىدىغۇ؟ نىياز بەگچۇ؟ ئۇ بەگلىكتىن ئايرىلىپ قالغان ئىدى، ئۇ ئۆز ۋاقتىدا ئاچچىقى كەلسە ئۇرۇپ ـ تىللايدىغان پادىچى ئالدىدا ئەمدىلىكتە سۇغا چۈشكەن مۈشۈكتەك لاغىلداپ تىترەپ تۇراتتى، ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراشقىمۇ پېتىنالمايتتى.

باراتنىڭ قايتىپ كېلىشى بىلەن بەختىخان ئۈچۈن ھەممە نەرسە ئۆزگىرىپ كەتتى. گەرچە قۇياش يەنىلا ئىلگىرىكىدەك شەرقتىن چىقىپ، غەربكە پېتىپ تۇرسىمۇ، ئەمما بەختىخان ئۈچۈن قۇياشنىڭ چىقىدىغان، ئولتۇرىدىغان ئورنىمۇ ئۆزگىرىپ كەتكەندەك بىلىنەتتى. چۈنكى، ئۇ ئوغلىنى كۆرۈپلا ئۆزىنى باشقا بىر زېمىندا يېڭىدىن تۇغۇلغاندەك ھېس قىلغان، ئاسمان يەر، يەر ئاسمان بولۇپ قالغاندەك تۇيۇلغان ئىدى. شۇنداق، ئۇ تېخى تۈنۈگۈنلا ئەتىسى ئۈچۈن غەم قىلىپ ياشايدىغان ئىگە ـ چاقىسىز

تۇل خوتۇن ئىدى، ئەمدىلىكتە تاغدەك يۆلەنچۈكى بار، غەم -
غۇسسىسىز، بەختىيار ئانىغا ئايلاندى.
بەختىخان شۇ كۈنلەردە ئۆزىنى تولىمۇ بەختىيار ھېسابلايت-
تى. ئوغلى بىلەن دىدارلىشىپ ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندە كېلى-
نىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ خۇشاللىقى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى. ھاۋا-
خانمۇ ھەربىيچە كىيىنگەن ئىدى، ئۇ ناھايىتىمۇ چىرايلىق،
غۇنچە بوي، بۇغداي ئۆڭ، قاراقاش، قاراكۆز، راسا تولغان
گۈزەل ئىدى. بەختىخان كېلىنىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى قويار يەر
تاپالماي قالدى، ئۇنى باغرىغا بېسىپ، ئۇزاق سۆيدى، يىغلىدى،
خۇددى كىچىك بالىنى ئەركىلەتكەندەك:
— جېنىم بالام، ئاپئاق قىزىم، پاقلىنىم، قوزام...، —
دەپ ئەركىلىتىپ كەتتى.

## 4

ئارىدىن ئون يىلدەك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. بارات ھېلىمۇ
ناھىيىدە تۇرۇشلۇق قىسىمدا ئىشلەيتتى، كوماندىر ئىدى. ھاۋا-
خان كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا مۇئاۋىن
باشلىق بولۇپ ئورۇنلاشقان ئىدى. ئۇلار ياشىنىپ قالغان بەختى-
خانىنى يېزىدىن ئېلىپ كىرىۋالغىنىغىمۇ خېلى يىللار بولۇپ قال-
غان ئىدى. بەختىخان ئۆزىنى ھەر جەھەتتىن بەختلىك ھېسابلايت-
تى. ئوغلى بىلەن كېلىنى ناھىيىدە تۆتىنىڭ بىرى بولۇپ قالغان
ئىدى. ئەمما، ئوغلىنىڭ ھازىرغىچە بالىلىق بولماسلىقى ئۇنى
ئازابلايتتى. شۇڭا ئۇ ھەر ۋاق نامىزىدا ئۇلارغا خۇدادىن پەرزەنت
ئاتا قىلىشنى تىلەپ دۇئا قىلاتتى.
بارات بىلەن ھاۋاخانمۇ بالىلىق بولۇش ئارزۇسىدا كۆيۈپ -
ئۆچەتتى. ئۇلار قارىماققا ناھايىتى بەختلىك ئىدى. بىر - بىرى-

نىڭ ھۆرمىتىنى قىلاتتى. ھەرگىز رەنجىشمەيتتى، ئىنىڭ بالدـ
لىق بولالمىغىنى ئۈچۈن يۈرىكىدە ئازابلىنىپ، ئۆيبالىدا مىڭ
ئۆلۈپ ـ مىڭ تىرىلەتتى. ئاخىرى ھەر قانداق جانلىقتىن ئىزـ
بەلگە قېلىشى كېرەكقۇ؟ نەسلى قالمىغان ئادەم نېمە قىلىش بۇ
دۇنيادا ياشاپ؟
كونىلار «تىلىسەڭ تاپارسەن» دېگە ئىكەن. ئاخىرى ھاۋاـ
خان قورساق كۆتۈردى. بۇ ئىش ئۇلارنى تولىمۇ سۆيۈندۈردى.
باھار كۈنلىرىنىڭ تولىمۇ گۈزەل سەھەر ۋاقتى ئىدى. دوختۇرـ
خانا قورۇسىدىكى قىزىل گۈللەر خۇش پۇراق چېچىپ تۇراتتى.
دوختۇرخانا ئىچىدىكى ئېرىقتا شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇ
قىرغاقتىكى ئوت ـ چۆپلەرنى سۆيۈپ قانمايتتى. نەدىندۇر كاكـ
كۇكنىڭ يېقىملىق سايرىشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. سەھەر شامىلى
يوپۇرماقلارنى ئۇسسۇلغا سالغان ئىدى. ھاۋاخانىنىڭ ساق ـ سالاـ
مەت يەڭگىگەنلىك خەۋىرى تۇغۇت ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا كېلىدـ
نىنىڭ تولغاق ئازابىنى ئاڭلاپ تەشۋىش ئىچىدە پۇچۇلىنىۋاتقان
بەختىخانىنىمۇ، غەم ـ ئەندىشە تۈپەيلى بىر ئورۇندا تۇرالماي
دوختۇرخانا كارىدورىدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرگەن باراتـ
نىمۇ چەكسىز خۇشال قىلىۋەتتى. ئۇلار خۇشاللىقىدىن كۆز
يېشى قىلىشتى. ھاۋاخان ئوغۇل تۇغقان ئىدى. بارات ئوغۇللۇق
بولغىنى ئۈچۈن تېخىمۇ خۇشال ئىدى. ئۇ ئۆزىنى گويا بېشىغا
دۆلەت قۇشى قونغاندەك ھېس قىلاتتى.
بەختىخان نەۋرىلىك بولغىنى ئۈچۈن ئوغلىدىنمۇ، كېلىنىدـ
دىنمۇ بەكرەك خۇشال ئىدى. بالىلىقىدىن ئىشلەپ ئۆگەنگەن بۇ
ئايال ئوغلىنىڭ ئۆيىگە كەلگەندىن بېرى قىلىدىغان ئىشىنىڭ تايدـ
نى يوق زېرىكىپ، ئىچى پۇشۇپ يۈرەتتى. ئەمدى ئۇنىڭغا قىلىدـ
دىغان ئىش تېپىلغان ئىدى. ئۇ كۈن بويى دېگۈدەك نەۋرىسى
باتۇرنى كۆتۈرۈپ يۈرەتتى. باتۇرنى ئېمىتىشلا ھاۋاخانىنىڭ ئىشى
ئىدى. نەۋرىسىنىڭ قالدى ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى — بۆشۈككە

بۆلەش، تەۋرىتىش، تاماق يېدۇرۇش، كىر - قاتلىرىنى يۇيۇش، ئويىنىتىش قاتارلىقلارنى بەختىخان قىلاتتى. نەۋرىسىنى بېقىش ئۇنىڭ ئۇچۇن ياخشى ئەمەك، خۇشاللىق، قىسقىسى، ياشاش دېمەك ئىدى. باتۇرنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتى - قىلىقى، ھەر بىر سۆزى ئاتا - ئانىسى ئۇچۇنمۇ، مومىسى ئۇچۇنمۇ كۆڭۈللۈك، قىزىقارلىق تۇيۇلاتتى.

كۈنلەر يورغىلىشىپ ئۆتمەكتە. نەچچە قىش كېتىپ، نەچچە ياز كەلدى. باراتمۇ تۇەنجاڭ بولۇپ ئۆستى. ھاۋاخانمۇ دوختۇرخانىنىڭ بىرىنچى باشلىقى بولۇپ قالدى. بەختىخانىنىڭ چاچلىرىدىكى ئاقمۇ كۆپەيدى. باتۇر بولسا ئەمدى ئۆيدە ئولتۇرمايدىغان ئەركە بالا بولۇپ كەتتى. ئۇ بىر توپ دوستىنى ئەگەشتۈرۈپ كوچا - كويلاردا ئويىنىغىنى ئويىنىغان ئىدى. شۇڭا مەكتەپتىمۇ ئوتتۇرا ھال ئوقۇدى. ئاتا - ئانىسى ئۇنى ياخشى ئوقۇشقا زورلاپمۇ كەتمىدى. چۈنكى ئۇ بىر تاللا بالا، ئۆيىنىڭ ئەتىۋارلىقى، ئەركىسى ئىدى. ھېچكىم ئۇنى رەنجىتىشنى خالىمايتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە باتۇرنىڭ سەبىي قەلبىگە كىچىكىدىنلا ئەسكەر بولۇش ئىستىكى سىڭگەن ئىدى. بارات تۇەنجاڭمۇ ئوغلىنىڭ بۇ ئارزۇسىدىن خۇشال ئىدى. ئوغلىنىڭ ئۆز ئىزىنى بېسىشىنى ئارزۇ قىلاتتى.

باتۇر مومىسى بىلەن بىر ئۆيدە ياتاتتى. مومىسى ئۇنى ئاخشاملىرى چۆچەك ئېيتىپ بېرىپ ئۇخلىتاتتى. بەزى ئاخشاملىرى ئوغلىنىڭ بالىلىقىدا كۆرگەن ئېغىر كۈنلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى. بولۇپمۇ ئۇ باراتنىڭ نىياز بەگنىڭ ئەدىپىنى قانداق بەرگەنلىكىنى تولىمۇ تەسىرلىك قىلىپ سۆزلەيتتى. ئۇ ئوغلىنى ھەربىي فورمىدا، سالاپەتلىك قىياپەتتە تۇنجى قېتىم كۆرگەن ۋاقتىدىكى ھاياجىنىنى، خۇشاللىقىنى سۆزلىگەندە كۆز يېشىمۇ قىلىپ قالاتتى. بۇنداق چاغدا باتۇر:

— ئانا، — دەيتتى (باتۇر مومىسىنى ئانا، ئانىسىنى ئاپا،

دەپ ئادەتلەنگەن ئىدى) مەغرۇرلۇق بىلەن، — قاراپ تۇرۇڭ، ھەممۇ چوڭ بولغاندا دادامغا ئوخشاش ئەسكەر بولىمەن.
ئۇ ئاخىرى ئارزۇسىغا يەتتى. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن يىلى ئالىي مەكتەپكە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىمتى-ھانىغا قاتناشمىدى، شۇ يىلى ئۇ ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىندى.
باتۇر ئۈچ ئايلىق ھەربىي تەلىم - تەربىيىدىن كېيىن پامىر ئېگىزلىكىدىكى مەلۇم چېگرا مۇداپىئە قىسمىغا تەقسىم قىلىن-دى. گازارما ئەتراپى چۆل، كۆرۈمسىز ئىدى. تاغلارمۇ تاپتاقىر بولۇپ، ئادەمگە غەلىتە كۆرۈنەتتى. ئەمما، گازارما ئىچى ياپېې-شىللىقتا پۈركەنگەن ئىدى، ئۇ تاغنى ئەمەس، باتۇرغا يۇرتىدىكى چاغلارنى ئەسلەتتى. ياتاققا كىرگەندە ئۇ تېخىمۇ ھەيران قالدى. ياتاق ئىچى شۇنچە پاكىز ئىدى. ئورۇن - كۆرپىلەر بىرلا ئادەم يىغقاندەك كارىۋات ئۈستىگە تەپتەكشى، تۆت چاسا قىلىپ يىغىل-غان ئىدى. تام ئىشكابى يېنىدىكى ئىلغۇغا سۇدان ۋە لۆڭگىلەر رەتلىك ئېسىلغان ئىدى. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، گازارمىدىكى جەڭچىلەر تۇرمۇشتا تولىمۇ رەتلىك، كوماندىرلار بولسا بەكمۇ تەلەپچان ئىدى. ئۇ ياتاقنىڭ شۇنچە پاكىز، شۇنچە رەتلىك ئىكەن-لىكىنى كۆرۈپ، بۇ گازارما ئۆزىنىڭ چېنىقىپ، ئۆسۈپ - يېتىلىشى ئۈچۈن ياخشى جاي ئىكەنلىكىنى سەزدى ۋە مەن چوقۇم ياخشى جەڭچى بولۇپ چىقىمەن، بۇ يەردىن باشقا يەرگە يۆتكەلمەي-مەن، دادامنى خىجىل قىلىدىغان ئىشنى قىلمايمەن، چوقۇم ياراملىق جەڭچى بولىمەن، دەپ ئويلىدى.

## 5

باتۇر پامىردىكى مۇداپىئە قىسمىدا جەڭچى بولۇپ تۇرۇۋات-قانغا تۆت يىل بولۇپ قالغان ئىدى، ئۇ بەنجاڭلىققا ئۆستۈرۈلگەن-

گىمۇ بىر يىل بولۇپ قالغان ئىدى. ئىيۇل ئايلىرىنىڭ بىر
كۈنى — پامىرنىڭ چوققىلىرىدىكى ئاپئاق قارلار ئېرىشكە باشلى-
غان كۈنلەرنىڭ بىرىدە باتۇر دادىسىدىن كەلگەن خەتنى تاپشۇرۇپ
ئالدى. خەتتە مومىسىنىڭ قاتتىق ئاغرىق ئىكەنلىكى يېزىلغان
ئىدى.

ئۇ مېھرىبان مومىسىنى كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن رۇخسەت
ئالدى. ئۇ ئاۋۋال قوتازغا مىنىپ تاغدىن چۈشتى. كېيىن قول
تراكتورىغا ئولتۇرۇپ ناھىيە بازىرىغا كەلدى. ئۇ يەردە ئاپتوبۇسقا
ئولتۇردى. بارات تۇەنجاڭ ھازىر ئۇلارنىڭ يۇرتىدىكى قىسىمدا
ئەمەس، بەلكى ۋىلايەت مەركىزى بولغان قەدىمىي شەھەر ئەتراپىغا
ئورۇنلاشقان چوڭ قىسىمدا ئىشلەيتتى، ئۆينى بولسا شۇ شەھەر-
گە كۆچۈرۈپ كەتكەن ئىدى، ئانىسى ھاۋاخان ۋىلايەتلىك دوختۇر-
خانىغا يۆتكىلىپ، دوختۇرخانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان ئى-
دى. باتۇر بۇ شەھەرگە قاراڭغۇ چۈشكەندە يېتىپ باردى. ئەمما،
شەھەر كوچىلىرى خۇددى كۈندۈزدىكىدەك يورۇق ئىدى. ئاسمان-
نى پارقىراق يۇلتۇزلار قاپلىغان بولسا، شەھەردە مىڭلىغان لام-
پۇچكىلار چاقناپ تۇراتتى. ئىدارىلەرنىڭ دەرۋازىلىرىغا ئېسىل-
غان زىننەت لامپۇچكىلىرى خۇددى كۆز قىسىپ ئوينىشىۋاتقان-
دەك بىر ئۆچۈپ - بىر يېنىپ تۇراتتى. باتۇر كىشىلەردىن
سوراپ يۈرۈپ، ھەربىيلەر ئائىلىلىرى ئورۇنلاشقان قورۇغا بار-
دى. ئۇدۇل يېڭىدىن سېلىنغان ھەشەمەتلىك بىنانىڭ بىرىنچى
ئىشىكىنىڭ 2 - قەۋىتىگە كۆتۈرۈلدى. ئوڭ قولدىكى ئۆي ئۇلار-
نىڭ يېڭى ئۆيى ئىدى. ئۇ بىر دەقىقە تۇرۇۋېلىپ ئىشىكنى
چەكتى. ئىشىكنى ئانىسى ھاۋاخان ئاچتى، ئۇلار قۇچاقلىشىپ
كۆرۈشتى، بوسۇغىدىن ئاتلاپ كىرىۋېدى، سول تەرەپ ياندىكى
ئۆيدىن دادىسى چىقىپ كەلدى. ئۇ سەمىرىپ قورساق سېلىپ،
چېكە چاچلىرىغا ئاق كىرگەن ئىدى. بارات غۇلچىنى كەڭ
كېرىپ، ئوغلىنى باغرىغا باستى. تىنچ - ئامانلىق سوراشقاندىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ تور ئادرېسى

كېيىن باتۇر دادىسىدىن سورىدى:

— ئانام قەيەردە، ئۆيدىمۇ، دوختۇرخانىدا؟

— ئۆيدە ئوغلۇم، ئۆدۆلدىكى ئۆيدە...

دادىسى جاۋاب بېرىپ بولغۇچە مومىسىنىڭمۇ زەئىپ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— بالام باتۇرجان، كەلدىڭمۇ؟

باتۇر ئۆدۆلدىكى چاقىقانغىنە ئۆيگە ئېتىلىپ دېگۈدەك كىردى. دېرىزە تۈۋىدىكى كارىۋاتتا ياتقان بەختىخان جەينىكىگە تايىنىپ يېرىم ئۆرە بولغان ئىدى، باتۇر ئىتتىك بېرىپ كارىۋات ئالدىدا يۈكۈندى ۋە مومىسىنىڭ يۈزىگە يۈزىنى يېقىپ كۆرۈشتى.

بەختىخاننىڭ چاچلىرى ئۈچتەك ئاقىرىپ كەتكەن، ئاغرىقتىن ئورۇقلاپ، بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ قالغان ئىدى. چىرايى تولىمۇ سولغۇن كۆرۈنەتتى. كۆز چۆرىلىرى كۆكىرىپ، داغ چۈشكەندەك بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ قاقشال قوللىرى بىلەن ھەدەپ نەۋرىسىنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى سىلايتتى، خىرەلىشىپ قالغان كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ياشلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۇ تولىمۇ زەئىپ ئاۋازدا، گويا پىچىرلاۋاتقاندەك توختىماي سۆزلەيتتى:

— كەلدىڭمۇ جېنىم بالام، مېنى يوقلاپ كەلدىڭمۇ؟ ياللا، سېنى كۆرەلمەسمەنمۇ دەپ غەم قىلغان ئىدىم، ھەر نىمە بولسا كەپسەن بالام...

ئۇلار ئۇزاق ھال - ئەھۋال سوراشتى. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، مومىسى ئاجىزلاپ كەتكەن ئىدى. سەل كۆپ سۆزلىسە ھاسىراپ، ھۆمۈدەپ كېتەتتى، تىنىقى - تىنىقىغا ئۇلاشماي قالاتتى. ئۇنى بۇ ھالدا كۆرۈپ باتۇرنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى، كۆز جىيەكلىرىدە ياش ئەگىدى. ئۇ پامىردا يۈرگەن شۇ يىللار ئىچىدە بۇ شەھەردىمۇ، ئائىلىسىدىمۇ كۆپ ئۆزگىرىشلەر بولغان ئىدى، تەرەپ - تەرەپتە ئېگىز بىنالار قەد كۆتۈرگەن، كوچىلار كېڭەيتىلگەن ئىدى. گويا شەھەر ئۆسمەكتە ئىدى.

لېكىن، ئۇنىڭ مومىسى، مېھرىبان ئانا بولسا قېرىپ ئاجىزلاپ، كەينىگە يانماقتا ئىدى.

شۇ ئارىلىقتا ھاۋاخان چاي قىلىپ ئۇلگۇردى. ئۇ ھاردۇق ئېشى ئەتمەكچى بولىۋېدى، باتۇر ئۇنىمىدى. داستىخان ئۇستىدە باتۇر دادىسىدىن مومىسىنىڭ ئاغرىق ئەھۋالىنى سورىۋېدى، بارات كۆڭلى پەرىشان ھالدا:

— يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى بولۇپ قاپتۇ، — دېدى، — بىر ئايدەك دوختۇرخانىدا ياتقۇزدۇق، داۋالاشنىڭ ھېچ پايدىسى بولمىدى، ئاخىرى ئۆزىمۇ ئۆيگە چىقىپ كېتىمەن، دەپ تۇرۇۋالدى. دوختۇرلار ئانامنى ئۆيگە ئېلىپ چىقىپ كېتىشىمىزنى تەۋسىيە قىلدى. ئامالسىز ئالدىنقى كۈنى ياندۇرۇپ چىقتۇق.

باتۇر دادىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ دادىسىنىڭ پەرىشانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنگەن ئىدى. مومىسىنىڭ ساقىيىشىغا ئىشەنچ يوق ئىدى، ئەكسىچە، موماي ئۇ دۇنياغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى.

بۇ كېچە ئۇ مومىسىنىڭ يېنىدا ياتتى، ئۇنىڭ بۇ ئىشىنى باراتمۇ، ھاۋاخانمۇ ماقۇل كۆردى. بەختىخان گەرچە ئۇنى سول قولدىكى ئۆيدە كارىۋاتتا يات، يول مېڭىپ ھېرىپ كەتكەنسەن، ئوبدانراق ئۇخلاپ ئارام ئال، دەپ تۇرسىمۇ، لېكىن نەۋرىسىنىڭ ئۆز يېنىدا ياتقىنىدىن سۆيۈندى.

ئۇلار يەنە بىر ھازا مۇڭداشتى. بىر چاغدا مومىسى ھەسرەت چېكىپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى:

— سېنىڭ تويۇڭنى كۆرەرمەن، دەپ ئارزۇ قىلىۋېدىم، خۇدا بۇ كۈنگە يەتكۇزمەيدىغان ئوخشايدۇ بالام...

— كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، ئانا، — دېدى باتۇر مومىسىنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، — ئۇنداق ئۈمىدسىز بولما، خۇدايىم بۇيرىسا ئۇ كۈنلەرنىمۇ كۆرىسەن.

— بىرەرسىنى تاپقان ئوخشىمامسەن، بالام؟

بۇ سوئالغا باتۇر جاۋاب بېرەلمەي قالدى. چۈنكى ئۇ ئۆتكەن يىلى پامىر باغرىدىكى قىسىم دوختۇرخانىسىغا تەۋسىيە قىلىنىپ كەلگەن سېستىرا قىزنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان بولسىمۇ ۋە قىزمۇ ئۇنىڭغا باشقىچە يېقىنچىلىق قىلىپ يۈرسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا توي توغرىسىدا ھېچقانداق گەپ - سۆز بولۇنمىغان ئىدى. ئاخىرى ئۇ موممىسىنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن شۇنداق دېدى:

— ئاز قالدى ئانا، خۇدايىم بۇيرىسا، ئۇ كۈنلەرنىمۇ كۆرىسەن. . .

— شۇنداق بولسا ئىدى، خۇدايىم، لېكىن ئۆمرۈم ئاز قالدى بالام. بولدى ئۇخلا، جۆيلۈگەندەك گەپ قىلىپ، سېنىڭمۇ كۆڭلۈڭنى بىئارام قىلماي، بولدى ئۇخلا.

باتۇر موممىسىنى كۆپ سۆزلىتىپ چارچىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۇشۇقچە گەپ قىلماي جىممىدە ياتتى. ئەمما، كۆز ئالدىغا دوختۇر قىز كېلىۋېلىپ، ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمىدى.

ئۇ قىزنىڭ ئىسمى ئايگۈل ئىدى. ئۇ مۇشۇ يىلنىڭ بېشىدا سوغۇق جاراڭلاپ تۇرغان كۈنلەردە سەييارە داۋالاش گۇرۇپپىسى تەركىبىدە گازارما ئەتراپىدىكى چارۋىچىلارنىڭ كېسىلىنى داۋالاشقا چىققان ئىدى. سەييارە داۋالاش گۇرۇپپىسىدىكىلەر قىسىمنىڭ ئىشخانا بىناسىدا ئىككى ئېغىز ئۆينى ياتاق قىلىپ يېتىپ، ئون كۈندەك تۇردى ۋە ئەتىگىنى چارۋىچىلار ئارىسىغا كېتىپ، كەچتە قايتىپ كېلىپ يۈردى. باتۇر ئايگۈل بىلەن ئەنە شۇ چاغدا تونۇشۇپ قالغان ئىدى. ئۇ قىزنى بىر كۆرۈپلا ياقتۇرۇپ قالدى. ئايگۈل غۇنچە بوي، ئاقپىشماق، قاشلىق، كىرپىكلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان قارا كۆز قىز ئىدى. قىزمۇ باتۇرنى يارىتىپ قالغانلىقى ئۇنىڭ سۆز - ھەرىكىتىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار پاراڭلاشقاندا، ئايگۈل باتۇرغا مەنىلىك تىكىلىپ قارايتتى، ئادەتتىكى بىر گەپلەردىنمۇ خىجىل بولغاندەك يەرگە قارىۋالاتتى. ئايگۈل

ئۇ يەردە ئون كۈندەك تۇرغان، ئۇلار تېخى نۇرغۇن ئىشلار ھەققىدە پاراڭلاشمىغان بولسىمۇ، لېكىن، شۇ ئون كۈن ئىچىدە ئۇلار ناھايىتى يېقىن بولۇپ قالغان ئىدى. گويا ئۇلار كىچىكىدىنلا بىر - بىرىنى تونۇيدىغاندەك تۇيۇلاتتى. . . ئايگۈل قايتىپ كەتكەندىن كېيىن باتۇرغا بىرىنچى بولۇپ خەت يازدى، باتۇر شۇ كۈنىلا ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇردى، شۇنىڭدىن بېرى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا خەت ئالاقىسى ئۈزۈلمىدى. گەرچە ئۇلار ئىشق - مۇھەببەت سۆزلىرىنى دېيىشمىگەن، توي قىلىش توغرىسىدا ۋەدە بېرىشمىگەن بولسىمۇ، گويا ئاللىقاچان رىشتىلىرى باغلىنىپ بولغاندەك بىلىنەتتى.

بىراق، ئۇ خۇشاللىق كۈنلەرنى كۆرۈش بەختىخان ئانىغا نېسىپ بولمىدى. باتۇر دەم ئېلىشقا كېلىپ بىر ھەپتە بولغاندا تاڭ ئاتارغا يېقىن بەختىخان ئانا قازا قىلدى. شۇ كۈنىمۇ باتۇر مومىسى ياتقان ئۆيدە يەردە ياتقان ئىدى. كەچتە مومىسى خېلى تېتىك، روھلۇق كۆرۈنگەن ئىدى. گويا ئۇ نەۋرىسىنى كۆرۈپ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالغاندەك، ھەتتا ساقىيىپ قالغاندەك ئىدى. شۇڭىمۇ نەۋرىسى بىلەن خېلىغىچە پاراڭلىشىپ ياتتى. باتۇر خاتىرجەم ئۇخلىدى ئەمما، سەھەردە، باتۇر شېرىن ئۇيقۇدىكى چاغدا نېمىدۇر بىر نەرسە ئۈستىگە گۈپپىدە قىلىپ چۈشكەندەك بىلىندى - دە، ئويغىنىپ كەتتى. باتۇر كارىۋاتنىڭ باش تەرىپىگە باغلاپ قويۇلغان ۋىكلىيۇچاتىلىنىڭ يىپىنى تارتتى، لامپۇچكا يېنىشى ھامان مومىسىنىڭ كارىۋاتتا ئەمەس، ئۆزىنىڭ ئۈستىدە ياتقانلىقىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى - دە، دادىسىنى چاقىردى. موماي بىچارە نېمىشقىدۇر ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇپ كارىۋاتتىن چۈشكەن بولسا كېرەك، لېكىن، يەرگە دەسسەپ تۇرالماي يىقىلىپ چۈشكەن ۋە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالماي جان ئۈزگەن ئىدى.

ئۆيگە بارات، باراتتىن كېيىن ھاۋاخان يۈگۈرۈپ كىردى، باتۇر مومىسىنى ئوڭدا قىلىپ ئۆلگۈرگەن ئىدى، ھاۋاخان ئۇنىڭ

تومۇرنى تۇتتى، تومۇر سوقۇشتىن توختىغان. ئەمما مومايىنىڭ تېنى ھايات ئادەمنىڭ تېنىدەك ئىسسىق ئىدى. ئۇ ئۆز بەختىگە ئىشىنەلمەي، مومايىنىڭ يۈرىكىنى تىڭشىدى، يۈرەك سوقۇشتىن توختىغان ئىدى، يەنە تومۇرىنى تۇتتى، بىردىن كۆز چاناقلىرىدىن ياش قۇيۇلدى.

— جېنىم ئانا، قەدىرلىكىم ئانا. . . — دېدى ھاۋاخان تۆكۈلۈپ تۇرۇپ.

ئۇنىڭغا باراتنىڭ يىغىسى قوشۇلدى. باتۇرمۇ نېمە ئىش بولغانلىقىنى چۈشىنىپ ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى.

## 6

باتۇر مومىسىنىڭ يەتتە نەزىرىسىدىن كېيىن قىسمىغا قايتتى. ئۇنىڭ دەم ئېلىش ۋاقتىمۇ توشۇپ قالغان ئىدى. ئۇ ئاپتوبۇستا ئولتۇرۇپ قىسىم تۇرۇشلۇق جايغا باردى ۋە ئۇ يەردە ئايگۈل بىلەن كۆرۈشتى، بىر ئاخشام كۆڭۈللۈك مۇڭدىشىپ، مېھمانخانىدا قونۇپ قالدى. باتۇر ئەتىسى ئايگۈل بىلەن خوشلىشىپ پىيادە يولغا چىققاندا، كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ گازارمىسى ئورۇنلاشقان تاغ يېقىنلا يەردە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. لېكىن، ئۇ يەرگە پىيادە يېرىم كۈن يول ماڭماي يېتىپ بارغىلى بولمايتتى. تاغ باغرىغىچە بولغان بۇ ئارىلىقتا ھېچقانداق قاتناش يوق ئىدى. تاغ باغرىغا بارغاندىن كېيىن قول تراكتورىغا ئولتۇرۇپ، ئىككى - ئۈچ سائەت يول مېڭىپ، تاغقا ئۆرلىسە چارۋىچىلار بار جايغا يېتىپ بارغىلى بولاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئات ياكى قوتازغا مىنىپ مېڭىشقا توغرا كېلەتتى.

باتۇر پىيادە كېتىپ باراتتى. ئۇ پات - پات ھارۋا ياكى تراكتور كېلىۋاتامدىكىن، دەپ كەينىگە قاراپ قوياتتى. لېكىن

ھېچنەرسە كۆرۈنمەيتتى. كۆن ئۆرلىگەنسېرى قىزدۇرماقتا ئىدى. كۆك يۈزى بۇلۇتسىز ئىدى. بۇ ھال بۇگۈن قاتتىق ئىسسىق بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. باتۇر ھە دېگەندە تەرلەشكە باشلىدى، توپىلىق يولدا پىيادە مېڭىشمۇ كۆڭۈلسىز ئىدى. ئۇ ئىسسىقلاپ كەتكەچكە، چاپىنىنى سېلىۋەتمەكچى بولدى. لېكىن بۇ نىيىتىدىن دەرھال يالتايدى. چۈنكى، جەڭچى قورمىسىز يۈرسە، كىشىلەرگە ياخشى تەسىر بەرمەيدۇ، دېگەن ئوي كۆڭلىدىن كەچكەن ئىدى. ئۇ نېمىشقىدۇر ئالدى - كەينىگە قاراپ قويدى. باتۇر كېتىۋاتاتتى، ئالدىدا قويۇق دەرەخلىك كۆرۈنۈپ تۇراتتى. باتۇر ئۇ يەرنى ياخشى بىلىدۇ. ئۇ يەردە بىر ئېقىن يولى بار، تاغدا ئازراقلا يامغۇر ياغسا، ئاشۇ ئېقىن يولىغا قىيان كېلىدۇ. ئاشۇنداق قىيان - كەلكۈنلەر بۇ چۆللۈكتە ئاشۇ بىر پارچە بوستانلىقنى پەيدا قىلغان، ئۇ يەر ئاستى كۆپكۆك چاتقاللىق، باغجانلاپ ئۆسكەن ئاق يانتاق، ئىنچىكە، ئېگىز ئۆسكەن قۇمۇشلار، قوڭغۇراقلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان جىغانلار، چىڭگىلىكلەر بىلەن ئۆرۈلۈپ، ئادەم ئۆتكۈسىز بولۇپ كەتكەن ئىدى. باتۇر شۇ چاتقاللىقتىن ئۆتۈپ، يېرىم سائەتچە ماڭسىلا تاغ باغرىدىكى مەھەللىگە بارىدۇ، ئۇ يەردىن قول تراكتورى تاپىدۇ... ئۇ شۇنداق ئوي - خىيال بىلەن كېتىپ باراتتى. كەينىدىن ماشىنا ئاۋازى ئاڭلانغاندەك قىلدى، ئۇ كەينىگە قارىدى، دېگەندەك، كەينىدىن بىر قارا ماشىنا توپا توزىتىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ «ئازاد» ماركىلىك ھەربىي ئاپتوموبىل ئىدى. باتۇر ئۇنى توسۇپ چىقىۋالىمەن، دېگەن ئۈمىدتە يول ياقىسىدا قاراپ تۇردى. باتۇر ئاپتوموبىل يېقىنلاپ كەلگەندە، ئاپتوموبىل ئۈستىدە ئىككى قوراللىق جەڭچى تۇرغانلىقىنى كۆردى، ئۇلار بۇ ماشىنىدا قانداقتۇر بىر مۇھىم نەرسە توشۇۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ قول كۆتۈردى. لېكىن، شوپۇر «سېنى ئالمايمىز» دېگەن مەنىدە قول ئىشارىتى قىلدى - دە، ئۆتۈپ كەتتى. باتۇر كۆڭلى يېرىم بولغاندەك

بولۇپ، دەقىقە تۇرۇپ قالدى ـ دە، يەنە مېڭىپ كەتتى.

ئاپتوموبىل چاتقاللىققا يەتكەندە ئويلىمىغان ئىش يۈز بەردى. تويۇقسىز پارتلاش ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ئاپتوموبىل قويۇق ئىس ـ تۈتەك، چاڭ ـ توزان ئىچىدە كۆرۈنمەي قالدى. ئۇ يەردە قانداقتۇر بىر ۋەقە يۈز بەرگەن ئىدى، باتۇر يۈگۈردى ۋە كۆپ ئۆتمەي ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىدى، ئۇ تېخىمۇ كۈچەپ يۈگۈردى. ئوق ئاۋازى تېخىمۇ كۈچەيدى. چاتقاللىق ئىچىدە كىملەردۇر ماشىنىغا قارىتىپ ئوق ئېتىۋاتقاندەك قىلاتتى.

باتۇر ماشىنىغا يېقىنلاپ بارغاندا، چاتقاللىقتىكى كۆۋرۈكنىڭ پارتلىتىۋېتىلگەنلىكىنى كۆردى، پارچە ـ پارچە بولۇپ كەتكەن كۆۋرۈك ئېقىندا قىڭغىيىپ تۇراتتى. ئىككى جەڭچى بولسا ئەبجىقى چىققان ماشىنىنى دالدا قىلىپ تۇرۇپ، شىمالغا — چاتقاللىققا قارىتىپ ئوق ئېتىۋاتاتتى. باتۇر ئاستا ئۆمىلەپ ئۇلارغا يېقىنلاشتى ۋە ئوڭ چېكىسىدىن قان ئېقىۋاتقان جەڭچىنىڭ يېنىغا بېرىپ سورىدى:

— نېمە بولدى؟

— بۇزۇقلار كۆۋرۈكنى پارتلىتىۋەتتى، — دېدى يارىدار بولغان جەڭچى خەنزۇچە سۆزلەپ، — بىز گوڭشېدىكى بانكىلارغا پۇل يۆتكەۋاتقان، قارىغاندا ئۇ ئەبلەخلەر پۇلنى بۇلىماقچى بولسا كېرەك.

ئارتۇقچە پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇش هاجەتسىز ئىدى. باتۇر:

— قورال بارمۇ؟ — دېدى ئارتۇقچە ئويلىنىپ تۇرماي، — ماڭا بىر قورال بېرىڭ.

— كابىنكىغا قاراپ باق. شوپۇر يارىدار بولدىغۇ دەيمەن. شۇنىڭ قورالىنى ئال.

باتۇر ئېڭىشىپ مېڭىپ كابىنكىغا يېقىنلاشتى. باش ـ كۆزى قىپقىزىل قانغا بويالغان شوپۇر رولغا دۈم چۈشكەن ئىدى، ئۇ ئۆلگەن ئىدى، باتۇرنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتى ئۆرلىدى، ئۇ

شوپۇرنىڭ قولىدىكى ئاپتوماتنى ئالدى. ئۇنىڭ بېلىدىكى ئوقداننى يەشتى - دە، ئېڭىشىپ مېڭىپ، ياردار جەڭچىنىڭ يېنىغا كەلدى. يەنە بىر جەڭچى شۇ ئارىلىقتا ماشىنىدىن ئون قەدەمچە نېرىدىكى بىر قاپاق تېرەكنىڭ يېنىغا بېرىۋالغان ئىدى. ئۇ تېرەكنى دالدا قىلىپ تۇرۇپ ئوق ئېتىۋاتاتتى. باتۇرنىڭ كۆڭلىدىن بىر ئوي كەچكەن ئىدى، ئۇ ياردار جەڭچىدىن سورىدى:

— بۇزۇقلار نەچچە ئادەمدەك قىلىدۇ؟

— قارىغاندا تۆت بولسا كېرەك.

— ئۇنداق بولسا، مۇنداق قىلايلى، — باتۇر بايا كۆڭلىدىن كەچكەن ئوينى ئېيتتى، — سىز مېنى ھىمايە قىلىڭ، مەن ئۆمىلەپ مېڭىپ ئۇ تەرەپكە ئۆتۈۋالاي، شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۇلارغا قارىتىپ ئوق ئېتىپ، دىققىتىنى ئۆزۈمگە قارىتىپ تۇرىمەن، سىلەر ئىككىڭلار سەزدۈرمەي ئۆمىلەپ، تۆۋەن تەرەپ بىلەن ئۇ تەرەپكە ئۆتۈڭلار، ئۇلارنى ئىككى تەرەپتىن ئىسكەنجىگە ئالايلى، ئۇنداق قىلماي، بۇنداق ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل تۇرۇپ ئېتىشساق بىزگە پايدىسىز، دۈشمەننىمۇ قاچۇرۇپ قويىمىز.

— مەيلى، شۇنداق قىلايلى.

ياردار جەڭچى شۇنداق دېدى - دە، ئۇدۇلدا، چاتقاللىقتا قارىسى كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر دۈشمەنگە قارىتىپ ئوق ئاتتى، باتۇر چەبدەسلىك بىلەن ئۆمىلەپ، يولنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتتى ۋە بىر ئازدىن كېيىن ئۇنىڭ ئاپتوماتتىن ئوق ئاتقىنى ئاڭلاندى. چاتقاللىقتىكى دۈشمەنلەرمۇ ئۇنىڭغا قارىتىپ ئوق ئېتىشقا باشلىدى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان ياردار جەڭچى قاپاق تېرەك يېنىغا ئۆمىلەپ بېرىپ، ئۇ يەردە تۇرۇپ دۈشمەنلەرگە ئوق ئېتىۋاتقان ھەمراھىغا باتۇرنىڭ پىلانىنى يەتكۈزدى، ئۇلار ئۆمىلىگەن پېتى تۆۋەنلەپ كەتتى، كېيىن يولنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ چاتقاللىق ئىچىدە كۆزدىن غايىب بولدى. چاتقاللىقتىكى دۈشمەنلەر تۆت كىشى ئىدى. ئۇلار بۈگۈن ھەربىي ماشىنىدا پۇل

يۆتكەيدىغانلىقىنى كىمدىندۇر ئاڭلاپ، چاتقاللىقتا يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئىدى. ئۇلار كۆۋرۈكنى پارتلىتىۋەتسەك، ماشىنا كابىنىدىن چىقسا، پۇل يۆتكەپ ماڭغان ئەسكەرلەر ئالاقزادە بولغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى ئېتىپ ياكى ياردار قىلساق پۇل بىزنىڭ بولىدۇ، دەپ ئويلاشقان ۋە كۆۋرۈك ئاستىغا پارتلاتقۇچ دورا كۆمگەن ئىدى. ئۇلار مۆلچەرلىگەندەك، ئاپتوموبىل كۆۋرۈك ئۈستىگە چىققاندا، كۆۋرۈكنى ئاپتوموبىل بىلەن قوشۇپ پارتلىتىشقا مۇۋەپپەق بولدى، ئەمما كۈتمىگەن قارشىلىققا دۇچ كەلدى.

جەڭ يىگىرمە مىنۇتچە داۋام قىلدى. شۇ ئارىدا ساق جەڭچى دۈشمەنلەرنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈشكە ئۈلگۈردى. ئۇ ئارقىدىن، باتۇر ئوڭ تەرەپتىن، ياردار جەڭچى سول تەرەپتىن ئۇلارنى ئىسكەنجىگە ئالدى ۋە دۈشمەنلەرنى قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولۇشقا چاقىردى. ئەمما، دۈشمەنلەر جاھىللىق قىلىپ قارشىلىق كۆرسەتتى، ئاخىرى ئۇلاردىن ئىككىسى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلۈپ، بىرى ياردار بولدى، يالغۇز قالغان بىرى ئامالسىز تەسلىم بولدى.

بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان ناھىيىلىك قوراللىق بۆلۈم جەڭچىلىرى يېتىپ كەلگەندە جەڭ ئاخىرلاشقان ئىدى. ناھىيىلىك قوراللىق ساقچى رەھبەرلىكى بۇ ۋەقەنى شۇ هامان ۋىلايەت ۋە شۆبە ھەربىي رايونغا دوكلات قىلدى، بۇ ئىشتىن باتۇرنىڭ قىسمىدىكى باشلىقلارمۇ خەۋەر تاپتى ۋە ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي باتۇر «خەلقنى قوغدىغۇچى جەڭچى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشىپ، دەرىجە ئاتلىتىپ لېيەنجاڭلىققا ئۆستۈرۈلدى.

## 7

باتۇرنىڭ لېيەنى قوغداشقا مەسئۇل بولغان چېگرا دائىرىسىدە مۇز تاغ جىلغىسى دېيىلىدىغان بىر جىلغا بار ئىدى. ئۇ يامىردى-

كى چوڭ جىلغىلارنىڭ بىرى ئىدى. تاغ چوققىلىرىدىكى قار -
مۇزلار كۈن ئىسسىقى بىلەن ئېرىپ، جىرا - جىرالاردىن ئېقىپ
چىقىپ مۇزتاغ جىلغىسىدا قوشۇلۇپ چوڭ ئېقىن ھاسىل قىلات-
تى. ئېقىننىڭ ئىككى تەرىپىدە بۇلاقلارمۇ كۆپ ئىدى. شۇڭا،
بۇ ئېقىننىڭ سۈيى قىش - ياز ئۈزۈلمەيتتى ۋە ياز كۈنلىرى
بۇلۇڭكۆل دېگەن جايدىن ئۆتكەندى. كېيىن باشقا جىرالاردىن
چىققان ئېقىنلار بىلەن قوشۇلۇپ، چوڭ دەريا ھاسىل قىلاتتى.
بۇ دەريا سۈيى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ مەقبەرىسى بار ئوپال يېزىسى-
دىن ئۆتۈپ، تاشمىلىق يېزىلىرىنى سۇغا قاندۇرۇپ تۆۋەنگە قا-
راپ ئاقاتتى. مۇز تاغ جىلغىسى بۇرۇنقى يىپەك يولىنىڭ بىر
تارمىقى ئىدى. تارىختىن بېرى بۇ يولدىن نۇرغۇن كارۋانلار
ئۆتكەن. بۇ جىلغىدا ساناقسىز ئۇلاغلار ئۆلگەن، خۇنسىراپ يۈر-
دىغان تالاي قاراقچىلار ئۆتكەن ئىدى. . . ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى
مەزگىلىدە پامىر ئەتراپىدىكى باندىتلار مۇز تاغ جىلغىسىنى چېگ-
رىدىن قېچىپ ئۆتۈپ - كىرىپ تۇرىدىغان ئاساسلىق يول قىلغان
ئىدى. شۇڭا باتۇر بۇ جىلغىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان قاراۋۇلخانىدى-
كىلەرگە ھەر دائىم ھوشيار بولۇشنى تاپىلاپ تۇراتتى.

ئاخىرقى كۈز كۈنلىرى ئىدى. ليەن شتابى ئورۇنلاشقان تاغ
قاپتىلىدا سەھەرنىڭ سوغۇق شامىلى ئۇشقىرتىپ كېزىپ يۈرەت-
تى. ئۈپۈق يېرىپ چىقىۋاتقان قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرى تاغ
باغرىدىكى ئارچا، قارىغايلاردا، قۇرۇغان چۆپلەر ئۈستىدە چاق-
نايتتى، ئەتىگەنلىك ھەربىي مەشىقتىن قايتقان جەڭچىلەر سوغۇق
سۇنى داسلىرىغا قۇيۇپ، يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇشىۋاتاتتى. باتۇر
ليەن شتابىغا ئەمدىلا كىرىپ تۇراتتى، تېلېفون جىرىڭلىدى، ئۇ
بېرىپ تۇرۇپكىنى ئالدى. تېلېفون مۇز تاغ جىلغىسىدىكى قارا-
ۋۇلخانىدىن كەلگەن ئىدى، باتۇر تېلېفون بېرىۋاتقان بەنجاڭ
ئىكەنلىكىنى ئاۋازىدىن تونۇدى.

— دوكلات ليەنجاڭ، — دېدى ئەسقەر تونۇشلۇق بەرگەندىن

www.uyghurkitap.com

كېيىن، — بايىلا ئۈچ ـ تۆت كىشىنىڭ چېگرىدىن ئۆتۈپ كەت-كەنلىكى مەلۇم بولدى. كۆزەتتە تۇرغان جەڭچى بىخەستەلىك قىلىپ، ئۇلار چېگرىدىن ئۆتكىچە كۆرمەي قاپتۇ. . .

باتۇر ئۇنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاپ بىر هازا گەپ قىلالماي قالدى. بۇ كىچىك ئىش ئەمەس ئىدى ۋە ئۇنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتە قىلماي بولمايتتى، هەتتا ئۆزىمۇ بۇ ئىشنى يۇقىرىغا ئۆزىنىڭ سەۋەنلىكى، دەپ مەلۇم قىلىشقا توغرا كېلەتتى، شۇڭا ئۇنىڭ ئەسقەرگە شۇنداق كايىغۇسى كەلدى، ئەمما ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

— بۇ بىز ئۈچۈن ئىنتايىن چوڭ خاتالىق، — دېدى باتۇر، — بىخەستىلىك قىلغان جەڭچى تەكشۈرۈشنامە يېزىپ، لېيەن شتابىغا تاپشۇرسۇن، بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق بىخەستىلىك-كە هەرگىز يول قويۇلمايدۇ.

— خوپ لېيەنجاڭ، — دېدى ئەسقەر.

باتۇر شۇ هامان ئەهۋالنى ئۆز لېيەنى قاراشلىق قىسىم باشلى-قىغا تېلېفوندا مەلۇم قىلدى. باشلىق ئۇنىڭغا شەخسەن ئۆزى ئەتراپتىكى چارۋىچىلار بىلەن كۆرۈشۈپ، چېگرىدىن ئۆتكەنلەر-نىڭ نېمە ئادەملەر ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاشقا يوليورۇق بەردى.

باتۇر ناشتىدىن كېيىنلا ئاتقا مىنىپ يۇرۇپ كەتتى ۋە چارۋى-چىلارنى ئارىلاپ يۈرۈپ، ئۇلار بىلەن سۆزلىشىپ ئەهۋال ئىگى-لىدى، نەتىجىدە مەلۇم بولدىكى، چېگرىدىن ئۆتۈپ كەتكەنلەر ئەسلى چەت ئەلدىن كىرگەن ئىشپىيونلار ئىدى. ئۇ بۇ ئەهۋالنى شۇ كۈنىلا قىسىم رەهبەرلىكىگە مەلۇم قىلدى ۋە يۈز بەرگەن خاتالىقنىڭ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆ-زىنى تەكشۈردى.

ئىشپىيونلارنىڭ مۇزتاغ جىلغىسىدىن يوشۇرۇنچە كىرىپ چىقىپ كەتكەنلىكى ئۇلارنىڭ يەنە كىرىدىغانلىقىدىن ۋە ئۇلار تېخىمۇ چوڭراق ئىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەت-

تى. باتۇرنىڭ بۇ پەرىزى توغرا ئىدى. ساقچى ئورۇنلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلىشى نەتىجىسىدە، ئۆتكەندە كىرىپ - چىقىپ كەتكەن ئىشپىيونلار بۇ تەرەپتىكى بىر قىسىم يامان نىيەتلىك كىشىلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئاغدۇرمىچىلىق قىلىشقا تەيىيارلىنىۋاتقانلىقى مەلۇم بولدى.

بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان باتۇر تېخىمۇ سەگەكلەشتى ۋە ئىشپىيونلارنىڭ يەنە كىرىپ ئاغدۇرمىچىلىق قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ياخشى تەييارلىق كۆرۈش ئۈستىدە ئويلاندى، ئاخىرى ئۇ بىر ياخشى ئەقىل تاپتى. بىر كۈنى بۇ ئىدىيىنى لىيەن پارتىيە ياچېيكا يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويدى:

— بىز مەسئۇل بولۇپ قوغداۋاتقان بۇ چېگرا لىنىيىسى ناھايىتى ئۇزۇن، — دېدى ئۇ تاماكا چېكىپ ئولتۇرۇپ، — بىز پەقەت ئېغىزلارنىلا رازۋېدكا قىلالايمىز، ھەممە دائىرىنى چارلاپ تۇرۇشىمىز تەس. شۇڭا، چېگرىغا يېقىن يېزىلاردىكى خەلق ئەسكەرلىرىنى تەشكىللەپ، ئارمىيە، خەلق بىرلەشمە مۇداپىئە تورىنى قۇرساق، بىز ئامما ـ غا تايانغان ـ دىلا قۇدرەت ـ لىك كۈچكە ئايلىنالايمىز.

— ئويىڭىز ناھايىتى ياخشى، — دېدى سىياسىي يېتەكچى باتۇرنىڭ پىكرىنى قوللاپ، — سىز ئويلىغاندەك قىلايلى. يېزىلىق خەلق قوراللىق بۆلۈمى بىلەن دەرھال كۆرۈشەيلى، بۇ ئىشى ئۇلار بىلەن بىللە مەسلىھەتلىشەيلى.

— توغرا گەپ، — دېدى مۇئاۋىن لىيەنجاڭمۇ، — چېگرا ئېغىزلىرى، جىرالارغا خەلق ئەسكەرلىرىنى ئاساس قىلغان چارۋىچىلار ئائىلىسىنى ئورۇنلاشتۇرايلى، ئۇلار چارۋا باققاچ ئۆتكەن - كەچكەنلەرنى كۆزەتسۇن. يەرلىك كىشىلەر بۇ يەردە ئەسىرلەردىن بېرى ياشاپ كەلگەچكە بىر - بىرى بىلەن ياخشى تونۇشىدۇ، بۇ يەرگە ناتونۇش ئادەم كېلىپ قالسا چېنىپلا قالىدۇ.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار باتۇرنىڭ پىكرىنى توغرا تاپتى ۋە

يېزىلىق قوراللىق بۆلۈم بىلەن كۆرۈشۈشنى باتۇرغا تاپشۇردى. ئۇ ئەتىسى يېزىلىق قوراللىق بۆلۈمگە باردى. ئۇلارمۇ باتۇرنىڭ پىكرىنى قوللىدى ۋە بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا چېگرىنىڭ ئادەم ئۆتەلەيدۇ، دەپ قارالغان ئېغىزلىرىغا خەلق ئەسكەرلىرىنى [illegible] بېقىشقا ئورۇنلاشتۇردى.

## 8

نويابىر ئايلىرى ئىدى. پامىردا زىمىستان سوغۇق جاراڭلاپ تۇراتتى. چوققىلار قار - مۇز بىلەن قاپلانغان ئىدى. لېكىن، ساپ هاۋالىق بۇ جايدا هامان هاۋا ئوچۇق ئىدى ۋە كېچىلىرى كۆكتە يۇلتۇزلار چاقناپ تۇرسا، كۈندۈزلىرى قۇياش چاقناپ تۇراتتى، ئەمما، ئۇنىڭ هېچبىر ئىسسىقى يوق ئىدى. جەڭچىلەر كەچلىك تاماقتىن كېيىن ياتاقلىرىدا ئارام ئېلىپ، بەزىلىرى گىتار چېلىپ، ناخشا ئېيتىشىپ، بەزىلىرى شاهمات ئوينىشىپ ئولتۇراتتى. باتۇر ئىشخانىدا ماتېرىيال كۆرۈۋاتاتتى. تۇيۇقسىز تېلېفون جىرىڭلىدى. باتۇر تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئالدى. تېلېفون تۇەن شتابىدىن كەلگەن ئىدى. باتۇر تېلېفون قىلىۋاتقان كىشىنىڭ تۇەنجاڭ ئىكەنلىكىنى ئاۋازىدىن تونۇدى.

— بۈگۈن كېچە مۇز تاغ جىلغىسىدىن بىر تۈركۈم ئىشپىيون ئۆتۈشى مۇمكىن، دېدى تۇەنجاڭ، — شۇڭا سىز ئۇلارنى قانداق «قارشى ئېلىش»نى ياخشىراق ئورۇنلاشتۇرۇڭ. ئالدىنئالا تەييارلىق قىلىڭلار، ئۇلار ئۆتەلەيدىغان ئېغىزغا بالدۇرراق بېرىپ، يوشۇرۇنۇپ تۇرۇڭلار...

باتۇر تۇەنجاڭنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلاپ بولۇپ، دەرهال سىياسىي يېتەكچى بىلەن مۇئاۋىن لىيەنجاڭنى ئىشخانىغا چاقىرىپ، بۇيرۇقنى يەتكۈزدى. ئۇلار قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى قىسقى-

چە دېيىشۋالغاندىن كېيىن، پۈتۈن لېيەن بويىچە يىغىلىش سىگ-نالى چېلىشقا بۇيرۇق قىلدى.
ئەتراپ گويا قازاننى دۈم كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قاراڭغۇ ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ يىغىلىش سىگنالىنى ئاڭلىغان جەڭچىلەر چاقماق تېزلىكىدە تولۇق قوراللىنىپ، ئەپچىللىك بىلەن قىلىپ تىڭشى-غان يۈك - تاقلىرىنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ، لېيەن ئىشخانىسى ئالدىدا سەپكە تىزىلىپ بولدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى سەپ ئالدىدا تۇرغان، تۇرقىدىن جىددىيلىكى چىقىپ تۇرغان لېيەنجاڭنىڭ ئې-گىز بويلۇق تەمبەل بەستىگە تىكىلگەن ئىدى. لېيەنجاڭ جەڭچى-لەرگە ئاۋۋال «دىققەت!»، كېيىن «راھەت!» دەپ بۇيرۇق بەرگىنىدىن كېيىن، ھەممىگە تەكشى قارىۋېتىپ:
— يولداشلار! — دېدى جاراڭلىق ئاۋازدا، — يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىغا قارىغاندا، بۈگۈن كېچە چەت ئەلدىن بىر تۈركۈم ئىشپىيون - دۈشمەنلەر بىز تەرەپكە ئۆتىدۇ. ئۇلار چېگرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن قورشاپ، بىرىنىمۇ قاچۇرۇۋەتمەي يوقىتىشى-مىز لازىم. بۇ بىزگە يۈكلەنگەن مۇشكۇل، شەرەپلىك ۋەزىپە. ۋەتەن ئوغلانلىرى - قەھرىمان جەڭچىلەر، ۋەتەن، خەلق غەلىبە خەۋىرىمىزدىن شادلانسۇن، دۈشمەنلىرىمىز دىر - دىر تىترىسۇن...
بۇ لېيەن پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ لېيەننى جەڭگە سەپەرۋەر قىلىش يىغىنى ئىدى. باتۇرنىڭ كۆتۈرەڭگۈ ئاۋازى تۈن قاراڭغۇ-سىنى يېرىپ، يىراق - يىراقلاردا ئەكس سادا قايتۇرۇپ تۇراتتى. جەڭچىلەر ھاياجانغا چۆمگەن ۋە جىددىيلەشكەن ئىدى.
سەپەرۋەرلىك يىغىنىدىن كېيىن جەڭچىلەر ماشىنىلارغا چى-قىپ ئورۇن ئېلىشتى. ئۇلار قوراللىرىنى چىڭ تۇتقىنىچە، ئالدى تەرەپتىن سوقۇپ تۇرغان ئاچچىق شامالغىمۇ پىسەنت قىل-ماي، ئۆتكۈر كۆزلىرىنى چېگرا تەرەپكە تىكىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ شۇ تاپتىكى قىياپىتى ئېگىز قارلىق چوققىدا كۆكلەپ تۇرىدىغان قارلەيلىسىنى ئەسلىتەتتى.

ماشىنىلار جەڭ ۋاقتىدىكى تەلەپ بويىچە چىراغسىز بىر سائەتتىن ئارتۇق ماڭغاندىن كېيىن، دۈشمەنلەر تۇتىدىغان ئې-غىزنىڭ قېشىدىكى جىلغىغا بېرىپ توختىدى. ئۇلار كىچىلىك ھەربىي يۈرۈش قائىدىسى بويىچە جىمجىتلىقنى بۇزماي، كۆرسىتىلگەن ئاكوپلارغا بېرىپ ئورۇنلاشتى. جەڭچىلەر بۇ ئېغىزنى تولۇق مۇھاسىرىگە ئالغان ئىدى. ھازىر سوغۇق تاغ شامىلى سوقۇپ تۇراتتى. ئۇ تۇرۇپ ئۇشقىرتاتتى، تاغ ـ تاشلارغا ئۇرۇ-لۇپ چىرقىرايتتى. باتۇرمۇ، جەڭچىلەرمۇ ھەربىر سادادا، تى-ۋىشقا دىققەت بىلەن قۇلاق سالاتتى.

بىر چاغدا شامال ئاتلارنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئېلىپ كەلگەن-دەك بىلىندى. باتۇر سەگەكلىشىپ، نەپەس ئالماي تۇرۇپ قۇلاق سالدى. بۇ تىۋىش بارا ـ بارا يېقىنلاشتى ۋە توساتتىن ئاتنىڭ پۇشقۇرۇشى ئاڭلاندى. ۋاقىت سېكۇنتلاپ ئۆتمەكتە ئىدى. ئەم-ما، ھەربىر دەقىقە سائەتتەك ئۇزۇن تۇيۇلاتتى. دۈشمەنلەرنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى جەڭچىلەر سېزىپ بولغان ئىدى. ئۇلار بارا ـ بارا يېقىنلاپ كەلدى، ئاتلىرىنى بىخىرامان يورغىلىتىپ، نېمە توغرىلىقتۇر گۇدۇڭلىشىپ، سۆزلىشىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار شۇنچىلىك بىخىرامان، خاتىرجەم ئىدىكى، ئەتراپتا ئۆزلىرىنى كۆزىتىپ تۇرغان ئادەملەر بارلىقى خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايت-تى، ئاخىرى ئۇلار مۇھاسىرە دائىرىسىگە كىردى.

— ئات!

باتۇرنىڭ دۈشمەنگە ئۇشتۇمتۇت، قورقۇنچلۇق ئاڭلانغان بۇيرۇقى بىلەن تەڭ جەڭچىلىرىمىز دۈشمەنگە مۆلدۈردەك ئوق ياغدۇردى. پىلىموتلار چۇڭقۇلداپ، ئاپتوماتلار تاتاتلاپ سايراپ كەتتى. باتۇرمۇ يان قورالىدىن توختاۋسىز ئوق ئۈزۈپ تۇراتتى. ئۇشتۇمتۇت زەربىگە ئۇچرىغان دۈشمەنلەر ئالاقزادە بولۇپ، ئۇۋۇ-سى بۇزۇلغان ھەرىلەردەك ئۆزلىرىنى ھەر يانغا تاشلاشتى. ئۇلار ئاتلىرىدىن غولىماقتا ئىدى. نىشانسىز، قوماندانسىز قالغان بىر

توپ ئىشپىيون كەينىگە بۇرۇلۇپ قاچتى. ئىگىسىز قالغان ئاتلار-نىڭ كىشنەشلىرى، ئوقلارنىڭ يۈرەكنى تىترەتكۈچى سادالىرى جان تالىشۋاتقان ئىشپىيونلارنىڭ ئېچىنىشلىق ئاھۇ زارى، نالە - پەريادى بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن ئىدى. ئىشپىيونلارنىڭ ئالدىنقى سېپى تارمار بولغانىدى. كېيىن ئارقا سېپىدىكىلەر ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىپ، قالايمىقان ئوق چىقىرىپ، بۆسۈپ ئۆتۈشكە ئۇ-رۇندى، ئەمما جەڭچىلىرىمىز يامغۇردەك ئوق ئۈزۈپ تۇرغاچقا، ئۇلار بىر قەدەممۇ ئالغا سىلجىيالمىدى. ئىككى تەرەپتىن ئېتىل-غان ئەجەل ئوقلىرى چۇڭۇلداپ، ۋىژىلداپ ئۇچۇپ تۇراتتى.

لېيەنجاڭ باتۇر جەڭچىلەرگە مۇھاسىرىنى كىچىكلىتىپ ئىل-گىرىلەشكە بۇيرۇق قىلدى، ئۆزى بىرىنچى بولۇپ ئاكوپتىن چىقىپ يۈگۈردى. شۇ ئەسنادا يالغاندىن ئۆلگەن بولۇپ يېتىۋال-غان بىر دۈشمەن باتۇرغا ئوق ئاتتى. لېكىن، قاراڭغۇدا ئۇ ئوقنى تەگكۈزەلمىدى. ئۆزىنى چەبدەسلىك بىلەن دالدىغا ئېلىپ ئۇل-گۈرگەن باتۇر ئوق ئېتىلغان جايغا قارىتىپ ئوق ياغدۇردى ۋە دۈشمەننىڭ كۆكسىنى تىتما - كاتاك قىلىۋەتتى.

ھايات - ماماتلىق جېڭى داۋام قىلىۋاتاتتى. باتۇر چېگرا ئېغىزىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى دۈشمەن توپىغا يېقىنلىشىپ تۇرۇ-شىغا كۆزىگە قان تولغان بىر دۈشمەن مىلتىق نەيزىسىنى ئۇنىڭ كۆكسىگە توغرىلاپ ئېتىلىپ كەلدى. قاراڭغۇ بولسىمۇ دۈشمەن-نىڭ غەزەپلىك كۆزى، پارقىراپ تۇرغان نەيزە ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى، دۈشمەن ئۇدۇل كەلگەن پېتى باتۇرغا بار كۈچى بىلەن نەيزىنى سانچىدى. ئەمما باتۇرنىڭ كۆزلىرى ھەممىنى كۆرۈپ، كۆڭلى ھەممىنى سېزىپ تۇراتتى، ئۇ چەبدەسلىك بىلەن ئۆزىنى يانغا ئالدى، نەيزىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن سانجىپ ئېتىلغان دۈشمەن ئۆزىنىڭ سالمىقى بىلەن دەلدەڭشىپ بارغىنىچە نېمىگە-دۇر پۇتلىشىپ يىقىلدى. باتۇر ئۇنىڭغا نەيزىنى تەڭلەپ تۇرۇپ:

— قولۇڭنى كۆتۈر! — دەپ ۋارقىرىدى.

قارشىلىق قىلسا جېنىدىن جۇدا بولىدىغانلىقىغا كۆزى يەت-
كەن دۈشمەن ئامالسىز قولىنى كۆتۈرۈپ تەسلىم بولدى. شۇ
ئەسنادا دۈگىلەك بىر نەرسە ئۇچۇپ كېلىپ باتۇرنىڭ ئايىغى
تۈۋىگە چۈشۈپ پىژىلداپ كەتتى. بۇ دۈشمەنلەر ئاتقان گراناتى
ئىدى. باتۇر ئىككىلەنمەستىن گراناتنى ئېلىپ دۈشمەن تەرەپكە
قارىتىپ ئېتىپ، ئۆزىنى يېنىدىكى ئازگالغا تاشلىدى، ئەمما ئۇ
ئازگالغا چۈشۈپ بولغۇچە گرانات بوشلۇقتا پارتلاپ، باتۇرغا قول
كۆتۈرۈپ تەسلىم بولۇپ ئۆلتۈرغان دۈشمەن تىن تارتماي جان
بەردى، باتۇرمۇ يارىدار بولدى.

جەڭ تاڭ يورۇشى بىلەن تەڭ ئاياغلاشتى. قىزىرىپ چىققان
قۇياش ئاچقىزىل يىپەك پەردىسىنى پامىر ئۇستىگە يايدى. كۆكنى
تىرەپ تۇرغان چوققىلاردىكى مەڭگۈ ئېرىمەس مۇز - قارلار
قۇياش نۇرىدا كۈمۈشتەك يالتىراپ تۇراتتى. ماش رەڭ ھەربىي
ماشىنا باتۇرنى ئېلىپ، ئارقا سەپ دوختۇرخانىسىغا يول ئالدى.

قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلى يىلان باغرى تاغ يولىدا ئۇچقاندەك
تېز كېتىپ باراتتى. ئوڭ كۆكرىكىگە گرانات پارچىسى تېگىپ،
قانسىراپ كەتكەن باتۇر ماشىنا سىلكىنگەندە چىرايىنى پۈرۈشتۈ-
رۈپ، ئاغرىق ئازابىدىن ئىڭراپ سالماسلىق ئۈچۈن لەۋلىرىنى
چىشلەپ ئوڭدا ياتاتتى. ئۇنىڭ سول بىلىكىگە ئاسما ئوكۇل
ئېسىپ قويۇلغان ئىدى. ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە دوختۇر تۇرغۇن،
سول تەرىپىدە سېسترا ئايگۇل ئولتۇراتتى. تۇرغۇن پات - پات
سوغۇقنىڭ تەسىرى بىلەن ماشىنا ئىچىدىكى ئىسسىقتىن ھاسىل
بولغان ھوردىن خىرەلىشىپ قالغان كۆزەينىكىنى سۈرتۈپ قوياتت-
تى. ئايگۇل ئەنسىزلىك ئىچىدە بىردە باتۇرغا، بىردە ئاسما
ئوكۇلغا كۆز ئۈزمەي قارايتتى، باتۇرنىڭمۇ كۆزلىرى ئۇنىڭغا
تىكىلگەن ئىدى، ئەمما، ئۇنىڭ كۆزلىرى مېيى ئاز قالغان جىن-
چىراغنىڭ يورۇقىدەك ئاجىزغىنا چاقناپ تۇراتتى. ماشىنا سىل-
كىنگەندە كۆزلىرىنى يۇمۇۋالاتتى، چىرايى پۈرۈشۈپ كېتەتتى.

بۇنداق ھالنى كۆرگەن ئايگۈل ماشىنىنىڭ تېخىمۇ تېزرەك، سىلىق مېڭىشىنى تىلەيتتى، ئۇنى دوختۇرخانىغا تېزراق ئېلىپ بارسا، ئوپېراتسىيە قىلسا، دوختۇرلار باتۇرنى قۇتقۇزۇپ قالسا. . . ئۇ شۇنىلا ئويلايتتى.

قېرىشقاندەك تاغ شامىلى كۈچەيمەكتە ئىدى. شامال بارا - بارا كۈچىيىپ، قارلارنى ئۇچۇرۇپ، شىۋىرغانغا ئايلاندى - دە، ماشىنىنىڭ سۈرئىتى خېلىلا ئاستىلاپ قالغانىدى. چۈنكى، شىۋىرغاندا ئەتراپنى ئېنىق كۆرگىلى بولماي قالغان ئىدى. شوپۇر بۇ يولدا ئۆزۈندىن بېرى مېڭىپ، ھەربىر ئوي - چوڭقۇرغىچە پىششىق تونۇش بولۇپ كەتكەچكىمۇ ماشىنىنى شىۋىرغانغا پەرۋا قىلماي ھەيدەۋاتاتتى. لېكىن، ماشىنا پات - پات سىلكىنەتتى، قاڭقىيتتى، ئاسما ئوكۇل بوتۇلكىسىمۇ پۇلاڭلاپ كېتەتتى - دە، ئايگۈل ئۇنى دەرھال تۇتۇۋالاتتى.

ئۇلار يولغا چىقىپ ئۈچ سائەتلەردىن كېيىن ماشىنا توختاپ قالدى. چۈنكى، بوران قارلارنى ئۇچۇرۇپ كېلىپ يولغا دۆۋىلەپ ماشىنا ماڭالماس قىلىۋەتكەن ئىدى. شوپۇر ماشىنىنى بىر دەم ئالدىغا، بىر دەم كەينىگە ماڭدۇرۇپ باقتى، بولمىدى، ماشىنا قېلىن قارنى يېرىپ ئۆتەلمىدى. شوپۇر ئامالسىز ماشىنىدىن چۈشتى. قار قېلىن ئىدى، ئۇنى يېرىپ ئۆتۈشكە شوپۇرنىڭ كۆزى يەتمىدى. ئۇ بېشىنى چايقاپ قويۇپ ماشىنىغا چىقتى ۋە ئۆزى بىلەن بىللە سوغۇقنى ئېلىپ كىردى:

— ئۆتكىلى بولمىغۇدەكمۇ؟ — دەپ سورىدى ئىچى تىتىلداپ تۇرغان ئايگۈل.

— ئۆتەلمىگۇدەكمىز، بىرەر يەردىن تراكتور تېپىپ كېلىپ ماشىنىنى سۆرەتمىسەك بولمىدى.

ئايگۈل ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى، ئۇ باتۇرنى دوختۇرخانىغا تېزراق يەتكۈزۈشنىلا ئويلايتتى، بۇنداق ئاۋارىچىلىق بىلەن يولدا ئۇزاق تۇرۇپ قالسا، باتۇرغا بىرەر ئىش بولارمۇ، دەپ ئەنسى-

رەيتتى. قاراڭ ماۋۇ كېلىشمەسلىكنى.
— بۇ ئەتراپتىن تراكتور تاپقىلى بولارمۇ؟
دوختۇرنىڭ بۇ سوئالىغا شوپۇرنىڭ بەرگەن جاۋابىمۇ كۆ-ڭۈلسىزغىنە گەپ بولدى:
— شۇ ئەتراپتا ئەتراپنىمۇ ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولمايۋاتىدۇ. ئەگەر يېڭىلىشمىسام بۇ يەردىن ئون كىلومېتىر يىراقلىقتا يول ئاسراش ئورنى بار. زەنجىر تاپانلىق تراكتور شۇلاردىلا بار.
— ئۇنداق بولسا، مەن بېرىپ ئۇلارغا خەۋەر قىلاي، — دېدى ئايگۈل ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىپ.
— سىز بارامسىز؟ — شوپۇر ئۇنىڭغا ئەجەبلەنگەندەك تىكىلىپ قارىدى، — مۇشۇنداق قاتتىق شىۋىرغاندا - ھە؟ سىز دوختۇر بولغاندىكىن ياردارغا قاراڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز بۇ يوللارنى ياخشى بىلمەيسىز، مەن باراي.
شوپۇر شۇنداق دەپ ۋە موتورنى ئۆچۈرمەسلىكنى، مۇبادا موتور ئۆچۈپ قالسا قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى تاپىلاپ ماشىنىدىن چۈشتى.
شىۋىرغان ئۇشقىرتىپ، قار توزۇندىلىرىنى ئۇچۇرۇپ تۇراتتى. جۇۋىسىنىڭ پەشلىرى بوراندا ھەر تەرەپكە لەپىلدەپ تۇرغان شوپۇرنىڭ قارىسى بىر دەمدىلا كۆرۈنمەي قالدى - دە، ئايگۈلنىڭ يۈرىكى يەنە ئەنسىزلىكتىن ئازابلانغىلى تۇردى. شوپۇر قاچان كېلەر، تراكتور تېپىپ كېلەلەرمۇ؟ مۇبادا ئۇلار بۇ يەردە ئۇزاق تۇرۇپ قالسا، ئۇ ئېشىنىڭ ئاخىرىنى ئويلاشتىن، كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشتىن قورقاتتى.
بەختكە يارىشا ئۇزاق ساقلاشقا توغرا كەلمىدى. ئارىدىن يېرىم سائەتمۇ ئۆتمىگەن ئىدى، تراكتورنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى ۋە بىر دەمدىلا تراكتورمۇ يېتىپ كەلدى. ئەسلىي يول ئاسراش ئورنىدىكىلەر زەنجىر تاپانلىق تراكتور بىلەن دۆۋىلىنىپ قالغان قارلارنى تۈرتۈپ، يول ئېچىپ كېلىۋاتقان ئىكەن، ھەش - پەش

دىگوچە قوتقۇزۇش ماشىنىسىنىڭ ئالدىدىكى قارلانى تۇرتۇپ يول ئېچىپ بەردى. قوتقۇزۇش ماشىنىسى قوزغالدى، ماشىنىدىكىلەر يول ئاسراش ئىشچىلىرىغا رەھمەت ئېيتىپ يۈرۈپ كەتتى ۋە نەچچە سائەت يول يۈرۈپ، ئارقا سەپ دوختۇرخانىسىغا يېتىپ باردى. باتۇر دەرھال تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىگە ئورۇنلاشتۇ-رۇلدى. ئايگۈلمۇ شۇ يەردە قالدى، چۈنكى قىسىم رەھبەرلىكى ئۇنى باتۇرنى كۈتۈشكە ئاجراتقان ئىدى.

## 9

باتۇر شۇ كۈنى ئاخشىمىلا ئوپېراتسىيە قىلىندى. ئوڭ كۆك-رىكىدە گرانات پارچىسى تۇرۇپ قالغان ئىكەن، ئېلىپ تاشلان-دى. ئوپېراتسىيە ئۇچۇنمۇ كۆپ ۋاقىت كەتمىدى. ئەمما، باتۇر ياتاققا ئېلىپ چىقىلغاندا، ماغدۇرسىزلىق ۋە ناركوز تەسىرىدىن تېخى تولۇق هوشىغا كېلەلمىگەن ئىدى، شۇڭا ئايگۈل ئۇنى كۆرگەندە يۈرىكى پىچاق سانجىلغاندەك ئاغرىپ كەتتى - دە، ئىتتىك بېرىپ تومۇرىنى تۇتتى. تومۇر ئۇرۇشى بوش بولسىمۇ، نورمال ئىدى. باتۇر كىمدۇر بىرى قولىنى تۇتقىنىنى سەزدى بولغاي، كۆزىنى ئاچتى، يېنىدا ئايگۈل تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ كۈلۈمسىرىدى، ئەمما، چىرايى پۈرۈشۈپ، يىغلىغاندەك كۆرۈ-نۈپ كەتتى.

ۋاقىت ئاستا - ئاستا ئۆتمەكتە ئىدى. باتۇر كارىۋاتتا ئوڭدا ياتاتتى، ئاسما ئوكۇلدىن دورا سۇيۇقلۇقى توختىماي تامچىپ تۇراتتى. ئايگۈل بولسا باتۇرنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى. باتۇر ئاي-گۈلگە پات - پات قاراپ قوياتتى. ئۇ چىرايلىق قىز ئىدى، ئۇ ئايگۈلنى بىرىنچى كۆرۈشىدىلا ياقتۇرۇپ قالغان ئىدى. لېكىن ئۇ چاغدا تېخى جەڭچى ئىدى ۋە بىرەر قىزغا تەلەپ قويۇشقا

پىتىنالمايتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار كۆپ ئۇچراشتى. ئەمما، كۆڭۈل سۆزلىرىنى دېيىشكۇدەك پۇرسەت بولمىغان ئىدى. [illegible] ئەمدىلىكتە ئۇ قىز باتۇرنىڭ يېنىدا، خۇددى ئۇنىڭ قېرىندىشىدەك، سۆيگىنىدەك غەمخورلۇق قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ. قىسىم رەھبەرلىكى بۇ سىستىرانى ئۇنىڭغا مەخسۇس كۈتكۈچى قىلىپ ئاجراتقىنىدىن باتۇر قىزغا تىكىلىپ قاراپ خىيال سۈرۈۋاتاتتى، ئايگۈل ئۇنىڭغا لەپپىدە قارىدى ـ دە، خىجىل بولغاندەك يەرگە قارىۋالدى.

ئايگۈلمۇ باتۇرنى ياخشى كۆرەمدۇ؟ بۇ سوئالغا ئايگۈل نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەيتتى. باشتا باتۇر بۇ قىزغا ھەممە جەڭچىلەرگە ئوخشاشلا ھۆرمەتلەشكە تېگىشلىك ئىنسان بولۇپ تۇيۇلغان ئىدى، لېكىن، كۈنلەر ئۆتكەنسېرى، يەنى ئۇلارنىڭ ئۇچرىششى كۆپەيگەنسېرى ئۇنىڭدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭ نېمىشقىدۇر باتۇرنى كۆرگۈسى كېلىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ نېمە، مۇھەببەتمۇ؟ ئۇ بۇ سوئالغىمۇ بىر نېمە دېيەلمەيتتى.

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، باتۇرمۇ ياخشىلىنىشقا باشلىدى، ئۇ كارىۋاتتىن چۈشتى، ئۇيان ـ بۇيان ماڭىدىغان بولدى. بىر كۈنى ئەتىگەنلىك ئوكۇلدىن كېيىن باتۇر دوختۇرخانا قورۇسىنى ئايلىنىپ كىرمەكچى بولدى. ئۇنى تېخى يالغۇز قويۇپ بېرىشكە بولمايتتى. شۇڭا ئايگۈل ئۇنى قېلىن كىيىندۈردى ـ دە، قولتۇقىدىن يۆلەپ سىرتقا ئېلىپ ماڭدى. كېتىۋېتىپ ئايگۈل ئۆزىدە غەلىتە بىر سېزىم ھېس قىلىپ قالدى، گويا ئۇنىڭ بەدەنلىرىنى كىمدۇر بىرى غىدىقلاۋاتقاندەك ئىدى. ئۇ نۇرغۇن ئاغرىق جەڭچىلەرنى مۇشۇنداق يۆلەپ ماڭغان، ئەمما، ھېچقاچان ھازىرقىدەك تۇيغۇدا بولۇپ باقمىغان ئىدى. ئۇ تۇيغۇلىرىدىن خىجىل بولغاندەك باتۇرنىڭ دولىسىغا بېشىنى قويىۋالدى. باتۇرمۇ بۇ ھالدىن بىرەر مەنىنى سەزگەندەك ئۇنىڭغا قاراپ قويدى.

تالا سوغۇق ئىدى. دوختۇرخانىنىڭ يازدا ياپپېشىل، خۇددى باغچىدەك كۆرۈنىدىغان قورۇسى چۆلدەرەپ قالغان ئىدى. دەرەخلەر يالىڭاچ، گۈللۈكلەردىمۇ ھېچنەرسە يوق ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ باتۇرنىڭ سىرتنى كۆڭلى تارتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۇچۈن دورا پۇراپ تۇرىدىغان كېسەلخانىدىن سوغۇق بولسىمۇ تالا ياخشىراق، كۆڭۈللۈكرەك، ھاۋاسىمۇ ساپ ئىدى. ئۇلار كېسەلخانا بىناسىدىن سىرتقا چىقىشىغا سوغۇق يۈزلىرىنى چېقىپ ئۆتتى، ئايگۈل شۈركەنگەندەك بولۇپ تۈگۈلۈپ، باتۇرغا تېخىمۇ چاپلاشتى. باتۇر راسا سوغۇقتىن راھەتلەنگەندەك بولۇپ قالدى.

ئۇلار كېتىپ باراتتى. باتۇرنى يۆلەپ كېتىۋاتقان ئايگۈل قارىماققا باتۇرغا چاپلىشىۋالغاندەك، يەنى باتۇرغا يۆلىنىۋالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇلار ئاستا، تەكشى قەدەم تاشلاپ كېتىپ باراتتى. باتۇر قىزنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ قويۇپ سورىدى.

— ئايگۈل، ۋەدە بېرىپ قويغان يىگىتىڭىز بارمۇ؟

بۇنداق تۇيۇقسىز سوئالنى كۈتمىگەن ئايگۈل ئەجەبلەنگەندەك قاراپ قويۇپ سوئالغا سوئال قويدى:

— نېمىشقا بۇنى سوراپ قالدىڭىز!

— بەكمۇ بىلگۈم بار، سىز ئاۋۋال مېنىڭ سوئالىمغا جاۋاب بېرىڭ.

— يوق.

باتۇر مېڭىشتىن توختىدى. ئايگۈل ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا قارىدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئۇچراشتى. ئايگۈل باتۇرنىڭ كۆزلىرىدە ئاجايىپ بىر ئۇچقۇن چاقنىغانلىقىنى كۆردى، كۆردى-يۇ، تەمتىرەپ قالدى.

— ئەگەر خالىسىڭىز بىز توي قىلايلى.

ئايگۈل جاۋاب بېرەلمەي تۇرۇپ قالدى. باتۇر ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. باتۇرنىڭ دولىسىغا كېلىدىغان بېشىنى ئۇنىڭ سول مۈرىسىگە قويۇۋالغان ئايگۈل يەرگە قاراپ تۇراتتى. «بىز توي

قىلايلى» بۇ سۆز ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئۆيىنىتىۋەتتى. ئۇنىڭ تومۇر-لىرىدىكى قانلار گويا ئۆركەش ياساپ ئېقىۋاتقاندەك بىلىنەتتى-لېكىن، ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئۈنچىقمىدى، چۈنكى، بۇ ئىشنى بىر دەملىك تۇيغۇغا بېرىلىپلا ۋەدە بېرىشكە بولمايتتى. ئۇ ئۆز تۇيغۇلىرىنى دەڭسەپ كۆرۈشى، يۈرىكى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بىر نېمە دېيىشى كېرەك ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەلۋەتتە ۋاقىت كېرەك.

— نېمە بولدى، نېمىشقا جاۋاب بەرمەيسىز؟

— مەن ئويلىنىپ كۆرەي، — ئايگۈل شۇنداق دېدى ـ دە، باتۇرنى كىرىپ كېتىشكە ئۈندىدى، — يۈرۈڭ، كىرىپ كېتەي-لى، كۆپ ماڭسىڭىز چارچاپ قالىسىز.

— ياق، جاۋاب بەرمىسىڭىز مەن كىرىپ كەتمەيمەن.

— نېمانداق جاھىل سىز؟ — دېدى ئايگۈل باتۇرغا پىسىڭىد-دە كۈلۈپ قاراپ قويۇپ، — مېنى ئالدىراتماڭ، ئويلىنىدىغانغا ۋاقىت بېرىڭ.

— بولىدۇ، سىزگە پەقەت بىر كۈنلا مۆھلەت بېرىمەن، سىز ئەتە جاۋاب بېرىشىڭىز كېرەك.

— يائاللا، نېمىدېگەن جاھىل ئادەمسىز؟ ماقۇل، سىز دېگەندەك بولسۇن، يۈرۈڭ كىرىپ كېتەيلى.

ئۇلار يەنە بىر ـ بىرىگە يۆلەنگىنىچە كىرىپ كېتىشتى.

ئايگۈل شۇ كېچىسى كىرپىك قاقماي چىقتى. باتۇرنى تۇنجى كۆرگەن ۋاقتى، شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇچرىشىشلار، ئارىلىرىدا بولۇنغان پاراڭلار. . . ئىشقىلىپ، ئەسلەشكە تېگىشلىك ئىشلار-نىڭ ھەممىسىنى ئەسلىدى. يۈرىكىنىڭ سوقۇشىنى تىڭشاپ، دەڭسەپ كۆردى ۋە ئاخىرى باتۇر بىلەن بىر ياستۇققا باش قويسا بەختلىك بولىدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. ئۇ شۇنداق تۇيغۇغا كەل-گەندە يۈرەكلىرى ئويناپ، تومۇرلىرىدا قانلار شۇۋۇلداپ كەتتى. بۇ كېچە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئۇنتۇلماس بىر كېچە بولۇپ قالدى.

ئۇ ئەتىسى ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن باتۇرنى خۇش قىلدى. باتۇر ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇۋالغان ئىدى.

— ۋاي، بولدى، ئۇنداق قارىماڭ، ئەتراپىمىزدا ئادەم بار، — دېدى ئايگۈل.

— بولسا - بولسۇن، كارىم يوق، ماڭا جاۋاب بېرىڭ. ئويلاندىڭىزمۇ؟

— ھەئە، ئويلاندىم ۋە ئاخىرى سىزگە «تەسلىم» بولۇش قارارىغا كەلدىم.

كارىۋاتتا ياتقان باتۇر بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ سۆيۈنگىنىدىن قىز-نىڭ ئوڭ قولىنى تۇتۇۋالدى ۋە ئالىقىنىنى ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ سىقتى. گويا ئىككىسىنىڭ تومۇرلىرىدىكى قانلار بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ كەتكەندەك ئالىقانلىرى قىزىپ كەتتى.

## 10

چېگرىدىن ئوغرىلىقچە ئۆتمەكچى بولغان دۈشمەنلەرنى يوقى-تىش جېڭىدە سەككىز دۈشمەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن، ئون ئۈچ دۈشمەن ئەسىرگە ئېلىنغان ئىدى. يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگان بۇ غەلىبىگە ئاساسەن باتۇرنىڭ ليەنىگە «ۋەتەننى قوغدىغۇچى قەھرىمان ليەن» دەپ نام بەردى باتۇرنى بولسا جەڭدە ماھىرلىق بىلەن قوماندانلىق قىلىپ، ليەننى چىقىمغا ئۇچراتمىغانلىقى ئۈ-چۈن «بىرىنچى دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى» دەپ ئەنگە ئال-دى. بۇ خۇش خەۋەر ئۇ دوختۇرخانىدىن قايتىپ چىقىپ ئون كۈن بولغاندا ئۇقتۇرۇلدى ۋە قىسىم رەھبەرلىكى ئۇلارنىڭ گا-زارمىسىدا ئالاھىدە تەبرىكلەش يىغىنى ئېچىپ، يۇقىرى دەرىجە-لىك ئورگاننىڭ يۇقىرىقى بۇيرۇقىنى يەتكۈزدى.

يەنە باھار كەلدى. يېزا - مەھەللىلەر ئاپئاق چېچەكلەرگە

پۈركەندى. تاغ ـ ئېدىرلار باغرىغا ياپيېشىل تون يېپىندى. ھەممە جايدا باھار گۈزەللىكى جىلۋە قىلىپ تۇراتتى. قۇشلار بەس ـ بەستە سايراپ، باھار پەيزىنى سۈرەتتى. ئاسمان قاشتېشىدەك سۈزۈك ئىدى، شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئايرودرومدىن قوزغالغان يولۇچىلار ئايروپىلانى كۆككە ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلدى ـ دە، جەنۇبىي جۇڭگوغا قاراپ لەرزان ئۇچتى. ئايروپىلان دېرىزىسىدىن تۆۋەنگە قارىغان كىشىگە ۋەتىنىمىزنىڭ بىپايان زېمىنىدا كۆككە بوي سوزۇپ تۇرغان بىنالار، بۈك ـ باراقسان يېزىلار، ياپيېشىل ئېدىرلار، ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغان تاغلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئايروپىلاننىڭ ئالدىنقى رېتىدە تۆمۈررەڭ كاستيۇم ـ شىم، بادام دوپپا كىيگەن يىگىت بىلەن ئالما رەڭ دۇخاۋىدىن ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىپ، زەڭگەر ياغلىق سالغان قىز قىزغىن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. يىگىت نېمە توغرىلىقتۇ قىزىق پاراڭ قىلىۋاتسا كېرەك، قىز ئۇنىڭ سۆزلىرىگە كۈلۈپ كېتەتتى ۋە يىگىتكە ئەركىلىگەندەك يۆلىنىپ ئۆزىنى سۈركەيتتى. بۇ يىگىت بىلەن قىز باتۇر بىلەن ئايگۈل ئىدى. ئۇلار چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىدىكى ئوفىتسېرلەر توي قىلسا ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ، بىر ئاي ساياھەت قىلىپ، شېرىن ئاينى ئۆتكۈزسە بولىدۇ، دېگەن بەلگىلىمىگە ئاساسەن، توي قىلغاندىن كېيىن ساياھەت قىلىش ئۈچۈن ئىچكىرى ئۆلكىگە كېتىۋاتاتتى. ئۇلار شۇ تاپتا ناھايىتى بەختلىك ئىدى. شۇڭا، ئۇلار كۈلۈشەتتى، مۇڭدىشاتتى. باتۇر ئايگۈل بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ، پامىردا ئۆتكەن چاقماق چاققانچىلىك قىسقا ھاياتىدىكى شانلىق سەرگۈزەشتلىرىنى، شېرىن دەقىقىلىرىنى كۆز ئالدىدىن غىل ـ پال ئۆتكۈزدى ـ دە، ئايگۈلگە كۈلۈپ قارىدى — بەختلىك نەزەر تاشلىدى. ئايگۈلمۇ ئۇنىڭغا خۇش تەبەسسۇم ھەدىيە قىلىپ، مەڭزىنى دولىسىغا ياقتى. ئۇ شۇ مىنۇتتا ئۆزىنى تولىمۇ بەختلىك ھېس قىلاتتى.

# جەڭگاھتا يېزىلغان خەت

ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى، قارا قۇرۇم تاغلىرىنىڭ باغرىدىكى ئېكىنزارلىقتا ئالتۇن كۈز پەسلى بولسىمۇ، قارا قۇرۇم تاغلىرىدا زېمىستان قىش ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. چوققىلار كۆك مۇز بىلەن قاپلانغان، تۆپىلىكلەر ئاپئاق قار ئاستىدا قالغان بولۇپ، گويا پۈتۈن زېمىننى قار بېسىۋالغاندەك كۆرۈنەتتى. غەربىي شىمالدىن سوققان شامال قارلارنى ئۇچۇرۇپ توزىتىپ، ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتەتتى. ئارىلاپ كۆرۈنۈپ قالىدىغان قۇياشنىڭ سارغۇچ نۇرلىرى گاھىدا چوققىلاردا چاقناپ قالاتتى.

شۇ تاپتا يىلان ئىزىدەك تاغ يولىدا ھەربىي ئاپتوموبىللار يۇقىرى ئۆرلىمەكتە. ئاپئاق قارنى يېپىنچاقلىغان، بۇقا بويىندەك قات - قات تاغلارنىڭ چوققىلىرى ھەرە چىشىدەك كۆرۈنەتتى. چوققىلاردا كۈلرەڭ بۇلۇتلار خۇددى كۆككە ئۇچۇشقا تەمشىلىۋاتقان قاناتلىق ئەجدىھادەك تۇرۇم - تۇرۇم بولۇپ ياتاتتى. ئەگرى - بۈگرى تاغ يولى يۇقىرىلىغانسېرى تارلىشىپ، بىر ئاپتوموبىل ئاران پاتقۇدەك بولۇپ قالاتتى، پەسكە قارىسىڭىز، جىلغا تۈۋى كۆرۈنمەيتتى. بۇ مەشھۇر شىنجاڭ - شىزاڭ تاشيولى بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن تۆت مىڭ مېتىر، بەزى جايلار، يەنى ئېگىز داۋانلىرى ئالتە مىڭ مېتىر ئېگىزلىكتە ئىدى. پۈتۈن ئەتراپنى قار قاپلىغان بۇنداق قىش كۈنلىرى ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ، بۇ تاشيولدا يۈرگىنىڭىزدە ئۆزىڭىزنى گويا كۆكتە ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىسىز...

ئاپتوموبىللار يۇقىرىغا ئۆرلىگەنسېرى سۈرئىتى ئاستىلاپ، ياز ئاخشىمىدىكى پاشىلاردەك سەت غىڭشىلدايتتى. ئالدى تەرەپتىن

نەشتەردەك ئاچچىق تاغ شامىلى ئۇرۇپ ئۆتەتتى. ئۇلارنىڭ قاش - كىرپىكلىرىنى قىرو باغلىغان، يۈزلىرى ئەلپىردەك قىزارغانىدى. بۇلار ۋەتەن چېگرىسىدا ئۆزىمىزنى قوغداپ، ئىچى-نىمىزغا بېسىپ كىرگەن دۈشمەنگە قايتۇرما زەربە بېرىش ئۈچۈن كېتىۋاتقان ئەزىمەتلەر ئىدى.

قوشۇن كۆزلەنگەن جايغا — بىر چوققىنىڭ ئېتىكىگە چۈ-شۈپ چېدىر تىكتى. بۇ ئۇلارنىڭ ۋاقىتلىق قارارگاھى ئىدى. دۈشمەن ھازىر قەيەردە، ئۇلار بىلەن بولغان ئارىلىق قانچىلىك، بۇلار ئېنىق ئەمەس ئىدى، شۇڭا قىسىم قوماندانى ھازىرچە شۇ چوققىنىڭ ئېتىكى - دالىدىدا جەڭچىلەرنى دەم ئالدۇرۇپ، بولغۇ-سى قايتارما ھۇجۇمغا تەييارلىق كۆرۈشنى لايىق تاپتى ھەمدە دۈشمەن ئەھۋالىنى رازۋېد قىلىپ كېلىش ئۈچۈن تۆت جەڭچىنى ئەۋەتتى.

رازۋېدچىكلار يۈك - تاقلىرىنى قوتازلارغا ئارتىپ كەتكىنى-گىمۇ توپتوغرا ئون نەچچە كۈن بولدى. ئەسلىدىكى مۆلچەر بويىچە ئۇلار تۈنۈگۈن، كېچىككەندىمۇ بۈگۈن قايتىپ كېلىپ بولۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن، ئۇلاردىن ھازىرغىچە ھېچقانداق خەۋەر يوق. ئۇلارغا نېمە بولدى. دۈشمەنگە تۇتۇلۇپ قالدىمۇ - يە؟ ياق، ئۇنداق بولۇشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. قوماندان ئۇلارغا ئۆزىگە ئىشەنگەندەك ئىشىنىدۇ. ئۇلار قورقۇمسىز، قەي-سەر يىگىتلەر، دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن ئە-مەس. ئۇنداقتا ئۇلارغا نېمە بولدى، نېمىشقا ئۇلاردىن خەۋەر يوق؟ . . . قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتۈش ۋاقتى قىستاپ كەلمەكتە ئىدى. يۇقىرى قوماندانلىق شتابى ئۇلار ئىگىلىگەن دۈشمەن ئەھۋالىغا ئاساسەن قايتارما ھۇجۇم پىلانىنى تۈزۈپ چىقىشى كې-رەك. مۇبادا ئۇلار يۇقىرى ئورۇنلاشتۇرغان قايتارما ھۇجۇم قىلىش ۋاقتىدىن ئىلگىرى كېلەلمىسە، قوماندان قايتارما ھۇجۇم جېڭىگە قارىغۇلارچە قوماندانلىق قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇنداق

ئۇرۇشتا ھۇجۇم قىلغۇچى ھامان يېڭىلىدۇ. كۆپ تالاپەت كۆردۇ. شۇڭا ئۇ رازۋېدچىكلاردىن خەۋەر بولمىغانسېرى تىت ـ تىت بولۇپ، ئولتۇرالماي قالدى. ئۇ چېدىر ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭاتتى. سىياسىي كومىسسارمۇ تىت ـ تىت بولۇپ تۇراتتى ـ يۇ، ئۆزىنى تەمكىن تۇتقاندەك كۆرۈنۈش ئۈچۈن ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق ئۇستەل ئۈستىگە يېيىلغان خەرىتىگە قاراپ، خىيال سۈرگەن قىياپەتتە تۇراتتى. قوماندان ئاچچىق موخۇركىنى ئۇزمەي چېكەتتى. كومىسسار ئاچـچىق تاماكـىنى چەكـكەندىن كۆرە، پۇراپ ـ پۇراپ قوياتتى. سىرتتىن «تىرىق» قىلغان ئاۋاز ئاڭلانسىلا، تەڭلا چېدىردىن ئېتىلىپ چىقاتتى. ئۇلار رازۋېدچىكلارنىڭ قايتىپ كېلىشىگە بەكمۇ تەقەززا ئىدى.

رازۋېدچىكلار كۈتكەن مەزگىلدە قايتىپ كېلەلمىدى. قارىغۇلارچە قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە بولمايتتى. شۇڭا قوماندان قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە ئىككى سوتكا ۋاقىت قالغاندا، بىرلىەن ئەسكەرنى رازۋېدچىكلارنى ئىزدەشكە چىقاردى. ئۇلار يېرىم كۈن ئىزدەپ بىر جەسەتنى ئۇچراتتى. بۇ رازۋېد قىلىش شۆبە ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئىمىنىنىڭ جەسىتى بولۇپ، توڭلاپ قېتىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ قوينىدىن بىر ئورام قەغەز تېپىلدى.

ئىمىنىنىڭ قوينىدىن تېپىلغان قەغەزگە دۈشمەن ئەھۋالى ھەققىدە ئىگىلىگەن مەلۇماتلار يېزىلغان، يـول، دۈشمەن ئورۇنلاشقان ئورۇن ـ ئاكوپ ـ ئىستىھكاملارنىڭ خەرىتىسى سىزىلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇنىڭ ئايالىغا يازغان، ئاخىرلاشتۇرالمىغان خېتىمۇ بار ئىدى.

بۇ خەتلەر دەرھال قوماندانلىق ئورنىغا يەتكۈزۈپ بېرىلدى. جەڭچىلەر قالغان ئۈچ رازۋېدچىكنى داۋاملىق ئىزدەش بىلەن بولدى. قوماندانلىق شتابى بولسا، ئىمىنىنىڭ قوينىدىن چىققان دۈشمەن ئەھۋالى ۋە ئۇلارغا دائىر خەرىتىلەرگە ۋە مەلۇماتلارغا ئاساسەن قايتارما ھۇجۇم پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى.

قايتارما هۇجۇم سەھەر مەزگىلىدە، تاڭ ئېتىش ئالدىدا بولىدىغان قاراڭغۇ مەزگىلدە باشلانغانىدى. بىغەم ئۇخلاپ ياتقان دۇشمەنلەر ھە دېگەندە نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى پىلەلمەي ئالاقزادە بولۇپ كەتتى. ئۇلار ئەس ـ ھوشىنى تېپىپ، ئۇلارنى ئوڭشاپ بولغۇچە قوشۇنىمىز ئاتاكىغا ئۆتتى ۋە دۇشمەننى كۆپ ئۆتمەي بىتچىت قىلدى.

غەلىبىدىن كېيىن قوماندان ئىمىنىنىڭ ئايالىغا يازغان خەتلىرىنى ئوقۇشقا ۋاقىت تاپتى. چۈنكى ئۇ، بۇ خەتلەرنى كونۋېرتقا سېلىپ، ئالاقچىغا ئىمىنىنىڭ ئايالىغا ئەۋەتىشنى تاپشۇرماقچى بولۇپ تۇرغاندا، تۇيۇقسىز ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان قۇرلارغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئۇ ئادەتتىكىچە سالام خەت ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ رازۋېدكا قىلىش جەريانىنىڭ خاتىرىسى ئىدى.

*           *           *

كۆك رەڭلىق قېرىنداش بىلەن يېزىلغان بۇ خەت مۇنداق باشلانغانىدى:

«سۆيۈملۈكۈم ئايشەم، ياخشىمۇ سەن؟ دادام، ئاناملار ئوبدان تۇردىمۇ؟

ئايشەم، بىز خوشلاشقىنىمىزدا، كۆزلىرىڭ لىققىدە ياشقا تولۇپ كەتكىنى هازىرمۇ كۆز ئالدىمدا ئېنىق تۇرۇپتۇ، شۇ هالىتىڭنى ئەسلىسەملا يۈرىكىم مۇجۇلىدۇ، ئاھ، جۇدالىق!

ئايشەم، شۇ تاپتا نېمە ئىش قىلىۋاتىدىغانسەن؟ . . . ئىشىنىمەنكى، شۇ تاپتا دىيارىمىزنىڭ قەدىمىي شەھىرىدىكى ئاپئاق ئاقارتىلغان ئۆيىمىزدە كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ، ئېلېكتىر يورۇقىدا ماڭا يا كانۋاي كۆينەك ئىشلەۋاتىسەن، يا ماڭا ئاتىغان قول ياغلىقىنىڭ چۆرىسىگە مۇنچاق توقۇۋاتىسەن. مەن كاماندىروپكىغا ياكى ۋەزىپە بىلەن ئۆيدىن يىراقراق يەرگە كېتىپ قالسام، خىز-

مەتتىن چۈشۈپ يالغۇز قالغىنىمدا ماڭا ئاتاپ كانۋاي كۆينەك، ياكى قولياغلىق ئىشلەش سىنىڭ ئادىتىڭغۇ، ئۆز ئۆزىدىن چۈشىنىشلىككى، مېنى سېغىنغانلىقىڭدىن شۇنداق قىلىسەن، مەن بولسام سېنى سېغىنسام ساڭا سالام خەت يازىمەن.

يۇقىرىقىلارنى يېزىۋېتىپ: «بىرگە بولغان كۈنلىرىمىزدىن، ئايرىلىپ ياشىغان ۋاقىتلىرىمىز كۆپ بولۇپ كەتتى، قاچاندىمۇ سىز ئۆيدىن ئايرىلمايدىغان كۈنلەرگە يېتەرمىز؟...» دېگەن سۆزلىرىڭنى ئەسلەپ قالدىم. دېگەنلىرىڭ راست، سۆيۈملۈكۈم، بىز توي قىلغان شۇ بەش يىلدىن بېرى بىللە بولغان كۈنلىرىمىز بەكمۇ ئاز، بېرىم يىلغىمۇ يەتمەيدۇ. قانداق قىلاي، ھەربىي تۇرمۇش، مەجبۇرىيەت دېگەن شۇنداق بولىدىكەن، بۇيرۇق بىزگە ھەر قانداق ئازابقا بەرداشلىق بېرىشكە، جۇملىدىن جۇدالىق ئازابىغىمۇ چىداشقا، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ، مۇھەببەتنىڭ لەززىتىنى ئاغزىمىزدا تامشىغان ھالدا بىردەم چېگرىدا، بىردەم ئالدىنقى سەپتە جاننى ئالىقانغا ئېلىپ قويۇپ يۈرۈشكە مەجبۇرلايدىكەن. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، ۋەتەن چېگرىسىنى جان تىكىپ قوغداش بىزدەك يىگىتلەرنىڭ بۇرچىغۇ؟

سۆيۈملۈكۈم ئايشەم، ھەربىي مەجبۇرىيەت دېگەن شۇنداق ئىكەن، ساڭا يېزىۋاتقان خېتىمنىمۇ داۋاملاشتۇرالمىدىم. جىددىي يىغىلىشقا چاقىرىپ كاناي چېلىندى، قەغەز ـ قەلەملەرنى يۈرلەپلا سومكامغا سېلىشقا مەجبۇر بولدۇم. بۇ خەتنىڭ داۋامىنى قارىغاندا، سەپەر ئۈستىدە داۋاملاشتۇرۇپ يازىدىغان ئوخشايمەن. بۇنداق دېيىشىمدىكى سەۋەب، ئاخشام قىسىم قوماندانلىق شتابىدا جىددىي يىغىن ئېچىلغان بولۇپ، شۇ يىغىندا قىسمىمىزنىڭ جىددىي يۈرۈش قىلىپ، چېگرىغا بېرىشى لازىملىقى ھەققىدىكى يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى يەتكۈزۈلگەنىدى. چۈنكى، بىر قوشنا دۆلەت يېقىندىن بېرى بىزگە ئۇششۇقلۇق بىلەن زېمىن تەلەپ قويۇپ،

زېمىنىمىزغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، مۇقەددەس تۇپرىقىمىزنىڭ بىر قىسمىنى بېسىۋالغانىدى. دېمەك، بىز ئۇلارنى ۋەتىنىمىز تۇپرىقىدىن قوغلاپ چىقىشىمىز كېرەك. ساڭا ئېيتسام، ھەربىي دېگەن مىلتىققا سېلىپ، ئېتىشقا تەييار قىلىپ قويۇلغان ئوققا ئوخشايدۇ، زۆرۈر بولغاندا قوماندان تەپكىنى بىرلا باسسا، ئۇ نىشان قىلىنغان يەرگە بېرىپ چۈشىدۇ...

سۆيۈملۈكۈم ئايشەم، قوماندان مىلتىقنىڭ تەپكىسىنى بىرلا بېسىۋېدى، بىز ستولدىن ئېتىلىپ چىقتۇق - دە، قارا قۇرۇمغا قاراپ ئۇچتۇق.

سەن بىلىسەن، ھەر قاچان ھەربىي يۇرۇشتە بىزنىڭ رازۋېدكا لېيەنىمىز سەپنىڭ ئالدىدا ماڭىدۇ، بولۇپمۇ ئۇرۇش شارائىتىدا تېخىمۇ شۇنداق، بىز ئالدىمىزدىكى ئەھۋالنى كۆزىتىشىمىز كېرەك - دە.

ئاپئاق قارغا پۈركەنگەن قارا قۇرۇم، بىر ئۆرلەپ - بىر تۆۋەنلەيدىغان يىلان ئىزىغا ئوخشاش تاغ يولىدا يۈرۈۋاتقىنىمىزغا بىر سوتكىدىن ئاشتى. شۇ تاپتا بىر قاپتالدا توختىدۇق، بۇ يەردە ناشتىلىق يېيىشىمىز كېرەك. بۇ ئەتراپ قارا قۇرۇمنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرى بولمىسىمۇ، دېڭىز يۈزىدىن تۆت مىڭ مېتىرچە ئېگىز بولغاچقا يەنىلا ھاۋا شالاڭ، زاغرا تىل بىلەن ئېيتساق، ئادەمنى ئىس ئېلىپلا تۇرىدۇ، كۆڭلۈڭ ئېلىشىپ، بېشىڭ ئاغرىپلا يۈرىسەن، كۆڭلۈڭ ھېچقانداق تاماققا تارتمايدۇ. شۇڭا، زورلاپ تاماق يېمىسەڭ بولمايدۇ. چۈنكى، قۇرۇق تاغار ئۆرە تۇرمايدۇ، قىسىم رەھبەرلىكىمۇ بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن، «ئىنقىلاب ئۈچۈن تاماق يېيىش» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

شۇ تاپتا جەڭچىلەر چاي قايىنىتىش بىلەن ئاۋارە. مەن بولسام ساڭا يېزىلغان، جىددىي ھەربىي يۈرۈش سىگنالى بىلەن ئۈزۈلۈپ قالغان خېتىمنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن بىر قورام تاشنىڭ دالدىسىغا بېرىپ قار ئۈستىدە تىزلاندىم، قورام تاشقا

يۈلىنىپ تۇرۇپ، بۇ خەتنى داۋاملاشتۇردۇم.
سۆيۈملۈكۈم ئايشەم، سېنىڭ بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يېگەنلىرىم كۆز ئالدىمدا. . . ئۆز ئۆيۈڭ نېمىدېگەن راھەت - ھە! تەرلەپ ئولتۇرۇپ تاماق يەيسەن، سۆيۈملۈكۈڭ ئەتكەن تاماقنىڭلا ئەمەس، قايناتقان سۈيىنىڭمۇ تەمى ئۆزگىچە تەملىك بولىدۇ. ئەمما، بۇ يەردە يەيدىغىنىڭ پىچىنە - پىرەنىك، گۆش كونسېرۋالىرى بولسىمۇ ئاغزىڭغا تېتىمايدۇ، سەپەر ئۈستىدە پىشۇرغان مومىلىرىمىز شالاڭ ھاۋادا پىشماي تېخىمۇ بەتتام. ئەمما، يېمەي ئامالىمىز يوق.
ئايشەم، يۇقىرىقىلارنى يېزىۋېتىپ، سېنى تاتلىق پۇشۇلداپ ئۇخلاپ ياتقان ھالەتتە ئەسلەپ قالدىم، توغرىسى، ئەسلەپ قالدىم ئەمەس، سەن شۇ قىياپەتتە ئۇشتۇمتۇت كۆز ئالدىمدا گەۋدىلەندىڭ، شۇ تۇرقىڭدا سەن بەئەينى بىر گۈزەل سۈرەتكە ئوخشايسەن.
شۇ تاپتا بىز تۇرغان يەردە تاڭ يورۇۋاتىدۇ. ئېسىڭدىمەنكى، ئانا يۇرتىمىزدا ۋاقىت بېرىم كېچىدىن ئۆتتى. تەبىئىيكى، سەن شۇ تاپتا شېرىن ئۇيقىدا، ئېھتىمال چۈش كۆرۈۋاتقانسەن (سەن بىز جەم بولغان ۋاقىتلاردا، «سىز ئۆيدە يوق چاغلاردا، ھەر كېچىسى دېگۈدەك چۈشۈمگە كىرىسىز، بولۇپمۇ ۋاقىت يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە شۇنداق بولىدۇ، سىزنى چۈشەپ قالسام دەرھال ئويغىنىپ كېتىمەن - دە، سىز كەلگەندەك ھېس قىلىپ، ئورنۇمدىن تۇرىمەن، چىراغنى ياندۇرۇپ ياندىكى ئۆيگە چىقىمەن، ئىشىككە يېقىن بېرىپ تىڭشايمەن، سىزنى چۈشۈمدە كۆرگەنلىكىمگە ۋە قايتىپ كەلمىگەنلىكىڭىزگە ئىشەنگىنىمدىن كېيىنلا يەنە ياتىمەن. . . » دەيتتىڭغۇ! ) يەنە مېنى چۈشەۋاتامسەن جېنىم؟ . . . چۈشەۋەر، چۈشۈڭدە مېنى كۆرۈۋەر، چۈشۈڭدە بولسىمۇ مەن ساڭا ھەمراھ بولاي، كۆڭلۈڭنى خۇش قىلاي.
سۆيۈملۈكۈم ئايشەم، ھازىر ئىككىمىزنىڭ ئايرىلىقىمىز بەكمۇ يىراق، بىز ھەربىي يۈرۈشنى داۋاملاشتۇرغانسېرى، يەنى

يۇقىرى ئۆرلەپ، قارا قۇرۇمغا ئېچكىرىلەپ كىرگەنسېرى بىر
بىرىمىزدىن تېخىمۇ يىراقلايمىز. ئەمما، ئىشىنىمەنكى، رىشتى-
مىز تېخىمۇ چىڭىيىدۇ. چۈنكى، قايسىبىر يازغۇچى ئېيتقاندەك، مۇھەببەتنىڭ قەدرى جۇدالىقتا بىلىنىدۇ. مۇھەببەت رىش-
تىمۇ جۇدالىقتا، كۆنلەر ئۆزارغانسېرى تەقدىرنىڭ قولى بىلەن
ئېلىشىپ، ئۈزۈلمەس دەرىجىدە چىڭىيىدۇ.
ئايشەم، بۇ خەتلىرىمنى تاغدىن چۈشىدىغانلار بولسا، شۇ-
نىڭغا «پوچتىغا سېلىۋەت» دەپ بېرىمەن، دەپ ئويلىۋېدىم. قارى-
غاندا، بۇ خەتلەرنى ئۆزىمىزنى قوغداپ، قايتارما زەربە بېرىش
ئۇرۇشىنى ئاخىرلاشتۇرغىچە ئەۋەتەلمەيدىغان ئوخشايمەن. چۈن-
كى، ئاخشام كوماندىرىمىزنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇرۇش ئاخىرلاشقۇ-
چە قىسىمىمىزدىن تۆۋەنگە چۈشۈپ چىققۇچىلار بولمايدىكەن.
ئايشەم، قىسىمىمىز ئاخشام بىر چوققىنىڭ باغرىغا چۈشتى،
ھەش - پەش دېگۈچە چېدىرلارنى تىكىپ بولدۇق. ئۇنىڭغىچە
قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى - دە، يۇلتۇزلارغا تولغان ئاسمان چىراي-
لىق بولۇپ قالدى. ھاپىلا - شاپىلا تاماق يەپ، ياتماقچى بول-
دۇق. چۈنكى، كۆنلەپ غىڭشىلداپ ۋە سىلكىنىپ ماڭغان ئاپتومو-
بىلدا قىمىرلىماي ئولتۇرۇۋېرىپ ھاردۇق يەتكەن، پۈتۈن بەدىنى-
مىز ئۇۋگە - ئۇۋگىلىرىدىن ئاجرىلىپ كەتكەندەك سىرقىراپ ئاغ-
رىغىلى تۇرغانىدى. سوغۇق بەزىدە ئالدىمىزدىن ئۇرسا، مەڭزى-
مىز (سەنمۇ كۆز ئالدىڭغا كەلتۈرەلمەيسەنكى، قۇلاقچىلىرىمىز-
نى چۈشۈرۈپ، ئېڭەكلىكنى باغلىۋالساق، كۆزىمىز بىلەن ئاغزى-
مىزنىڭ ئارىلىقىلا ئوچۇق قالىدۇ) نى نەشتەر سانجىغاندەك ئاچ-
چىق - ئاچچىق چېقىپ ئۆتىدۇ. . . بىز چېدىرغا كىرىپ، بىر
ئاز ئىسسىغىنىمىزدىن كېيىن مەڭزىمىزنىڭ ئېچىشىپ ئاغرىشىغا
چىدىماق تەس. بۇنداق چاغدا، يۇمشاق، ئىسسىق يوتقانغا كى-
رىپ، باش - كۆزۈڭنى چۈمكەپ تۇرۇپ ئۇخلىغۇڭ كېلىدۇ.
ھاردۇق چىقىرىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئامالى قېنىپ ئۇخلاشقۇ؟ لې-

كىن، ئاخشام بىزگە ھە دېگەندە ئۇخلاپ ئارام ئېلىش مۇمكىن بولمىدى، قىسىم رەھبەرلىكى مېنى چېدىرغا چاقىرتتى.

قىسىم باشلىقلىرى چۈشكەن چېدىرنى قوماندانلىق شتاب دەيمىز، لېكىن، ھازىر بۇ يەر بىز چۈشكەن چېدىردىن قىلچە پەرق قىلمايتتى، ئادەتتىكى چېدىر، بىزنىڭكىگە ئوخشاشلا يوتقان - كۆرپە، چېدىر ئىچى قار تازىلانغان سوغۇق يەر. . . بىزنىڭ چېدىرىمىزدىكىدىن ئارتۇقچە نەرسە - رادىيىست، ئۇ، داق يەردە ئوڭ تىزىنى يەرگە تەگكۈزۈپ ئولتۇرۇپ، قەيەر بىلەندۇر ئالاقىلىشىدىغان ئاپپارات. . . چېدىردىن ئېڭىشىپ كىردىم، قەددىمنى رۇسلاپ، قوماندانغا چاس بەردىم، ئۇ ئولتۇرۇشىمغا رۇخسەت بەردى. ئەتراپىمغا قارىدىم، ئولتۇرغۇدەك ھېچنەرسە يوق ئىدى. شۇڭا قوماندانمۇ، سىياسىي كومىسسارمۇ ئۆرە تۇرۇشاتتى. مەنمۇ ئۆرە تۇرىۋەردىم. قوماندانمۇ «ئولتۇرۇڭ» دېگىنىنى ئۇنتۇپ قالدىمۇ ياكى ئورۇنسىز سۆز قىلغىنىنى ھېس قىلدىمۇ، ئولتۇرغان - ئولتۇرمىغانلىقىم بىلەن چاتىقى بولمىدى. مېنى نېمە ئۈچۈن چاقىرتقانلىقىنى چېدىر ئىچىدە مېڭىپ يۈرۈپ سۆزلەۋەردى:

— يولداش ئىمىن لېيەنجاڭ. نېمە ئۈچۈن چاقىرتقانلىقىمىزنى ئېيتمىساممۇ ياخشى بىلىسىز. دۈشمەن بېسىۋالغان زېمىنىمىزغا يېقىنلاپ قالدۇق. ئەمدى ھەيۋە قىلغاندەك ئاپتوموبىللارنى گۈركىرىتىپ مېڭىۋەرسەك بولمايدۇ. ئەمەلىي كۈچىمىزنى دۈشمەنگە بىلىندۈرمەسلىكىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە، دۈشمەننىڭ مۇداپىئەلىنىش ئەھۋالى، ئەمەلىي كۈچى. . . قاتارلىقلاردىن تولۇق خەۋەردار بولۇشىمىز كېرەك. شۇڭا سىز ئۆزىڭىزدىن باشقا يەنە ئۈچ جەڭچىنى تاللاڭ. . .

قوماندانىنىڭ مەقسىتى چۈشىنىشلىك ئىدى. ئۆزىمىزنى قوغداپ، قايتۇرما زەربە بېرىشنىڭ تۇنجى جېڭىنى قىلىش ئۈچۈن ئىشەنچلىك ئاخباراتقا ئېرىشىش مەقسىتىدە مېنى - رازۋېدچىكلار

لىيەنىنىڭ باشلىقى قىلىپ رازۋېدكىغا ئەۋەتمەكچى بولغانىدى. قوماندانىنىڭ سۆزلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىدىم. ئۇنىڭدىن كېيىن سىياسىي كومىسسار قوماندانىنىڭ سۆزىنى ـ ۋەزىپىنىڭ مۇھىملىكىنى تەكرارلاپ، ئۇنىڭ سىياسىي ئەھمىيىتى ھەققىدە كۆپرەك سۆزلىدى. بىزدە ھامان شۇنداق: قوماندان ئاۋۋال سۆزلەيدۇ، يەنى بۇيرۇق قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن سىياسىي كومىسسار بۇيرۇقنىڭ سىياسىي ئەھمىيىتىنى شەرھلەيدۇ، ئاخىردا قوماندان يەنە سۆز قىلىدۇ.

— بۇيرۇق چۈشىنىشلىك بولدىمۇ؟ — سورىدى قوماندان ئاخىرىدا.

— چۈشەندىم قوماندان. — دېدىم قەددىمىنى رۇسلاپ تۇرۇپ.

— ئۇنداق بولسا قايتىڭ، قايتىپ بېرىپ، خالىغان ئۈچ ئادەمنى تاللاڭ. ئەتە ناشتىدىن كېيىن يولغا چىقىپ كېتىڭلار، سىلەر ناشتا قىلىپ بولغىچە، يۈك ـ تاقلىرىڭلارنى ئارتىدىغانغا كېرەكلىك قوتازلارنىمۇ تەييار قىلىپ قويىمىز.

قوماندانىنىڭ سۆزى تۈگىشىگە، ئۇنىڭ بىلەن سىياسىي كومىسسارغا چاس بەردىم ـ دە، كەينىمگە ئۆرۈلدۈم.

ئايشەم، قوماندانلىق شتابىدىن چىقىپ، ئۆزۈمگە ھەمراھ قىلىپ ئېلىپ ماڭىدىغان ئۈچ كىشى بىلەن سۆزلەشتىم. ئۇلارغا رازۋېدكا ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا روھىي جەھەتتىن ياخشى تەييارلىق قىلىشنى تاپىلاپ، چېدىرىمغا قايتىپ كىرىپ ياتتىم. ئەتە سەھەر تۇرۇشۇم كېرەك ئىدى. شۇڭا، كۆزۈمنى يۇمۇپ، جىمىدە يېتىۋالدىم. ھاردۇق يەتكەنىدى. ھايال ئۆتمەيلا ئۇخلاپ كەتتىم.

ئەتىسى، يەنى بۈگۈن سەھەر ئويغىنىپ كەتتىم. تالاغا چىقسام تېخى تاڭ قاراڭغۇسى ئىكەن. ھاۋا سۈزۈك، ئاخىرقى يۇلتۇزلار ئۆچۈشكە باشلىغانىدى. ئەمما، سۆڭەك ـ سۆڭەكتىن

ئۆتكۈدەك سوغۇق جاڭىلداپ تۇراتتى. بىزنىڭ يۇرتتا، يېزىلاردا
بۇنداق سۇبھى يورۇش ئالدىدا خورازلار بەس ـ بەستە چىللىشىد-
دۇ. ئەمما، ھازىر بىز چۈشكۈن قىلغان بۇ قاپتال جىمجىتلىق،
خۇددى گۆرگە ئوخشاش سوغۇقنىڭ ھۇۋۇلىشىدىن باشقا ھېچقانداق
تىۋىش ـ سادا يوق.
چېدىرغا قايتىپ كىرىپ، چىراغنى ياندۇردۇم ـ دە، يوتقىد-
نىم ئۈستىدە چازا قۇرۇپ ۋە قەغەزلىرىمنى تىزىمغا قويۇپ
ئولتۇرۇپ، ساڭا يېزىلىۋاتقان خەتلىرىمنى داۋاملاشتۇردۇم.
سۆيۈملۈكۈم ئايشەم، شۇ تاپتا سەن شېرىن ئۇيقىدا، ئېھتى-
مال ياخشى چۈش كۆرۈۋاتقانسەن، بۇ يەردە بولسا تاڭ ئاتماقتا.
ئازدىن كېيىن ئورنىمىزدىن تۇرۇشقا سىگنال چېلىنىدۇ. ناشتى-
دىن كېيىن مەن ئۈچ ئادەمنى باشلاپ، رازۋېدكىغا چىقىپ كېتى-
مەن. ھازىرچە دۈشمەن بىلەن بولغان ئارىلىقىمىز قانچىلىك،
بىلمەيمىز، بەلكىم ئىككى كۈنلۈك يىراقلىقتۇر ياكى ئۈچ كۈن-
لۈك يىراقلىقتۇر...
بۇ قېتىمقى رازۋېدكا قىلىشنىڭ بولغۇسى ئۇرۇش ئۈچۈن
ناھايىتى مۇھىم ئىكەنلىكى ھەممىمىزگە ئايان. قوماندانلىق
شتاب بىزنىڭ دۈشمەن ئەھۋالىنى ئىگىلەپ كېلىشىمىزنى تۆت
كۆز بىلەن كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ۋەزىپىنى
مۇددەتتىن بۇرۇن، كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇندىشىم كېرەك. دۈش-
مەننىڭ ئورۇنلىشىش ئەھۋالىنى، ئىستىھكاملىرى قانچە، قايسى
ئىستىھكامغا قانداق قورال ئورۇنلاشتۇرۇلغان، قىسقىسى، پۈ-
تۈن ئەھۋالىنى ناھايىتى ئېنىق، تەپسىلىي ئىگىلەپ قايتىشىمىز
لازىم.
ئايشەم، يۇقىرىقى قۇرلارنى يېزىۋېتىپ، «سىز ۋەزىپە ئىج-
را قىلغىلى چىقىپ كېتىپ، قايتىپ كەلگۈچە يۈرىكىم سۇ بولۇپ
كېتىدۇ، بىرەر پېشكەللىككە يولۇقۇپ قالمىغىيدى، دەپ ئەنسى-
رەيمەن...» دېگەنلىرىڭنى ئەسلەپ قالدىم. بىر جەھەتتىن

ئېيتقاندا، ئەنسىرىشىڭ ئورۇنلۇق، چۈنكى، ھەربىر كىشى ئۇ-
رۇش ۋاقتىدا، جاننى ئالىقانغا ئېلىپ يۈرگەن بولىدۇ، ئۇنىڭ
ئەتىسى ئەمەس، ھەتتا بۈگۈنى قانداق بولىدىغانلىقىنىمۇ قىياس
قىلغىلى بولمايدۇ. بۇنداق دېسەم قورقۇپ كەتمە، ئۆلۈم خەۋپى
قورقۇنچاق ئادەملەرنىڭلا ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرىدۇ. قورقما؛
مەندىن ئەنسىرىمە، ئامان - ئېسەن قايتىپ بارالىشىمغا ئىشەن!
يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، ۋەتەن — جانجان، مېھرىبان
ئانىمىز، بىز بولساق ئۇنىڭ پەرزەنتى، بىز ئانىمىز ئۈچۈن ھەر
زامان بالىلىق قەرزىمىزنى ئادا قىلىشىمىز، ھەتتا ئۇ تەلەپ
قىلسا، جانىمىزنىمۇ ئايىماسلىقىمىز لازىم. ۋەتەنگە ئۆزىنى بېغىشلاش
ھەربىيلەر ئۈچۈن تولىمۇ شەرەپلىك ئىش. ۋەتەن زېمىنىنىڭ
پۈتۈنلۈكىنى، خەلقىنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش بىزنىڭ باش تارتىپ
بولمايدىغان بۇرچىمىز.

ئايشەم، ھازىرغىچە سەن بىلەن شۇنچىلىك مۆكۈدىشىپ تۇ-
راي، چۈنكى، جەڭچىلەرنى ئورنىدىن تۇرۇشقا چاقىرىپ سىگنال
چېلىندى. ئۇلار دەرھال كىيىنىپ چىقىپ سەپكە تىزىلىشى كې-
رەك. ئۆزۈم ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئاخشام بەلگىلەپ قويغان جەڭچى-
لەرنى چاقىرىپ، رازۋېدكا قىلىشقا چىقىشىنىڭ تەييارلىقىنى
ئىشلىشىم كېرەك. ناشتىدىن كېيىن رازۋېدكىغا ئاتلىنىمىز،
خېتىمنىڭ داۋامىنى رازۋېدكا قىلىش جەريانىدا بوش ۋاقىت چى-
قىرىپ يازىمەن.

* * *

چارلاشنى باشلىغان ئىككىنچى كۈنى، بىز ئۈچۈن خىيال
قىلىپمۇ باقمىغان بىر كۆڭۈلسىزلىك، توغرىسى، كېلىشمەسلىك
يۈز بەردى.

ئاش ۋاقتى ئىدى، كۆكتە قۇياش چاقناپ تۇراتتى، ئەتراپې-

مىزدىكى ئاپئاق قار ئۇنىڭ نۇرىدا پارقىرايتتى. لېكىن، قۇياشنىڭ تەپتى يوق ئىدى. بەلكى قۇياش كۈلۈپ تۇرغان بىلەن، كۈلۈپ تۇرۇپ جاننى ئالىدۇ، دېگەندەك سوغۇق يۈزلەرنى ئاچچىق چېقىپ ئۆتەتتى. ئارىلاپ چىقىپ قالىدىغان سوغۇق شامال جان - جېنىمىزدىن ئۆتۈپ كېتەتتى.

بىز يۇقىرى ئۆرلەپ كېتىۋاتاتتۇق، سول تەرىپىمىز چوڭقۇر جىلغا، ئوڭ تەرىپىمىز بولسا چوققىنىڭ باغرى ئىدى. ئورۇن - كۆرپىمىز، ئوزۇق - تۈلۈكىمىز ئارتىلغان ئىككى قوتاز بىرىنىڭ ئىزىنى بىرى بېسىپ، يۇقىرى ئۆرلەۋاتاتتى. قوتازلارنىڭ كەينىدە لاۋازىماتچىمىز ئەيساخان ئۇستام كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن مەن، ئاندىن ئىككى جەڭچى...

قارا ئايشەم ئەخمەقلىقىمغا، مېنىڭ بىلەن رازۋېدكىغا چىققان سەپداشلىرىمنى ساڭا تونۇشتۇرۇشنى ئۇنتۇپلا كېتىپتىمەن.

ئاقسېرىق، ئېگىز بوي كەلگەن ئەيساخان رازۋېدچىكلار لېيەنىمىزنىڭ لاۋازىماتچىسى، ئۇنىڭ لېيەنىمىزدە باشقىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئارتۇقچىلىقى — قولىنىڭ تەمى، ئۇ ئۇستا ئاشپەز، شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، لېيەنىمىزدىكى ھەممەيلەن ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «ئۇستام» سۆزىنى قوشۇپ ئاتاپ، ھۆرمەتلەيدۇ، پەقەت مەنلا ئۇنىڭ ئىسمىغا بۇ ھۆرمەت سۆزىنى قوشماي چاقىرىمەن. ئۇ ياشتىمۇ خېلىلا چوڭ، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ رازۋېدكا لېيەنىمىزنىڭ پېشقەدىمى، بېشىدىن كۆپ ئىسسىق - سوغۇق ئۆتكەن تەجرىبىگە باي.

يەنە بىر جەڭچىنىڭ ئىسمى مۆمىن، ھەربىي ئىنستىتۇتنىڭ رازۋېد فاكۇلتېتىدا بىلىم ئاشۇرۇپ كېلىپ، لېيەنىمىزگە بۆلۈنگىنىگە ئانچە ئۇزۇن بولمىدى. ئوتتۇرا بويلۇق، قارىمتۇق بۇ يىگىتنىڭ كىچىككىدە دادىسى كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن، تۇل ئانىسى ئۇنىڭ جېنى. ئۇ ئانىسى مۇنەۋۋەرخاننىڭ تولا گېپىنى قىلىدۇ، ئۇنى بەكمۇ سېغىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

يەنە بىرى مەندىن پاكارراق كەلگەن تۇرسۇن ئىسىملىك يىگىت، ئۇ ماڭا ئوخشاش سېرىق چىراي. بۇ يىگىتمۇ ھەربىي رايون رازۋېدچىكلار ئەترىتىدە رازۋېد قىلىش كۇرسىغا قاتنىشىپ، بىلىم ئاشۇرۇپ كەلگەن. ئۇمۇ مۆمىنگە ئوخشاش كاللىسى ئۆتكۈر، ئەقىللىق يىگىت، دادىسى ھەربىي رايون ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى. لېكىن، ئۇ دادىسىنىڭ ئەمەلدارلىقىنى پەش قىلىشنى بىلمەيدۇ، يەنى ئۇنىڭ بىلەن ماختىنىشنى خالىمايدۇ، ھەتتا، دادىسىنى كەمدىنكەم تىلغا ئالىدۇ. شۇڭا لىيەنىمىزدە ئۇنىڭ شۇنچە چوڭ ھەربىي باشلىقنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانلارمۇ كۆپ ئەمەس...

بىز يۇقىرى ئۆرلەۋاتاتتۇق. ئويلىمىغاندا كېلىشمەسلىك يۈز بەردى. ئالدىمىزدىكى قوتاز نېمىگىدۇر پۈتلىشىپ يىقىلدى، ئارقىسىدىن تاپ بېسىپ ئۆرلەۋاتقان ئىككىنچى قوتازمۇ ئۇنىڭغا پۈتلاشتى - دە، جىراغا غولىدى. ياخشىسى قوتازلارنىڭ بىرى جىرانىڭ تۈۋىگە چۈشۈپ كەتمەي، بىر دۆمبەلدە تۇرۇپ قالدى.

— ئاپلا! — دېدى تۇرسۇن قوتازلارغا ئىچ ئاغرىتقان ھالدا، — چاتاق بولدى، چۈشۈپ ئۇلارنى قۇتقۇلدۇرۇپ چىقايلىمۇ؟

— بولدى، كېتىۋېرەيلى، قوتازلار ئېھتىمال ئۆلۈپمۇ بولغاندۇ.

— ياق، چۈشىشىمىز كېرەك، — دېدى ئەيساخان سۆزۈمنى بۆلۈپ، — قوتازلارغۇ تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ، ئاللىقاچان جېنى چىقىپ بولدى. ئۇلارنى ئەمدى قۇتقۇلدۇرغىلى بولمايدۇ. لېكىن، ئۇ يەرگە چۈشۈپ نەرسە - كېرەكلىرىمىزنى ئېلىپ چىقىشىمىز لازىم. ئوزۇق - تۈلۈكىمىزمۇ، يېپىنچىمىزمۇ چۈشۈپ كەتتى. ئۇلارنى ئېلىپ چىقمىساق بولمايدۇ.

ئەيساخاننىڭ سۆزى توغرا ئىدى. ئەمما، مەن جىلغا تۈۋىگە چۈشۈپ چىققۇچە يەنە بىرەر كېلىشمەسلىككە يولۇقۇپ قالارمىزمۇ، دەپ ئەنسىرەيتتىم ۋە نەرسە - كېرەكلەرنى ئالماي كېتىۋېرىشنى ئويلىغانىدىم. ئەيساخاننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، بۇ ئويۇمدىن

ياندىم:

— مەيلى بولمىسا، ئەمما ئاۋايلاپ چۈشەيلى.

ئۆزىمىز مېڭىپ كەلگەن يول بىلەن تۆۋەنلەپ ماڭدۇق ۋە ئەيساخان قار كېچىپ ئاچقان يول بىلەن جىلغىغا چۈشتۇق. قوتازلار ئاللىقاچان تۇگۈشۈپ بولغانىدى. يۈك - تاقلىرىمىزنى يۈدۈپ، چۈشكەن يول بىلەن قايتىپ چىقتۇق.

ئەمدى ئۆرىگە مېڭىش بۆلەكچىلا تەسكە چۈشتى. قوتازلار يۈك - تاقلىرىمىزنى ئېلىپ چىقىۋاتقاندا يۇقىرى ئۆرلەشنىڭ بۇنچە قىيىنچىلىقىنى سەزمىگەنىدۇق. بىز يۇقىرى ئۆرلىگەنسېرى ھاۋا شالاڭلاپ، نەپەس ئېلىشىمىز قىيىنلاشماقتا ئىدى. گېزىت تىلى بىلەن ئېيتقاندا، ئېگىز تاغ رېئاكسىيىسى بىزنى قىينىماقتا ئىدى. يۈك - تاقلىرىمىزنىڭ كۆپلىكىچۇ، ئاپتومات، ئوق، گرانىتلارلا سەككىز ئون كىلوگرام كېلەر، يوتقان - كۆرپە، يېمەكلىكلىرىمىز بولۇپ، ھەر بىرىمىزدە بىر ئېشەكلىك يۈك بار. ئادەتتە، تۇزلەڭدە بۇلارنى يۈدۈپ يۈرۈش ھېچقانچە جاپالىق بىلىنمەيتتى، ئەمما ھازىر ئۇلار بىزگە زىيادە ئېغىرلىق قىلىۋاتاتتى. مۇمكىن بولسا، ئۇلارنى جىلغا ئىچىگە تاشلاپلاۋەت-سەك ۋە ئۇنى يۈدۈپ يۈرۈش جاپاسىدىن بىر يولىلا قۇتۇلساق، لېكىن بۇنداق قىلغىلى بولمايتتى.

ئايشەم، مۇشۇ ھالىتىمدە مېنى كۆرسەڭ تونىيالارسەنمۇ؟ ئىشىنىمەنكى، يۈرىكىڭ تونۇسا تونار، ئەمما كۆزلىرىڭ تونۇيال-مايدۇ. چۈنكى، شۇ تاپتا بىز رېزىنكىغا ئوخشاش يۇمشاق، مەست ئادەمدەك ماڭىدىغان بولۇپ قالدۇق، چىرايىمىز قاپقارا كۆسەيگىلا ئوخشاپ قالدى. مېنى قاپقارا زەڭگى سىياقىدا كۆز ئالدىڭغا كەلتۈرۈپ كۆرگىنە جېنىم، قورقۇنچلۇقمۇ؟ . . . ياق، قورقما! چىرايىم ئۆزگەرگىنى بىلەن قەلبىم ئۆزگەرگىنى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، چىرايىمدىكى ئۆزگىرىش ۋاقىتلىق ئىش، تۈز-گە چۈشۈپ ھەپتە - ئون كۈن دەم ئالسام، ئەسلىي سىياقىمغا

قايتىمەن، سېرىققا ئۆزگىرىمەن.

قاراڭغۇ چۈشكەندە، بىر قاپتالنى چۈشكۈن قىلدۇق. ئوتۇن - ياغاچ، قوتازنىڭ قۇرۇق قىغلىرىنى تېرىپ كېلىپ، گۈلخان ياقتۇق. كونىلار «قىشنىڭ گۈلى ئوت» دەپ تولىمۇ دانا گەپ قىلغان. بولۇپمۇ بۇنداق ئېگىز تاغ ئۈستىدە، سوغۇق جاڭگىلداپ تۇرغاندا ئوت تېخىمۇ گۈل بولۇپ كۆرۈنىدۇ، ئەيساخان بىر مېتىرچە ئۇزۇنلۇقتىكى ئۈچ ياغاچنى گۈلخانغا ئۈچ ئاچىماق شەكلىدە تىكلەپ، ئۈستىن قاپقارا بولۇپ كەتكەن كورىنى ئاستى، كورا لىققىدە قارغا تولدۇرۇلغانىدى. ئۇ سۇ بولۇپ ئېرىپ قىزىسا (بۇ يەردە ئاغزى ئوچۇق نەرسىلەردە سۇ قاينىتىش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، بۇ يەردە 60 گىرادۇس ئىسسىقلىقتا سۇ قايناي-دۇ.) قىزىق - قىزىق ئىچىۋالساق ۋە قورساقنى ئازراق ئەستەر-لىۋالساق، شۇنىڭدىن كېيىن كۆزىمىزنى ئازراق يۇمۇۋالساق، نېمىدېگەن راھەت ئىش بولاتتى - ھە؟

لېكىن، بۇنداق ئېگىز جايدا تاماقلىنىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر جاپا. بۇ قۇرلارنى كۆرۈپ، ئەجەبلىنىشىڭ تەبىئىي. راست جې-نىم، ھاۋا شالاڭ، نەپەسلىنىش قىيىن بولۇۋاتقان جايدا تاماقلى-نىشمۇ راستىنلا جاپالىق ئىش، بۇنداق جايدا پۇت - قولۇڭدا جان بولمايدۇ. ئۇ ساڭا بويسۇنمايدۇ قورسىقىڭ ئاچقىنىنى سەز-مەيسەن، تاماقنى ئۆز - ئۆزۈڭنى مەجبۇرلاپ يېيىشىڭ كېرەك. بولمىسا، ئاچلىق سېنى يىقىتىدۇ...

ئايشەم، بىز گۈلخان ياققان جاي قۇرۇق ئىدى. ئوتنىڭ ئىسسىقىدا ئورۇن - كۆرپەمگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قاپ-تىمەن. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، قاتتىق چارچاپ كەتكەنىدىم. ئەيساخان مېنى تۇرتۇپ ئويغىتىۋېدى، خىجىل بولۇپ قالدىم. چۈنكى، تاغ يولىنى مېنىڭ بىلەن بىللە باسقان جەڭچىلىرىم - سەپداشلىرىم ئۇخلىمىغان چاغدا، ئۇخلاپ قېلىشىم بىر كوماند-دىرغا لايىق كەلمەيدىغان ئىشتەك تۇيۇلدى.

— چاي قايندى، قىزىق - قىزىق ئىچىلىك، قورساققا بىر نېمە يەڭ، — دېدى ئەيساخان.

ئۇنىڭ قايندى، دېگىنى كورىدىن ھور كۆتۈرۈلۈپ، چۆرىسى چىملداپ تۇرغان سۇ ئىدى. بۇ يەردە سۇ بۇنىڭدىن ئارتۇق قايىنمايتتى. شۇ «قايناقسۇ» دىن بىر كۇرۇشكا ئىچتىم. ئازراق گۆش كونسېرۋاسى بىلەن يېرىم ناننى مىلىڭ تەسلىكتە يېدىم، گويا نان مېنى يېگەندەك قىينالدىم. نەپەس ئېلىشىم قىيىن بولۇپ تۇرسىمۇ، بىر تال تاماكىنى ئازابلىنىپ تۇرۇپ چەكتىم، كېيىن ھەمراھلىرىمغا:

— قورسىقىڭلارنى تويغۇزۇۋېلىپ، ئارام ئېلىڭلار. — دېدىم - دە، قەغىزىمنى ئېلىپ، گۈلخان يورۇقىدا، سالام خېتىمنى داۋاملاشتۇرۇپ يازماقچى بولدۇم.

شۇ ئارىدا تۇرسۇن چاقچاق قىلىپ قالدى:

— ليەنجاڭ، سىز ئارام ئېلىپ ئولتۇرساقلا خەت يازىسىز، بۇ قېتىمقى رازۋېدكا توغرىسىدا رومان يېزىۋاتامسىز نېمە، يېڭى ئاشىق - مەشۇقلار توغرىسىدىكى رومانمۇ. . .

— ئۆيىگە خەت يېزىۋاتقان چېغى، — دېدى مۆمىن تۆز كۆڭۈللۈك بىلەن.

— شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت يېزىپمۇ تۈگىمەيدىغان سالام خەتمۇ بولامدۇ؟

تۇرسۇننىڭ سۆزىنى ئەيساخان ئۇستام بۆلدى:

— چوپچوڭ بولغىنىڭ بىلەن، تېخى ھېچ ئىش ئۇقمايدىغان بالا ئىكەنسەن - دە، سەنمۇ ئۆيلەنسەڭ، ئۆي - ئوچاقلىق بولساڭ، ئائىلە دېگەننىڭ قەدرىنى شۇ چاغدا بىلىسەن. . .

مەن ئۇلارنىڭ پارىڭىغا گويا ئۇ مەن بىلەن مۇناسىۋەتسىز سۆزلەردەك ئارىلاشماي، ھەتتا ئاڭلىمىغان بولۇۋېلىپ، خېتىمنى يېزىۋەردىم ۋە خەت يېزىپ ئولتۇرۇپ سېنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۇم، بالىلىق دەۋرىمنى ئەسلىدىم، بىردىن باغچىدىكى ھېلە-

قى ئورۇندۇق كۆز ئالدىمغا كېلىۋالدى. . . سىنىمۇ شۇ ئورۇن-دۇقنى، ئۇ يەردە يانمۇ يان ئولتۇرۇپ مۇڭداشقىنىمىزنى ئۇنتۇلار-سەن ئايشەم؟. . . ھېلىمۇ ئېسىمدە، ئۇ ياز پەسلى، كۈن ئولتۇ-راي دەپ قالغان مەزگىل ئىدى. «باغچىنىڭ ئالدىغا كېلىشىڭ، جىددىي گەپ بار ئىدى» دېگەن باغاقچىنى سەككىز ياشلىق سىڭ-لىڭدىن كىرگۈزۈۋېتىپ، باغچا ئالدىدا سېنى ساقلاپ تۇراتتىم. كۆزۈم كېلەر يولۇڭدا ئىدى، ۋاقىت تولىمۇ ئاستا ئۆتەتتى، مەن سېنى كۆرۈشكە، يۈرەك سۆزلىرىمنى ساڭا دەۋېلىشقا تەقەززا ئىدىم. چۈنكى، دەم ئېلىش ۋاقتىم توشۇپ قىسمىغا قايتىدىغان ۋاقتىم يېقىنلاپ قالغانىدى.

ئاخىر گۈلدەك ئېچىلىپ كەلدىڭ: بېشىڭدا قىزغۇچ ياغ-لىق، ئۇستۇڭدە ھالرەڭ كۆينەك، ئۇنىڭ ئېتىكى ئاستىدا ئاپئاق پاقالچاقلىرىڭ كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ئاق ناسكا قارا تۇپلى. . . سېنى تۇنجى كۆرگىنىمدىمۇ شۇنداق كىيىنگەنىدىڭ. خۇشال - خۇرام سالاملاشتۇق، كېيىن، «باغچىغا كىرىپ، خالىي جاينى تېپىپ پاراڭلىشايلى» دېۋىدىم، سەن گەپ - سۆزسىز ماڭا ئەگە-شىپ ماڭدىڭ. بىز يولدىن سەل چەترەك جايدىكى شادلىق، يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا بىرىپ ئولتۇردۇق. بۇ قۇياش ئولتۇ-رۇپ، غەربىي ئۇپۇقتىكى بۇلۇتلار شەپەققە چۆمۈلۈپ، قىپقىزىل بولۇپ تۇرغان مەزگىل ئىدى. بىز شەرققە قاراپ ئولتۇرغان ۋە ئارقىمىزدىكى ياسىن دەرىخى شاخلىرىنى ئۇستىمىزگىچە يېيىپ تۇرغاچقا بىزگە قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەندەك تۇيۇلاتتى. باغچىنىڭ خىش ياتقۇزۇلغان تار يوللىرىدا قولتۇقلىشىۋالغان قىز - يىگىت-لەر ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. باغچا ھەر خىل گۈللەرنىڭ خۇش پۇرىقى-غا توشۇپ كەتكەنىدى.

بۇ بىز تونۇشقىلى يېرىم ئايچە بولۇپ قالغان ۋاقىت ئىدى. بىزنىڭ تونۇشقان كۈنىمىزدىكى ئىشلارمۇ ھازىرلا بولغان ئىشلار-دەك كۆز ئالدىمدا. . .

ئۇ كۈنى شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىدا ئىشلەيدىغان دوس-تۇم راخمان قىز - ئوغۇللارنى چاقىرىپ چاي بەرگەنىدى. يىگىت-لەر ئۇنىڭ دوستلىرى، قىزلار بولسا ئۇنىڭ سۆيگىنى بىلەن دوست ئىدى. مېھمانلار يىغىلىپ، يەل - يېمىش، تاتلىق - تۈرۈملەرگە قەغەزلەر يېپىپ قويۇلغان داستىخان ئېچىلغاندا، راخمان مېھمانلارنىڭ تارتىنماي، ئېچىلىپ - يېيىلىپ ئولتۇرۇ-شىنى تەلەپ قىلىپ، يىگىتلەرنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. كېيىن ئۇنىڭ سۆيگىنى قىزلارنى تونۇشتۇردى. ئۇ كۈنى پۇقراچە كىيىد-نىپ بارغانىدىم. شۇنداق بولسىمۇ، راخمان مېنى «ھەربىي» دەپ تونۇشتۇرغاندا، قىزلار ھەممىڭلار مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك ماڭا تەڭلا قارىدىڭلار، مەن نېمىشقىدۇر خىجىل بولۇپ قالدىم.

ھاۋا ئىسسىق بولغىنى ئۈچۈن مېھمانلار پېشايۋانغا ئولتۇر-غۇزۇلغانىدى. ئۇ يەرگە سېنىڭدىن بۇرۇن بارغان ئىكەنمەن. بىز سۆيىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق، سەن ھويلىغا بىر دوستۇڭ بىلەن قولتۇقلاشقان ھالدا كىرىپ كەلگەندە ساڭا تىكىلىپلا قاراپ قالدىم. شۇ چاغدا، قارىي قىزلاردەك كېيىنگەنلىكىڭ ماڭا غەلىتە تۇيۇلۇپ، ساڭا قاراپلا قالغانىدىم. كېيىن ئويلىسام تۇنجى كۆرۈ-شۈمدىلا كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈنگەن ئىكەنسەن. ئولتۇرۇش تۈگىگىچە نېمىشقىدۇر ساڭا پات - پات قاراپ قويدۇم. راخمان مېنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن سەن ماڭا قاراپلا ئولتۇرغاندەك ھېس قىلىپ قالدىم. ئەلۋەتتە ماڭا پات - پات قاراپ قويىدىغان قىز سەنلا ئەمەس ئىدىڭ. بىز ئەنە شۇنداق تونۇشقان كۈنىنىڭ ئەتىسى چۈشتىن كېيىن كوچىدا ئۇچرىشىپ قالدۇق. كونىلار ناھايىتى دانالىق بىلەن «بىر كۆرۈشكەن دوست، ئىككى كۆرۈش-كەن تۇغقان» دەپتىكەن. ئىككىنچى قېتىم ئۇچراشقىنىمىزدىن كېيىن بىز گويا كونا تونۇشلاردەك بولۇپ قالغاندۇق. ھەر كۈنى سېنى ئۇچرىتىشنى ئارزۇ قىلىپ كوچىغا چىقاتتىم، بەختىمگە سەن ئۇچرايتىڭ.

ئۇرۇندۇقتا يانمۇ يان ئولتۇرۇپ، سىنى تۇنجى كۆرگەن ۋاقتىمدىكى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى تەسىراتلىرىمنى سۆزلەپ تۇراتتۇم، ئاخىرىدا سىنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىمنى ئوچۇقلا ئېيتتىم، ھەتتا، «سىز ماقۇل دېسىڭىز، ئۆكتەبىردە توي قىلغىلى كېلىمەن» دېگەن سۆزنىمۇ ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتتۇم. سەن تەكلىپىمگە جاۋاب بەرمەي ئۇزاققىچە جىمىمدە ئولتۇرۇپ كەتتىڭ. بۇ قاراڭغۇ چۈشكەن ۋاقىت ئىدى، چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىڭ توپلىيىڭنىڭ ئۇچىغا تىكىلىپ تۇرغاندەك قىلاتتى، سەن ئويلىنىۋاتاتتىڭ، مەن جاۋابىڭغا تەقەززا ئىدىم.

— نېمىشقا گەپ قىلمايسىز؟ — دېدىم كۆزلىرىڭگە تىكىلىپ تۇرۇپ، — يا مېنى ياراتمايۋاتامسىز؟

— سىز ياراتمىغۇدەك شۇنچە سەتمىدىڭىز؟ — دېدىڭ ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويۇپ.

— ئەمىسە نېمىشقا جاۋاب بەرمەيسىز؟

— توي ئىشى ئۆمۈرلۈك ئىش، بىز تونۇشقىلى ھېچقانچە ۋاقىت بولمىدى، مېنىڭچە، بىر - بىرىمىزنى سىنىشىپ بولالمىدۇق. ئالدىرىماڭ، مەنمۇ سىزنى ئوبدانراق چۈشىنەي، سىزمۇ مېنى چۈشىنىڭ. . .

— مەن ھەربىي، خالىغان ۋاقىتىمدا سىز بىلەن توي ئىشىمىز توغرۇلۇق كېلەلمەيدىغانلىقىمنى ئۇنتۇپ قالماڭ، شۇڭا ماڭا تېزرەك جاۋاب بېرىڭ.

— مەنمۇ ھەربىي ئىكەنلىكىڭىزنى، خالىغان ۋاقتىڭىزدا مېنى يوقلاپ كېلەلمەيدىغانلىقىڭىزنى ئويلاپ قېلىۋاتىمەن.

سېنىڭ ئەندىشەڭ ئورۇنلۇق ئىدى، مېنى ياخشى كۆرەتتىڭ، ھېچ بولمىغاندا ياقتۇراتتىڭ، تويدىن كېيىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان ۋاقتىمىزنىڭ كۆپ بولۇش ئېھتىمالىنى كۆزدە تۇتۇپ، تەكلىپىمگە جاۋاب بېرەلمەيۋاتاتتىڭ. جاۋاب بېرىشىڭنى شۇنچە تەلەپ قىلساممۇ، سەن گەپنى باشقا ياققا بۇراپ تۇرۇۋالدىڭ. . .

شۇ ئاخشامنى سەنمۇ ئەسلەمسەن؟ گەرچە سەن شۇ ئاخشىمى تەكلىپىمگە جاۋاب بېرىشتىن باش تارتقان بولساڭمۇ، ئەمما مېنى مەن سېنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندەك ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىڭ، شۇڭا، مەن سېنى سۆيمەكچى بولغاندا، «ئۇيات، ئۇيات...» دېگىنىڭچە تۇتۇق بەرمەي قېچىپ كەتتىڭيۇ، مېنى تىللىمىدىڭ، ئەتىسىدىن باشلاپ تاكى قىسىمغا قايتىپ كەتكۈچە مەن بىلەن ئۇچرىشىپ تۇردۇڭ. ھەتتا، مەن قىسىمغا قايتقان كۈنۈم سەن مېنى ئۇزىتىپ چىقتىڭ، كېيىنكى يىلى تويىمىز بولغىچە ماڭا ئۇزۇلدۇرمەي خەت يېزىپ تۇردۇڭ...

ئايشەم، يۇقىرىقىلارنى يېزىپ بولۇپ، يەنە نېمىلەرنى يېزىش كېرەكلىكىنى ئويلاپ ئولتۇراتتىم. ئەيساخاننىڭ سۆزىگە دىققەت قىلىپ قالدىم. ئۇ تۇرسۇنلار بىلەن سالام خېتىم توغرۇلۇق سۆھبىتىنى تېخى بولدى قىلمىغان بولسا كېرەك.

— سېنىڭ ياخشى كۆرىدىغان قىزىڭ يوق ئوخشايدۇ-ھە؟ بولمىسا سەنمۇ ليەنجاڭدەك بىكار بولساڭلا سالام خەت يازاتتىڭ. — دېدى ئەيساخان. تۇرسۇن دەرھال ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى:

— مېنىڭغۇ سىز دېگەندەك خەت يازىدىغان ئادىمىم يوق، دەپ تۇرايلى، سىز ئۆزىڭىزچۇ ئەيساخان ئۇستام، خوتۇن، بالىلىرىڭىز تۇرۇپ، نېمىشقا ئۇلارغا خەت يازمايسىز؟

— بىز قانلىق ئۇرۇشقا ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرۇپتىمىز، — دېدى ئەيساخان ئالدىرىماي موخۇركا ئوراپ ئولتۇرۇپ، — بۇ ئۇرۇشتىن ئامان قالىمىزمۇ يوق، خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. شۇڭا، خوتۇنۇم ساۋاتلىق بولغان بولسا، مەنمۇ ئۇنىڭغا كۈندە خەت يازاتتىم، خەت يۇزىدە مۇڭدىشاتتىم ئەمما، ئۇ خەت ئوقۇيالمايدۇ. شۇڭا سېغىنىش دەردىنى ئىچىمدە بىلىپ يۇرۇۋاتىمەن... سېنىڭ راستىنلا ياخشى كۆرگەن قىزىڭ يوقمۇ؟

— ئۇنىڭ باھارگۈلگە كۆيۈپ-پىشىپ يۈرگىنىنى بىلەمسىز؟ — دەپ گەپكە قىستۇرۇلدى مۆمىن، — بىزنىڭ قىسىم

دوختۇرخانىسىدىكى باھارگۈلنى بىلىسىزغۇ ئەيساخان ئۇستام؟ تۇرسۇن شۇ قىزنىڭ دەردىدە كۆيۈپ يۈرۈيدۇ.

— قويغىنا ئۇ قىزنىڭ گېپىنى، — دېدى تۇرسۇن مۆمىن-نىڭ گېپىگە نارازى بولغاندەك قوپال ئاھاڭدا.

— نېمە، مېنىڭ دېگەنلىرىم يالغانمىدى ئەمىسە؟

— لېكىن، ئۇ قىز مېنى ياراتمىسا، مېنىڭ كۆيگىنىمنىڭ نېمە پايدىسى؟

— ئۇ قىز «سىزنى ياراتمايمەن» دەپ ئوچۇق ئېيتتىمۇ؟ — دېدى ئەيساخان ئۇستام تۇرسۇنغا قاراپ. ئۇ موخۇركىسىنى بىر شورۇۋالدى.

— ئۇنداق دەپقۇ ئوچۇق ئېيتمىدى، لېكىن تەكلىپىمگە ھازىرغىچە جاۋاب بەرگىلى ئۇنىماي، «ئالدىرىماڭ، ئوبدانراق ئويلىشايلى...» دەپ كەينىگە سوزۇپ كېلىۋاتىدۇ.

— قىز بالا دېگەن سەن تەكلىپ قويۇپ بولغۇچە: «بولىدۇ غوجام، ھازىرلا توي قىلاي...» دەپ ساڭا ئېسىلىۋالسا ياخشى بولاتتىمۇ؟ قىز بالا دېگەننىڭ ئۇنچىلىك نازى بولمامدۇ؟ ھەي ئەخمەق، شۇنچىلىك ئىشنىمۇ ئۇقمامسەن؟

ئەيساخاننىڭ بۇ سۆزىگە ھەممىمىز كۈلدۇق، تۇرسۇن بولسا خىجىل بولۇپ قىزىرىپ كەتتى.

سۆيۈملۈك ئايشەم، ساڭا راست گەپنى ئېيتسام، ئەيساخاننى كۆپ ئارىلاشمىغاچقىمۇ ئانچە چۈشەنمەيتتىم. بۇ قېتىمقى سەپەردە ئۇنى ئوبدان چۈشەندىم، مىجەزىنى ياقتۇرۇپ قالدىم، ئۇ ئېغىر-بېسىق، خۇش چاقچاق ئادەم. يېشى خېلىلا چوڭ بولىسىمۇ، ھەممىمىزگە، ھەتتا ئۆزىدىن خېلىلا كىچىك تۇرسۇن بىلەن مۆمىن-گىمۇ غەمخورلۇق قىلىشنى ئۇنتۇمايدۇ، ئۇلارنى كىچىك دەپ ئورۇنسىز ئىشقا بۇيرۇپ يۈرمەيدۇ. بەزىدە كونا جەڭچىلەر يېڭى جەڭچىلەرنى، چوڭلار-كىچىكلەرنى ئۆزىگە يۈگۈر-يېتىم ئىشلىرىغا سالىدىغان ئىشلارمۇ خېلى ئۇچرايدۇ. لېكىن بۇ ئادەم

ئۇنداقلاردىن ئەمەس. ئۇ بىز بىلەن بىرگە چارلاشقا چىققان بولسىمۇ، چۇشكۇنىمىزدە بىزنى دەم ئالدۇرۇپ، ئۆزى چاي قاينىتىدۇ، تاماق تەييارلايدۇ. ھەتتا، يول ماڭغىنىمىزدا ئالدىمىزدا ماڭىدۇ.

— مېنىڭ ئىزىم بىلەن مېڭىڭلار، — دەيدۇ ئۇ يولغا ئاتلانغىنىمىزدا، — دىققەت قىلمىساق، ئويلىمىغان ئىشقا دۇچ كېلىمىز، يا بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ يىقىلىمىز، يا بىرەر چوڭقۇرغا چۈشۈپ كېتىمىز، ھەممە يەر ئاپئاق قار بولغاندىكىن، مېڭىۋاتقان يېرىمىزنىڭ قانداقلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. شۇڭا، مەن ئالدىڭلاردا يول ئېچىپ ماڭاي...

بىز ئۇ ئاچقان يول بىلەن مېڭىپ كەلدۇق.

ئايشەم، ھاردۇق يەتكەن ئوخشايدۇ، مېنى مۈگدەك باسقىلى تۇردى.

* * *

ئىككىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىن بىز مەلۇم بىر ئېگىزلىككە يېقىنلاپ باردۇق. نېمىشقىدۇر بۇ ئېگىزلىكنى دۈشمەننىڭ تايانچ بازىسىدەك ھېس قىلدىم. راستىنى ئېيتسام، بۇ مەندىكى رازۋېدچىكلارغىلا خاس سەزگۈ ئىدى. ئەتراپ جىمجىت، پەقەت ئېگىزلىكنىڭ بىر يېرىدىن سۇس ئىس كۆتۈرۈلۈپ تۇرغاندىن باشقا، كىشى دىققىتىنى تارتقۇدەك ئالاھىدە ئەھۋال بولمىسىمۇ، لېكىن نېمىشقىدۇر ئۇ يەرنى كۆزىتىپ باققۇم كېلىپ قالدى. ھەمراھلىرىمنى بىر دالىدا توختاشقا بۇيرۇق قىلدىم - دە، كېيىن پەرىزىمنى ئېيتتىم ۋە مۆمىننى چارلاپ كېلىشكە ئەۋەتتىم.

مۆمىن ئاپتوماتنى ئېسىپ، ئۈستىگە ئاق پىلاشنى يېپىپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ بەئەينى قارنىڭ ئۆزىلا ئىدى ۋە ئاسانلىقچە كۆزگە چېلىقمايتتى. ئۇ ئېگىزلىكنىڭ چوققىسىغا دېگۈدەك يې-

قىن باردى ۋە ئىككى - ئۈچ سائەتتىن كېيىن قايتىپ كېلىپ ماڭا ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى:

— دوكلات لېيەنجاڭ، ئېگىزلىك ۋە ئۇنىڭ باغرى شەرق يەرلىرى قىلغاندەك دۈشمەنلەرنىڭ ئورۇنلاشقان يېرى ئىكەن. ئەترىتىمىزنى سىم بىلەن ئوراپتۇ، خەندەكلەرنى كۆردۈم، ئۇ يەر، بۇ يەردە پوستلار ئايلىنىپ يۈرىدۇ. ئەمما، ئاكوپ، ئىستىھكاملارنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىنى بىلگىلى بولمىدى.

— شۇمۇ يېتەرلىك، — دېدىم مۆمىننى راھەتتە تۇرۇشقا بۇيرۇپ، — تەپسىلىي ئەھۋالنى ئاخشاملىققا ئىگىلەيمىز.

مۆمىننى يولغا سېلىشتىن بۇرۇن بىزمۇ ئاق پىلاشلارنى يېپىندۇالغاندۇق. ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، سۇدانلىرىمىزدا سوۋۇپ قالغان قايناقسۇ بىلەن مەخسۇس ھەربىيلەر ئۈچۈن ئىشلەنگەن پېچىنە - پىرەنىكلەرنى يەپ قاراڭغۇ چۈشۈشىنى كۈتۈپ ئولتۇردۇق.

ئەتراپىمىز ئاپئاق قار ئىدى. سوغۇق سۆڭەك - سۆڭەكتىن ئۆتەتتى. يۈزلىرىمىز ئېچىشىپ ئاغرىيتتى، پۇتلىرىمىزمۇ مۇزلاشقا باشلىدى. لېكىن، بىز دۈشمەنگە ئۆزىمىزنى سەزدۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن دالدىدىن نېرى بارالمايتتۇق. سوغدىن شۇمشىيىپ كەتتۇق، ئەمما، نېرى - بېرى مېڭىپ، پۇت - قوللىرىمىزنى ئىسسىتىشقا ئامال يوق.

ئاخىرى قاراڭغۇ چۈشتى، كۆكتە يۇلتۇزلار پارقىراپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى. گويا ئۇلار بېشىمىز ئۈستىدىلا ئېسىلىپ تۇرغاندەك بىلىنەتتى. قارا ئايشەم، بىز تەرەپلەردە يۇلتۇزلار ناھايىتى يىراقتا كۆرۈنىدىغۇ. ئەمما بۇ يەردە بولسا يېقىنلا يەردە تۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ. بۇمۇ بىز تۇرغان تاغنىڭ دېڭىز يۈزىدىن بەش - ئالتە مىڭ مېتىر ئېگىز ئىكەنلىكىدىن بولسا كېرەك.

كېيىن دۈشمەننىڭ كۈچلۈك يورۇتقۇچ ئوقلىرى ئارىلاپ - ئارىلاپ ئېتىلغىلى تۇردى. تەبىئىيكى، ئۇلار ئۆزلىرى ئاكوپ قې-



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

-زىپ ئورۇنلاشقان جايىنىڭ ئەتراپىنى سىم توسۇق بىلەن قورشاپ بولغان بولسىمۇ، يەنە كۆڭلى ئىمىن تاپماي، بەلگىلىك مۇددەتتە يورۇتقۇچ ئوقلارنى ئېتىپ، ئەتراپىنى كۆزىتىۋاتاتتى.

ھەمراھلىرىمغا ئاستا يۇقىرى ئۆرلەشكە بۇيرۇق قىلدىم. نەپەس ئېلىشىمىز قىيىنلىشىپ تۇراتتى. بېشىمىز لوقۇلداپ ئاغرىيتتى. كۆڭلىمىز ئېلىشىپ تۇراتتى. بىز چىشىمىزنى چىد-شىمىزغا بېسىپ يۇقىرى ئۆرلىدۇق. ئاخىرى ئېگىزلىككە يېقىن-لىدۇق ۋە تىكەنلىك سىملاردىن قېلىن قىلىپ توقۇلغان توساق ئالدىدا توختىدۇق. سىملارغا كونسېرۋا قۇتىلىرى قوڭغۇراق قى-لىپ ئېسىلغانىدى، ئۇنىڭغا تېگىپلا كەتسەك، سۇنئىي كولدۇر-ملار ئاۋاز چىقىرىپ بىزنى ئاشكارىلاپ قوياتتى. شۇڭا، سىم توساق ئالدىدا بىر پەس قىمىرلىماي يېتىشقا بۇيرۇق قىلدىم.

يورۇتقۇچ بومبىلار بەلگىلىك ۋاقىتتا ئېتىلىپ تۇراتتى. دۈشمەنلەر ئورۇنلاشقان يەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولسا كېرەك. مۇ-نارغا ئوخشاش بىر جاينىڭ ئۈستىدە يورۇتقۇچ چىراغ (تەنجاۋ-دىڭ) يېنىپ تۇراتتى ۋە ئۇنىڭ نۇرى قاراڭغۇلۇقنى كېسىپ ئۆتۈپ ئايلىنىپ تۇراتتى. يورۇتقۇچ سىنارەت بىلەن چىراغنىڭ يورۇقىدىمۇ دۈشمەننىڭ ئورۇنلىشىش ئەھۋالىنى بىلگىلى بەزى ئاكوپ، ئىستىھكاملارنى پەرق ئەتكىلى بولاتتى. بەزى جايلاردا چىراغ يورۇقى پىل - پىل كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىز سىزىۋالغان، دۈشمەننىڭ جايلىشىش ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان خەرىتىگە، ئاكوپ، ئىستىھكاملارنىڭ بەلگىسىنى قويۇپ تۇراتتۇق. يورۇت-قۇچ سىنارەتتىن بىرى تۇيۇقسىز يېنىمىزدىلا ئاسمانغا ئېسىپ قويۇلغان چىراغدەك كۈچلۈك پارىلداپ يېنىپ ئۆچتى.

ئايشەم، سەن كىنولاردىن ئۇنداق كۆرۈنۈشنى كۆرگەن، ئەمما كىنو دېگەن كىنو. ئەمەلىيەت بولسا باشقىچە بولىدۇ. سىنارەت بىزگە شۇنچە يېقىن جايدا شۇنداق كۈچلۈك پارىلداپ يېنىپ، دەقىقىدىن كېيىن ئۆچتىكى، بىز سېزىلىپ قالمىغىي-

دۇق دېگەن ئەندىشە بىلەن قارغا چاپلىشىپ يېتىۋالدۇق. خۇداغا شۈكرى، ئۈستىمىزدە ئاق پىلاش، ئەتراپ ئاپئاق قار بولغاچقا دۈشمەن بىزنى سېزەلمىدى بولغاي، ئۇلاردىن خېلىغىچە ھېچقان-داق سادا بولمىدى، ئەتراپ جىمجىت، ھېچقانداق غەيرىي تىۋىش يوق...

رازۋېدكىدا ئەڭ مۇھىم ئىش «تىل» تۇتۇش، «تىل» نىڭ ئاغزىدىن ئىگىلىگەن مەلۇمات، كۆرۈپ، كۆزىتىپ ئىگىلىگەن مەلۇماتتىن كۆپ ئىشەنچلىك بولىدۇ. شۇڭا مەندە تىل تۇتۇش ئويى پەيدا بولۇپ قالدى ـ دە، ھەمراھلىرىمغا ئوڭ تەرەپكە يۆتكىلىشكە بۇيرۇق قىلدىم. بەش مىنۇتچە يەر بېغىرلاپ سوزۇ-لۇپ ماڭدۇق، ئويلىمىغان يەردە بىر چوڭقۇرغا توغرا كېلىپ قالدۇق. ھەمراھلىرىمنى شۇ يەردە توختاشقا، سىم توساقنى ئاۋايلاپ كېسىشكە بۇيرۇدۇم. تىكەنلىك سىملارنى ئەيساخان ئا-ۋايلاپ تۇتۇپ تۇردى، مۆمىن چاققانلىق بىلەن كەستى ۋە ئادەم پاتقۇدەك يوچۇق ئېچىلدى.

سۆيۈملۈكۈم ئايشەم، رازۋېدكا قىلىش دېگەن ئەنە شۇنداق ئوغرىلىق قىلغانغا ئوخشاشلا ئىش، شۇڭا، رازۋېدچىكلار ئوغرىغا ئوخشاش قارام، قورقماس، قاپ يۈرەك بولۇشى كېرەك... بىز يوچۇقتىن بىر ـ بىرلەپ ئۆمىلەپ كىردۇق، لېكىن بىردىنلا توختاپ: ئالدىمىزدىكى يەر مىنالاشتۇرۇلغان بولمىسۇن، دېگەن گۇمان ـ پەرەز كۆڭلۈمدىن كېچىپ، ھەمراھلىرىمغا قىمىرلىماي يېتىشقا بۇيرۇق قىلدىم. زىيادە قاراملىق قىلماسلىقىمىز، ئېھ-تىياتچان بولۇشىمىز لازىم ئىدى. ھېلىدىن ـ ھېلىغا يورۇتقۇچ ئوقلار ئەتراپىمىزدا پارلىداپ يېنىپ، ئۆچۈپ تۇراتتى. بۇنداق يورۇتقۇچ سىنارەتلەرنىڭ رازۋېدچىكلار ئۈچۈن زىيىنىدىن پايدى-سى كۆپ بولىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ يورۇقىدىن پايدىلىنىپ، دۈش-مەن پوتەيلىرىنىڭ ئورنىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. مەن دۈم يېتى-ۋېلىپ خەرىتىگە يېقىندىن بايقىغان پوتەي ئىستىھكاملارنىڭ ئور-

نىنى سىزىپ بەلگە سېلىپ تۇراتتىم، توساتتىن ئادەملەرنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى.

بىزگە يېقىنلا يەردە — سول تەرىپىمىزدە، دۈشمەنىنىڭ بىر يەر ئاستى ئاكوپى بار ئىدى. شۇ يەردىن بىر نەچچە ئەسكەر چىقىپ كەلدى. ئۇلار بىزدىن ئىككى ئۈچ مېتىر نېرىدىكى بەللىرىگىچە كېلىدىغان خەندەك ئىچىدە مېڭىپ ئالدىمىزدىن ئۆتتى ۋە كۆپ يىراققا بارمايلا قايتىپ كېلىپ، بايا چىقىپ كەلگەن ئاكوپقا كىرىپ كەتتى. بىز تۇرغان جاينىڭ مىنالاشتۇرۇلمىغانلىقىغا جەزم قىلدۇق ـ دە، جەڭچىلەرگە ئاستا ئۆمىلەپ بېرىپ خەندەككە چۈشۈشنى بۇيرۇدۇم.

خەندەك پاكارراق ئادەملەرنىڭ بويى بىلەن تەڭ دېگۈدەك چوڭقۇرلۇقتا قېزىلغانىدى ۋە ئىككى ئادەم قاتارلىشىپ بىمالال ماڭالىغۇدەك ئىدى. بىز خەندەك بىلەن تۆۋەنلەپ ماڭدۇق. ئەيساخان ئالدىمىزدا يەنە سەركىدەك كېتىپ باراتتى. ئۇ، تۇيۇقسىز توختاپ زوڭزايدى ۋە بىزنىمۇ توختاشقا ئىشارەت قىلدى.

— نېمە بولدى؟ — سورىدىم تەشۋىشلىنىپ.

— قۇلاق سېلىڭ، ئالدىمىزدا ئادەم باردەك قىلىدۇ، — دېدى ئەيساخان قۇلىقىمغا پىچىرلاپ.

تىنماي تۇرۇپ قۇلاق سالدىم. ئالدىمىزدا بىرى مېڭىپ يۈرگەندەك قىلاتتى. شۇ ئارىدا بىر سىنارەت يېنىپ ئۆچتى. ئۇنىڭ يورۇقىدا بىر دۈشمەن ئەسكىرىنىڭ بىز تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. دەقىقە نېمە قىلىشىمىزنى بىلمەي گاڭگىراپ قالدىم، كېيىن كاللامغا بىر ئەقىل كەلدى ـ دە، ئىككىدىن بولۇپ، خەندەكنىڭ قىرىغا چىقىپ دۈم يېتىۋېلىشنى بۇيرۇدۇم. ئەيساخان بىلەن ئىككىمىز خەندەكنىڭ ئوڭ تەرىپىگە، تۇرسۇن بىلەن مۆمىن سول تەرىپىگە چىقىپ دۈم يېتىۋالدۇق. دۈشمەن بىز تەرەپكە يېقىنلاپ كېلىۋەردى. قارىغاندا، ئالدىمىزدا يەنە بىر يەر ئاستى ئاكوپ باردەك، دۈشمەن ئەسكىرى

شۇ ئاكوپتىن چىقىپ، كەينىمىزدە قالغان ئاددىيلا كىيىنىۋاتقاندەك قىلاتتى. كۆڭلۈمدىن بىر ئوي كەچتى، ئۇنى «تىل» قىلىپ تۇتماقچى بولدۇم.

جىنىم ئايشەم، ساڭا راستىنى ئېيتسام، رازۋېدچىكلارنىڭ كۆڭلى نېمىشقىدۇر بەك تۇيغۇن كېلىدۇ. ئۇلار ھەتتا قاراڭغۇ-مۇ كوماندىرنىڭ كۆزىگە قاراپ، كوماندىرنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىۋالالايدۇ. خەندەكنىڭ قىرىدا يېتىپ، بىر ئىشنى ئويلاۋاتاتتىم، ئەيساخان بىلەن كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىمنى بىلىپ ئۈلگۈرگەندى. «بولىدۇ» دېگەن مەنىدە بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. مۇنداق ۋاقىتلاردا رازۋېدچىكلار بىر - بىرىنىڭ كۆڭلىنى قولاق بىلەن ئەمەس، بەلكى بىر قاراشتىلا سېزىپ يېتەلەيدۇ. دۈشمەن ئۇدۇلىمىزغا كەلگەندە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزۈمنى ئاتتىم، قالغان ئۇچەيلەنمۇ مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا تەڭلا خەندەككە ئۆزىنى ئېتىشتى. ھەش - پەش دېگۈچە «تىل» زۇۋان سۈرمەيلا تۇتۇلدى، بىرىمىز ئاغزىغا لۆڭگە كەپلىدۇق، ئىككىمىز قولىنى كەينىگە قايرىپ باغلىدۇق. ئۇ بۇنداق بولۇشىنى ئويلىمىغان بولۇشى تەبىئىي، قورققىنىدىن غال - غال تىترەپ تۇراتتى.

«تىل» نى دەم كۆتۈرۈپ، دەم سۆرەپ يۈرۈپ، سىم توساقنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقتۇق، ئۇ يەردىن دالدىراق يەر تاپقۇچە، يەنى جىراغا چۈشكىچە تاڭ ئېتىپ كەتتى.

جىراغا چۈشكەندىن كېيىنمۇ ئۆزىمىزنى يوشۇرغۇدەك جاي تاپالماي خېلىغىچە ماڭدۇق. بىز يالاپ ماڭغان، ئىككى قولى كەينىگە قىلىپ باغلانغان ئەسىر ئېگىزغىنە، قارىمتۇق كەلگەن ئادەم ئىدى. ئۇ سوغۇقتىن تۈگۈلۈپ، شۈمشىيىپ كەتكەندى. شادا پاچاقلىرىنى كۆتۈرۈپ ماڭالمايۋاتقاندەك پۇتلىرىنى تەستە يۆتكەيتتى. تۇيۇقسىز جىرادا بوران چىقىپ كەتتى. بوران دەھشەتلىك چىقىراپ، ئۇشقىرتىپ تۇراتتى. سوغۇق مەڭزىمىزنى،

بۇرۇن ئۇچمىزنى چېقىپ ئۆتەتتى. بىز ئاخىرى ئۆڭكۈرنى بايقىدۇق ۋە سوغۇقتىن دالدىلىنىش ئۈچۈن ئۇ يەرگە كىردۇق. غار ئانچە ئۇزۇن ۋە چوڭ ئەمەس ئىدى. خۇددى ئادەملەر ئويۇپ قېزىپ ياسىغاندەك چاققانغىنە ئىدى، ئەمما، بىزنى سوغۇقتىن دالدا قىلىپ تۇرالايتتى، ھەددىدىن زىيادە ھېرىپ كەتكەنىدۇق. شۇڭا، ئۇدۇل كەلگەن يەرگە ئۆزىمىزنى تاشلاپ ئولتۇردۇق ئەيساخان يېنىدىن تاماكا چىقىرىپ ئەسىرگە بىر تال سۇندى. ئەسىر نېمە قىلارىنى بىلمىگەندەك ئۇنىڭغا يەر تېگىدىن قاراپ - قاراپ قويدى.

— ھە، قېنى ئال! — دېدى ئەيساخان ۋاخانچە سۆزلەپ، — سىگارت چەك.

زېمىنىمىزغا باستۇرۇپ كىرگەن دۈشمەن ئەسىرگە چۈشكەندى. سۆزلىشىشكە پايدىلىق بولىدۇ، دەپ قاراپ سەپەرگە ئاتلىنىش ئالدىدا ئاندا - مۇندا ۋاخانچە سۆزلەرنى ئۆگەنگەنىدۇق. گەرچە بۇ تىلدا كۆپ مەقسەتنى ئۇقتۇرالمىساقمۇ، لېكىن ئادەتتىكى سۆزلەرنى قىلالايتتۇق، ئەيساخاننىڭ ۋاخانچە سۆزلىرىنى «تىل» چۈشەنگەنىدى. ئۇ ئەپۇ سورىغاندەك ئىككى قولىنى جۈپلەپ، ئەيساخانغا بېشىنى ئېگىپ سالام قىلدى ۋە ئۇ تەڭلىگەن تاماكىنى ئالدى. ئەيساخان سەرەڭگە چېقىپ بەردى. بىزمۇ بىر تالدىن تۇتاشتۇرۇپ چېكىشتۇق، تاماكا چېكىپ ئولتۇرۇپ، بىز چالا - بۇلا بىلىدىغان ۋاخانچە سۆزلەر بىلەن پاراڭلاشتۇق.

ئەسىرنىڭ ئىسمى راجا ئىدى. ئۇ ھىندىستاننىڭ ئەڭ چەتتىكى غەربىي بىنگال شتاتىنىڭ ۋاخان يېزىسىدىكى كەمبەغەل دېھقاننىڭ بالىسى بولۇپ، مەملىكىتىدە يولغا قويۇلغان «ئومۇمىي سەپەرۋەرلىك» نەتىجىسىدە مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇلغانىكەن. ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن قارىغاندا، ئۇ بۇ ئۇرۇشقا ئەسكەر بولغىنىغا نارازىدەك قىلاتتى. بىز پاراڭىمىزنى ئاستا - ئاستا بىزگە كېرەكلىك مەلۇماتلار تەرەپكە يۆتكىدۇق.

بىز راجانى ئەسىرگە ئالغان ئېگىزلىك، دۈشمەن ئالمىد-سىنىڭ دۆلىتىمىز تېررىتورىيىسى ئىچىدىكى مۇھىم مەركىزىي بازىلىرىدىن بىرى ئىكەن. ئۇنىڭغا يەنە بىر قانچە تايانچ بازىسى قارايدىكەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئېگىزلىكنىڭ مۇداپىئەسى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، ئۇ يەرنى ئالاھىدە خىللانغان قىسىم ساقلايدىكەن ھەمدە بۇ ئېگىزلىكنىڭ ئەتراپىغا ئۈچ قەۋەت مىنا كۆمۈلۈپ، پەقەت يالغۇز ئاياغ سوقما يول قالدۇرۇلغانىكەن. ئېگىزلىكنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى جىرادىن باشلاپ، ئېگىزلىكنىڭ چوققىسىغا قەدەر ئوق كۆچى پوتىيى جايلاشقان، تۆت ئەتراپى ئۈستى ئوچۇق ئاكوپلار بىلەن قورشالغانىكەن. بىز بۇ ئېگىزلىك-نىڭ خەرىتىسىنى «تىل» نىڭ دېگەنلىرىگە ئاساسەن قايتىدىن تولۇقلاپ سىزدۇق. پوتەي، ئاكوپلارنىڭ ئورنىنى، ئوق - دورا، ئوزۇق - تۈلۈك ئىسكىلاتلىرىنى سىزىپ كۆرسەتتۇق.

ئايشەم، مەن يۇقىرىقىلارنى غاردا دەم ئېلىپ ئولتۇرغاندا يازدىم. بىز بۇ يەردە ئارام ئالماقچى، چۈنكى، بىز بىر سوتكىدىن بېرى ئۇيقۇسىز بولغاچقا ھېرىپ - چارچاپ، ھېچ ماغدۇرىمىز قالمىدى. قېنىپ ئۇخلىۋالساق، قاراڭغۇ چۈشكەندە بۇ يەردىن قىسمىمىزغا قاراپ يول ئالىمىز.

* * *

سۆيۈملۈكۈم ئايشەم، ساڭا بۇ خەتنى قانداق داۋاملاشتۇرۇپ يېزىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن. چۈنكى، تۈنۈگۈندىن بېرى بىز كەي-نى - كەينىدىن شۇنداق كۆڭۈلسىز ئوڭۇشسىزلىققا دۇچ كەل-دۇقكى، بۇ توغرىدا يېزىشقا ھەقىقەتەنمۇ نومۇس قىلىمەن. راست، بىز رازۋېدچىكلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇنداق ئىشلارنى خەق ئاڭلىسا راستىنلا سەت تۇرىدۇ...

غاردا ئۇخلاپ ئويغانغىنىمىزدا تېخى يورۇق چۈشمىگەنىدى.

تۇنۇگۇن كېچە ۋە ئالدىنقى كۈنى يىگىرمە سائەتكە يېقىن ۋاقىت
ئىچىدە كۆز يۇمىمىغان، ئاي دالىدا قار كېچىپ يۈرگىنىمىز
ئۈچۈن لايدەك ئېزىلىپ ئۇخلاپ كەتكەنلىكىمىز تەبىئىي. «ئۇيقۇ -
ئۆلۈم» دەيدۇ، بۇ راست، ئويغانساق، ھېلىقى ئەسىر، يەنى
«تىل» يوق. . . ئۇخلىغاندا، نۆۋەت بىلەن كۆزەت قىلغانىدۇق.
ئەڭ ئاخىرىدا كۆزەت قىلغان تۇرسۇن بىخەستەلىك قىلىپ مۈگ-
دەپ قالغانىكەن. «تىل» شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قېچىپ كې-
تىپتۇ. رازۋېدچىكلار ئۈچۈن «تىل» نى قاچۇرۇپ قويۇش ھەقى-
قەتەنمۇ نومۇس قىلىدىغان ئىش. ئۇنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى
بىلگىنىمىزدىن كېيىن ھەممىمىز نومۇستىن بىر - بىرىمىزنىڭ
يۈزىگە قارىيالمايلا قالدۇق.

ئەمدى دەرھال ئاتلىنىشىمىز كېرەك. بولمىسا، «تىل»
ىمىز بۇ يەرگە دۈشمەنلەرنى باشلاپ كېلىشى مۇمكىن. شۇ ئوي -
خىيالدا دەرھال يولغا چىقتۇق. كۆكنى تۇمان باسقاندەك قىلات-
تى، چۈنكى، ئەتراپ قازاننى دۈم كۆمتۈرۈپ قويغاندەك ناھايى-
تىمۇ سەت قاراڭغۇ ئىدى. كۆز ئالدىڭدىكى نەرسىنىمۇ ئىلغا
قىلغىلى بولمايتتى. شۇنداق قاراڭغۇدا يۈك - تاقلىرىمىزنى
يۈدۈپ، قىسمىمىز بار، دەپ پەرەز قىلغان تەرىپىمىزگە قاراپ
يول ئالدۇق، لېكىن شەرققە كېتىۋاتىمىزمۇ، غەربكە ھېچ بىلەل-
مىدۇق، راستىنى ئېيتسام، غاردىن چىققىنىمىزدا قاياقنىڭ
شەرق، قاياقنىڭ غەرب ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەلمەي قالغانىدۇق.

بىر كېچە توختىماي يول ماڭدۇق، نەچچە ئېگىزلىكتىن
ھالقىدۇق. نەچچە جىرادىن ئۆتتۇق. تاڭ يورۇقىدا، بىر دەريا
بويىغا يېتىپ باردۇق. دەريا كەڭ ۋە سۈيى ئۇلۇغ ئىدى، خۇددى
تاشقىندەك قىرغاقلارغا ئۇرۇلۇپ، قېنىغا پاتماي ھەيۋە قىلىپ
ئاقاتتى. دەريانى كۆرگىنىمىزدىن كېيىنلا ئادىشىپ قالغانلىقى-
مىزنى سەزدۇق.

— ئېزىقىپ كەتكەن ئوخشىمامدۇق؟ — دېدى بىرىنچى بو-

لۇپ تۇرسۇن ئەتراپقا قاراپ.
— قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ ساي ـ جىرالىرى، ئېگىزلىكلى-
رى خۇددى بىر ئادەمنىڭ قولىدا ياسالغاندەك ئوخشاشلا
ئىكەن. — دېدى مۆمىن ئەجەبلىنىشنى يوشۇرماي.
ئۇنىڭ دېگىنى راست ئىدى. قاراقۇرۇم تاغلىرى بۇقا بويىن-
دەك قات ـ قات بولغىنى بىلەن يېڭى كەلگەن كىشى ئۇچۇن
ئۇنىڭ قاتلىرى، ساي ـ جىرا، چوققىلىرى، ئوخشاش كۆرۈنەت-
تى. شۇڭا، بۇ يەردە يول يۈرگەن كىشى كېچىسى ئەمەس،
كۈندۈزىمۇ ئاسانلا ئېزىقىپ قالاتتى. . . شۇ تاپتا مەن پىقىرىتىپ
قويۇپ بەرگەن كىشىدەك، بېشىم قېيىپ تۇرۇپلا قالدىم، خىيا-
لىمنى بۆلۈپ، ئەيساخان ئېغىز ئاچتى:
— راست، ماڭغان يولىمىز، كەلگەن يولىمىزغا ھېچ ئوخ-
شىمايدۇ، كېلەشىمىزدە بۇنداق ئۇلۇغ سۇ ئاقىدىغان دەريانىمۇ
كۆرمىگەنىدۇق. بىر نەچچە سايدىنغۇ كېچىپ ئۆتكەن، ئەمما
بۇنداق ئۇلۇغ سۇنى كۆرمىگەن.
— بەلكىم شۇ سايلارنىڭ بىرەرسىگە كەلكۈن كەلگەندۇ. . .
— قارا سېنى، — دېدى مۆمىن تۇرسۇننىڭ سۆزىنى بۆ-
لۈپ، — كەلكۈن دېگەن قارا قىشتا كەلمەيدۇ، يازدا كېلىدۇ.
يولدىن ئادىشىپ كەتكەنلىكىمىزدە گۇمان يوق ئىدى. ھاۋا
تۇمانلىق بولغاچقا، تەرەپلەرنىمۇ پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. راز-
ۋېدچىكلار ماڭا: «ئەمدى قانداق قىلىمىز، قاياققا ماڭىمىز؟»
دېگەندەك قارىشىپ تۇراتتى. يولنى كۆرسىتىدىغان خەرىتىنى
قۇرۇق يەر تېپىپ قويۇپ، كومپاسنى توغرىلىدىم، قايتىدىغان
تەرىپىمىزنى بىلىش ئۇچۇن بۇنىڭدىن باشقا ياخشىراق چارە يوق
ئىدى.
كومپاس ئىستىرېلكىسى كۆرسەتكەن نىشانغا قاراپ يول ئال-
دۇق. بىز كېچىدىن بېرى شەرق تەرەپكە كېتىپ قالغان ئىكەن-
مىز، ئەمدى غەربكىرەك يول ئالدۇق. سۇيى ئۇلۇغ دەريا يان



www.uyghurkitap.com

تەرىپىمىزدە قالدى. بىر داۋاندىن ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ ئۆتتۇق. ئالدىمىزدا يەنە بىر دەريا كۆرۈندى. كومپاس ئىستىرېلكىسى كۆرسەتكەن نىشانغا ئاساسلانغاندا، بۇ دەريادىن ئۆتۈشىمىز كېرەك ئىدى.

دەريا ئانچە كەڭ ئەمەس ئىدى، ئەمما چوڭقۇردەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، دەريانىڭ يۇقىرىسى بىلەن تۆۋەن تەرىپىنىڭ ئېگىزلىكىدە ئوبدانلا پەرق بولغاچقا سۇ بەكلا تېز ئاقاتتى، سەللا ئېھتىيات قىلمىساق، بىزنى ئېقىتىپ كېتەتتى. شۇڭا خېلىغىچە مۇۋاپىق كېچىك ئىزدىدۇق. ئاخىرى سۇ يېيىلىپ ئاقىدىغان يەرنى ئۇچراتتۇق. ئۇ يەرگە چوڭراق تاشلارنى قويۇپ، شۇنىڭغا دەسسەپ ئۆتكىلى بولىدىغاندەك قىلاتتى، بىز توختىدۇق، بىر تالدىن تاماكا چېكىشىپ دەم ئالدۇق.

— ئاۋۋال ئۆتىدىغان «كۆۋرۈك ياسايلى، — دېدىم ئويۇمنى سۆزلەپ، — ھەر قەدەمدە بىردىن تاش قويىمىز، يەنە قايتىپ كېلىپ، بىردىن تاش كۆتۈرۈپ ماڭىمىز.

رازۋېدچىكلار قوشۇلدى، بۇ سۇدىن ئۆتۈش ئۈچۈن بۇنىڭدىن ياخشىراق چارىمۇ يوق ئىدى، ياز بولسىغۇ سۇنى كېچىپ ئۆتۈۋېرەتتۇق. ئەمما ھازىر تاغدا، قەھرىتان سوغۇقتا سۇنى كېچىپ ئۆتىمىز دېسەك، ئۇ قاتقا ئۆتۈپ بولغىچە پۇتلىرىمىز توڭلاپ ئۇششۇپ، جېنىمىزدىن ئايرىلىپ قېلىشىمىز تۇرغانلا گەپ ئىدى.

يۈك - تاقلىرىمىزنى ئولتۇرغان جايىمىزدا قويۇپ قويدۇق. مەن بىرىنچى بولۇپ يوغان تاشنى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ كېلىپ سۇغا قويدۇم، مېنىڭدىن كېيىن تۇرسۇن. . . مەن قايتىپ كېلىپ، يەنە بىر تاشنى كۆتۈردۈم. شۇ تەرىقىدە بىر سائەتتەك ئىشلەپ، تاش تىزىپ «كۆۋرۈك ياساپ چىقتۇق. يۈك - تاقلىرىمنى يۈدۈپ، بىر چامدامدىن ئارىلىق قالدۇرۇپ تىزىلغان تاشلارغا كىيىك سەكرىگەندەك سەكرەپ - تاقلاپ دەسسەپ بىرىنچى بولۇپ مەن ئۆتتۈم، مېنىڭدىن كېيىن تۇرسۇن، ئاخىرىدا

ئەيساخان ئۆتتى، ئەمما. . .

دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتۈپ، يۈك ـ تاقلىرىمىنى قويۇپ تۇراتتىم. تۇيۇقسىز مۆمىننىڭ:

— لېەنجاڭ، ئەيساخان ئۇستام. . . — دەپ ۋارقىرىغىنى ئاڭلاندى.

ئىتتىك ئۆرۈلۈپ قارىدىم. تۇرسۇن ئۆتۈپ بولاي دەپ قالغانىدى. مۆمىن تاشقا دەسسەپ، سۇغا قاراپ تۇراتتى. ئەمما، ئەيساخان كۆرۈنمەيتتى. يۈرىكىم قارات قىلىپ قالدى.

— نېمە بولدى؟ — دەپ ۋارقىرىدىم.

— ئەيساخان ئۇستام ئېقىپ كەتتى. — دېدى مۆمىن.

پەقەت شۇ چاغدا، سۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا، سۇ دومىلىتىپ ئېقىتىپ كېتىۋاتقان ئەيساخاننى كۆرۈپ قالدىم ـ دە، دەرياغا يۈگۈردۈم، تۇرسۇن ماڭا ئەگەشتى، مۆمىنمۇ سۇغا چۈشتى. ئەمما، ئەيساخاننى قۇتقۇزۇشقا مۇمكىن بولمىدى.

جېنىم ئايشەم، سەن تاغ سۈيىنى كۆرۈپ باقمىغان، بىلمەيسەن تاغ سۈيى ئالدىدا سەن كۆرگەن دەريا ـ ئۆستەڭ سۇلىرى ئۆلۈك سۇغا ئوخشايدۇ، تاغ سۈيى بولسا، تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇلۇپ ئاقىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇ ئېگىزدىن پەسكە چۈشىدىغان بولغاچقا خۇددى تۈگمەننىڭ نورىدىن چۈشۈۋاتقان سۇدەك تېز، شىددەتلىك بولىدۇ. شۇڭا بىز ئويلىمىغان ھادىسە ـ پاجىئە كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە يۈز بەردى. ئەيساخان تاشقا تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشكەن، ئۇ ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغىچە تېز، شىددەتلىك ئاقىدىغان ئەركەك تاغ سۈيى ئۇنى ئېقىتىپ، چوڭقۇر جايغا ئاپىرىپ بولغان، بۇ پەرىزىمىز. بىز ئەيساخاننىڭ قانداقلارچە يىقىلىپ چۈشكەنلىكىنى كۆرەلمىگەن بولساقمۇ، شۇنداق پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. . . مەن ئۇنى كۆرگەندە ئۇ بىر چۆكۈپ ـ بىر لەيلەپ، دومىلاپ ئېقىپ كېتىپ باتاتتى، دەم قوللىرىنى پۇلاڭشىتاتتىيۇ، دەم يوقىلىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن خېلىغىچە

سۇ كېچىپ يۈگۈرۈپ باقتۇق. ئەمما، چوڭقۇر يەرگە يېقىن بارالمىدۇق. ئاخىرى قىرغاق بويلاپ يۈگۈردۇق، سۇ ئېقىتىپ كېتىۋاتقان، بىر كۆرۈنۈپ، بىر كۆرۈنمەيۋاتقان ئەيساخانغا بەردىبىر يېتىشەلمىدۇق. تاغ سۈيىنىڭ ئېقىشى بىزنىڭ يۈگۈرۈشىمىزدىن نەچچە ھەسسە تېز ئىدى. ئاقىۋەت يولىمىزنى تاغ توسۇپ، دەريا ياقىلاپ يۈگۈرۈش مۇمكىن بولمىغاندىلا توختاشتۇق-دە، كۆز يېشى قىلىشتۇق.

ئاھ، ئايشەم، شۇ مىنۇتلاردىكى ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاشلىرىمىز، ئۈن - تىنسىز نالە - زارىمىزنى كۆرسەڭ ھۆڭرەپ يىغلاپ كېتەر ئىدىڭ. بىز جەڭچى، ئۇنىڭ ئۈستىگە دۈشمەنلەر ئىشغال قىلىۋالغان زېمىنىمىزدا ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقان بولغاچقا، يىغا - زارە قىلالمىدۇق، ئەمما، قايغۇ - ھەسرەتتىن يۈرەكلىرىمىز پارە - پارە بولۇپ كەتتى. گويا تاغلارمۇ چاك - چاك يېرىلىپ كەتكەندەك، دەريا سۈيى بولسا، تېخىمۇ قايغۇلۇق شارقىراۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

ئاھ. . . رەھمەتلىك ئەيساخان ياخشى ئادەم ئىدى. ئۇ ھەر زامان جاپادا ئالدىدا، راھەتتە كەينىدە، ئىدى. ھېچنېمىدىن قورقمايتتى، جەڭدە ئالدىغا ئېتىلىپ تۇراتتى، قەيسەر، قورقۇمسىز بۇ باتۇرنى سۇ، ئەركەك تاغ سۈيى — شۇنچە ئەرزىمەس بىر نەرسە ھالاك قىلدى، بىزدىن ئايرىدى. ئەگەر ئۇ دۈشمەن ئوقىدا ئۆلگەن بولسا ئىدى، بىز ئۇنچە ئازابلانماس، ھەسرەت چەكمەس ئىدۇق. چۈنكى ئۇ جەڭچى ئىدى. جەڭچى دېگەن سۆز جەڭگە ئۆزىنى ئاتىغان ئادەم دېگەن سۆز. ئۇ جەڭدە دۈشمىنى بىلەن قانلىق ئېلىشىپ قان تۆكسە، جان بەرسە ئورۇنلۇق بولىدۇ. لېكىن، بىچارە ئەيساخان سۇ بىلەن ئېلىشىپ جان بەردى.

جېنىم ئايشەم، ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلگىلى، كەتكەنگە ئەگىشىپ كەتكىلى بولمايدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، جەڭگە تەييار تۇرغان پۈتۈن سۈرۈك بىر قىسىم، بىزنى، بىزنىڭ ئاخبارات

ئىلىپ قايتىشىمىزنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇ يەرگە تېرىلغۇ باراما-ساق بولمايتتى. شۇڭا ئەيساخاننىڭ جەسىتىنى سۈرۈۋالالمىغان-لىقىمىز ئۈچۈن بىر كۆزىمىز كەينىمىزدە يولغا راۋان بولدۇق.

قاراڭغۇ چۈشەي دېگەندە بىر زامانلاردا چارۋىچى ئولتۇرغان بولسا كېرەك، تاش بىلەن قوپۇرۇلۇپ، ئۈستى شاخ - شۇمبا بىلەن يېپىلغان تاشلاندۇق ئۆيگە يېتىپ باردۇق. ئۇ يەردىن ئۆتۈپ كەتسەك، بىز سوغدىن دالدىلانغۇدەك جاي تاپالىشىمىزغا ئىشىنەلمەي، شۇ يەردە تۈنىمەكچى بولدۇق. ئۈنىڭ ئۈستىگە، سوغۇقمۇ كۈچىيىپ كەتكەنىدى. بايا ئەيساخاننى قۇتقۇزىمىز دەپ بىر هازا سۇ ئىچىدە يۈرگىنىمىز ئۈچۈن، ئۆتۈك، شىملىرىمىز مۇز بولۇپ كەتكەنىدى. پۇتلىرىمىز مۇزغا ئايلىنىپ قالغاندەك تۇيۇلاتتى. سوغدىن كاسىلداپ تىترەيتتۇق. شۇڭا، ئۇ ئۆيگە كىرىپ، ئوت يېقىپ، ئىسسىنماي بولمىدى. ئەتراپنى تىمىسقىلاپ ئىزدەپ يۈرۈپ، چاۋا - چاتقال، كالا قىغى دېگەندەك نەرسىلەرنى تاپتۇق - دە، ئۆي ئىچىگە گۈلخان ياقتۇق، مەيدىمىزنى ئوتقا قاقلاپ ئولتۇردۇق. ئەمما، دۈمبىمىز مۇزلاپ تۇراتتى، چۈنكى هېچ نەرسە يوق ئىشىكتىن گۈرۈلدەپ سوغ ئۆتۈپ تۇراتتى. ساڭا بۇ خەتنى شۇ يەردە ئوتسىنىپ ئولتۇرۇپ يازدىم.

*　　*　　*

سۆيۈملۈكۈم ئايشەم، ئەسلىي بۇ سەپەر خېتىمدە ساڭا ئۆزۈمنىڭ جەڭگىۋار كەچمىشلىرىمنى، قارا قۇرۇم تاغلىرىنىڭ ئاجايىپ گۈزەل قىش مەنزىرىسى بىلەن قوشۇپ يازماقچى ئىدىم، ئەپسۇسكى، تەقدىرىمىز شۇنداقمىكىن، خېتىمدە جاپا - مۇشەققەتلىك كەچمىشلىرىمىزنى، قايغۇ - هەسرىتىمىزنى يېزىشقا مەجبۇر بولۇپ قالدىم، خەتلىرىمنى كۆرۈپ، مېنى نېمىدېگەن چىدىماس، يىغلاڭغۇ ئادەم بۇ، دەپ قالارسەنمۇ؟...



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

راست، بۇ تۆت كىشىلىك رازۋېدچىكلار ئەترىتىمىزگە كەل-
گۈلۈك كەينى - كەينىدىن كەلگىلى تۇردى. مەن خېتىمدە بۇ
كۆڭۈلسىزلىكلەرنى يازماي ئۆتۈپ كېتەلىشىم مۇمكىنمۇ؟ ياق،
ياق...

ئاخشام ھېلىقى تاشلاندۇق ئۆيدە بىر كېچە ئوتىسىنىپ يات-
تۇق. لېكىن تۇزۇكرەك ئۇخلىيالمىدۇق، يەنى ياخشىراق ئۇخ-
لاش بىزگە نىسىپ بولمىدى. مۆمىن تۈنۈگۈن سۇ ئىچىدە بىز-
دىن ئۇزاقراق يۈرگەنىدى سوغۇق ئۇنىڭ ئىلىك - ئىلىكلىرىگە
ئۆتۈپ كەتكەن بولسا كېرەك. بېشى يەرگە تېگەر تەگمەستىنلا
جۆيلىگىلى تۇردى.

— مۆمىن، مىجەزىڭ يوقمۇ نېمە؟ — سورىۋىدىم، ئۇ:
— ياق، مەن ياخشى. — دېدى.

شۇ ئارىدا تۇرسۇن ئۇنىڭ پېشانىسىنى تۇتۇپ كۆرۈپ، چۆ-
چىگەندەك ئاھاڭدا:

— لېيەنجاڭ، ئۇ ئوت - كاۋاپ بولۇپ كېتىپتۇ، — دېدى.

مەنمۇ مۆمىن تەرەپكە سۈرۈلۈپ بېرىپ، ئۇنىڭ پېشانىسىنى
تۇتۇپ كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتىم. ئۇ راستىنلا ئوت - كاۋاپ
بولۇپ كەتكەن، تىنىقىمۇ ئىتتىكلەپ قالغانىدى. نېمە قىلىش
كېرەكلىكىنى بىلەلمەي قالدىم. بىزنىڭ دورا - دەرمان، ئوزۇق -
تۈلۈكىمىزنى ئەيساخان يۈدۈۋالغانىدى. ئۇلار ئۇنىڭ بىلەن بىللە
سۇدا ئېقىپ كەتتى، بىزدە ئەمدى دورىمۇ، يەيدىغان نەرسىمۇ
قالمىغانىدى. مۆمىنگە بېرىدىغانغا بىرەر چىشلەم نان ياكى قىزىت-
مىنى چۈشۈرىدىغان بىرەر تال دورا بولغان بولسىمۇ كاشكى!...

مەن ئاخىرى ئورنىمدىن تۇردۇم، - دە، سىرتقا چىقىپ،
لۆڭگەمنى قاردا ھۆل قىلىپ كىرىپ مۆمىننىڭ پېشانىسىگە قوي-
دۇم. بۇ ئۇسۇلدا ئۇ بىر ئاز ئارام ئالغاندەك بولدى. شۇڭا،
ئۇنى ئارام ئالدۇرۇش ئۈچۈن تۇرسۇن بىلەن ئىككىمىز نۆۋەتلە-
شىپ، لۆڭگىلىرىمىزنى قاردا ھۆل قىلىپ، ئۇنىڭ پېشانىسىغا

قويدۇق تاكى سۈبھى يورۇغىچە شۇنداق قىلدۇق، كۆڭلىمىز يېرىم-دۇق. سۈبھىدىن يەرگە يورۇق چۈشكىچە، بىرەر ئىلغەتلا دېگۈدەك ئۇخلىغان بولدۇق - دە، يەنە ئورنىمىزدىن تۇرۇپ ماڭدۇق.

بىزنى ئىس ئېلىپ كېتىش خەۋپى، سوغۇق ئازابى يەتمىگەندەك ئاچلىق قىيناشقا باشلىدى. سوغۇق يۈز، بۇرۇنلىرىمىزنى زەھەردەك چېقىپ ئۆتەتتى، دىرىلداپ تىترەپ تۇراتتۇق. بۇ ئېگىز تاغ رېئاكسىيىسىنىڭ تەسىرى ئىكەنلىكى تەبىئىي، تىنىقدىمىز تېزلىشىپ، نەپەس ئېلىشىمىز قىيىنلىشىپ كەتكەندى. ئاچلىقتىن قورساقلىرىمىزنىڭ غورۇلدىشى، كوركىرىشى بىر - بىرىمىزگە ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كۆڭلىمىز ئېلىشىپ بېشىمىز قېيىپ تۇراتتى، ماغدۇرسىزلىقتىن قەدەم يۆتكىگىنىمىزدە تىزلىرىمىز ئېگىلىپ - پۈكۈلۈپ كېتەتتى. شۇنچىلىك ھارغان ئىدۇقكى، قار ئۈستىگە موككىدە چۈشۈپ يېتىۋالغۇمىز كېلەتتى. لېكىن، ئۇنداق قىلىشقا ھەرگىز بولمايتتى. قار ئۈستىدە يېتىپلا قالساق توڭلاپ قالاتتۇق.

مۆمىننىڭ يۈك - تاقلىرىنى تۇرسۇن ئۆزىنىڭكىگە قوشۇپ يۈدۈۋالغانىدى. ئۇمۇ قەدەملىرىنى ئاران - ئاران يۆتكەيتتى، تۇرۇپ نېمىگىدۇر پۈتلىشىپ يىقىلىپ چۈشەتتى. ئېغىر - ئېغىر تىناتتى. مۆمىن بولسا، بىر تاياقنى ھاسا قىلىپ تايىنىۋالغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ قەدەملىرىنى مىڭ تەسلىكتە يۆتكەيتتى، قەدەملىرىنى يۆتكىگەندە چىرايلىرى پۈرۈشۈپ كېتەتتى. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئاغرىق ئازابىغا چىدىيالمايۋاتاتتى، ماغدۇرسىزلىق ئۇنى تېخىمۇ قىيناماقتا ئىدى. ئۇنىڭ چىرايى ئوبدانلا قارىداپ قالغانىدى. ئۇنىڭ چىرايىنىڭ بۆلەكچىلا قارىداپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلغىنىمدا، نېمىشقىدۇر تۇرسۇنغىمۇ سەپسېلىپ قارىغۇم كېلىپ قالدى. ئۇنىڭمۇ مۆمىنگە ئوخشاش كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ — ئورا كۆز بولۇپ قالغان. قارىداپ جۇدەپ، مەڭز سۆڭەكلىرى كۆرۈنۈپلا قالغانىدى. ئۇمۇ مۆلدۈرلەپ قاراپ تۇر-

غان كۆزلىرى بولمىغىنىدا، گۆردىن ئېچىۋالغان جەسەتكىلا ئوخ-
شايتتى. بۇ ئوي كۆڭلۈمدىن كەچكەندە، ئۆزۈمنىڭ رەڭگى -
روھىمنىڭ قانداقلىقىنى بىلگۈم كېلىپ، تۇرسۇندىن سوراپ
قالدىم:
— تۇرسۇن، ماڭا قاراپ باققىنە، مەنمۇ قارىداپ كېتىپتىمەنمۇ؟
— سورىمايلا قويۇڭ ليەنجاڭ، — دېدى تۇرسۇن چىرايىمغا
سەپسېلىپ قاراپ تۇرۇپ، — كۆمۈرخاڭدىن هازىرلا چىققاندەك
بولۇپ قاپسىز، كۆزلىرىڭىز چاچقان تۆشۈكىگىلا ئوخشاپ
قاپتۇ...
دېمەك، ھەممىمىز ئوخشاش هالدا ئىدۇق. مېنىڭ ھالىم-
نىڭمۇ تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق ئىدى. قورسىقىم بەكلا ئېچىپ
كەتكەچكە، ئۈچەيلىرىم تارتىشىپ تۇراتتى. كۆڭلۈم ئېلىشاتتى،
بېشىم قاياتتى، نەپەس ئېلىشىم ئازابلىق ئىدى. ئايىغىمغا تاش
باغلاپ قويۇلغاندەك، پۇتلىرىمنى تەستە يۆتكەيتتىم. مۆمىن بى-
لەن تۇرسۇنغا ئوخشاش، پات - پات ئېمىگىدۇر پۇتلىشىپ يىقى-
لىپ چۈشەتتىم.
تۇرسۇن ئىككىمىزدىن مۆمىننىڭ هالى خاراب ئىدى. ئۇ
تاياقفا تايىنىپ ماڭغان بىلەن كۆپرەك يىقىلىپ چۈشەتتى، يۆلەش-
تۇرسەممۇ تەستە ئورنىدىن تۇراتتى. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئۇ
ئاغرىق ئازابىغا چىشىنى چىشىغا بېسىپ، چىداپ يول يۈرۈۋاتات-
تى. پات - پات ئولتۇرۇۋالاتتى. دېمەك، ئۇنىڭ ماڭغۇدەك
مادارىمۇ قالمىغانىدى. ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇش ئۈچۈن شۇنچە
كۈچەپ يۆلەشتۇرسەممۇ، ناھايىتى تەستە ئورنىدىن تۇراتتى. ئۇ-
نى يۆلەپ ماڭىمەن دەپ مەنمۇ يىقىلىپ چۈشەتتىم. ئۇ سەللا
مېڭىپ، ئۆزىنى تاشلىۋېتەتتى، مۆمىن ئەڭ ئاخىرقى كۈچىنى
سەرپ قىلىۋاتاتتى.
قېرىشقاندەك قار چۈشۈشكە باشلىدى. بىز مىڭ ئۆلۈپ،
مىڭ تىرىلىپ، كېتىپ باراتتۇق، مۆمىن ئېمىگىدۇر پۇتلىشىپ

يىقىلىپ چۈشتى، مەن ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ تەڭلا يىقىلدىم. مۆمىن توساتتىن ۋايجانلاپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنچە بوغۇق، رەتسىز ئىدىكى، گويا يەر تېگىدىن ئاڭلىنىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. «نىمە بولغاندۇ؟» دېگەن ئەندىشىدە ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ باقتىم، مىدىر-لىتالمىدىم. كېيىن ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىنى تۇتۇپ كۆردۈم، سول پۇتىنىڭ ئوشۇقىنى تۇتقىنىمدا ئۇ تېخىمۇ ئازابلىق ۋايجانلاپ كەتتى. قارىغاندا، ئوشۇقىدىن چىقىپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئامالسىز ئۇنىڭ يېنىدا بىر هازا قار ئۈستىدە سوزۇلۇپ ياتتۇق.

پەرىزىم توغرا بولۇپ چىقتى. ماڭماقچى بولۇپ، مۆمىننى يۆلەشتۈرۈپ تۇرغۇزغىنىمدا دەسسىيەلمەي قالدى، ئامالسىز هاسىسىنى قولتۇقىغا توغرىلاپ كەستۇق، ئۇ هاسىنى ئوڭ قولتۇقىغا قويۇپ، سول پۇتىنى يەرگە تەككۈزمەي دىڭگوسلاپ ماڭدى. شۇنداق قىلماي ئامالىمىز يوق. چۈنكى، بىز توختاپ قالماي مېڭىشىمىز، ئامالىنى قىلىپ، قىسمىتىمىز تۇرغان يەرگە بېرىشىمىز كېرەك ئىدى. ئۇلار بىز ئېلىپ بارىدىغان ئاخباراتنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ تۇراتتى.

لېكىن، كۆپ ماڭالمىدۇق، مۆمىن قەدەمدە بىر يىقىلغىلى تۇردى، بىچارىغا ئىچىم ئاغرىيتتى، ئۇ خېلىدىن بېرى كۆزىنى ئاچماي، چۈشىنىكسىز بىر نىمىلەرنى جۆيلىگەندەك سۆزلەپ مې-ڭىۋاتاتتى، تۇرسۇنمۇ ئاران - ئاران چامدايتتى، قەدىمىنى مىڭ جاپادا يۆتكەيتتى. ئەمما، «مۆمىننىڭ يوك - تاقلىرىنى تاشلىۋې-تىڭ، ئىككىمىز بىر يوتقاندا ياتارمىز» دەپ شۇنچە ئېيتساممۇ، «كېرەكلىك تاشنىڭ ئېغىرى يوق لېنجاڭ، هاۋا بەك سوغۇق، كېرەك بولىدۇ. . .» دەپ ئۇنىمايتتى. ئۇ «كېرەكلىك تاش» ئۇنىڭغا بۆلەكچىلا ئېغىرلىق قىلىۋاتاتتى. مېنىڭمۇ هالىم تايىن-لىق ئىدى. ئاخىر قاراڭغۇ چۈشۈشتىن خېلى بۇرۇن، بەلكىم پېشىن ۋاقتى بولغاندۇ، ئۇچرىغان بىر ئېغىلغا دەم ئېلىش ئۇ-چۈن كىردۇق. ئۇ يەرنى ئېغىل دېگىنىم، ئىشىك، دېرىزىسى

يوق ئىدى. تاملىرى تاش تىزىپلا ياسالغان، ئۈستى توغرىسىغا ئوندەك ياغاچ قويۇلۇپ قوراي بېسىلىپ يېپىلغان، ئۇزۇن كەت-كەن ئۆي ئىدى. ئەمما، ئاستى قىغ ئىدى.

ھېرىپ ھالىمىز قالمىغانىدى. ئۈچىمىز ئىغىلنىڭ بۇلۇڭىغا بېرىپ، قاپلىق يوتقانلىرىمىزنى قاتار قىلىپ سالدۇق، تام تەرەپ-كە تۇرسۇننى، ئوتتۇرىدا مۆمىننى بۆيرۇق بىلەن ياتقۇزدۇم، مەن چەتتە ياتتىم. ئۈچىلىمىز يېتىشىمىز ھامانلا ئۇخلاپ كەتتۇق.

قانچىلىك ئۇخلىدىم، ۋاقىت قايسى چاغ بولدى، بىلمەيمەن، بىر چاغدا ئۇيقۇغا قانغاندەك بولۇپ ئويغاندىم. سەپداشلىرىمغا قاراپ باقماقچى بولۇپ سەرەڭگە ياقتىم. ئىككىنچى تال سەرەڭ-گىنى چاققىنىمدا تۇرسۇن ئويغاندى.

— نېمە بولدى لىيەنجاڭ؟ — دەپ سورىدى ئۇ بېشىنى سەل كۆتۈرۈپ.

— ھېچنېمە، مۆمىنگە قاراپ باقاي دېۋېدىم. ئۇنىڭ ئەھۋالى قانداقراقكىن. . .

سۆزۈمنىڭ ئاخىرىنى ئېيتالمىدىم. چۈنكى، يۈز - كۆزلى-رىنى سىلىۋېدىم، مىدىرلاپمۇ قويمىدى، ھەم مۇزدەك تۇيۇلدى، كېيىن بۇرنىغا ئالقىنىمنى تەگكۈزدۇم، تىنىق ئۇرۇلمىدى، چۆ-چۈپ كەتتىم.

— تۇرسۇن، ئۇنىڭ يۈرىكىنى تىڭشاپ بېقىڭ، — دېدىم.

ئۇ مۆمىننىڭ سول تەرەپ كۆكسىگە قۇلىقىنى ياقتى، بويۇن تومۇرىنى تۇتتى، ھەتتا ئوڭ بېلىكىنىڭ تومۇرىنىمۇ تۇتۇپ كۆر-دى. بىردىن يىغلامسىراپ تۇرۇپ:

— لىيەنجاڭ، ئۇ قازا قىپتۇ، — دېدى.

مۆمىننىڭ جان ئۈزگەنلىكىنى بايا بۇرنىغا ئالىقىنىمنى قوي-غان چاغدىلا ھېس قىلغان، ئەمما «ئۇ ئۆلۈپ كەتكەنمۇ نېمە؟» دەپ ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمىغانىدىم. چۈنكى، ئۇ ئوڭدىسىغا كۆزىنى يۇمۇپ، تاتلىق ئۇخلاۋاتقاندەك ياتاتتى. تۇرسۇننىڭ «ئۇ قازا

قىپتۇ» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ، گويا توك سوقۇۋەتكەندەك ئىسەل-كىنىپ كەتتىم. يۈرىكىمنى گويا بىرى تارتىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. كېيىن ئىچ - ئىچىمدىن يىغا قىيانى ئۆرلىدى. سەۋر قىلىشىم، ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشىم كېرەك ئىدى. چۈنكى جەڭچى دېگەن ئۇرۇش مەزگىلىدە جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ يۈرگەن بولىدۇ. ئەجەل دائىم ئۇنىڭ ئەتراپىنى پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرىدۇ. شۇڭا بىر جەڭچى قازا قىلغاندا، كوماندىر بولغان كىشى ئىچىدە يىغلاپ هازا تۇتۇشى، كۆز يېشىنى هايات جەڭچىلەرگە كۆرسەتمەسلىكى كېرەك. چۈنكى كۆز يېشى جەڭ مەزگىلىدە ئاجىزلىقنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، باشقىلارغا يامان تەسىر بېرىدۇ. ئەمما، شۇنچە قىلساممۇ بولمىدى. تېخى دۈشمەن بىلەن ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ئۇرۇشماي تۇرۇپ، ئىككى جەڭچىدىن ئايرىلىپ قېلىشىم ماڭا ئېغىر كەلگەنىدى. ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمىدىم ئېسەدەپ، بۇ-قۇلداپ يىغلاپ تاشلىدىم. تۇرسۇنمۇ كۆز يېشى قىلدى.

قارا ئايشەم، ئۇلار هەر ئىككىسى بىزگە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالماي بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتى، بۇ نېمىدېگەن پاجىئەلىك ئۆلۈم - هە؟ ئەيساخاننىڭغۇ سۇ ئېقىتىپ كەتتى، گەپ - سۆز قىلىشقا مۇمكىنچىلىك بولمىدى، دەيلى، مۆمىنگە نېمە بولدى، ئۇنىڭ ئۇخلىغان پېتى جىمجىتلا ئۆلۈپ كەتكىنى نېمىسى؟ مۆ-مىنىنىڭ يالغۇز ئاپىسىنى ئۇچراتسام، ئۇ ئوغلىنىڭ نېمە دەپ ۋەسىيەت قىلغانلىقىنى سورىسا نېمە دەيمەن؟ . . .

ئەڭ ئېچىنىشلىق ئىش شۇكى، مۆمىنىنىڭ جەسىتىنى ئې-لىپ كېتىشكە ئامال يوق ئىدى. شۇڭا، تاڭ ئاتقۇچە كۆز يېشى قىلىپ ئولتۇردۇق. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن ئۇن - تىنسىز بۇقۇل-داپ يىغلاپ، ئۇنى رەھىمسىزلىك بىلەن تاشلاپ كەتتۇق. چۈن-كى، ئۇنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ كېتەلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. ئاچارچىلىق، ماغدۇرسىزلىق بىز ئىككىمىز - تۇرسۇن بىلەن مېنى نىمجان قىلىپ قويغانىدى. قەدەملىرىمىزنى ئاران يۆتكەيتـ-

تۇق. نەچچە قەدەم مېڭىپلا يىقىلاتتۇق، ئولتۇراتتۇق. راستىمنى ئېيتسام، بىزنىڭمۇ قارارگاھىمىزغا يېتىپ بارالىشىمىغا كۆزۈم يەتمەيدۇ. ئەمما يېتىپ بارماي بولمايدۇ. چۈنكى، قولىمىزدىكى دۈشمەننىڭ ئورۇنلىشىش ئەھۋالى چۈشۈرۈلگەن خەرىتە بىلەن ئاخباراتنى تاپشۇرۇشىمىز كېرەك. قوماندانلىق شتاب شۇ ماتېرى-ياللارغا ئاساسلانغاندىلا بولغۇسى جەڭنىڭ ئىشەنچلىك پىلانىنى تۈزەلەيدۇ.

بىز كېتىپ بارىمىز، ئەمما شۇنچىلىك ئاستا، بۇنى كېتىپ بارىمىز، دېگەندىن كۆرە قىمىرلاپ تۇرۇۋېتىمىز دېگەن تۈزۈك. خۇددى چۆچەكلىرىمىزدە، «مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، قىردىن ئاشال-ماپتۇ» دېيىلگىنىگە ئوخشاش. . . تۇرسۇننىڭ ئەھۋالى مېنىڭ-دىن چاتاق، ئۇ بەجايىكى، تۇنۇگۇنكى مۆمىنگە ئوخشايدۇ. بىر - ئىككى قەدەم مېڭىپلا يىقىلىدۇ. مىڭ جاپادا يۆلەپ تۇرغۇزىمەن - دە، پۇت - قوللىرىنىڭ دىرىلدەپ تىترەپ تۇرغىنىنى سېزىمەن، ئامالسىز بىر دەم ئولتۇرايلى دەيمەن، يوق - تاقلىرىمىزنى دۆڭسىمان يەرگە قويۇپ، شۇنىڭغا يۆلىنىپ، ئاپتوماتنى گويا بىرى تارتىۋالىدىغاندەك چىڭ تۇتۇپ ئولتۇرىمىز. كۈن ئوچۇق، ئەمما سوغۇقمۇ قاتتىق. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇخلاپ قېلىشىمىزدىن قورقىمەن، چۈنكى ئۇخلاپلا قالساق، توڭلاپ قالىمىز. شۇڭا پات - پات تۇرسۇننىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ:

— ئۇخلاپ قالمىغانسىز، ئۇخلاپ قالماڭ جۇمۇ! — دەيمەن.

— ئۇخلىمىدىم، — دەيدۇ ئۇ زەئىپ ئاۋازدا.

راستىمنى ئېيتسام، ئاشۇنداق سۆزلەر بىلەن ئۆزۈمنىمۇ ئۇخلاپ قالماسلىققا ئاگاھلاندۇرىمەن. سەۋەبى ئاچلىق، سوغۇق مېنىمۇ ئاللىقاچان تۈگەشتۈرۈۋەتتى. بۇنىڭغا تاغ ھاۋاسىدا ئوك-سىگېننىڭ ئازلىقى سەۋەبلىك نەپەس ئېلىشنىڭ قىيىنلىقى قو-شۇلۇپ، بېشىم قېيىپ ئاغرىپ، كۆڭلۈم ئېلىشىپلا تۇرىدۇ. پۇت - قوللىرىم سىرقىراپ ئاغرىيدۇ. يۈزلىرىم، قۇلاقلىرىم

سوغۇقنى سەزمەيدۇ. بۇ ھال ئوچۇق جايلىرىمىزنىڭ ئاللىقاچان ئۇششۇپ كەتكەنلىكىنى بىلدۇرىدۇ. شۇڭا، قارارگاھىمىزغا قىس-سىمىمىزدىكىلەر بىزنى ساقلاپ تۇرغان جايغا يېتىپ بارالماي قېلىشىمىزدىن ئەنسىرەيمەن. ئەندىشەمنى كۆچەيتىپ، مېنى بىر شېرىن ئۇيقۇ قىينايدۇ. ئىشىنىمەنكى، تۇرسۇنمۇ شۇ ھالەتتە، شۇڭا ھاردۇقىمىز چىقمىغان بولسىمۇ، ئىلاجىسىز تۇرسۇننى چاقىرىمەن.

— تۇرسۇن، ماڭالىمۇ، تۇرۇپ كېتەيلى، توڭلاپ قالمايلى يەنە.

— مەيلى، ماڭايلى! — دەيدۇ تۇرسۇن مۈگدەپ تۇرۇپ.

ئاخىر بىر - بىرىمىزنى يۆلەشتۇرۇپ يۇرۇپ، مىڭ جاپادا ئورنىمىزدىن تۇرىمىز. يۈك - تاقلىرىمىزنى يۈدۈپ، ئاپتوماتلىرىمىزنى سىقىمداپ تۇتۇپ يولىمىزنى داۋاملاشتۇرىمىز، يەنى «مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، قىردىن ئاشالماپتۇ» دېگەندەك قىمىرلاپ تۇرىمىز...

بىر كۈن شۇنداق يول مېڭىپ، ئاران بىر جىلغىدىن ئۆتتۇق. بەختىمىزگە بىر خارابە ئۆي ئۇچرىدى. كۈن تېخى ئولتۇرمىغان بولسىمۇ شۇ ئۆيدە بىر كېچە ئارام ئېلىشنى لايىق كۆردۇم، چۈنكى ھېرىپ ماغدۇرىمىز قالمىغانىدى. شۇ ئۆيگە كىردۇق، تۇرسۇن ئىككىمىز ئورۇن - كۆرپىمىزنى يېقىن قىلىپ سېلىپ، يوتقانغا كىردۇق، ھارغىنلىق، ماغدۇرسىزلىق، سوغۇقنىڭ بىزنى بىھوش ھالەتكە كەلتۈرۈشى ئاچارچىلىق ئازابىنى يەڭدى، قورسىقىمىز غولدۇرلاپ تۇرسىمۇ يوتقانغا كىرىپ كۆپ ئۆتمەيلا لايىدەك ئېزىلىپ ئۇخلاپ كەتتۇق.

بىر چاغدا ئويغىنىپ كەتتىم. پەمىمچە يېرىم كېچە بولغان بولسا كېرەك، تۇرسۇن تېخى تاتلىق ئۇخلاپ ياتاتتى. يېنىك پۇشۇلدىشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئەمما، مېنىڭ ئەمدى ئۇيقۇم كەلمەيتتى. چۈنكى، ئاچارچىلىق قىيناشقا باشلىدى، قورسىقىم كورکىرايتتى. خۇددى پاقا كۇرۇلدىغاندەك ئاڭلىناتتى. ئۇچەيلى-

رىم چاپلىشىپ كەتكەندەك تۇيۇلاتتى. يۈرىكىمنىڭ بېغىشىدىن كىمدۇر بىرى تارتىۋاتقاندەك ئىدى. بېشىم قېيىپ، كۆڭلۈم ئېلىشىپ تۇراتتى. نەپەس يېتىشمەي ئۆرىگە تىناتتىم. شۇ ھالەتتە ئۇزاق ۋاقىت قىينالدىم.

بىر چاغدا:

— تۇرسۇن، ئويغاندىڭىزمۇ؟ — دەپ چاقىردىم.

— ھەئە، ئويغاندىم، — دېدى ئۇ، ئەمما، ئاۋازى شۇنچىلىك زەئىپ ئىدىكى، يەر تېگىدىن ئاڭلانغاندەك تۇيۇلدى.

— تۇرۇپ كېتەيلى تۇرسۇن، پەمىچە تاڭ ئاتاي دەپ قالدى، بىر ئامال قىلىپ ماڭايلى، قىسمىمىزغا بالدۇرراق بارايلى.

— ماقۇل ليەنجاڭ، قىسمىغا بالدۇرراق بارايلى، شۇ چاغدا ھەممە ئىش ياخشى بولۇپ كېتىدۇ. ئۇلار بىزنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈۋاتىدىغاندۇ ھەقىچان.

— شۇنداق بولماي. . . قوماندانلىق بىز ئېلىپ بارىدىغان ئاخباراتنى كۈتۈپ، يولىمىزغا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرىدۇ. . . .

«قوماندانلىق بىز ئېلىپ بارىدىغان ئاخباراتقا قاراپ تۇرىدۇ» دېگەن بۇ سۆز بىزگە باشقىدىن كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلاتتى. شۇ سۆز بىلەن جانلىنىپ، ئورنىمىزدىن تۇردۇق. يۈك - تاقلىرىمىزنى تاڭدۇق، يۆدىدۇق، قورال - ياراغلىرىمىزنى كۆتۈرۈپ يولغا چىقتۇق.

تاڭ ئاتقىچە يولنى خېلى ئاۋۇتتۇق. قۇياش چىقىپ، ئۇنىڭ شولىسى قار ئۈستىدە چاقناشقا باشلىغاندا، يەنە بولالماي قالدۇق. ھېرىپ، ماغدۇرىمىز قالمىغانىدى. پۇتلىرىمىز تىترەپ تۇراتتى. ئۆرە تۇرغىنىمىزدا ھازىرلا يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. بولۇپمۇ تۇرسۇننىڭ ئەھۋالى چاتاق ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى خىرە پىلدىرلاپ تۇراتتى. مەڭىز سۆڭىكى تومپىيىپ چىققان، يۈزلىرى قاپقارا بولۇپ كەتكەنىدى. قان دىدارى يوق ئىدى. ئاقىرىپ كەتكەن قانسىز لەۋلىرى گەز باغلاپ تۇراتتى.

ئۆرىگە تىناتتى. ئىشىنىمەنكى، مېنىڭمۇ ئەھۋالىم ئۇنىڭدىن قېلىشمايتتى.

تۇرسۇن ماڭالماي قالدى. ئۇ، ئامالسىز قار ئۈستىگە مۆككىدە چۈشتى ـ دە:

— ليەنجاڭ، مەن بولالمىدىم. سىز ماڭا قارىماي كېتىۋېرىڭ، — دېدى.

— مەن سىزنى تاشلاپ كېتەلمەيمەن، — دېدىم ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ قاراپ، — بىر ئامالىنى قىلىپ بىللە كېتىمىز.

— ياق، مەن ھازىر سىزگە ئوشۇقچە يۈك. مەن بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن، قوماندانلىق شتاب بىزنىڭ ئاخباراتىمىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. سىز ئۇنى بىر ئامالىنى قىلىپ يەتكۈزۈڭ ليەنجاڭ. سىز مېڭىۋېرىڭ، ماڭا قارىماڭ. يول پەمىمچە خېلى بار، مەن قارىغاندا بارالمايمەن.

— ياق، سىزنى ھەرگىزمۇ تاشلاپ كېتەلمەيمەن. كەلگەندە تۆت ئىدۇق. ئەمدى ئىككىمىز قالدۇق، ئىككىمىز ساق قايتىپ بېرىشىمىز كېرەك.

ئاخىرقىسى ئارزۇيۇم ئىدى، لېكىن...

باشقىلار بىزنىڭ ئاخباراتىمىزنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇنى قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن، قوماندانلىققا يەتكۈزۈپ بېرىشىمىز كېرەك ئىدى. لېكىن، بۇنى دەپ، تۇرسۇن ماڭا ھەر قانچە يۈك بولۇپ قالسىمۇ تاشلاپ كېتەلمەيتتىم. ئىككى جەڭچىدىن ئايرىلغىنىمنىڭ ئۆزىمۇ يېتىپ ئاشقۇدەك تالاپەت ئىدى. شۇڭا، بىر ئاز ياۋا كۆكتات تېپىپ كەلگۈم كېلىپ قالدى. قار ئاستىدا ھېچ بولمىغاندا، ئوت - چۆپ بولسىمۇ بار ئىدى. شۇلارنى بولسىمۇ تېپىپ كېلىپ يەپ، ئاچلىق ئازابىنى بىر ئاز بولسىمۇ تۈگەتمەكچى ۋە تۇرسۇن بىلەن بىللە قايتىپ كەتمەكچى بولۇپ، كۆنگەي تەرەپكە قاراپ ماڭدىم.

كۈن نۇرى ياخشى چۈشىدىغان جايغا بېرىپ، قارنى ئاۋۋال

پۇتلىرىم بىلەن نېرى ئىتتىردىم، كېيىن قولۇم بىلەن ئېچىپ ئوت - چۆپ ئاقتۇردۇم. لېكىن، خېلىغىچە ئاۋارە بولۇپمۇ ھېچنەرسە تاپالمىدىم. چۈنكى، تۇرغان جايىمىز تاقىر شېخىللىق جاي ئىكەن. يېگۇدەك بىرەر نەرسە تاپالىشىمدىن ئۈمىد ئۈزۈپ قايتتىم.

پۇتۇمنى سۆرەپ كېتىپ بارىمەن، قار ئۈستىدە بىر نەرسە سەكرەپ ماڭغاندەك ئىز قالىدۇ. يۈك - تاقلىرىم تۇرسۇننىڭ يېنىدا قالغان بولسىمۇ، بېلىمدىكى ئوقدان، قولۇمدىكى ئاپتومات گويا مىڭ پاتمان ئېغىرلىقتا بىلىنىدۇ، بېشىم قېيىپ، كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپلا تۇرىدۇ. ئەمدى ھېچ سوغۇق سەزمەيمەن، گويا پۇتۇن بەدەنلىرىم كۆيۈشۈپ قالغاندەك، ئوچۇقى توڭلاپ كەتكەندەك ھېس قىلىمەن. ھېچ ماڭغۇم يوق. شۇنداق بىر شېرىن ئۇيقۇ قىستاپ كېلىۋاتىدۇكى، تۇرغان جايىمغىلا ئۆزۈمنى تاشلىغۇم، قىمىرلىماي يېتىپ، قېنىپ بىر ئۇخلىۋالغۇم كېلىدۇ. لېكىن بۇ ئوچۇق ئاي دالىدا، بەدەن ئاساسەن مۇزلاپ بولغاندا قاردا ئۇخلاش ئۆلۈم دېگەن سۆز. مەن بىر بىلىپ، بىر بىلمەي شۇنداق ئويلايمەن - دە، ئۆز ئۆزۈمگە ئىچىمدە «ئۇخلىما ئىمىن، ئۇخلىما، غەپلەت ئۇيقۇسىنى ئويلىما. ئالدىڭدا تۇرسۇن سېنى كۈتۈپ ياتىدۇ، ئېھتىمال بىر كۈنلۈك ياكى ئىككى كۈنلۈك نېرىدا، قوماندانلىق شتاب، سەندىكى ھەربىي ئاخباراتقا موھتاج بولۇپ، يولۇڭلارغا تۆت كۆزى بىلەن قاراپ تۇرۇپتۇ. . . » دەپ خىتاب قىلىپ، مەدەت بېرىمەن. سەنتۇرۇلۇپ - سەنتۇرۇلۇپ ماڭىمەن، تۇرۇپ يىقىلىپ چۈشىمەن، مىڭ بىر جاپادا ئۆمىلەپ يۈرۈپ ئورنۇمدىن تۇرىمەن. تۇرۇپ كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ كېتىدۇ. شۇنچىلىك قاراڭغۇلىشىدۇكى، گويا يېرىم كېچە بولغاندەك ھېس قىلىپ قالىمەن. ئاھ، ئايشەم، شۇنداق جاپادا تۇرسۇننىڭ يېنىغا كېلىپ، كۆرگىنىم نېمە ئىش بىلەمسەن ئۇ يۈك تاقىغا يۆلىنىپ، يۈزىنى كۆككە قارىتىپ، كۆزلىرىنى يۇ-

مۇپ ياتاتتى. مەن ئۇنى ئۇخلاۋاتىدۇ، دەپ ئويلىسىم، قولىمدا بىر ۋاراق قەغەز تۇراتتى. بىر قېرىنداش قار ئۇستىگە چۈشۈپ كەتكە-نىدى. قەغەزنى ئۇ شۇنداق چىڭ تۇتۇۋالغان ئىدىكى، قولىدىن ئاجرىتىپ ئالالمىدىم. ئەمما، ئۇنىڭغا يېزىلغان مۇنۇ خەتلەرنى سىنچىلاپ قاراپ ئاران ئوقۇيالىدىم: «ئىمىن ليەنجاڭ — دەپ يازغانىدى ئۇ خېتىدە، — مەن بولالمىدىم، راستىنى ئېيتسام، جان تۈمۈشۈقىمغا كېلىپ قالغىنى نەۋاخ، پەقەت سىزگە تارتى-شىپ ھەمدە ئاخباراتنى قوماندانلارغا بالدۇرراق يەتكۈزۈپ بەر-سەك بولاتتى، دېگەن ئوي بىلەن ‹ ھايات › تۇرۇۋاتىمەن. ليەن-جاڭ، ئەمدى ماڭا قارىماڭ، سىز قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن قىسىمغا قايتىپ بېرىشىڭىز، ھەربىي ئاخباراتنى باشقىلارغا ساق تاپ-شۇرۇپ بېرىشىڭىز، ئەيساخان ئۇستام بىلەن مۆمىنىنىڭ قەھرىمان-لىق ئىشلىرىنى ئۇلارغا سۆزلەپ بېرىشىڭىز كېرەك، ئەلۋىدا.»

«ئەلۋىدا» دېگەن سۆزنى ئوقۇپلا يۈرىكىم قارتىدە قىلدى، تۇرسۇنىنىڭ يۈزلىرىنى تۇتۇپ كۆردۈم، مۇز بولۇپ كەتكەنىدى. بېلەك تومۇرىنى، بوينىدىكى چوڭ تومۇرنى تۇتۇپ كۆردۈم. يۈرەك سوقۇشى توختىغانىدى. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئۇ «ئەلۋى-دا» دېگەن سۆنى يېزىپلا جان بەرگەنىدى. ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلىدىم، ئاچلىق ۋە ھارغىنلىقتىن زەئىپلىشىپ تىترەپ تۇرغان يۈرىكىم پارە - پارە بولۇپ كەتتى. . . تۆۋە، ئۇ مەن ئوت - چۆپ ئىزدەپ ماڭغاندا، ھايات ئىدى. مېنى «كۆپ ئايلانماڭ لىيەنجاڭ، بالدۇرراق قايتىپ كېلىڭ. . .» دەپ ئاگاھلاندۇرغانى-دى. مەن قايتىپ كەلگۈچە بۇ دۇنيا بىلەن جىمجىت خوشلى-شىپ، ئۇ دۇنياغا گەپ - سۆزسىز كېتىپ قالغىنى نېمىسى؟

بىز تۆت ئىدۇق، مەنلا ھاياتمەن، ئۈچ سەپدىشىم ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى. ئاخباراتنى شتابقا تاپشۇرۇپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش مېنىڭلا زىممەمگە چۈشتى. لېكىن ئايشەم، راستىنى دېسەم، بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا كۆزۈم يەتمەيدۇ. چۈنكى، ھازىر



www.uyghurkitap.com

بەدىنىم بىر نەرسىنى سەزمەس بولۇپ قالدى. بۇ هال كۆپ ئۆتمەي بىر پارچە مۇزغا ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىمدىن دېرەك بەر-مەمدۇ؟ . . . هازىر ئويلىسام، تۇرسۇن رەھمەتلىك ئەتىگەندىن بېرى ئەزرائىلدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئۆلۈم بىلەن ئېلىشىپ كەلگەن، ياشاش ئۈچۈن، ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئاخىرقى تىنىقىغىچە ئۇرۇنغان. ئەمما، ئۇ يەنىلا جان بەردى. هازىرقى ئەھۋالىم تۇرسۇننىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدىكى ئەھۋالىغا ئوخشاي-دۇ، مەنمۇ ئەڭ ئاخىرقى تىنىقىمنى تىنىۋاتقاندەك قىلىمەن. شۇڭا ساڭا دەيدىغان سۆزلىرىمنى كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا قەغەز يۈزىدە بولسىمۇ دەۋالاي دەپ، قېرىنداش، قەغەزلەرنى قولۇمغا ئالدىم. تۇرسۇن ئۈچۈن ياش تۆكۈپ ئولتۇرۇپ، يۇقىرىقىلارنى ئەسلەپ يېزىپ قالدۇردۇم.

سۆيۈملۈكۈم ئايشەم، ناۋادا مەنمۇ ئۆلۈپ كەتسەم كۆز يېشى قىلما. چۈنكى، ھەربىي دېگەن جەڭدىلا ئەمەس، بىزگە ئوخشاش سوغۇقتىنمۇ، ئاچارچىلىقتىنمۇ ئۆلۈپ كېتىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. بۇنداق ئۆلۈممۇ جەڭ ئۈچۈن، جەڭ قىلىۋېتىپ ئۆلگەن-گىلا ئوخشاش. جەڭچى دېگەن جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ قويۇپ، جەڭگە قاتنىشىدىغان ئادەمغۇ؟ بۇنداق باتۇرلارنىڭ ئۆلۈمىگە يىغ-لاش ئەمەس، بەلكى پەخىرلىنىش كېرەك.

جېنىم ئايشەم، شۇنىڭغا ئىشەنگىنكى، مەنمۇ ئەزرائىلغا ئۇنداق ئاسان باش ئەگمەيمەن. ئىككى پۇتۇمغا تايىنىپ، ئۆرە تۇرۇپ ماڭالمىغان هالەتتىمۇ ئۆمىلەپ بولسىمۇ ماڭىمەن، ئا-خىرقى تىنىقىمغىچە شۇنداق قىلىمەن. . . »

* * *

جەڭدە ئادەم ئۆلۈش بولۇپ تۇرىدۇ، مۇبادا ئادەم ئۆلمىسە ئۇ جەڭ دەپ ئاتالمىغان بولاتتى. شۇ قېتىمقى ئۆزىمىزنى قوغ-

داپ، قايتارما زەربە بېرىش جېڭىدە دۈشمەن بىتچىت قىلىندى. ئۆلۈدىغىنى ئۆلدى، يارىدار بولىدىغىنى يارىدار بولدى. قالغانلىرى تەسلىم بولۇشتى. بىزدىنمۇ خېلىلا تالاپەت كۆرۈلدى. قۇربان بولغانلارنىڭ جەسەتلىرى بىلەن يارىدارلار ئارقا سەپكە ئېلىپ كېلىندى. يارىدارلار ھەربىي دوختۇرخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشقانلار ھەربىي دوختۇرخانىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى تاغ باغرىغا دەپنە قىلىندى ۋە ئۇ يەر قەھرىمانلار قەبرىستانلىقى دەپ ئاتالدى.

قەھرىمانلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغانلارنىڭ قەبرىلىرى باشتا قاتۇرۇلماي تۇپا دۆۋىلەپ قويۇلغانىدى. جەڭ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن سېمونت قەبرىلەر قاتۇرۇلۇپ، قەبرىستانلىق ھەيۋەتلىك تۈسكە كىردى. كېيىن ئۇ يەرگە قويۇلغان قارىغايلار بىلەن ئۆستۈرۈلگەن گۈللەر، بۇ يەرنى بەئەينى باغچىغا ئوخشىتىپ قويدى. ھەر بىر قەبرە بېشىغا ئارچا ياغىچىنىڭ تاختىيى قادىلىپ، ئۇنىڭغا قۇربان بولغۇچىنىڭ ئىسمى – فامىلىسى، ۋەزىپىسى، قىسىم نومۇرى، تۇغۇلغان ۋاقتى بىلەن قۇربان بولغان ۋاقتى يېزىلدى. بىرىنچى قاتاردىكى قەبرىلەرنىڭ باش تەرىپىگە قۇربان بولغان رازۋېدچىكلار — ئەيساخان، ئۇنىڭدىن كېيىن مۆمىن، تۇرسۇن، ئۇلاردىن كېيىن قىسىم رازۋېدچىكلار باشقارمىسىنىڭ سەنوسى ئىمىن دەپنە قىلىندى.

ئۇلار ھاياتلىقىدا بىللە ئىدى. ئادەم ئۆلسىمۇ روھى ئۆلمەيدۇ. بۇ ھال ئۇلارغا گويا ھازىرلا قانلىق جەڭلەردە ھېرىپ - چارچاپ، بۇ يەردە دەم ئېلىپ ياتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇلارنىڭ ھايات ۋاقتىدىكىدەك ئۆز ئارا مۇڭداشقۇسى كېلەتتى. بەزىدە ھەتتا مۇڭدىشىپمۇ قالاتتى. بۇنداق چاغدا ئۇلار بىر – بىرىنىڭ ئىچ سىرلىرىنى بىلىدىغان، ھاياتلىقتىمۇ، ئۇ دۇنيادىمۇ بىللە بولغان بولغاچقا، ئانچە تارتىنىپ قېلىشمايتتى.

قەبرىستانلىق يېشىللىققا پۈركەنگەنىدى. سۇلماس قارىغايلار

كۆكرەپ تۇراتتى. قىزىل، سېرىق، سۆسۈن، ئاق كاككۈك گۈللىرى بىر چىرايلىق ئېچىلىپ كەتكەندى. تاغ تەرەپتىن سال-قىن شامال سوقۇپ تۇراتتى. ئۇ، گۈللەرنىڭ خۇشبۇي ھىدىنى ئۇچۇرۇپ يۈرەتتى. ھەتتا قەبرىدە ياتقانلارمۇ ئۆزلىرىنى ئۇنىڭ پۇرىقىنى پۇرىغاندەك ھېس قىلىشاتتى.

ئەيساخان سۇدا جان بەرگەچكىمىكىن، پات - پات پۇت - قوللىرى سىرقىراپ ئاغرىيتتى. تۇرسۇن تولاراق كۆكرىكىنىڭ ئاغرىقىدىن ۋايسايتتى. بىر كۈنى ئۇ:

— ۋايجان، كۆكرىكىم نېمانچە ئاغرىيدىغاندۇ، باھارگۈل بولغان بولسىمۇ، كۆكرىكىمنى تەكشۈرۈپ كۆرەتتى. — دېدى ۋايساپ تۇرۇپ.

— ھا - ھا - ھا، ئۆزۈڭ ئۆلگىنىڭ بىلەن كۆڭلۈڭ ئۆلمەپتۇ - دە، سېنىڭ ئۆلۈك يېتىپمۇ ساھىبجامالنى ئۇنتۇپ قالمىغىنىڭنى قارا، — دېدى ئەيساخان چاقچاق قىلىپ، — ئۇنىڭ ليەن دەرىجىلىك كادىر ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ دەرىجىسى سەندىن نەچچە ھەسسە يۇقىرى جۇمۇ ئۇنىڭ!

باھارگۈل قىسىم دوختۇرخانىسىدا دوختۇر بولۇپ ئىشلەيت-تى. ئۇ چىرايلىق، مۇلايىم قىز ئىدى. قىسىمدا ئۇنىڭغا كېسەل-لىنى كۆرسەتكەن كوماندىردىن تارتىپ ئەسكەرگىچە دېگۈدەك ئۇنى ياخشى كۆرەتتى. تۇرسۇن ئەيساخاننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ خىجىل بولۇپ قالدى.

— نەدىكى گەپلەرنى دەۋاتىسەن؟ — دېدى ئۇ ئالمان - تالمان ئۆزىنى ئاقلاپ، — مەن ئۇنى مۇلايىم، تېخنىكىسى يۇقى-رى بولغاچقا، يېنىمىزدا بولسا مېنى تەكشۈرۈپ كۆرەتتى، دەۋاتىمەن. . .

— نېمە دەيدىغانسەن تۇرسۇن، شۇنداق ياش، چىرايلىق بىر قىز بىھۇدە ئۆلۈپ، بىز بىلەن بىر يەردە ياتسۇن دېمەكچىمۇ سەن؟ — دېدى مۆمىن.

www.uyghurkitap.com

— ۋاي ياقەي، ھەرگىز ئۇنداق ئۆلسىمەيسەن، ئۇ ئەلۋەتتە ياشىشى كېرەك. تېخى ئۇنىڭ ئون گۈلىنىڭ بىرى ئېچىلغىنى يوق.

— ھەببەللى، ماۋۇ گېپىڭ بولىدۇ تۇرسۇن، — دەپ سۆز قوشتى ئىمىن. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىنمۇ باشلىقلىق سۆلىتىنى يوقاتمىغانىدى، — شۇنچە چىرايلىق ھەم ياپياش قىز ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كەتسە، ھەقىقەتەنمۇ ئېچىنىشلىق ئىش بولىدۇ، ئۇ ياشىشى كېرەك.

— توغرا.

— ئەلۋەتتە، — دېيىشتى باشقىلارمۇ.

تۇرسۇن رازۋېدكىغا چىقىشتىن بىر كۈن بۇرۇن قىسىم بىلەن بىللە ھەربىي يۇرۇشكە قاتناشقاندا، باھارگۈل دوختۇرغا كۆرۈنگەنىدى. راستىنى ئېيتقاندا ئۇ باھارگۈلنى كۆرۈۋېلىش، مۇمكىن بولسا ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىش غەرىزىدە ئەتەي مىجەزىم يوق، دەپ قىزنىڭ ئالدىغا بارغانىدى، ئەمما، قىز ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ قالغاندەك، ئۇنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ كۈلۈمسىرەپ قاراپ: «ساپساق تۇرمامسىز؟ ھېچ يېرىڭىزدە كېسەل يوق. مەن كېسەل، دەپ جەڭدىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرغىڭىز كېلىۋاتامدۇ؟ . . .» دەپ تۇرسۇننى خىجىل قىلغانىدى. ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈپ ئەيساخان ئۇستام ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ تۇرۇپ سۆز قاتتى:

— راستىنى ئېيتسام، ئايالىمنى بەك سېغىنىدىم، تاغقا چىققان كۈنىمىزلا ئۇنىڭغا خەت يېزىپ سېلىۋەتكەنىدىم. تەگدىمىكىن، ھەي، قۇربان بولغانلىقىمنى ئاڭلىغان بولسا، ئىچ ئاغرىقىدا نېمە بولۇپ كەتكەندۇ؟

— ئۆلۈم خەۋىرىمىز ئۇنچىمۇ تېز يەتكۈزۈلمەس ھەر قانچە بولسىمۇ.

— بۇ چاققىچە يەتكۈزۈلگەندۇ — دېدى تۇرسۇن مۆمىنىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — ئاتا - ئانام ماڭا قەۋەت كۆيۈنەتتى، قەبرى-

-مىزنى يوقلاپ كېلىپ قالارمىكىن دەپ ئويلايمەن.
تۇرسۇن يالغۇز ئوغۇل، بەكمۇ ئەركە چوڭ بولغانىدى... شۇ-
ڭا، ھەربىي سەپكە كىرگەندىن كېيىن ئاتا - ئانىسىدىن ھەپتىدە بىر پارچە خەت، ئىككى ھەپتىدە قۇرۇق يەل - يېمىش قاچىلانغان خالتا پوسۇلكىسى تاپشۇرۇۋېلىپ تۇراتتى.
ئۇلار پاراڭلىشىۋاتقاندا ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. كىملەردۇر قەبرىستانلىققا قاراپ كېلىۋاتاتتى. بۇنى ھەممىدىن بۇرۇن تۇر-سۇن سەزدى:
— بىرلىرى كېلىۋاتىدۇ، — دېدى كېلىۋاتقانلار يېقىنلاش-قاندا، ئوتتۇرا بويلۇق ئايالنى كۆرگەن تۇرسۇن مۆمىنگە قاراپ:
— مۆمىن، ئۆيۈڭدىن ئادەم كەپتۇ.
قىسىم تەشكىلات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بىلەن بىر نەچچە ھەربىي، ئاق ياغلىق ئارتقان بىر ئايالنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ كېلىۋا-تاتتى. ئۇ مۆمىننىڭ ئانىسى ئىدى. ئانىسىنى تونىغان مۆمىنمۇ:
— ۋاي خۇدايىمەي، ئانام كەپتىغۇ، — دېدى ھەم سۆيۈ-نۈپ، ھەم ھەيران بولۇپ، — نېمىدۇر ئۇ قولىدىكى نەرسىلەر؟
مۆمىننىڭ ئانىسى مۇنەۋۋەرخان ھەر خىل رەڭدىكى پارچە رەختلەرنى قۇراشتۇرۇپ ياسىغان ئەلەم بىلەن ئەرۋاھلارنىڭ رو-ھىغا ئاتاپ سالىدىغان بوي (ئىسرىق) لارنىمۇ ئالغاچ كەلگەن-دى. ئۇنىڭ چاچلىرى ئاقارغان بولۇپ، چىرايى بەكلا سولغۇن كۆرۈنەتتى، ھازىرلا ئۇن سېلىپ يىغلايدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ قەبرىستانلىققا كىردى. قىسىم تەشكىلات باشقارمىسىنىڭ باشلى-قى، مۇنەۋۋەرخان ئانىنى يېتىلەپ، مۆمىننىڭ قەبرىسى ئالدىغا كەلدى. ئانا ئوغلىنىڭ قەۋرىسى ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ يىغىسىنى باشلىدى:
— جېنىم بالام، جېنىم قوزام، يالغۇز ئاناڭنى تاشلاپ كەتتىڭمۇ، جەڭچى بولۇپ مۇرادىڭغا يەتتىڭمۇ بالام؟...
ئانا نالە - زار قىلىپ، ئېچىنىشلىق يىغلايتتى، مۆمىننىڭ-

مۇ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلدى، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن-
لەر قانچە تەسەللى سۆزلىرىنى ئېيتسىمۇ ئۇ يىغىدىن خىرىلد-
دى. ئاخىر قەبرىستانلىقتا قارايدىغان، پۇقراچە كىيىنگەن كى-
شى، تەشكىلات باشقارما باشلىقىنىڭ دەۋىتى بىلەن «ئەئۇزۇ
بىللاھى . . .» دەپ قىرائەت قىلىشنى باشلىۋىدى، مۇنەۋۋەرخان
ئېسەدەپ ـ ئېسەدەپ شۈك بولۇپ قالدى. نىمىشقىدۇر قەبرىستان-
لىقمۇ سۈرلۈك تۈسكە كىردى.

قىرائەتتىن كېيىن ئانا يەنە ئۈن سېلىپ يىغلىدى. ئۇنىڭ
يىغىسى شۇنچە ھەسرەتلىك ۋە ئېچىنىشلىق ئىدىكى، ئۇنىڭ نالە ـ
پەريادىغا چىدىيالمىغان مۆمىن يەنە يىغلىدى. قەبرىدە ياتقان ئۈچ
سەپدىشىمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كۆز يېشى قىلىشتى.

— مۆمىنجان بالام، سېنىڭ ۋەتەن ئۈچۈن شان ـ شەرەپ
قۇچۇپ، مەيدەڭگە قىزىل گۈل تاقاپ قايتىپ بېرىشىڭنى كۈتۈۋې-
دىم، لېكىن، ساڭا نېسىپ بولمىدى، ئەسلىي ئۆمرۈڭ شۇنچە-
لىك ئوخشايدۇ. — دېدى مۇنەۋۋەرخان ئانا راسا قانغۇدەك يىغ-
لاپ، دەردىنى چىقىرىۋالغاندىن كېيىن ئېلىپ كەلگەن ئەلەمنى
ئوغلىنىڭ قەبرىسىنىڭ كۈن پېتىش تەرىپىگە قاداپ قويدى. ياغ
پۇرىتىپ بوي سالدى. كېيىن تۆت رازۋېدچىكنىڭ قەبرىسى ئالدى-
دا قول باغلاپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى:

— ئىمىنجان، ئەيساخان، تۇرسۇنجان باللىرىم، سىلەر
ھاياتلىقىڭلاردىمۇ ئوغلۇم مۆمىنجاننىڭ سەپدىشى ئىدىڭلار، ئا-
لەمدىن ئۆتۈپمۇ يەنە بىر يەردە يېتىپسىلە . . .

مۇنەۋۋەرخان ئانىنىڭ سۆزىدىن تەسىرلەنگەن لىيەنجاڭ ئى-
مىن ھاياجىنىنى باسالماي «ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، مۇنەۋۋەرخان
ئانىغا ئېھتىرام بىلدۈرەيلى، ئۇنى ئۇزىتىپ قويايلى. . .» دەپ
ۋارقىرىماقچى بولۇۋېدى، ئورنىدىن تۇرالمىدى ھەم ۋارقىريال-
مىدى. پەقەت ياتقان پېتى كۆز يېشى قىلدى.

مۇنەۋۋەرخان ئانىغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەنلەر قەبرىستانلىق-

تىن كېتىشكە كۆزى قىيمىغان ھالدا پات ـ پات كەينىگە قاراپ قويۇپ قايتتى. مۆمىن جىمجىت ياتقىنىچە كۆز يېشى قىلىپ ئۆزىتىپ قالدى.

«نېمىدېگەن ياخشى ئانا ـ ھە! مۇشۇنداق ئانىلار ئۈچۈن قۇربان بولۇش ئەرزىيدىغان ئىش ئەمەسمۇ...» دەپ ئويلىغان ئەيساخان جىم بولۇپ كەتتى. چۈنكى ھازىرغىچە ئۇنى ھېچكىم يوقلاپ كەلمىگەنىدى. ئاتا ـ ئانىسىمۇ، ئايالىمۇ دېھقان ئىدى. يەنە كېلىپ ئۇلار چەت، نامرات يېزىدا تۇرۇشاتتى. يەرلىرى شور، ئۈنۈمسىز ئىدى. ئۆيدە ئەيساخاننىڭ تۆت ئىنىسى، ئۈچ سىڭلىسى بار ئىدى. ئۇلار غۇربەتچىلىكتە ياشايتتى. ئەيساخاننىڭ ئۇلارنى بەكلا كۆرگىسى كەلگەنىدى.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندە، ئاخىر ئۇنىڭ ئاتىسى يوقلاپ كەلدى.

ئۇ تولا يۇيۇپ ئاقىرىپ قالغان ھەربىيچە شىم ـ چاپان، ماش رەڭ، ياماق چۈشكەن ئازاد ماركىلىق چۈخەي كىيگەنىدى. بۇ كىيىملەرنىمۇ ئەيساخان تاغقا كېلىش ئالدىدا ئەۋەتكەنىدى. ئەمگەكنىڭ ئېغىرلىقىدىنمۇ ياكى يوقسۇللۇقنىڭ ئازابىدىنمۇ، ئىشقىلىپ، ئاتىسىنىڭ يۈزىدىكى قورۇقلار كۆپىيىپ مۈكچىيىپ قالغانىدى.

ئۇ قۇرۇق قول، ئىككى قولىنى سىلىپلا كەلگەنىدى، ئۇنى باشلاپ كەلگەن كوماندىر جەڭچىلەر ئەيساخاننىڭ قەبرىسىنى كۆرسىتىپ قويۇۋىدى، ئۇ تاختاي ئالدىدا يۈكىنىپ ئولتۇردى ـ دە، تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئوغلىنىڭ نام، ئەھۋالى يېزىلغان تاختىنى سىلىدى. ئەيساخان گويا ئاتىسى بالا چاغلىرىدا بېشىنى سىلىغاندەك شۇنچە ئىللىق، مېھرىبانلىق ھېس قىلدى. ئاتا يۈرىكىدە يىغلاۋاتاتتى. لەۋلىرى تىترەپ، كۆز چاناقلىرىدا ياش لىغىرلاپ تۇراتتى. بۇ ھالنى كۆرۈپ ئەيساخاننىڭمۇ كۆزىگە لىق ـ قىدە ياش كەلدى. كېيىن ئاتىنىڭمۇ، ئوغلىنىڭمۇ كۆزلىرىدىن

ياش تامچىلىرى قۇيۇلدى. ھەمراھلىرىمۇ كۆز يېشى قىلىشتى. ئاتا ئاخىر ئۆزىنىمۇ، باشقىلارنىمۇ — ئۆلۈك ھەم تىرىكلەرنى سەبرى قىلىشقا ئۈندىگەندەك قىرائەتنى باشلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى مۇڭلۇق ئىدى. تىترەپ تۇراتتى. ئۇ دۇئادىن كېيىن، بېشىنى ئېگىپ، كۆزىنى يۇمۇپ، بىر پەس جىم ئولتۇردى ـ دە، ئاستا ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئورنىدىن تۇر ۋۇاتقاندا دەلدەڭشىپ كېتىۋې-دى، ئۇنى باشلاپ كەلگەن قىسىم تەشكىلات باشقارما باشلىقى يۆلىۋالدى. ئاتا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ، قەددىنى رۇسلاپ، ئۆزىنى تېتىك كۆرسىتىشكە تىرىشقاندەك چوڭ ـ چوڭ قەدەم تاشلاپ كېتىپ قالدى. ئەيساخان ئاتىسىنىڭ بىرەر قېتىم بولسى-مۇ كەينىگە قاراپ قويماي كەتكەنلىكىدىن كۆڭلى يېرىم بولدى.

— ئائىلەڭلارنىڭ قىيىنچىلىقى خېلى ئېغىر ئوخشىمامدۇ؟ — سورىدى تۇرسۇن ئەيساخاندىن ئارىدىكى سۈكۈتنى بۇزۇپ.

— شۇنداق، يېزىمىز بەك نامرات، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆيە-مىزدە ئادەم كۆپ، ئەمگەك كۈچى ئاز. شۇڭا ئەھۋالىمىز تازا ياخشى ئەمەس.

— بۇرۇن ئۇقماپتۇق ئەيساخان، — دېدى ئىمىن لېيەنجاڭ ئەيساخاننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، — بۇرۇن ئۇققان بولساق، ئاتا ـ ئانىڭىزغا ياردەم قولىمىزنى سۇنغان بولاتتۇق.

— راست، شۇنداق قىلاتتۇق. — دېدى مۆمىن بىلەن تۇرسۇنمۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە، ئاپتوموبىللار تاش دۆۋىلىگەن جايدىن تاش چوقۇۋاتقان ئاۋاز ئاڭلاندى. تۇرسۇن رازۋېدچىكلارغا خاس سەز-گۈرلۈك بىلەن قۇلاق سالدى، كۆزەتتى. ئۇ ئۆزلىرىگە ئورنىتىل-غان خاتىرە تاختىنىڭ تاش تاختىغا ئۆزگىرىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، سۆيىنىپ كەتتى. ئۇ ھەمراھلىرىغا خۇشاللىق بىلەن دېدى:

— قالتىس ئىش بولغۇدەك، ئۇلار بىزنىڭ ھۆرمىتىمىزنى يېڭىباشتىن قىلغۇدەك. قاراڭلار، بىزگە ئورنىتىدىغان خاتىرە

تاشلىرىنى چوقۇپ ئويۇۋاتىدۇ. ھەممىسىنىڭ قولى گۈل ئۇستى-لار ئىكەن. ئەيساخان ئۇستام، داداڭمۇ قايتىپ كەتمەپتۇ، ئۇمۇ تاش ياساۋاتىدۇ، كۆردىڭمۇ؟

— كۆردۇم. — دېدى ئەيساخان تاش يونۇپ تاختاي تىلىۋاتقانلارغا بىرمۇ بىر سەپسېلىپ، — بىچارە دادام تۈگمەن تېشى ياساشقا بەك ئۇستا، ئۇ قىش ۋاقتىدا، ئارىسالدى ۋاقىتلىرىدا تۈگمەن تېشى ياساپ ساتاتتى. قارىغاندا ئۇ، ئۆز ھۈنىرىدىن قەبرىستانلىقتا ئىز قالدۇرۇش ئارقىلىق بىزگە بولغان ھۆرمىتىنى بىلدۈرمەكچى بولغان ئوخشايدۇ.

ئەيساخان دادىسىنىڭ بۇ ئىشىدىن تولىمۇ مەمنۇن بولدى. تۇنۇگۈن ئۇنىڭدىن قاراپمۇ قويماي كەتتى، دەپ رەنجىگىنى ئۇ-چۇن ئۆكۈندى.

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ، قەبرىستانلىققا يەنە بىر توپ ئادەم كەلدى. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى كوماندىرلار بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ يانلىرىدا مۇھاپىزەتچىلىرىمۇ بار ئىدى.

— ئاتام كەپتۇ! — دېدى تۇرسۇن ھەممىنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتقان ئۇچ كوماندىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دادىسىنى تونۇپ.

ئۇنىڭ دادىسى ھەربىي رايون ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولۇپ، قولى خېلى ئۇزۇن ئىدى. تۇرسۇن ھايات چاغدا ئۇنىڭغا ئۇزۇلمەي كېلىپ تۇرىدىغان پوسۇلكىلارمۇ شۇنىڭ قولىدىن چىقاتتى. ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار، سول تەرىپىدە سىياسىي بۆلۈمنىڭ باشلىقى كېلىۋاتاتتى.

تۇرسۇننىڭ ئاتىسى ئۆزگىچە ئادەم ئىدى. ئۇ ئوغلىنىڭ قەبرىسى ئالدىغا كېلىپ سۈكۈتتە تۇردىيۇ، يىغلىمىدى، ھەتتا كۆز يېشىمۇ قىلمىدى. ئۇ ئولتۇرۇپ كەلگەن «قىزىل بايراق» ماركىلىق بولكىۋاي ماشىنا قەبرىستانلىقتىن نېرىراق توختىتىپ قويۇلغانىدى. ئۇ يەردە بىر قارا ماشىنىمۇ بولۇپ، ئۇستىدە گۈل چەمبىرەكلەر خېلى كۆپ ئىدى. تۇرسۇننىڭ ئاتىسىغا ھەمراھ

بولۇپ كەلگەن ئادەتتىكى كوماندىرلار پايپېتەك بولۇشۇپ، گۈل چەمبىرەكلەرنى كۆتۈرۈپ كېلىشتى ۋە ئۇنى تۇرسۇننىڭ قەبرىسى-گىلا قويۇشتى. قەبرىستانلىقتا قارىغۇچى كىشى مۇئاۋىن سىياسى-سىي كومىسسارنىڭ تەكلىپى بىلەن خەتمە قۇرئان ئوقۇدى. دۇئا-دىن كېيىن تۇرسۇننىڭ قەبرىسىگىلا قويۇلغان گۈل چەمبىرەك-لەرنىڭ بۇرجىكىدىكى ئىككى تەرەپكە ساڭگىلاپ تۇرغان ئاق قە-غەزگە يېزىلغان:

«ۋەتەن ئۈچۈن جان پىدا قىلىپ،  
ئوغلۇم بولدى، باتۇر قەھرىمان.  
گەر چەكسەممۇ ھەسرەت پىغانى،  
ئىنقىلابنى قىلىمەن داۋام.»

دېگەن يېغىشلىمىغا، قەبرە بېشىدا دۇئا قىلىپ بولغانلارنىڭمۇ، قەبرىدە ياتقانلارنىڭمۇ كۆزى چۈشۈپ قالدى. تىرىكلەر بۇ قاپىيە-سى چۈشمىگەن ماتەم قوشىقىنى بىر-بىرىگە ئىما قىلىشىپ، «قالتىس، قالتىس شېئىر ئىكەن» دەپ ماختاشتى. ئەمما تۇر-سۇن ئۇ قوشاقتىن دادىسىنىڭ ئۆزىنىمۇ ئوغلىنىڭ باھانىسىدا قەھرىمان ساناۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ خىجىل بولدى.

دۇئادىن كېيىن تۇرسۇننىڭ دادىسى ئۇنىڭ قەبرىسى ئالدىدا ئۆرە ھالدا سۈكەتتە تۇردى. كېيىن رەھبەرلەرگە خاس ئۇرغۇدا:

— تۇرسۇنجان بالام، سەن ۋەتەن، خەلق، پارتىيە ئۈچۈن شەرەپ بىلەن قۇربان بولدۇڭ. — دېدى، لېكىن يەنىلا كۆز يېشى قىلمىدى، — سېنىڭدىن ۋاقىتسىز ئايرىلىپ قالغىنىمىز ئۈچۈن ئاناڭ ئىككىمىز قاتتىق قايغۇردۇق، ھەسرەت چەكتۇق، يەنە بىر تەرەپتىن بىزنىڭ تەربىيىمىزنى يەردە قويماي، ۋەتەن ئىشىنى ئەلا بىلىپ، ھەققانىيەت يولىدىن قايتماي ياشلىق باھا-رىڭنى، ھاياتىڭنى ۋەتەنگە تەقدىم قىلالىغانلىقىڭدىن خۇرسەن بولدۇق...

باشلىقنىڭ سۆزىگە مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارمۇ، سىياسىي بۆلۈم باشلىقىمۇ قايىل بولۇپ، باشلىرىنى لىڭشىتىشتى. تۇرسۇننىڭ دادىسى گىدىيىپ تۇراتتى. ئۇ ئىلگىرى كەلگەن مۆمىننىڭ ئانىسىغىمۇ، ئەيساخاننىڭ ئاتىسىغىمۇ ئوخشىمايتتى. كۆزلىرىدە ياش كۆرۈنمەيتتى. ئۇ گويا قەبرىستانلىقتا ئوغلىنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ كەلگەن كىشىگە ئەمەس، بەلكى ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ نام، ئەھۋالى يېزىلغان ياغاچ تاختىلارنى تاش تاختىلارغا ئالماشتۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرگىلى كەلگەن رەھبىرىي كىشىگە ئوخشايتتى. ئۇ يانچۇقىدىن بىر قاپ «جۇڭخۇا» ماركىلىق تاماكا چىقىرىپ، مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار بىلەن سىياسىي بۆلۈم باشلىقىغا بىر تالدىن تۇتتى. سىياسىي بۆلۈم باشلىقى دەرھال سەرەڭگە يېقىپ بەردى. بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ تۇرغان تۇرسۇن نېمىشقىدۇر ئۆزىنى ئوڭايسىز سەزدى.

— تۇرسۇننىڭ ئاتىسى نېمىدېگەن بايۋەچچى — ھە! — دەپ سالدى مۆمىن.

— پۇلمۇ، مالمۇ شۇنىڭ قولىدىن چىقىدۇ - دە، — دېدى ئەيساخان، — شۇڭا چېكىشى ئېسىل، قىممەت باھالىق تاماكا «جۇڭخۇا».

تۇرسۇن ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى.

— ئاغزىڭلارغا كەلگەننى دەپ جۆيلۈۋەرمەڭلار، — دېدى ئىمىن ئۇلارنىڭ غەيۋەتلىرىنى ياقتۇرماي.

لىيەنجاڭنىڭ سۆزىدىن تۇرسۇن خېلى خوش بولۇپ قالدى. شۇ ئارىدا تۇرسۇننىڭ دادىسى مۇئاۋىن سىياسىي كومىسساردىن سوراپ قالدى:

— شۇنداق قىلىپ ئوغلۇمنى 1 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ، بېكىتتىڭلارمۇ؟

— شۇنداق، ئۇنى باشقا سەپداشلىرى — رازۋېدچىكلارغا ئوخشاشلا 1 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ بېكىتتۇق. — دېدى

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار.

— ئۇ تۆۋەن باھالىنىپ قالغانمۇ، قانداق؟

تۇرسۇننىڭ ئاتىسى شۇنداق دەپ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارغا قاراپ قويدى. مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار ئادەتتە مىجەزى چۇس، يۈز - خاتىرە قىلىشنى بىلمەيدىغانلاردىن ئىدى. ئەمما، ھازىر تۇرسۇننىڭ دادىسىغا گەپ - سۆز قىلماي سىياسىي بۆلۈم باشلىقىغا قاراپ قويدى. بۇ ھالدىن تۇرسۇن ئىخىمۇ خىجىل بولدى. «مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار، ئادەتتىكى چۇسلىقىڭىز نەگە كەتتى. ئىمىشقا دادامنىڭ دەككىسىنى بېرىپ قويمايسىز؟ — دەپ ئويلىدى ئۇ، — مەن مۇھىم ھەربىي ئاخبارات توپلاش جەريانىدا، تەبىئىي شارائىتنىڭ ناچارلىقىدىن قۇربان بولدۇم. بۇنىڭ ئۈچۈن 1 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ بېكىتىشنىڭ ئۆزىمۇ كۆپ ئېتىبار قىلغانلىق، مەن ھەربىي باشلىقنىڭ ئوغلى بولغىنىم ئۈچۈنلا پەرقلىق مۇئامىلىگە ئېرىشىشىم كېرەكمۇ؟ . . .» تۇرسۇن خىجالەتچىلىكتىن تىت - تىت بولۇپ كەتتى.

ئۇنىڭ دادىسى ئۆز گېپىنى يورغىلىتىۋەردى:

— مەن بۇ يەرگە كېلىش ئالدىدا ناھىيە ۋە ۋىلايەتتىكى بىر قىسىم باشلىقلارنىڭ «يۇقىرىدىن تۇرسۇنجانغا ئالاھىدە قەھرىمان دەپ نام بېرىلىشنى تەلەپ قىل. . .» دېگەن مەزمۇندىكى خەتلەرنى تاپشۇرۇۋالدىم، بەزى تونۇش كوماندىر - جەڭچىلەرمۇ بۇ تەلەپنى ماڭا بىۋاستە ئېيتتى. ئۇلارچە، ئوغلۇمغا شۇنداق نام بېرىلسە، ناھىيە ۋە ۋىلايىتىمىز ئۈچۈن شەرەپلىك ئىش بولىدىكەن.

سىياسىي كومىسسار ئەمدى سۈكۈت قىلىپ تۇرالمىدى بولغاي:

— يولداش تۇرسۇننى «1 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى» دەپ بېكىتىشتە قىسىمدىكى خىزمەت كۆرسىتىش نىزامىغا



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

ئاساسەن لىيەن، يىڭ، تۆەن دەرىجىمۇدەرىجە، تەكرار مۇزاكىرە قىلغان. ئۇ نۇرغۇن تۆھپىكار، نەمۇنىچىلارغا سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا شۇنداق بېكىتىلگەن. — دېدى يۈز - خاتىرە قىلمايلا، — ئىككىنچى دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى يۇقىرى ئورۇن تەستىقلايدۇ، بۇ بىزنىڭ قولىمىزدىن كەلمەيدۇ.

— يۇقىرىمۇ سىلەرنىڭ پىكرىڭلارغا قارايدۇ - دە، — دېدى تۇرسۇننىڭ دادىسى.

— شۇنداقتىمۇ بۇ ئىشنى ھەربىي رايون پارتكومى مۇزاكىرە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارنىڭ گېپى تۈگىمەي تۇرۇپلا تۇرسۇننىڭ دادىسى:

— ھەربىي رايون قوماندانى بىلەن سىياسىي كومىسسارغا ئۆزۈم گەپ قىلاي، — دېدى.

ئۇنىڭ سۆزىگە مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارمۇ، سىياسىي بۆلۈم باشلىقىمۇ ئۈن چىقمىدى. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتتى. ئېھتىمال ئۇنىڭ بۇ ئۈچ كۈنى ئانچە كۆڭۈللۈك ئۆتمىسە كېرەك. تۈنجى كەلگەن كۈندىكىگە ئوخشىمايتتى. ئۇنىڭ بىرەر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمىسا روھىي كەيپىياتىنىڭ ئاشۇنداق بولىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. بۇ ھال ئۇلار تۇرسۇننىڭ دادىسىنىڭ پىكرىنى ماقۇللىمىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى. خىجىللىقتىن ياتالماي قالغان تۇرسۇن، دادىسىنىڭ تېزرەك كېتىپ قېلىشىنى تىلىدى.

تۇرسۇننىڭ دادىسى كەتتى. ئۇ كەلگەن ۋاقتىدىكىدەك سالماق قەدەم تاشلاپ، مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار بىلەن سىياسىي بۆلۈم باشلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا مېڭىپ كەتتى. قەبرىستانلىقنىڭ سىرتىدا ئۇلارنىڭ كىچىك ماشىنىلىرى توختىتىپ قويۇلغاندى. ماشىنىلار ئوت ئالدۇرۇلدى. ئارقىدىن چاڭ - توزان كۆتۈرۈلدى.

تۇرسۇن دادىسىنىڭ بايىقى گەپ - سۆزلىرىنى ئەسلەپ، ئۇنىڭدىن ئاغرىنىپ تۇراتتى. يىراقتىن تاش يونىغان ئاۋاز ئاڭلان-دى. ئۇ قۇلاق سالدى. بۇ ئاۋاز خۇددى يېقىملىق مۇزىكىغا ئوخشاش ئاڭلىناتتى. تۇرسۇن ئاۋاز كېلىۋاتقان تەرەپكە قارىدى. ئۇ يەردە ئەيساخاننىڭ دادىسى ئىشلەۋاتاتتى.

بۇ ئىشتىن سۆيۈنگەن تۇرسۇن:

— قاراڭلار، ئەيساخان ئۇستامنىڭ دادىسىغا، — دېدى، — نېمىدېگەن ياخشى ئادەم - ھە. ئۇ، ئوغلۇم ياتقان قەبرىستانلىقتا ھۇنىرىمدىن بەلگە قالسۇن، دەپ نەچچە كۈندىن بېرى ھاردىم - چارچىدىم دېمەي بىز ئۈچۈن خاتىرە تېشى ياساۋاتىدۇ. ئۇ ئۇلۇغ-لاشقا ئەرزىيدىغان ئۇستام ئىكەن.

— شۇنداق، — دېدى ئىمىن لېيەنجاڭ — ئۇ ھۆرمەتلەشكە لايىق ئادەم. ھەممىمىز ھۆرمەت بىلدۈرەيلى.

شۇ سۆز بىلەن تەڭ ھەممەيلەننىڭ قوللىرى چېكىلىرىگە چىقىپ بولدى. بۇ — يەردە ياتقان ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئۆز-لىرى ئۈچۈن ھەق تەلەپ قىلماي ئابىدە تىكلەۋاتقان ئەمگەكچىلەر-گە بولغان ئالىي ھۆرمىتى ئىدى.

1999 - يىل. 10 - ئاي، ئۈرۈمچى

# سەپداش

## 1

باشقارما باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىدىن كەيپى ئۇچقان ھالدا قايتىپ چىققان نۇردۇن كۆزلىرىنى كارىدورنىڭ ئۇ بېشىغا تىك- كىنىچە ئېغىر قەدەم تاشلاپ كېتىپ باراتتى، ئۇنىڭ ئاق سېرىق چىرايى خىيالچان كۆرۈنەتتى.

نۇردۇن بىنانىڭ ئالدىغا چىقىپ تۇرۇپ قالدى. ئىسسىقلاپ كەتكەندەك ھەربىيچە چاپىنىنىڭ ئۈستۈنكى ئىككى تۈگمىسىنى يېشىۋەتتى، شەپكىسىنى قولىغا ئېلىپ، بارماقلىرى بىلەن چاچ- لىرىنى تارىدى. كۆزلىرى قىسىلىپ يىراقلارغا تىكىلدى. ھەر- بىيلەر مۇھىتى ئۇ بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن تارتىپ ئۇنىڭغا تونۇش ئىدى. مانا ئەمدى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان مۇھىتتىن ئايرىلىشقا توغرا كېلىدىغان ئوخشايدۇ. بۇ خىيال نۇردۇننىڭ خۇمارىنى قوزغاپ قويدى. ئۇ يانچۇقىدىن تاماكا ئېلىپ بىر تال تۇتاشتۇردى - دە، ئورنىدىن قوزغالدى.

بۇ كۆڭۈلسىز كۈز كۈنلىرى ئىدى. قىسىم قورۇسى ئىچىد- دىكى دەرەخلەرنىڭ سارغايغان يوپۇرماقلىرى سەللا شامال چىقسا تۆكۈلۈپ كېتەتتى. ئائىلىلىكلەر بىنالىرىنىڭ ئارىلىقىدا، يول ياقىسىدىكى ئېرىقلارنىڭ بويلىرىدا ئۆستۈرۈلگەن چىملارمۇ سار- غىيىپ كەتكەنىدى. قەيەردىدۇ ئاق قۇشقاچلار چۇرۇقلىشاتتى. شەھەرنىڭ ئېگىز بىنالىرى تۇمان ئىچىدە قالغاندەك غۇۋا كۆرۈ- نەتتى. قىسىم قورۇسى ئىچىدىكى ئائىلىلىكلەر بىناسى، جەنۇبىد-

لەر ياتاقلىرى بولسا گويا ئۇ يەردە ئادەم ياشىمايدىغاندەك تىمتاس ئىدى. پەقەت مەيداندا مەشىق قىلىۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ تەكشى ئاياغ تىۋىشى بىلەن ئوفىتسىرلارنىڭ كوماندا بېرىۋاتقان ئاۋازلىرى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى. قىسىم قورۇسىدا ۋارقىراشقان ئاۋازلار ئاڭلانمايتتى، شاۋقۇن - سۈرەن تېخىمۇ بولمايتتى. بۇ قورۇ ئۆزىگە خاس جىمجىتلىقى بىلەن ئەتراپتىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭلۇق ئاھالىلەر رايونلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. نۇردۇن مۇنداق جىمجىتلىقنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ئەمدى ئۆزى ئۆگىنىپ قالغان، ئۆزى ياقتۇرىدىغان بۇ قورۇدىن كۆچۈپ كېتەرمۇ؟ ئۇ ئۇھسىنىپ قويىدى ۋە بايا باشقارما باشلىقى بىلەن بولغان سۆھبەتنى ئەسكە ئالدى. سائەت بىر يېرىم بولاي دەپ قالغانىدى. نۇردۇن ئىشخانىسىغا چىقىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقاندا تېلېفون جىرىڭلاپ قالدى. تۇرۇپكىدىن ئاڭلىنىۋاتقان تونۇش ئاۋازدىن ئۇ قارشى تەرەپنى تونۇدى. تېلېفون قىلغان كىشى قىسىم كادىرلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ئىدى. باشلىق ئۇنىڭغا دەرھال ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈشنى ئېيتتى.

نۇردۇن قىسىم ئىشخانا بىناسىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى «كادىرلار باشقارما باشلىقى ئىشخانىسى» دېگەن ۋىۋىسكا ئېسىلغان ئىشىك ئالدىغا كېلىپ ئۆزىنى تۈزەشتۈردى - دە، ئىشىكنى چەكتى، ئىچكىرىدىن «كىرىڭ» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. باشقارما باشلىقى يالغۇز ئىدى. ئۇنىڭ ھەربىي ئۇنۋانى نۇردۇندىن بىر دەرىجە يۇقىرى ئىدى. ئۇ ئۆزىدىن بىر دەرىجە تۆۋەن ئوفىتسېر ئىشخانىسىغا كىرگەندە «كېلىڭ» دەپ قويۇپ ئورنىدىن تۇرماي ئولتۇرۇۋېرەتتى. ئەمما ئۇ بۈگۈن بۇ ئادىتىنى بۇزۇپ، نۇردۇن ئىشىكتىن كىرىشىگىلا قارا خۇرۇم ساپادىن ئىتتىك تۇرۇپ، نۇردۇننىڭ ئالدىغا قاراپ كەلدى ۋە «كېلىڭ، كېلىڭ» دېگىنىچە نۇردۇن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. نۇردۇن ئولتۇرا - ئولتۇرماي ئۇنىڭغا تاماكا تەڭلى-

دى. نۇردۇن باشلىقنىڭ ئۆزىگە تۇيۇقسىز مۇنچە قىزغىن مۇئا-
مىلە قىلىشىنىڭ سەۋەبىنى ھېچ پەرەز قىلالماي ھەيران بولدى.
باشلىق ئورنىغا بېرىپ ئولتۇردى ۋە ئۆزىمۇ بىر تال تاماكا تۇتاش-
تۇرۇپ چەكتى، كېيىن ئۇ نۇردۇننىڭ بالىلىرى، ئايالى، ئۆي
ئىچى توغرىسىدا ئۇنى - بۇنى سوراپ ئولتۇردى، گويا باشقارما
باشلىقى قىلىدىغانغا ئىشى يوق زېرىكىپ قېلىپ، پاراڭلىشىپ
ئولتۇرۇش ئۈچۈنلا نۇردۇننى چاقىرغاندەك كۆرۈنەتتى. باشلىق
نۇردۇن بىلەن ئەنە شۇنداق بىر پەس تاغدىن - باغدىن پاراڭلى-
شىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ھالىتىنى سەل ئۆزگەرتتى. ئالدىدى-
كى قارا سىرلىرى چاقناپ تۇرغان ئۈستەلگە جەينىكىنى تىرەپ،
بارماقلىرىنى بىر - بىرىگە كىرىشتۇرۇپ ئولتۇرۇپ، ئۇنى نېمە
ئۈچۈن چاقىرغانلىقىنى ئۇزۇندىن - ئۇزۇن سۆزلىدى. ئەمما
نۇردۇننىڭ يادىدا مۇنۇ بىر جۈملە سۆزلا قالدى:

— سىزنى ئۆز ۋاقتىدا ئۈستۈرەيلى دېسەك دادىڭىز گېنېرال
ھەسەنوف سىزنى تېخىمۇ ياخشىراق چېنىقسۇن، دەپ ئۇنىمىدى،
ئەمدىلىكتە بولسا يېشىڭىز كەسىپ ئالمىشىش ئۆلچىمىگە توشۇپ
قاپتۇ ھەم ھازىرقى ۋەزىپىڭىزدە تۇرغىلى ئۇزۇن بوپتۇ.

بۇ نۇردۇن كۈتمىگەن سۆز ئىدى، شۇڭا ئۇ نېمە دېيىشىنى
بىلەلمەي ئولتۇرۇپلا قالدى.

ھازىر قىسىملاردا شۇنداق ئىدى. ۋەزىپىدىكى ئوفىتسېرنىڭ
ۋەزىپە ئۆتەش ياش ئۆلچىمى بىلەن يېشى تېخى توشمىسىمۇ، بىر
ۋەزىپىدە ئۆسمەي ئون يىل تۇرۇپ قالغانلارنى تەشكىل ئالدى
بىلەن بىر تەرەپ قىلىشنى ئويلىشاتتى. ئوفىتسېر بولغان كىشى
يا مەلۇم ياشقا بارغاندا يا بىر ۋەزىپىدە تۇرغىنىغا ئون يىل
توشمىغاندا ئۆستۈرۈلۈشى كېرەك ئىدى، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا،
ئۇ ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالمىشىشقا ياكى چېكىنىشكە توغرا
كېلەتتى. دېمەك، نۇردۇننىڭ شەرتى دەل ئەنە شۇنداق ئۆلچەمگە
توشۇپ قالغانىدى. شۇنداق ئىكەن، ئۇ باشقارما باشلىقىغا نېمىمۇ

دىيەلەيتتى. ياق، قىسمدا داۋاملىق ئىشلىشىم ئۈستۈرۈلۈپ يۇقىرى ئۆرلىشىم كېرەك دىيەلەمدۇ؟ ياكى مەن دىگەن گېنىرال-نىڭ بالىسى، شۇڭا مېنى كەسىپ ئالماشتۇرۇشقا قىستىساڭلار بولمايدۇ، دىسۇنمۇ؟

نۇردۇن باشقارما باشلىقىغا ھېچ نەرسە دىمىدى، چۈنكى تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا قارشى چىقىشقا بولمايتتى. باش-لىق ئۇنىڭ راينى سورىغاندا، «تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنىمەن» دىگەندىن باشقا گەپنى قىلمىدى.

نۇردۇننىڭ ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغۇسى يوقلا ئەمەس، كەسىپ ئالماشتۇرۇش ئۇنىڭ ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرىپ باقمىغان ئىش ئىدى. چۈنكى ئۇ ھەربىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان ۋە ھەربىيلەر قورۇسىدا چوڭ بولغان ئىدى. كىچىكىدىنلا ئەسكەر بولۇشنى، خۇددى دادىسىغا ئوخشاش ھەربىي فورما كىيىپ سالا-پەتلىك يۈرۈشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۇچۇن ئۆيدىمۇ جەڭگە بۇيرۇق قىلغاندەك كەسكىن گەپ قىلىدىغان دادىسى ئادەم بولۇش-نىڭ ئۈلگىسى ئىدى. شۇڭا ھەر قانداق ئىشتا دادىسىنى دورايت-تى، ئۈلگە قىلاتتى. ئۇنىڭ ئاچماق ئىشتان كىيىپ يۈرگەن چاغلىرىدىمۇ، ئوقۇغۇچىلىق مەزگىللىرىدىمۇ بىللە ئوينايدىغان دوستلىرى ھەربىيلەرنىڭ بالىلىرى ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئويناي-دىغان ئويۇنلىرىمۇ ئەسكەرلەرگە خاس ھەربىي ھەرىكەتلەر — ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ «جەڭ» قىلىش ئىدى.

ئۇ ئەسكەرمۇ بولدى، مۇرادىغىمۇ يەتتى، ئون نەچچە يىللىق تۇرمۇشىمۇ ئۆزى ئارزۇ قىلغان ھەربىيلەر مۇھىتىدا ئۆتتى، ئوفىتسىر بولدى. مانا ئەمدى ھەربىي فورمىنى سېلىۋېتىشكە توغرا كېلىدىغان ئوخشايدۇ.

نۇردۇن كېزىك كېسىلى بولۇپ قالغان ئادەمدەك ئېغىر قەدەم ئېلىپ، خىيال بىلەن قىسىمنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسى رايونىغىمۇ يېتىپ كەلدى.

نۇردۇن ئۆزى ئولتۇرىدىغان بىناغا بۇرۇلۇشىغا ئالدى تەرەپ-
تىن بىر توپ بالا يۇگۈرۈپ چىقتى. ئۇلارمۇ ئۆزلىرىگە لايىق
«ھەربىي فورما» كىيىشكەنىدى. ھەممىسىنىڭ قولىدا ئويۇنچۇق
تاپانچا، ئويۇنچۇق ئاپتوماتلار بار ئىدى. قارىغاندا ئۇلار ئىككى
تەرەپ بولۇپ «جەڭ» قىلىۋاتسا كېرەك. نۇردۇن كۆڭۈلسىز
ھالدا ئۆيىگە كىردى. ئايالى ئىشقا كەتكەچكە ئۆي جىمجىت
ئىدى. بۇ جىمجىتلىق ئۇنى يەنە خىياللارغا غەرق قىلدى. تەش-
كىلىنىڭ دېگىنى بويىچە ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ
كېتەيمۇ ياكى دادام ئارقىلىق يول مېڭىپ قىسمىدىكى ئورنۇمنى
داۋاملىق ساقلاپ قالايمۇ؟ ئۇ تورۇسقا قاراپ سوزۇلۇپ يېتىپ
قانچە خىيال قىلمىسۇن، بۇ سوئالغا ياخشىراق جاۋاب تاپالماي
قىينالدى. ئۇ خىيال قىلىپ يېتىپ كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىنىپ
كەتكىنىنى سەزمەيلا قالدى.

تېلېفوننىڭ جىرىڭلىشىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتكەن نۇر-
دۇن ئىتتىك بېرىپ تېلېفون تۇرۇپكىسىنى ئالدى. قارشى تەرەپ-
تىن سەپدىشى مەخمۇتنىڭ تونۇش ئاۋازى ئاڭلاندى. مەخمۇت
ئۇنى بىردەم ئولتۇرايلى دەپ چاقىرغان ئىدى. ئۇنىڭغا ئۆيدە
يالغۇز خىيال سۈرۈپ ئازابلىنىپ ئولتۇرغىنىدىن كۆرە دوستلى-
رى بىلەن بىللە ئولتۇرۇش ياخشىدەك تۇيۇلدى - دە، پۇقراچە
كىيىنىپ ئۆيدىن چىقتى. قىسىم قورۇسىنىڭ كەينىدىكى «رېس-
توران» دەپ ۋىۋىسكا ئېسىلغان بۇ ئاشخانىنىڭ بىرلا ئايرىمخانى-
سى بار ئىدى، ئۇنى پۇقراچە كىيىنگەن سەپداشلىرى شۇ يەردە
ساقلاپ ئولتۇرغان ئىكەن. نۇردۇن كىرىشى بىلەن بۇيرۇتۇلغان
تاماق، قورۇمىلار كەلتۈرۈلدى. تاماقتىن كېيىن ھاراق قويۇل-
دى، رومكا ئۈچ - تۆت ئايلىنىۋېدى، ھەممەيلەننىڭ چىرايلىرى
قىزىرىپ، سۆزمەن بولۇپ قېلىشتى. ئەمما نۇردۇن ئېچىلالماي-
ۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى باشقارما باشلىقى بىلەن بولغان سۆھبەت
تۈپەيلى ھېلىمۇ غەش ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىگە سەپسېلىپ

ئولتۇرغان مەخمۇت:

— نۇردۇن، نېمە بولدۇڭ، كۆڭلۈك پاراكەندىدۇك خارامۇش ئولتۇرىسەنغۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھېچ ئىشقۇ بولمىدى، بايا كادىرلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى چاقىرىپتىكەن، — نۇردۇن باشقارما باشلىقىنىڭ سۆزلىرىنى ئۇلارغا دەپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن سورۇندىكىلەرنىڭ ئاغزى تەڭلا ئېچىلدى:

— سەن نېمە دېدىڭ، كەسىپ ئالمىشاي دېدىڭمۇ؟

— كەسىپ ئالماشقاندىن كۆرە ھەربىي سەپتىن بوشاپ كەتسەم ياخشىمىكىن دەيمەن.

— راست دەيسەن، كەسىپ ئالماشتۇرساڭ قانداقراق ئىدارىغا ئورۇنلىشىشىڭنى كىم بىلىدۇ، تايىنى يوق ئىدارىغا ئورۇنلىشىپ قالغاندىن كۆرە ھەربىي سەپتىن بوشىغىنىڭ تۈزۈك.

— شۇنداق، ھازىر ھەربىي سەپتىن بوشىغانلارغا بېرىدىغان بوشاش پۇلىمۇ كۆپەيدى، شۇنى دەسمايە قىلىپ بىر ئىش قىلساڭ...

مەخمۇت مۇنداق مەسلىھەتلەرگە قارشى چىقتى.

— ياق - ياق ئاغىنىلەر، كەسىپ ئالماشتۇرۇپ يەرلىككە ئورۇنلىشىشمۇ ئانچە ياخشى ئىش ئەمەس، سىلەر دېگەندەك تايىنى يوق ئىدارىغا ئورۇنلىشىپ قالساڭ قاملاشمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە دەرىجەڭنى ئىككى دەرىجە چۈشۈرىدۇ، پۇلنى دەپ بوشىغان بىلەن ھازىر پۇلنىڭ كۈچى قالمىدى. ئەگەر بىرەر يامان كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ يېتىپ قالساڭ...

— ئۇغۇ راست، — بىرەيلەن مەخمۇتنىڭ سۆزىنى بۆلدى، — ئىككى - ئۈچ يۈز مىڭنى ئېلىپ بوشىغانلارنىمۇ كۆرۈۋاتىمىزغۇ، ئۇلار ھازىر پۇشايماننى ئالىدىغانغا قاچا تاپالمايۋاتىدۇ.

— مېنىڭچە سەن بۇ ئىشنى داداڭغا دە، — دېدى مەخمۇت، — داداڭ دېگەن ئۆز ۋاقتىدا بىزنىڭ باشلىقلارنى باشقۇرغان. ئۇ بىر



www.uyghurkitap.com

ئېغىز گەپ قىلىپ قويسىلا بوْلار ياق دېيەلەيتتىموْ؟ داداڭ پېنسىيىگە چىقىپ كەتكەن بىلەن يەنىلا نوپوْزى بار.
— مەخموْت راست دەيدوْ.
— سەن باشقارما باشلىقىغا «مەن دېگەن گېنېرال ھەسەنوفنىڭ ئوغلى» دېسەڭ بولمامتى؟
— توغرا، كونىلاردا «سەۋەب قىلساڭ، سېۋەتتە سوْ توختايدوْ» دەيدىغان گەپ بار. باشلىقلارغا «مەن ھەسەنوفنىڭ ئوغلى، دادامنىڭ ئىزىنى بېسىپ قىسمدا قالاي» دەپ ئوچوْق ئېيت.
ھاراق ئىچىپ قىزىشىپ قالغان بوْ سەپداشلار ھەر نېمىلەرنى دەپ باقتى. ئەمما نوْردوْن ئوْنچىقماي ئولتوْردى. چوْنكى ئوْنىڭچە، تەشكىلنى قارارىدىن ياندوْروْش ئانچە ئاسانغا چوْشمەيتتى. يەنە بىر جەھەتتىن ئوْ ھەرقانداق ئىشتا دادىسىنىڭ ئابروْيى، ئورنىدىن پايدىلىنىشنى ئويلىمايتتى.
— سىلەرنىڭ ماڭا يول كۆرسىتىپ، ياخشى مەسلىھەتلەرنى بەرگىنىڭلارغا كۆپ رەھمەت، — دېدى نوْردوْن، — بىراق مەن دادامنىڭ ئابروْيىنى دەسمايە قىلالمايمەن.
نوْردوْننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئولتوْرغانلارنىڭ ھەممىسى جىم بولدى. ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتوْروْش ئىشى تاكى ئولتوْروْش توْگىگىچە ئىككىنچىلەپ تىلغا ئېلىنمىدى.
نوْردوْننىڭ يوْرىكىدىكى گەپنى قىلغاندا قىسمدىن ئايرىلغوْسى يوق ئىدى. ئوْ ئەنە شوْنداق دېلىغوْللوْق ۋە گادىرماچ خىياللار بىلەن باشقىلاردىن بالدوْرراق تەڭشىلىپ قالدى. ئوْ ئادەتتە ھاراقنى كۆپ ئىچمەيتتى. ئەمما، دوست - يارەنلىرى بىلەن بولىدىغان ئولتوْروْشلاردىن قالمايتتى. ئۆيگە ھەر دائىم سەگەك ھالدا قايتىپ كېلەتتى. بوْگۈن ئوْنىڭ خېلىلا كەيپ بولوْپ قايتىپ كىرگىنىنى كۆرگەن ئايالى بەختىنىسا ھەيران بولدى.
— نەدە شوْنداق ئېغىر ئىچىپ كەلدىڭىز؟
— دوستلار بىلەن، ھېسابتا ئوْلار مېنى ئوْزاتقان بولدى.

— ئۇلار سىزنى نەگە ئۇزاتتى؟ — بەختىنىسا تېخىمۇ ئەجەبلەندى.

— نەگە بولاتتى. . . مېنى يەرلىكتە چۈشۈرمەكچى سەن تېخى ئۇقمايسەن بۇ ئىشنى.

نۇردۇننىڭ سۆزلىرىدىن رەنجىگەنلىكى مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇراتتى. بەختىنىسا ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى:

— ۋايجانەي، شۇ ئىشقىمۇ خاپا بولۇپ شۇنچىۋالا ئىچكەن بارمۇ؟ كەسىپ ئالماش دىسە ئالمىشىڭ، سىرىق كىيىم كىيىش سىزگە باقمەندىمىدى؟ يەرلىكتە چىقساقمۇ كۆنىمىزنى گۆلدەك ئۆتكۈزەلەيمىز.

نۇردۇن ئارتۇقچە گەپ قىلماي، ئاياللىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— مېنىڭمۇ ئۆز يۇرتۇمغا كەتكۈم كېلىۋاتىدۇ، — دېدى بەختىنىسا بىر پىيالە چاينى ئېرىنىڭ ئالدىغا قويۇۋېتىپ، — ئاتا - ئانام ياشىنىپ قالدى، ئۇلارنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا بولسىمۇ ياخشى كۈتۈۋېلىپ دۇئاسىنى ئالسام دەيمەن، سىزگە دېيەلمەي يۈرەتتىم. بولمىسا مۇنداق قىلايلى، باللارمۇ چوڭ بولۇپ قالدى، ئالىي مەكتەپكىمۇ چىقتى، ئۇلار ئەمدى ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرالايدۇ. شۇڭا سىز ماقۇل كۆرسىڭىز، ھەربىي سەپتىن بىراقلا بوشاڭ، مەنمۇ يۇرتىمىزغا يۆتكىلەي، دادىڭىزمۇ ياشىنىپ قالدى. ئۇ كىشىگە يېقىنراق تۇرساق خۇش بولار.

— مەن نېمە ئويدا، سەن نېمە كويدا؟ ھەربىي سەپتىن بوشاڭ دەپ كەتتىڭغۇ ئەمدى، بوشىسام نېمە ئىش قىلىمەن؟

— نېمە ئىش قىلىش توغرىسىدا يۇرتقا بارغاندا چوڭلار بىلەن مەسلىھەتلىشەرمىز، تۇرغۇنجانمۇ ھەربىيدىن بوشاپ كېتىۋېدى، سىزمۇ ئاڭلىغانسىز، ئۇنى بوشاش پۇلىنى تىجارەتكە دەسمايە قىلىپ مىليونېر بولۇپ كەتتى، دەيدۇ.

نۇردۇن ئاياللىنىڭ سۆزلىرىنى ئۈنچىقماي ئولتۇرۇپ ئاڭلى-

دى. چۈنكى ئۇ دوستى تۇرغۇنجاننىڭ باي بولۇپ كەتكەنلىكىنى
ئاڭلىغانىدى. تۇرغۇننىڭ ئىسمى چىقىۋېدى، ئۇ دوستى بىلەن
بىللە ھەربىي سەپكە كىرگەن كۈنلىرىنى ئەسلەپ قالدى...

## 2

نۇردۇننىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا
ئوقۇۋاتقان ۋاقتى ئىدى. ئۇ چاغدا ھەسەنوف باشقا جايدىكى ھەر-
بىي قىسىمغا ئۆسۈپ يۆتكىلىپ كەتكەنىدى. مەكتەپ ئىچىدە
تۇيۇقسىز «ئەسكەرلىككە بالا ئالغىلى ئادەم كەپتۇ» دېگەن خەۋەر
تارقالدى. نۇردۇن ئانىسىنىڭ «ئالدىرىما، تولۇق ئوتتۇرا مەك-
تەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئەسكەر بولساڭمۇ ئۈلگۈرىسەن»
دېگەن نەسىھەتلىرىگىمۇ قارىماي، ئۆزىنى تىزىملاتتى، ئۆزىنى
تىزىملاتقانلار ئىچىدە ئۇنىڭ تۇرغۇن قاتارلىق بىر نەچچە ساۋاق-
داشلىرىمۇ بار ئىدى. ئاخىرى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن نۇردۇن بىلەن
تۇرغۇنلا قوبۇل قىلىندى. يەنە كېلىپ، كىچىكىدىن بىرگە چوڭ
بولغان بۇ ئىككى دوست بىر قىسىم، بىر لىيەنگە تەقسىم قىلىندى.
يېڭى ئەسكەرلەر ئۈپۈق سۈزۈلۈشكە باشلىغاندىلا ئورۇنلىرى-
دىن تۇرۇپ، ھەربىي مەشىققە كىرىشىپ كېتەتتى، باشتا بىر
نەچچە كۈن سەپ بولۇپ پىيادە مېڭىشنى ئۆگەندى. كېيىن مىل-
تىق تۇتۇشنى، چۈۋۈشنى، قۇراشتۇرۇشنى، يىراققا گرانات
تاشلاشنى ئۆگەندى. نەچچە قېتىم ئوق ئېتىش مەشىقىمۇ قىلدى.
يېڭى ئەسكەرلەر ئىسمى جىسمىغا لايىق جەڭچى بولدى.
بىر كۈنى، چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىت ئىدى، يېڭى ئەسكەر-
لەر لىيەندىكىلەر «دۈشمەن» گە نەيزە سانجىش ۋە گرانات تاشلاش
مەشقى قىلىۋاتاتتى. پولات مىلتىقلارنىڭ نەيزىلىرى قۇياش نۇرىدا
يالت - يۇلت قىلىپ چاقنايتتى. ئوتتۇز نەچچە ياشلاردىكى ئېگىز

www.uyghurkitap.com

بوي، تەمبەل كەلگەن بىر كىشىنىڭ ئۆزلىرى تەرەپكە مەھمۇت قەدەم تاشلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن تۇرغۇن:

— لېيەنجاڭ، تۇەنجاڭ كېلىۋاتىدۇ، — دەپ خەۋەر قىلدى.

لېيەنجاڭ كەينىگە قايرىلىپ تۇەنجاڭنى كۆردى - دە، ھەربىي فورمىلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ ئەسكەرلەرگە «دىققەت!» دەپ كوماندا بەردى، كېيىن تۇەنجاڭنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ ھەربىيچە سالام بەرگەندىن كېيىن، دوكلات قىلدى:

— يولداش تۇەنجاڭ، يېڭى ئەسكەرلەر لېيەنى نەيزە سانجىش، گرانات تاشلاش تەلىمىدىن مەشىق قىلىۋاتىدۇ، دوكلات قىلغۇچى جۇڭۋېي[①]لېيەنجاڭ ئەنۋەر.

تۇەنجاڭ ھۆرمەتتە تۇرغان جەڭچىلەرگە يېقىنلاپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىسسىقتا قارىداپ كەتكەن چىرايلىرىغا، تەردىن ھۆل بولۇپ كەتكەن ئۇستىۋاشلىرىغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن، سەمىمىي ھالدا:

— يولداشلار! جاپا تارتتىڭلار، — دېدى ئۈنلۈك ئاۋازدا.

— خەلق ئۈچۈن! — جەڭچىلەر تەكشى ئاۋازدا جاۋاب قايتۇردى.

تۇەنجاڭ جەڭچىلەرنى ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدى، ئۆزى بولسا نۇردۇننىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، نۇردۇننىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۈنلۈك ئاۋازدا شۇنداق دېدى:

— يولداشلار، سىلەر جاي - جايلاردىن ۋەتەننى قوغداشتەك ئۇلۇغۋار غايىنى كۆڭلۈڭلەرگە پۈكۈپ جەڭچى بولدۇڭلار. سىلەر قىسىم ئۈچۈن يېڭى قان، يېڭى كۈچ. ھەربىي قوشۇن چوڭ بىر مەكتەپ، قەھرىمانلارنى يېتىشتۈرىدىغان ئوچاق... — ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى مۇنداق تۈگەتتى، — دۈشمەن كۈچلەر نىيىتىدىن يانغىنى يوق، ئۇلار ھېلىمۇ بىز بىلەن دۈشمەنلىشىۋاتىدۇ.

---

① جۇڭۋېي — لېيتېنانت

بىز دۈشمەنلىرىمىزنى تارمار قىلىش ئۈچۈن جاپاغا چىداپ مەشىق قىلىپ، يۇقىرى ھەربىي ماھارەتنى ئىگىلىشىمىز لازىم.

تۈەنجاڭنىڭ ئاخىرقى سۆزى مۇنداقلا ئېيتىلغان سۆز ئەمەس ئىدى. شۇ كۈنلەردە مەلۇم بىر قوشنا دۆلەت چېگرىمىز ئىچىگە بۆسۈپ كىرىپ، بىر قىسىم زېمىنىنى، مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئېگىزلىكنى بېسىۋالغان ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي قوماندانلىق شتابىدىن ئۇلارنىڭ قىسمىغا ئاشۇ ئېگىزلىكنى قايتۇرۇۋېلىپ، دۈشمەننى چېگرىمىزدىن سۈرۈپ چىقىرىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلدى. بۇ جەڭگە يېڭى ئەسكەرلەر لېيەنمۇ قاتناشتۇرۇلدى.

دۈشمەنلەر ئىگىلىۋالغان ئېگىزلىككە نۇردۇنلارنىڭ قىسمى بىر ھەپتىدەك يول يۈرۈپ يېتىپ باردى. قىسىم رەھبەرلىكى شۇ كۈنىلا رازۋېدچىكلارنى ئەۋەتىپ دۈشمەننىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەش ۋە «تىل» تۇتۇپ كېلىش ۋەزىپىسىنى نۇردۇنلارنىڭ لېيەنگە تاپشۇردى. يېڭى ئەسكەرلەر لېيەننىڭ لېيەنجاڭى بولسا بۇ ۋەزىپىنى نۇردۇنلارنىڭ پېيىگە تاپشۇردى. پەيجاڭ نۇردۇن، تۇرغۇن ھەم ئابدۇرېشىت ئىسىملىك يەنە بىر جەڭچىنى رازۋېدكا قىلىشقا ئاجرىتىپ، ئۇلارغا بىر پېشقەدەم بەنجاڭ ۋە ئىقتىدارلىق بىر سەنمۇنى مەسئۇل قىلدى.

دۈشمەن ئىگىلىۋالغان ئېگىزلىكتە دەل – دەرەخ يوق بولۇپ، ئوت – چۆپلەرمۇ ئانچە ئېگىز ئۆسمەيتتى. شۇڭا نۇردۇنلار قاراڭغۇ چۈشمەي دەپ قالغاندا يولغا چىقتى.

ئايسىز ئاسماندا يۇلتۇزلار جىمىرلايتتى. ئەتراپ جىمجىت ئىدى. رازۋېدچىكلارمۇ ئاياغ تىۋىشى چىقارماي كېتىۋاتاتتى. بىر چاغدا دۈشمەننىڭ ئارىلاپ ئاتقان يورۇتقۇچ ئوقلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئوقلار ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلۈپ ۋاللىدە قىلىپ ئەتراپنى يورۇتۇپ، خۇددى ئاققان يۇلتۇزدەك نەگىدۇر چۈشۈپ كېتەتتى. مانا بۇ رازۋېدچىكلار ئۈچۈن دۈشمەن ئەھۋالىنى ئىگىلەشنىڭ ياخشى پۇرستى ئىدى. ئۇلار مۇشۇ يورۇقلۇقنىڭ ياردىمى

بىلەن دۈشمەننىڭ ئوت كۈچى ئەھۋالىنى كۆرۈۋالالايتتى.

رازۋېدچىكلار كۆزلىگەن نىشانغا يېتىپ باردى. ئېگىزلىك-نىڭ ئەتراپى سىم توساقلار بىلەن قورشالغانىدى. قىلىپ توقۇلغان تىكەنلىك سىم توساقتىن ئادەم تۈگۈل بىرەر كىچىك هايۋاننىڭ ئۆتۈشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇرۇق كونسېرۋا قۇتىسىدىن ياسالغان «قوڭغۇراقلار» زىچچىدە قىلىپ ئېسىلغان بولۇپ، ئادەم تېگىپ كەتسىلا تەۋرىنىپ ئاۋاز چىقىراتتى رازۋېدچىكلار ئادەتتە مۇنداق سىم توساق-نى «دوزاخ بوسۇغىسى» دەپ ئاتى-شاتتى. بۇ «دوزاخ بوسۇغىسى» دىن ئامان - ئېسەن ئۆتۈش ئۈچۈن ناهايىتى هوشيار بولۇشقا توغرا كېلەتتى. ئېگىزلىكمۇ گۆرىستانلىقتەك تىمتاس ئىدى. بەنجاڭ نۇردۇن بىلەن تۇرغۇنغا سىم توساقنى كېسىپ، يول ئېچىشنى بۇيرۇدى. ئۇ ئىككىسى ئۆمىلەپ سىم توساققا يېقىن باردى - دە، سىملارنى ئاۋايلاپ كېسىشتى ۋە ئادەم پاتقۇدەك يول ئېچىپ، سىم توساق ئىچىگە كىردى، كېيىن بەنجاڭ، سەنمۇ ۋە ئابدۇرې-شىتلارمۇ ئۆمىلەپ كىرىشتى. ئەتراپ يەنىلا جىمجىت ئىدى. دەل شۇ چاغدا ئوڭ تەرەپتىن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلانغاندەك قىلدى. بەنجاڭ رازۋېدچىكلارنى ئاياغ تىۋىشى ئاڭلانغان تەرەپكە مېڭىشقا بۇيرۇدى. ئۇلار يىگىرمە مېتىرچە ئېڭىشىپ مېڭىۋېدى، ئاياغ تىۋىشى يېقىندىن ئاڭلاندى. بەنجاڭ رازۋېدچىكلارنى يوشۇرۇنۇشقا بۇيرۇدى. بۇ يەردە دالدا قىلغۇدەك ئوت - چۆپ ياكى يوشۇرۇنغۇ-دەك ئاكوپ - ئازگال بولمىغاچقا ئۇلار يەرگە پاقىدەك چاپلىشىپ يېتىشتى. ئاياغ تىۋىشى بارغانچە يېقىنلىدى. نۇردۇن بەنجاڭ بىلەن بىللە ئىدى. كېلىۋاتقىنى تەبىئىيكى دۈشمەننىڭ كۆزەتچى-سى ئىدى. كۆزەتچى ئۇلارغا يېقىنلاپ كەلدى. شۇ ئارىدا بىر يورۇتقۇچ ئوق ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ قالدى ۋە كۆپ ئۆتمەي نۇر-دۇنلار چاپلىشىپ ياتقان يەردىن سەل نېرىغا بېرىپ چۈشتى. دۈشمەن كۆزەتچىسى رازۋېدچىكلارنى كۆرۈپ قالدى. نۇردۇن



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بەنجاڭنىڭ ئىشارىتى بىلەن ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇنى بىر مۇشت بىلەن تىك موللاق چۈشەرمەكچى بولۇپ تۇراتتى، قاراۋۇل ئۆز تىلىدا بىر نېمىلەرنى دەپ ۋارقىرىدى. شۇئان ئوق ئېتىلىپ قالدى، بۇ ئوقنى رازۋېدچىكلاردىن بىرى ئاتقانىدى. ئوق ئېتىلىشى بىلەن دۈشمەن قاراۋۇلى گۈپپىدە يىقىلدى. بەنجاڭ نۇردۇنغا «تېز ئۇنى سۆرەپ كەل!» دەپ بۇيرۇدى. شۇئان قارشى تەرەپتىن ئارقا - ئارقىدىن ئېتىلغان ئوقلار يېغىپ كەتتى. نۇردۇن ئوقلارغىمۇ پەرۋا قىلماي، قاراۋۇل يىقىلغان يەرگە ئېتىلىپ باردى. قاراۋۇل تېخى تىرىك بولۇپ، ئىڭراپ ياتاتتى. نۇردۇن ئۇنى سۆرەپ بەنجاڭنىڭ يېنىغا ئەكەلدى بەنجاڭ رازۋېدچىكلارغا دۈشمەن قاراۋۇلىنى ئېلىپ چېكىنىشكە بۇيرۇق بەردى.

دۈشمەن ھېلىمۇ قالايمىقان ئوق ئاتماقتا ئىدى. رازۋېدچىكلار ئۆمىلەپ چېكىنگەچ ئوق ئېتىلىۋاتقان توچكىلارغا سەپسېلىشتى. سەنمۇ خەرىتىگە دۈشمەن ئوت كۈچىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالىنى بەلگە قىلىۋالدى.

رازۋېدچىكلار يارىدار دۈشمەن قاراۋۇلىنى يۆلەپ، ئۆزلىرى ھېلىلا سىم توساقنى كېسىپ يول ئېچىپ كىرگەن جايغا قايتىپ كەلگەندە بەنجاڭ خېلىلا ئاچچىق بىلەن سورىدى:

— بايا مېنىڭ رۇخسىتىمسىز ئوق چىقارغان كىم؟

— مەن، بەنجاڭ، — دېدى ئابدۇرېشىت.

— نېمىشقا ئوق چىقاردىڭ؟

ئابدۇرېشىت ئۈندىمىدى. دۈشمەن قاراۋۇلى يورۇتقۇچ ئوقنىڭ يورۇقىدا ئۇلارنى كۆرۈپ قېلىپ ۋارقىرىغاندا، ئۇ قورقۇپ كېتىپ قاراۋۇلنى ئاتقانىدى.

ئەسلىي رازۋېدچىكلارنىڭ ۋەزىپىسى ئۇچرىغان دۈشمەننى ئېتىش ئەمەس، يوشۇرۇن دۈشمەن ئوت كۈچىنى ۋە ئوت توچكىلىرىنى ئىگىلەش ئىدى.

— توختاپ تۇر، رۇخسەتسىز ئوق ئاتقىنىڭ ئۈچۈن قايتىپ

بارغاندا. . .

بەنجاڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتالماي قالدى. ئۇنىڭغا ئوق تەگكەنىدى. ئۇ بىرلا ئىنجىقلاپ جىم بولدى. نېمە [illegible] بەرگەنلىكىنى سەزگەن نۇردۇننىڭ يۈرىكى قارتلا قىلىپ قالدى. ئەمدى بەنجاڭنىمۇ يۇدۇپ مېڭىش كېرەك ئىدى.

رازۋېدچىكلار سىم توساقتىن چىقىپ خېلىغىچە ئۇنچىقمىدى. دۈشمەننىڭ ئوقى توختىماي ئېتىلىپ تۇراتتى. ئەمما رازۋېدچىكلار خەتەرلىك جايدىن ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئۇلار دەقىقە توختاپ، بەنجاڭنىڭ يۈزىگە قول چىراغ يېقىپ قارىدى، ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ، ئاللىقاچان جان ئۈزگەنىدى. بەنجاڭدىن ئايرىلىپ قېلىش ئۇلارنى يۈرىكىگە پىچاق تىققاندەك قاتتىق ئازابلىدى. بۇ يېڭى جەڭچىلەرنىڭ ئۆز سەپدىشىنىڭ ئۆلۈمىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشى ئىدى.

ئەسىر تىرىك ئىدى. ئۇ ئۆز تىلىدا بىر نېمىلەرنى دەپ ۋايجانلايتتى. بەنجاڭنىڭ تېنى ئاستا — ئاستا سوۋۇماقتا ئىدى. رازۋېدچىكلار بۇ خەتەرلىك جايدىن تېزراق يىراقلاشمىسا بولمايتتى. تۇرغۇن ئەسىرنىڭ يارىسىنى داكا بىلەن تاڭدى. ئۇلار بەنجاڭنىڭ جەسىتىنى نۆۋەتلىشىپ يۇدۇپ مېڭىشتى. ھېچكىم گەپمۇ قىلمايتتى. نۇردۇن كۆڭلىدە ئابدۇرېشىتتىن رەنجىۋاتاتتى. مۇبادا ئۇ تۇيۇقسىز ئوق چىقارمىغان بولسا، دۈشمەن قاراۋۇلنى يارىدار قىلمايمۇ تۇتۇۋالالايتتۇق، دۈشمەن سەزمەي قالاتتى — دە، ئوق چىقارمايتتى، بەنجاڭمۇ ئۆلۈپ كەتمەيتتى، دەپ ئويلايتتى.

ئەسىر قوماندانلىق ئورنىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى. ئەسىرنى سوراق قىلىش نەتىجىسىدە ئېگە بولغان دۈشمەن ئوت كۈچىنىڭ ئورۇنلىشىش ئەھۋالى بىلەن رازۋېدچىكلار ئىگىلەپ كەلگەن مەلۇماتقا ئاساسەن قوماندانلىق شتابى جەڭ پىلانىنى تۈزدى. دۈشمەن بېسىۋالغان ئېگىزلىك ئىككىنچى كۈنى تاڭ سۈزۈلۈش ئال-

دىدا بىرلا ھۇجۇم بىلەن قايتۇرۇۋېلىندى. جەڭدىن كېيىنكى خۇلاسە چىقىرىش يىغىنىدا بىر تۈركۈم ئوفىتسېر - جەڭچىلەر خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ ئەنگە ئېلىندى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىككىنچى دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئېلىنغان نۇردۇن بىلەن تۇرغۇنمۇ بار ئىدى. ئابدۇرېشىت بولسا بۇيرۇقسىز ئوق چىقارغىنى ئۈچۈن تەنقىد قىلىندى.

يېڭى ئەسكەرلەر كونا لېيەندۇيلەرگە تەقسىم قىلىندى. نۇردۇن بىلەن تۇرغۇن شارائىتى ناچار، ئەڭ جاپالىق يەرلەرنى تاللىدى ھەم ئۇزۇن مۇددەت ئىشلىدى. ئىزچىل ياخشى ئىشلىگەچكە ئۆزلىرى بىللە ئەسكەر بولغانلاردىن خېلى بۇرۇن كادىرلىققا ئۆستۈرۈلدى. كۆپ قېتىم 1، 2 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ ئەنگە ئېلىندى.

## 3

نۇردۇن ئائىلىنىڭ مەسلىھەتىنى توغرا تېپىپ، ھەربىي سەپتىن بىراقلا بوشاپ، تۆت يۈز مىڭ يۈەن بوشاش پۇلىغا ئېرىشتى. ئۇ ئەمدى ئائىلىسىنى ئۆز يۇرتىغا كۆچۈرۈپ كەتمەكچى، ئۇ يەردە دوستى تۇرغۇنغا ئوخشاش ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلىمەكچى ئىدى.

ئۇنىڭ ئايالى بەختىنىسا ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. ئۇ ئېرىنىڭ ھەربىي سەپتىن بوشىغانلىقىغا قەۋەتلا خۇش بولدى ۋە يۈگۈرۈپ يۈرۈپ خىزمىتىنى يۆتكەش رەسمىيىتىنى بېجىردى. شۇنىڭغىچە نۇردۇن دادىسىغا ھەربىي سەپتىن بوشايدىغانلىقىنى تىنمىغانىدى. بەختىنىسانىڭ يۆتكىلىش رەسمىيىتى بېجىرىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە ئوي - خىياللىرى توغرىسىدا دادىسىغا خەت يېزىۋەتتى. ئۇلارنىڭ

ئىككىلا بالىسى ئالىي مەكتەپكە كىرىپ بولغان بىر لاچاقچى بالىلار-
دىن ئانچە غەم يەپ كەتمەيتتى. ئۇلار يۆتكەپ كەتكىلى بولمايدىغان
بەزى ئۆي سايمانلىرىنى ئېلىشىغا ساتتى ـ دە، قالغان نەرسىلە-
رىنى يۈك ئاپتوموبىلىغا بېسىپ، ئۆز يۇرتىغا قاراپ يولغا چىق-
تى. ئۇلارنى ھەسەنوفمۇ، ئايالىمۇ قىزغىن قارشى ئالدى، نۇر-
دۇننىڭ ئانىسى كېلىنىنى ئۇزاققىچە قۇچاقلاپ قويۇۋەتمىدى.
ئۇلارغا نۇردۇننىڭ ھەربىي سەپتىن بوشىشى شۇنداق قىلىشقا
تېگىشلىك ئىشتەك تۇيۇلدى. نۇردۇن ئۇرۇق ـ تۇغقان، ھەقەم-
سايىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە پەتلەشنى تۈگەتكەندىن كېيىن ھەسەنوف
ئۇنىڭدىن:

— خوش ئوغلۇم، ئەمدى نېمە ئىش قىلاي دەيسەن؟ — دەپ
سورىدى.

— ھازىرچە نېمە ئىش قىلىشنى بىلمەيمەن، — دېدى نۇر-
دۇن، — نېمە ئىش قىلسامىمۇ سىنىڭ بىلەن بار مەسلىھەت بىر
ئىش قىلارمەن.

— سەن چوڭ بولدۇڭ، نېمە ئىش قىلىشىڭنى ئەڭ ياخشى-
سى ئۆزۈڭ بېكىت. ئاۋۋال بازارنى ئايلىنىپ كۆر، يېزىلارغا
چىق. قانداق ئىش ساڭا مۇۋاپىق كېلىدۇ، قانداق ئىش قىلساڭ
نەتىجە يارىتىشقا كۆزۈڭ يېتىدۇ؟ بۇلارنى ئۆزۈڭ دەڭسەپ كۆر.

نۇردۇن دادىسىنىڭ سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىدى-
غانلىقىنى چۈشەندى. شۇڭا:

— ئېيتقىنىڭدەك قىلاي، — دېدى ۋە قوشۇپ قويدى، —
بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتمىسام بولمايدۇ.

— شۇنداق.

— ھازىرچە مۇشۇ ھويلىدا بىللە ئولتۇرايلى، — دېدى
نۇردۇننىڭ ئانىسى، دادا ـ بالا ئىككىيلەننىڭ سۆزى تۈگى-
گەندە، — كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، ھويلىمىز خېلى كەڭ، ئۆيلەر
خېلى كۆپ، بىللە تۇرساقمۇ كەڭتاشا يېتىدۇ.

— ھېچ بولمىغاندىمۇ ھازىرچە شۇنداق قىلىدۇ ـ دە، — دېدى ھەسەنوف ئايالىنىڭ سۆزىنى ياقلاپ.

— داداڭلارغا ئۆيلەرنى شۇنچە كەڭرى سېلىپ بېرىپتىكەن تەشكىل، — دېدى نۇردۇننىڭ ئانىسى بالىلارنى قايىل قىلىشقا تىرىشىپ، — بەزىدە بۇ ئادەم تالاغا چىقىپ كەتسە، ئۆيدە ھۇقۇش ـ تەك يالغۇز قالىمەن، بىرەر يەرگە ئىككى ـ ئۈچ كۈنلۈك كەتسىغۇ قايتىپ كەلگۈچە زېرىكىپ ئۆلەيلا دەپ قالىمەن.

— ئەمدى بىز بار ئاپا، زېرىكمەيسىز، — دېدى بەختىنىسا قېينانىسىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن.

— شۇنداق بولار قىزىم، شۇنداق بولار.

ھەسەنوفنىڭ ئۆيى شەھەرنىڭ شەرق تەرىپىدىكى يېڭىدىن بەرپا قىلىنغان مەھەللىدە ئىدى. نۇردۇن ئىشىك ئالدىغا چىقىپ، ئەتراپقا بىر پەس قاراپ تۇردى. ساپ ھاۋادىن راھەتلىنىپ نەپەس ئالدى، ھاۋادىن گۈل ھىدى كېلەتتى.

نۇردۇن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ بازار تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممە نەرسە يېڭى ئىدى، ئۇچراشقان ئادەملەرنىڭ تولىسىنى تونۇمايتتى. ئەسلىدە بىر نەچچىلا كوچى ـ سى بار بۇ بازار ھازىر ئوبدانلا چوڭ شەھەرگە ئايلانغان، ئاھالى ـ سى بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە كۆپەيگەنىدى. كوچىلار كەڭ ـ كۇشادە ئېلىنىپ ئاسفالىتلانغانىدى. ئۇنىڭ بالىلىق خاتىرىسىدە قالغان بىر قەۋەتلىك، ھويلىلىرىدا بىر ـ ئىككى تۈپ دەرەخلىرى بار ئۆيلەردىن بىرىمۇ قالمىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنىدا قەۋەت ـ لىك ئۆيلەر قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بۇرۇن بىرەر ماشىنا ئۆتۈپ قالسا ئۇزاققىچە توپا ـ چاڭ لەيلەپ تۇرىدىغان كوچىلار ئەمدى ناھايىتى پاكىز ئىدى. تاكسىلار ئۇياقتىن ـ بۇياققا بايپكارنىڭ مۇكىسىدەك ئۆتۈشۈپ تۇراتتى.

نۇردۇن بۇ شەھەرنىڭ چوڭ ـ كىچىك كوچىلىرىنىڭ ھەمـ ـ مىسىنى دېگۈدەك ئايلاندى. قەۋەتلىك، لىفتلىق ماگىزىنلارغا

كىردى. ئاشخانىلارغا كىرىپ، ئاشپەزلەر بىلەن ئۇلارنىڭ ھال - ئەھۋالى توغرۇلۇق مۇڭداشتى. مال بازىرىغا، يېزا ئىگىلىك مەھ- سۇلاتلىرى بازىرىغا بېرىپ، نەرخ - ناۋا ئەھۋالىنى سورۇشتۇر- دى. رەخت، كىيىم - كېچەك سېتىلىدىغان، يەرلىك خەلق «شىياڭگاڭ بازىرى» دەپ ئاتايدىغان بازارغىمۇ كىردى. ئۈستى لەمپىلىك، ئىككى تەرىپى بوتكا دۇكان، ئوتتۇرىسىدىكى كارىۋات - كاتلارغا ھەر خىل ماللار قويۇلغان بۇ بازار بەكمۇ ئاۋات ئىدى. نۇردۇن ئۇ يەردىمۇ تىجارەتچىلەر بىلەن مۇڭداشتى.

نۇردۇن بازار ئارىلاپ يۈرۈپ، بىر تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىد- غا يېڭىدىن سېلىنغان تۆت قەۋەتلىك سودا سارىيىغا دىققەت قى- لىپ قالدى. سارايىنىڭ يېرىمىغا تىجارەتچىلەر ئورۇنلىشىپ دۇ- كان ئاچقانىدى. نۇردۇن سارايىنى كۆردى. سارايىنىڭ ئاستى چوڭ زال ئىدى. زالنى كۆرۈپ ئۇنىڭ كۆڭلىدىن رېستورانغا تازا لايىق ئىكەن دېگەن ئوي كەچتى.

نۇردۇن ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە نامازدىگەر ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. شەھەرلىك بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپكە ئورۇنلاشقان بەختىنىسا تېخى ئىشتىن قايتىپ كەلمىگەن ئىدى. دادىسى ئۇزۇم بارىڭى ئاستىدىكى كارىۋاتتا سوزۇلۇپ ياتاتتى.

— ھە، بازار ئارىلاپ كەلدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى ھەسەنوف ئوغلىنى كۆرۈپ ئۆرە بولۇپ ئولتۇرۇپ، — كەل، بۇياققا كې- لىپ ئولتۇر، بازار قانداقراقكەن؟

— بۇ يەر بىر چوڭ شەھەر بولۇپ كېتىپتۇ، — دېدى نۇردۇن كارىۋاتنىڭ قىرىدا ئولتۇرۇۋېتىپ، — تىجارەتچىلەرمۇ شۇنچە كۆپ ئىكەن، ئېلىم - سېتىممۇ ياخشى بولىدىكەن.

— نوپۇسىمۇ كۆپىيىپ كەتتى، يىگىرمە يىلنىڭ ئالدىدا كەلگىنىمدە يۈز مىڭ نوپۇس بار، دېيىشكەن، ھازىر ئۈچ يۈز مىڭدىن ئاشقان ئوخشايدۇ.

دادا - بالا بىردەم ئۇياق - بۇياقتىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان-

دىن كېيىن نۇردۇن ھېلىقى تۆت قەۋەتلىك بىنانى كۆرۈپ كۆڭ-
لىدىن كەچكەن ئويىنى دادىسىغا ئېيتتى. رېستوران ئاچساڭ،
باشقۇرۇپ كېتەلەمسەن، شۇنىڭغا كۆزۈڭ يېتەمدۇ؟ — سورىدى
ھەسەنوف ئوغلىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ.

— مەن ئەسكەر باشقۇرغان ئادەم تۇرسام، نېمىشقا باشقۇ-
رۇپ كېتەلمەيمەن؟ ئىشەنچىم كامىل، — نۇردۇن سەل تۇرۇۋې-
لىپ قوشۇپ قويدى، — قارىغاندا، بىزنىڭ ئەڭ چوڭ كارخانى-
مىز رېستوران بولۇپ قالغاندەك قىلىدۇ. رېستوران كۆپ بولغى-
نى بىلەن يەنىلا سودىسى ياخشىكەن.

ھەسەنوف كۈلۈپ كەتتى:

— ئادەم باشقۇرۇش دېگەن ئادەم باشقۇرۇش، ئادەم باشقۇ-
رۇش بىلەن كارخانا باشقۇرۇش قانداقمۇ ئوخشىسۇن؟

— قانداقلا بولمىسۇن ئىشەنچىم كامىل، كۆزۈم يېتىدۇ، —
دېدى نۇردۇن.

نۇردۇن دادىسىغا ئۆز پىلانىنى چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ
ھەربىي سەپتىن بوشاش رەسمىيىتىنى ئۆتەۋاتقان كۈنلەردە مۇۋا-
پىق جاي تاپسىلا رېستوران ئېچىشنى ئويلىغان ئىدى. ئۇنىڭچە،
ھازىر ئېقىۋاتقان ۋە ئاقىدىغان تىجارەتمۇ شۇ ئىدى. ئۇ ئەگەر
بۈگۈن كۆرگەن بىنانىڭ يېرىمىنى ئىجارىگە ئالالىسا، بىرىنچى
قەۋەتتىكى زالنى كۈندۈزلىرى تېز تاماقخانا، ئاخشاملىرى زۆرۈر
تېپىلسا رېستوران قىلىپ ئاچماقچى، ئۈستۈنكى قەۋەتلىرىدىكى
ئۆيلەرنى ئايرىمخانا قىلىپ ئىشلەتمەكچى ئىدى.

— ئويۇڭ ياخشى ئىكەن، ئاۋۋال ئىشلەپ باق.

بەختىنىسامۇ ئېرىنىڭ پىلانىغا قوشۇلدى. نۇردۇن ئەتىسىلا
بىنانىڭ خوجايىنىنى تاپتى. خوجايىن نۇردۇن بىلەن قىزغىن
كۆرۈشۈپ، ئۇنى باراڭ ئاستىدىكى كارىۋاتقا باشلىدى. ئۆي ئى-
گىسى ئايال نۇردۇننىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي ئالدىغا داستىخان
سېلىپ چاي كەلتۈردى.

خوجايىنىنىڭ ئەقىللىق ئادەم ئىكەنلىكى ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. ئۆزىنى ئازادە تۇتۇشى، ئوچۇق يورۇقلۇقى كىشىگە ياخشى تەسىر بېرەتتى.

— ھەسەنوفنىڭ ئوغلىمەن دەڭ. سىز بىلەن تونۇشقىنىمدىن ئۇچۇن خۇشالمەن. ھەسەنوفكام يۇرتىمىزنىڭ پەخرى، رېستورانى ئاچىمەن دېسىڭىز بۇ يەرنى مەن سىزگە بېرەي، ئەسلىدىمۇ مەن بۇ بىنانىڭ يېرىمىنى رېستورانغا مۆلچەرلەپ سالدۇرغان، — دېدى ئۇ.

خوجايىن قولى ئوچۇق ئادەم ئىكەن، ئۇ ھەر بىر قەۋەتنىڭ يىللىق ئىجارە ھەققىنى سەكسەن مىڭ يۈەن، دېۋىدى، نۇردۇن ئاتمىش مىڭ يۈەن، دېدى. خوجايىن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— بوپتۇ سىز دېگەندەك بولسۇن، مەندىن كەتسە سىزگە كېتەر، سىزمۇ روناق تېپىڭ، — دېدى قول بېرىپ.

## 4

نۇردۇننىڭ تەييارلىق ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولماقتا ئىدى. ئۇ دادىسى گېنېرال ھەسەنوفنىڭ نام - ئابرۇيىنىڭ قانچىلىك يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ھە دېگەندىلا سەزدى. سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورنى بولسۇن، ھېساباب ئاچىدىغان بانكا بولسۇن، ئىشقىلىپ ئۇ رەسمىيەت ئۆتەش ئۈچۈن بارغان ئورۇن-لارنىڭ مەسئۇللىرى گېنېرالنىڭ ئىسمى چىقىشىغىلا ئۇنىڭغا باشقىچە قىزغىن مۇئامىلىدە بولدى. رەسمىيەتلىرىنى ئۇنى ئار-تۇقچە ماڭدۇرمايلا بېجىرىپ بەردى.

نۇردۇن رەسمىيەتلەرنى بېجىرىپ بولغاندىن كېيىن، زال بىلەن ئايرىمخانىلارنى بېزەشكە كىرىشتى. يەرلىك ئۇستا نەققاش-لارنى تېپىپ، بېزەكچىلىكىنى ئۇلارغا كۆتۈرە بەردى. شۇندىن

كېيىن ئۇ تولىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى. كۈن بويى دېگۈدەك ئىش ئورنىدا بولدى.

بىر يېرىم ئايدەك ۋاقىت ئەنە شۇنداق ئالدىراش ئۆتۈپ كەتتى. شۇ ئارىدا نۇردۇن رېستوراندا ئىشلەيدىغان ئاشپەز، كۈت-كۈچىلەرنىمۇ تاللاپ بولدى. ئۇلار ئاساسەن دەرىجىسى، ئاتىقى بار ئاشپەزلەر، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، ئالىي مەك-تەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىگەن، ئۆتكەن بولسىمۇ ئائىلە قىيىن-چىلىقى تۈپەيلى ئالىي مەكتەپكە بارالمىغان ئوغۇل - قىزلار ئىدى. ئەمدى ئۇلارنى تەربىيىلەش كېرەك ئىدى. ئۇلارنى تەربى-يىلەيدىغان ئوقۇتقۇچى تېپىش كېلىش ئۈچۈن نۇردۇن ۋىلايەت مەركىزىگە بېرىش قارارىغا كەلدى.

ۋىلايەت مەركىزى بۇ يەردىن يۈز كىلومېتىر يىراق ئىدى. نۇردۇن ئاپتوبۇستا ئولتۇرۇپ ئىككى سائەتتە يېتىپ باردى. چۈش بولاي دەپ قالغانىدى. ئۇ بىر ئاشخانىغا كىرىپ چۈشلۈك تاماق يېدى - دە، ئاشخانا ئالدىغا چىقىپ ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئۆزىگە كېرەكلىك ئادەملەرنى تېپىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن بۇ شەھەرنىڭ ئەھۋالىنى ياخشى بىلىدىغان بىرەر تونۇش تېپىش كېرەك ئىدى. ئۇ ئىختىيارسىز تۇرغۇننى ئەسلەپ قالدى. تۇر-غۇننىڭ ئايالى مۇشۇ شەھەرلىك بولغاچقا ئۇ ھەربىي سەپتىن بوشىغاندا مۇشۇ شەھەرگە كېلىپ ئورۇنلاشقانىدى. بۇ ئىشلارغى-مۇ ئالتە - يەتتە يىل بولۇپ قالغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىككى دوست قايتا دىدارلىشالمىدى. نۇردۇن قىسمىنىڭ خىزمى-تى بىلەن ئالدىراش بولۇپ، بۇ ياقلارغا كېلەلمىدى، تۇرغۇنمۇ ئۇ تۇرۇۋاتقان قىسىم بار شەھەرگە بارالمىدى. ئەمما، ئۇنىڭ باي بولۇپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى گەپ - سۆزلەر نۇردۇننىڭ قۇلىقىغا كىرىپ تۇردى. تۇرغۇن ھازىرمۇ مۇشۇ شەھەردىمۇ ياكى سودا ئىشى بىلەن بىر ياققا كەتتىمۇ؟ نۇردۇن بۇنىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ تۇرغۇننى تېپىش ئۈچۈن ئۇنىڭ قېينانىسىنىڭ ئۆيىگە بارماق-

چى بولدى. ئۇ بۇ ئۆينى بىلەتتى.
تۇرغۇننىڭ قېيىناتىسىنىڭ ئۆيى ئازنا مەسچىتكە يېقىن يېردە ئىدى. نۇردۇن شۇ ياققا كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىز توختاپ قالدى. چۇنكى ئۇ بىر تونۇش كىشىنى كۆرۈپ قالغان، ئەمما كۆرگىنىنىڭ شۇ كىشى ئىكەنلىكىگە ئىشىنەلمىگەنىدى. يالاڭۋاش، چاچلىرى پاخپىيىپ كەتكەن، يۈزلىرى مەينەت، ئۇستىدىكى ئاق كۆڭلەكنىڭ ياقىسى قايقارا، ئوڭ يېڭى جەينىكىدىن يىرتىلغان، قارا شىمىنىڭ پۇشقاقلىرى لاي، پۇتىدىكى شىبلىت لاينىڭ دەستىدىن رەڭگىنى يوقاتقان بىر ئادەم نۇردۇنغا قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ سەنتۈرۈلۈپ ماڭاتتى، ئۆتكەن – كەچكەنلەرنىڭ بەزىلىرى ئۇنىڭدىن يىرگىنىپ ھومىيىپ قارىشاتتى، بەزىلىرى ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشاتتى. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، كېلىۋاتقان بۇ ئادەم مەست ئىدى.
بۇ دەل نۇردۇننىڭ ئەڭ يېقىن دوستى تۇرغۇن ئىدى. نۇردۇن تۇرغۇننى بۇ ھالدا كۆرىمەن دەپ ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. شۇڭا كېلىۋاتقان بۇ كىشىنىڭ تۇرغۇن ئىكەنلىكىگە ئىشىنەلمەي ھاڭۋېقىپ قاراپ قالدى. مانا، ئۇ نۇردۇننىڭ ئالدىغا كەلدى ئۇنىڭغا لاپپىدە قارىغاندەك قىلدى، ئەمما گەپمۇ قىلماي ئۆتۈپ كەتتى. نۇردۇن ئەجەبلىنىپ ئۇنىڭ دولىسىدىن تۇتۇپ چاقىردى:
— تۇرغۇن!
تۇرغۇن توختاپ نۇردۇنغا قارىدى، ئەمما ئۆزىنى باشقۇرالماي سەنتۈرۈلۈپ يىقىلدى. نۇردۇن ئىتتىك بېرىپ ئۇنى يۆلىدى ۋە سورىدى:
— تۇرغۇن، مېنى تونۇمىدىڭمۇ؟
— سەن كىم؟ — دېدى تۇرغۇن ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ نۇردۇنغا قاراپمۇ قويماي.
— راست تونۇمىدىڭمۇ؟ ماڭا قارا، ماڭا...
تۇرغۇن ئاۋۋال كۆزلىرىنى پۇرۇشتۇردى، كېيىن ھەيران

بولغاندەك يوغان ئاچتى - دە، بىردىن غۇلاچلىرىنى كەڭ ئاچتى:

— هەي، بۇ سەنمۇ - هە، بۇ سەنمۇ؟ ئاسماندىن چۈشتۈڭمۇ ياكى يەردىن ئۈنۈپ چىقتىڭمۇ؟ سەنمۇ باركەنسەن - هە بۇ دۇنيادا. قېنى هەربىي فورماڭ؟ يۈر، يۈر هاراق ئىچىمىز. . .

تۇرغۇن نۇردۇننى قۇچاقلىۋالدى. ئۆتكەن - كەچكەنلەر ئۇلارغا هەيران بولۇپ قارىشاتتى. نۇردۇن ئوڭايسىزلاندى، بۇ يەردە تۇرۇۋېرىشكە بولمايتتى. شۇڭا ئۇ تۇرغۇن باشلىغان تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

تۇرغۇندىن سېسىق هاراق پۇرىقى بىلەن ئاچچىق تەر پۇرىقى كېلەتتى. ئۇنىڭ ئاق ئارىلىغان ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەنىدى. ئۇ ئىلگىرى تولىمۇ پاكىز يۈرىدىغان يىگىت ئىدى. ساقال - بۇرۇتىنى كۈندە دېگۈدەك قىرىپ تۇراتتى، ئەمما، هازىر. . . ئۇ بۇرۇنقى نۇردۇننىڭ دوستى، سەپدىشى تۇرغۇنغا زادى ئوخشىماي قالغانىدى. ئۇنىڭغا نېمە بولدى، قانداق بولۇپ بۇ هالغا چۈشۈپ قالدى؟ نۇردۇن ئۇنىڭغا هەيران ئىدى. تۇرغۇن بولسا هامان شۇ سۆزىنى تەكرارلايتتى:

— سەنمۇ بار ئىكەنسەن - هە؟ سېنىمۇ كۆرىدىكەنمەن - هە؟ ئاسماندىن چۈشتۈڭمۇ، يەردىن ئۈنۈپ چىقتىڭمۇ؟ قېنى هەربىي فورماڭ؟

— ئالدىرىما، هېلى هەممىنى دەپ بېرىمەن، ئاۋۋال بىر جايغا كىرىپ ئولتۇرايلى، مۇنداق يۈرسەك سەت تۇرىدۇ.

— مەيلى بولمىسا، بىزنىڭ ئۆيگە بارايلى. بىزنىڭ ئۆيگە بارايلى؟ مەندە ئۆي دېگەن نېمە بارمۇ زادى؟

تۇرغۇن شۇنداق دەپ جىمىپلا قالدى. نۇردۇن ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن قانداقتۇر بىر كۆڭۈلسىزلىكنى سەزگەندەك بولدى - يۇ، سوراشقا جۈرئەت قىلالمىدى ۋە ئۈنچىقماستىن تۇرغۇن ئىشارەت قىلغان تەرەپكە قاراپ ئۇنى يۆلەپ ماڭدى. تۇرغۇننىڭ بېشى چۈشۈپ كەتكەنىدى، قويۇۋەتسىلا يەرگە گۈپپىدە دۈم چۈشىدىغان-

دەك قىلاتتى.

ئۇلار بىر هازا ماڭغاندىن كېيىن بىر تار كوچىغا كىرىشتى. كېيىن بىر كىچىك ئىشىكلىك هويلىغا كىردى. هويلا كىچىككى-نە هەم جىمجىت ئىدى. تۇرغۇن سەنتۇرۇلۇپ بېرىپ سول تەرەپ-تىكى بىر ئۆينىڭ ئىشىكىدىكى قۇلۇپنى ئاچماقچى بولدى. ئەم-ما، ئاچقۇچنى دەرهال تاپالماي بىر هازا ئاۋارە بولدى، شىمىنىڭ يانچۇقلىرىنى قايتا - قايتا ئۆرۈپ چىقتى. ئاخىرى شىمىنىڭ كاسا يانچۇقىدىن تاپتى - دە، ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە ئاۋۋال ئۆزى كىردى.

— كەل، كىرە، بۇ مېنىڭ ئۆيۈم.

نۇردۇن پاكار ئىشىكتىن ئېڭىشىپ كىردى. بۇ قانداقمۇ ئادەم ئولتۇرىدىغان ئۆي بولسۇن، ئەسلى هويلىدىكىلەرنىڭ ئام-بار ئۆيى بولسا كېرەك، دېرىزىسىمۇ يوق بولغاچقا، ئۆي ئىچى گۆردەك قاراڭغۇ ئىدى. ئۆينىڭ ئىچىدە تۆت بۇلۇڭ، بىر كۇ-لۇڭدىن باشقا تۈزۈك بىر نەرسە كۆرۈنمەيتتى. نۇردۇننىڭ كۆز-لىرى قاراڭغۇغا ئاستا - ئاستا كۆندى. ئۆي تولىمۇ تار، كىچىك ئىدى. تام - تورۇسلىرى قاپقارا كۆرۈنەتتى. بۇلۇڭلاردا ئۆمۈ-چۈك تورلىرى ساڭگىلاپ تۇرغاندەك قىلاتتى. ئىشىكنىڭ ئۇدۇ-لىغا تامغا تاقاپ بىر كارىۋات قويۇلغان ئىدى. كارىۋاتنىڭ باش تەرىپىدە پاكار، بىر پۇتى لىڭشىپ قالغان كىچىككىنە تۆت چاسا شىرە، شىرە ئۈستىدە بىر پۇچۇق چىنە، بىر پىيالە، قاسماق بېسىپ كەتكەن بىر چايدان، بىر نەچچە پارچە قېتىپ قالغان نان، تاماكا قالدۇقىغا توشۇپ كەتكەن كۈلدان تۇراتتى. بۇ هالنى كۆرۈپ نۇردۇننىڭ ئۈنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قالدى.

كارىۋات تار بىر كىشىلىك ئىدى. ئۈستىگە بىر پارچە كونا قارا كىگىز سېلىنغان، كىر يوتقان - كۆرپە باش تەرىپىگە قاتلاپ قويۇلغانىدى. نۇردۇن ئارتۇقچە گەپ - سۆز قىلماي كارىۋاتنىڭ ئاياغ تەرىپىگە كېلىپ ئولتۇردى. تۇرغۇن بولسا كارىۋاتنىڭ باش

تەرىپىدە ئورۇن - كۆرپىگە يۆلىنىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ مەستلىكتىن قاپاقلىرى ئىششىغان بولۇپ، ھەدەپ شىمىنىڭ يانچۇقلىرىنى ئاقتۇراتتى. ئەمما، ئاختۇرغان نەرسىسىنى تاپالمايتتى. ئۇنى تاماكا ئىزدەۋاتىدۇ، دەپ قىياس قىلغان نۇردۇن قولىدىكى قارا سومكىدىن بىر قاپ تاماكا ئېلىپ ئۇنىڭغا تەڭلىدى. تۇرغۇن تاماكىنى ئىتتىك قولىغا ئالدى - دە، ئىچىدىن بىر تال تاماكىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، نۇردۇن چېقىپ ئۈلگۈرگەن چاقماقتا تۇتاشتۇردى ۋە قاتتىق - قاتتىق ئىككى شورىدى. تۇرغۇن ھەتتا چېكىدىغان تاماكىسىمۇ يوق ھالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى.

— ساڭا نېمە بولدى تۇرغۇن؟ — ئېيتقىنا، سەن قانداق قىلىپ بۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىڭ؟ ئايالىڭ، بالىلىرىڭ قېنى؟ — نۇردۇن ئاخىرى سورىماي تۇرالمىدى.

كونا سەپدىشىنى كۆرۈپ مەستلىكى بىر ئاز يېشىلگەن تۇرغۇن ئاغزى كالۋالاشقان ھالدا سۆزلەشكە باشلىدى:

— بولدى، ئۇلارنىڭ گېپىنى قىلما، — دېدى خۇددى گۇناھكار ئادەمدەك بېشىنى كۆتۈرمەي ئولتۇرۇپ، — مەن نۇرئەلا بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەن.

— نېمە بوپ ئەمدى؟

— نېمە بولاتتى، مېنىڭ ئەسكىلىكىم بولمامدۇ.

تۇرغۇن شۇنداق دېدى - دە، ھۆكىرەپ يىغلاپ كەتتى.

## 5

كىشىگە ئامەت كەلسە ئاجايىپ، ھەتتا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك كېلىدىكەن. تۇرغۇن ئۆزىگە كەلگەن ئامەت توغرىسىدا ئەنە شۇنداق تۇيغۇدا بولغانىدى.

تۇرغۇننىڭ قېيىناتىسى ئۇششاق تىجارەت بىلەن بىر ئائىلىنى

بېقىپ كېلىۋاتقان كىشى ئىدى. ئۇ ھەربىي سەپتىن بوشاش پۇلى ئېلىپ قايتىپ كەلگەن كۆيئوغلىغا قاقچىلىق قىلىش تۇرغىسىدا مەسلىھەت بەردى. تۇرغۇن قېيناتىسىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئىچكىرىگە ئۇچلا قېتىم گۆلە - قاق يۆتكىۋېدى، مىليونېر بولۇپ قالدى. بۇنداق ئامەتكە ئۇنىڭ باشتا ئىشەنگۈسى كەلمەي قالدى. ئاشۇ ئۈچ قېتىملىق سودىدا ئۇنىڭ تاپقان پايدىسى دەسمايىسىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. «پۇل پۇلنى تاپىدۇ» دېگەن گەپ راست ئىكەن، ئۇ پۇل تاپقانسېرى ئەقىللىق بولۇپ كەتتى. گۆلە - قاقچىلىقنى تېرىچىلىككە ئۆزگەرتتى. ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئون نەچچە ئادەم ئىشلەيتتى. ئۇلار پۈتۈن شەھەرنىڭ تېرىسىنى دېگۈدەك كونترول قىلدى. ھەپتە - ئون كۈندە بىر ماشىنا تېرە ئىچكىرىگە مېڭىپ تۇراتتى. بۇ كەسىپمۇ تۇرغۇن ئۈچۈن تىللا تۆكۈلىدىغان دەرەخ بولدى. ئۇ ھەربىي سەپتىن بوشاپ بەشىنچى يىلى شەھەرنىڭ تازا ئاۋات يېرىگە ئالتە قەۋەتلىك بىر بىنا سالدى. ئەلۋەتتە بىنا سېلىشقا كېرەكلىك پۇلنىڭ كۆپرەكىنى باندىن قەرز ئالدى. بانكىدىن مىليونلاپ قەرز ئېلىشمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاسان بولۇپ قالغانىدى. چۈنكى ئۇ شەھەر بويىچە ئاتىقى چىققان باي ئىدى.

تۇرغۇن ئالتە قەۋەتلىك بىنانىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى قەۋىتىنى دۇكان قىلىپ سودىگەرلەرگە ئىجارىگە بەردى. ئۈستىدىكى تۆت قەۋەتنى مېھمانخانا قىلدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئۈچۈن تېرە يىغدەمەن دەپ ھەر تەرەپكە چېپىپ يۈرۈش ھاجەتسىز ئىدى.

يۈز بەرگەن ئىشلار تۇرغۇن ئۈچۈن خۇددى چۈشتەك تۇيۇلاتتى. ئۇ ھەر ئايدا نەچچە ئون مىڭ يۈەنلەپ ئىجارە ھەققى يىغاتتى. مېھمانخانىنىڭ كىرىمىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك ئىدى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىت ئىدى. تۇرغۇن مېھمانخانىدىكى خاس ياتىقىدا دەم ئېلىپ ياتاتتى. كىمدۇر بىرى ئىشىكنى چەكتى، ئۇ «كىرىڭ» دېگەندىن كېيىن، چاچ - ساقال-

لىرىنى قويۇۋەتكەن بىر كىشى كەلدى. ئورۇق، ئورا كۆز بۇ ئادەم ئۇنىڭغا تونۇشتەك بىلىندى، ئەمما ئۇنىڭ كىملىكىدىنى زادىلا ئەسلىيەلمىدى. كىرىپ كەلگۈچىنىڭ ئۇستىدە تومۇز كۈنلىرى بولۇشىغا قارىماي قارا رەختتىن تىكىلگەن، تۆت يانچۇقلۇق چاپان بولۇپ، چاپاننىڭ ھەممە تۈگمىسىنى ئېتىۋالغان ئىدى. تۇرغۇن ئۇنىڭغا سوئال نەزەرىدە قاراپ قويۇپ سورىدى:

— كىمنى ئىزدەيسىز؟

— مېنى تونۇمىدىڭمۇ؟

تۇرغۇن تېخىمۇ ئەجەبلەندى. سەنلەپ سۆزلىگىنىگە قارىغاندا، ئۇ تۇرغۇننىڭ يېقىنى. لېكىن ئۇ زادى كىم؟ تۇرغۇننىڭ ئەس ـ يادى پۇل بىلەن بولۇپ كېتىپ، يېقىن يورۇقلىرىنىمۇ ئۇنتۇپ كەتتىمۇ؟ تۇرغۇن خىجىل بولۇپ ھىجايدى:

— چىرايىڭىز تونۇش، بىراق، كىملىكىڭىزنى ئېسىمگە ئالالمايۋاتىمەن.

— مەن ئابدۇرېشىتقۇ، سېنىڭ بىلەن بىللە ئەسكەر بولغان، سېنىڭ قول ئاستىڭدا ئىشلىگەن ئابدۇرېشىت.

— ۋاي شۇ سەنمۇ، نېمانداق ئۆزگىرىپ كەتتىڭ. قارا، چاچ ـ ساقاللىرىڭنى ئاشقىلارنىڭكىدەك ئۆستۈرۈۋەتكىنىڭنى.

تۇرغۇننىڭ ئالدىدا تۇرغان بۇ كىشى دەل ھېكايىمىزنىڭ بېشىدا تىلغا ئېلىنغان ئابدۇرېشىتنىڭ ئۆزى ئىدى. ھېلىقى بىر قېتىملىق رازۋېدكىدىن كېيىن ئۇنىڭ لېيەندۈي ئىچىدىلا ئەمەس، ھەتتا پۈتۈن تۈەن ئىچىدىمۇ تەسىرى ياخشى بولمىدى. ھەممەيلەن ئەگەر ئۇ ئالدىراپ ئوق چىقارمىغان بولسا، دۈشمەنلەر ئۇلارنى سېزىپ قېلىپ ئوق چىقارمايتتى. بەنجاڭمۇ ئورۇنسىز قۇربان بولمايتتى، دەپ ئويلايتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭغا ئوچۇق چىراي ئاچمايدىغانلار خېلى بار ئىدى. بۇ ھالدىن كۆڭلى غەش بولۇپ يۈرگەن ئابدۇرېشىتمۇ باشقىلارغا تونۇش تېگەتتى. ھەتتا بەزىدە دەردىنى باشقىلاردىن ئېلىپ، يوقىلاڭ بىر ئىش ئۈچۈن باشقىلار

بىلەن جېدەللىشەتتى. ھە دېسە «مېنى ئۆستۈرمىسى» دېيىشىپ ئاغرى-
نىپ يۈرەتتى. كېيىن بەنجاڭمۇ بولدى. تۆت يىل بەنجاڭ بولۇپ
ئىشلىگەندىن كېيىن ھەربىي سەپتىن چېكىندۈرۈلگەندى مانا
شۇ ئابدۇرېشىت تۇرغۇنىڭ ئالدىدا يېقىمسىز كۈلۈمسىرەپ
تۇراتتى.

ئۇلار قىزغىن كۆرۈشتى. تۇرغۇن ئابدۇرېشىتنى خۇرۇم سايىغا تەكلىپ قىلدى. ئابدۇرېشىت ئولتۇرۇپ ئۆي ئىچىگە سەپ-سېلىپ قاراشقا باشلىدى. ئاشخىچە تۇرغۇن بىر ئىستاكان چاي دەملەپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى. ئابدۇرېشىت كۆزلىرىنى ئۆينىڭ نەقىشلىرىدىن ئۈزەلمەيلا قالدى.

— سەن مۇشۇ شەھەرلىك ئىدىڭغۇ دەيمەن. نېمە ئىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىسەن؟ — تۇرغۇن ئاردىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ سورىدى.

— شۇنداق، مۇشۇ شەھەرلىكمەن. ئەسكەرلىكتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن شەھەرلىك قول سانائەت كارخانىسىغا ئورۇن-لاشقانىدىم، ئۇ ئورۇن ۋەيران بولۇپ ئىشسىز بولۇپ قالدىم.

ئابدۇرېشىت راست گەپنى ئېيتمىغانىدى. ئۇ ئەسكەرلىكتىن قايتىپ كېلىپلا قىمارغا بېرىلىپ ساقچىخانىغا تولا كىرىپ - چىقىپ يۈرگەچكە، كارخانا ۋەيران بولۇشتىن ئىلگىرىلا ئىشتىن قوغلانغانىدى. ئۇ ھەربىي سەپتىن قايتىپ كېلىپ كۆپ ئۆتمەي ئاتا - ئانىسى پەرھىزىنى ئادا قىلىپ ماشىنچىلىق قىلىدىغان بىر قىز بىلەن توينى قىلىپ قويدى. ئۇلار يەتتە - سەككىز يىل بىللە ئۆتكەن بولسىمۇ ئايالى تۇغمىدى. بۇ ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىگە تەسىر قىلدى. ئۇلار پات - پات سوقۇشۇپ يۈردى. ئابدۇرې-شىت ئۇنى قويۇۋېتىمەن دەپ كۆپ جېدەل قىلدى، بىچارە ئايال خېتىنى ئالغىلى ئۇنىمىدى. ئابدۇرېشىت ئاخىرى بىر قېتىملىق قىمار سورۇنىدا ھەممە نەرسىسىنى ئۇتتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن ئايالىنى دوغا تىكتى. ئۇ كۈنى تەلەي ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىگەنىكەن،

ئايالىنىمۇ ئۇتتۇرۇۋەتتى. ئۇ مانا شۇندىن بېرى بويتاق يۈرەتتى. قىمار سورۇنلىرىدىن قالمايتتى. قەيەردە كۈن كەچ بولسا شۇ يەردە ئۇخلايتتى.

— بىرەر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتساڭ بولمامدۇ؟ — سورىدى تۇرغۇن.

— مەن ساڭا ئوخشاش تەلەيلىك ئەمەسكەنمەن، تىجارەت بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ باقتىم، لېكىن نېمىلا ئىش قىلماي، پېشانەم تەتۈر بولغاچقا زىيان تارتىپلا كەلدىم.

— بالا - چاقىلىرىڭ باردۇ؟

— بالا - چاقىمۇ تەلەيلىك ئادەملەرگە نېسىپ بولىدىكەن. كەمبەغەلگە ئايالLar كۆز قىرىنىمۇ سېلىپ قويمايدىكەن.

ئابدۇرېشىت يالغاننى بولۇشىغا توقۇۋەردى. ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنگەن تۇرغۇننىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قالدى. نېمىلا دېگەن بىلەن ئۇلار بىللە ھەربىي بولغان، جەڭگە بىللە قاتناشقان، بىر قازاننىڭ تامىقىنى بىللە يېگەنلەر - دە! تۇرغۇن ئۇنى ئۇنىڭغا ئۇنىماي رېستورانغا باشلاپ چىقىپ مېھمان قىلدى، بىر بوتۇلكا ھاراقنى بىللە ئىچىپ سىرداشتى.

— سېنىڭ كۆرمىگەن كۈنلىرىڭ قالماپتۇ - ھە، — دېدى تۇرغۇن سەپدىشىغا ئىچ ئاغرىتىپ، — بۈگۈندىن كېيىن بىزنىڭ مېھمانخانىغا پات - پات كېلىپ تۇر ئاداش، مۇڭدىشىمىز.

— ماقۇل، ماقۇل.

ئابدۇرېشىت «ۋەدىسى» دە تۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كۈندە بولمىسىمۇ ئىككى كۈندە بىر تۇرغۇننى ئىزدەپ كېلىپ مېھمان بولۇپ يۈردى.

ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. كۈن ئولتۇرغىنىغا خېلى بولۇپ قالغان بولۇپ، قاراڭغۇلۇق ئالەمنى يېپىپ كېلىۋاتاتتى، شەھەرنىڭ ئۇيەر - بۇ يەرلىرىدە بولىدىغان كەچلىك بازارلار قىزىپ كەتكەنىدى. ئۇنىئالغۇدىن ئاڭلىنىپ تۇرغان قالايمىقان

www.uyghurkitap.com

ناخشا سادالىرى ئاپتوموبىللارنىڭ قوپال سىگناللىرى، ئوقەتچى-لەرنىڭ خېرىدار چاقىرىپ ۋارقىراشلىرى گىرەلىشىپ كېتەتتى. ئاشخانىلارنىڭ ئالدىدىكى كاۋاپدانلاردىن كۆتۈرۈلگەن ئىس-لار تۈن قوينىغا سىڭىپ كېتىۋاتاتتى.

تۇرغۇن ئۆيگە قايتماقچى بولۇپ بىنادىن پەسكە چۈشۈشىگە ئابدۇرېشىت ئۇچراپ قالدى. ئۇ تۇرغۇن تۈنجى ئۇچراتقان كۈندى-كىگە قارىغاندا ئۆزىنى خېلى تۈزەپ يۇرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. چاچلىرى گەدىنىگە چۈشۈپ تۇرسىمۇ، ساقال - بۇرۇتى قىرىلغان ئىدى. ئۇچىسىدا ئاپئاق كۆڭلەك بار ئىدى. تۇرغۇن قول ئېلى-شىپ كۆرۈشۈۋېتىپ، ئابدۇرېشىتنىڭ كەينىدە قولتۇقلىشىپ تۇرغان ئىككى چوكانغا كۆزى چۈشۈپ قالدى - دە، ئابدۇرېشىتقا «ئۇلار كىم؟» دېگەن مەنىدە قاراپ قويدى. ئابدۇرېشىت ئالدى-راپ تونۇشتۇردى:

— بۇياقىنىڭ ئىسمى گۈزەلنۇر، — ئابدۇرېشىت قولتۇقلى-شىپ تۇرغان چوكانلارنىڭ ئورۇقراقىنى تۇمشۇقى بىلەن ئىشا-رەت قىلدى، — يېقىندا تونۇشۇپ قالغان، توي قىلايلىمىكىن دېيىشىۋاتىمىز. ئۇياقىنىڭ ئىسمى ئايىمنىسا، گۈزەلنۇرنىڭ دوس-تى. بۇلارنى بىر مېھمان قىلىپ قويايمىكىن دېگەن، سىنى بىللە بارامدىكىن دەپ كېلىشىم.

تۇرغۇن دەقىقە ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ سابىق سەپدىشى توي قىلماقچى بولغان ئايالنى باشلاپ كېلىپ بىللە تاماق يەيلى دەۋاتسا، بارمايمەن دېسە بولمايتتى. بەلكى بۇ قولى قىسقا سەپدىشى ئۇچۇن بۈگۈن بىر خىزمەت قىلىپ قويۇشى كېرەك ئىدى. ئۇ ئۆيگە تېلېفون قىلىۋېتىپ ئابدۇرېشىتقا ئەگىشىپ ماڭدى.

ئۇلار شەھەرنىڭ چېتىدىرەك ئېچىلغان «قوشماقلار» رېس-تورانىنىڭ ئايرىمخانىسىغا كىرىشتى. گۈزەلنۇرمۇ، ئايىمنىسامۇ بىر - بىرىدىن قېلىشقۇسىز چىرايلىق چوكانلار ئىدى. ئاق

يىپەك رەختتىن تىكىلگەن كالتە يەڭ كوپتا، يوتىسىنى ئاران يېپىپ تۇرىدىغان قىسقا، قىزىل يوپكا كىيىشكەن، خۇددى ئارتىسلاردەك گىرىم قىلىشقانىدى. قىيا بېقىپ، نازلىق كۈلۈمسىرەشلىرى يۈرەككە ئوت ياقاتتى.

ئۇلار تاماق يېيىشتى. تاماقتىن كېيىن ئاق ۋە قىزىل هاراق كەلتۈرۈلدى. چوكانلار باشتا هاراق ئىچمەيمىز دېيىشۋېدى، ئەرلەر زورلاپ قويغاندىن كېيىن قىزىل هاراقنى سۇدەك ئىچىپ، بىر بوتۇلكىنى بىردەمدە قۇرۇقداپ قويۇشتى. ئۇلار سەل قىزىغاندىن كېيىن ئابدۇرېشىت گۈزەلنۇرنى ئۇسسۇلغا تارتتى، ئۇلار ئۇسسۇل ئويناپ بولۇپ ئولتۇرۇشىغا، ئايىمنىسا تۇرغۇننى ئۇسسۇلغا تارتتى. تۇرغۇن ئايىمنىسا قايتا ـ قايتا ئۇسسۇلغا تارتىپ قاش ئېتىپ، كۆز تاشلاپ تۇرۇۋالغاچقا ئۇسسۇلغا چۈشتىيۇ، ئايىمنىسادىن تاراۋاتقان كۈچلۈك ئەتىر پۇرىقىدىن هوشىنى يوقاتقاندەك بولدى.

ئۇلار ئۇسسۇلدىن كېيىن تانسا ئويناشتى. تانسىدىن كېيىن. . . راستىنى ئېيتقاندا، تۇرغۇن نېمە ئىشلار بولۇپ كەتكىنىنى بىلەلمىدى. ئەتىسى ئويغانغاندا ئۆزىنىڭ باشقا بىر جايدا ئايىمنىسا بىلەن قىپيالىڭاچ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ هەيران قالدى. تۇرغۇن ئاخشام نېمە ئىشلار بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئەسلەشكە ئۇرۇندى. لېكىن، ئۇسسۇل، تانسا ئوينىغان، قەدەھ سوقۇشتۇرۇپ هاراق ئىچكەندىن باشقا، هېچ ئىشنى ئەسلىيەلمىدى. دېمەك، ئۇ ئاخشام مەست بولۇپ خۇدىنى يوقاتقان ئىدى. ئۇ بۇ يەرگە قانداقلارچە كېلىپ قالدى؟ ئۇ ئايىمنىسانى ئويغىتىپ سوراي دەپ تۇرىۋېدى، ئايىمنىسا چۈشەكىگەندەك «جېنىم، نەگە بارىسىز؟ يېتىڭە، بىر دەم يېتىڭە. . .» دەپ پىچىرلىغانچە ئۇنىڭغا ياماشتى. . .

ئايىمنىسا ئاق سېرىق، ئوتتۇرا بوي، سېمىزرەك كەلگەن چوكان بولۇپ، ئەسلي بۇ شەهەردىن سەكسەن كىلومېتىر يىراق-

لىقتىكى ناھىيە بازىرىدا ئۇششاق تىجارەت بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدىغان بىر كىشىنىڭ يالغۇز قىزى ئىدى. تۆمۈر ئەرىنىڭ چىققاندا توختى ئىسىملىك بىرى بىلەن تونۇشۇپ قالدى. توختى ئابدۇرېشىت بىلەن بىر تاۋكادا كۆن ئۆتكۈزىدىغانلاردىن ئىدى. توختى ئايىمنىسانى ئەمرىمگە ئالىمەن، دەپ ئالداپ بۇ شەھەرگە ئېلىپ كەلدى. ئۇلار نىكاھ ئوقۇتۇپ ئەر - خوتۇن بولۇشقان بولسىمۇ قوللىرىدا توي خېتى يوق ئىدى. كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتۈۋەردى، ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتكەندە توختى ئامىتى كەلگەن بىر قېتىملىق قىماردىن كېيىن تۇرغۇن قونۇپ قالغان بۇ ئۆيىنى سېتىۋېلىشتى. يېرىم يىلنىڭ ئالدىدا توختى بىر قېتىملىق قىماردا جېدەل چىقىرىپ، ئۆزىنىڭ پۇللىرىنى ئۇتۇۋالغان قىمارۋازغا پىچاق تىقىۋەتتى، پىچاق يېگۈچى ئۆلمىدى، ئەمما، توختى ئالتە يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. توختىنىڭ بالىسى يوق ئىدى، شۇڭا ئايىمنىسا ئۇنىڭ ئۆيىگە ئىگىدارچىلىق قىلىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

ئايىمنىسا تۇرغۇن قىمار سورۇنلىرىنى كۆرگەن، خۇلقى يامان چوكان ئىدى. ئۇنىڭ نازۇ كەرەشمىلىرىگە مەپتۇن بولغان تۇرغۇن ئۇنىڭ ئۆيىگە ئۆزلۈكىدىن پات - پات كېلىپ، كۆڭلىنى خۇش قىلىپ يۈردى.

شەھەر كوچىلىرىدا غازاڭلار ئۇچۇپ يۈرگەن بىر كۈز ئاخشىمى تۇرغۇن، ئابدۇرېشىت، ئايىمنىسا گۈزەلنۇرلار ئايىمنىسانىڭ ئۆيىدە سورۇن تۈزگەن ئىدى. قەدەھلەر بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇپ جاراڭلايتتى. ئايىمنىسا بىلەن گۈزەلنۇر ئاق ھاراقنى ئۆز جۈپلىرىگە بىمالال «خۇش كەتتى» قىلىشاتتى، خۇش كەتتىسىنى ئىچكىنى ئۇچۇن جۈپلىرىنى تارتىنماي سۆيۈپ قويۇشاتتى.

تۇرغۇن بۇنداق ئولتۇرۇشتا ئۆزىنى جەننەت ھۇزۇرىنى سۈرگەندەك ھېس قىلاتتى. خىيالىغا ئايالى، باللىرى كىرىپمۇ چىقمايتتى. تۇرغۇن ئۇچۇن بۇ دۇنيادا پەقەت ئۆزى بىلەن ئايىمـ

نىسالا بار ئىدى.

بىر چاغدا تۇيۇقسىز ئىشىك چېكىلدى. ئايىمنىسا ئىشىك ئاچقىلى چىقىپ كېتىپ، ئۈچ ئەرنى باشلاپ كىردى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قىرىق ياشتىن ھالقىغانلار ئىدى. بادام دوپپا كىيگەن، گۆش يۈزلۈك، چىرايى نېگىرنىڭكىدەك قاپقارا ئادەمنىڭ شاپ بۇرۇتى دىردىيىپ تۇراتتى. ئاق سېرىق كەلگەن بىرى بولسا كىردىن قارىداپ كەتكەن شەپكە كىيىۋالغانىدى. ئۈچىنچى كىشى پاكار، دىقماق بولۇپ، يالاڭۋاش ئىدى. ئابدۇرېشىت بىلەن تۇرغۇن ئۇلارنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ، ئورۇنلىرىدىن تۇردى ۋە قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن كۆرپىگە تەكلىپ قىلىشتى.

— بۇ مېنىڭ بۇرۇنقى ئەل - ئاغىنىلىرىم، يېقىندا قايتا كۆرۈشۈپ قالدۇق، — ئابدۇرېشىت كىرگەنلەرنى تۇرغۇنغا تونۇشتۇردى ۋە چاندۇرماي ئايىمنىساغا كۆز قىسىپ قويدى.

يېڭى مېھمانلارغا چاي قۇيۇلدى. ئارقىدىن يەنە بىر بوتۇلكا ھاراق كەلتۈرۈلدى. سورۇن تازا قىزىغان چاغدا تاۋكا تۈزۈلۈپ تۆت ئوشۇق شاراقلاپ ئېتىلىشقا باشلىدى. پۇل بىردە ئۇنىڭ، بىردە بۇنىڭ قولىغا ئۆتۈپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ قىمار ئوينىغىنىنى كۆرۈپ ئولتۇرۇپ، تۇرغۇننىڭ كۆڭلىدە شەيتان قۇتراشقا باشلىدى. قىمارۋازلار باشتا ئون يۈەندىن تىكىشكەنىدى، كېيىن ئەللىك، يۈز يۈەندىن تىكىشكە باشلىدى. تۇرغۇن بۇرۇن بۇنداق سورۇنلارنى كۆرگەن بولسىمۇ، ھېچ قاچان قىمارغا ھەۋەس قىلمىغانىدى. ئەمما بۈگۈن نېمە بولدى، ھاراقنىڭ كەيپىمۇ ياكى شەيتىنى ئۇنى دەيدەيگە سېلىۋاتامدۇ، بارا - بارا قىمارغا قىزىقىپ قېلىۋاتاتتى.

قىماردا پاكار كىشىنىڭ ئامىتى كېلىۋاتقاندەك قىلاتتى. نېمىنگىدۇر سۈركەپ سىلىقلاشتۇرۇلغان كىچىككىنە ئوشۇقلار ئۇنىڭ قولىغا چىققاندا، ئەتراپتىكىلەرنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ

كېتەتتى. ئۇ ئۇشۇقنى قارا كىگىز ئۈستىگە «دەستىگام» دەپ ھەر بىر ئاتقاندا ھەممىسىنىڭ بېشى تەڭ چۈشۈپ كېتەتتى...

ئايىمنىسا تۇرغۇننىڭ كەينىدە كۆكسىنى ئۇنىڭ دۈمبىسىگە يېقىپ ئولتۇراتتى. ئۇ تۇرۇپ - تۇرۇپ: «قېنى، سىزمۇ ئويناپ بېقىڭ» دېگەندەك كۆكسى بىلەن ئۇنى تۈرتۈپ قوياتتى. يېنىدىكى پۇللىرىدىن ئايرىلغان شاپ بۇرۇت سورۇندىن سولىشىپ سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرغىنىچە پىنەكچە قىلىپ موخۇركا يۆگىدى. شۇئان تۇرغۇننىڭ بۇرنىغا خۇشبۇي كەندىر ھىدى ئۇرۇلدى. ئەمدى ئۇ زادىلا ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى.

— مەنمۇ ئويناپ باقاي.

ھەممەيلەن ھەيران بولغاندەك تۇرغۇنغا قاراپ قېلىشتى.

— تەلىيىڭنى سىناپ باقاي دەپسەن - دە، بوپتۇ كەل، — دېگىنىچە كەينىگە داجىپ ئورۇن بوشاتتى ئابدۇرېشىت. تۇرغۇن ھە دېگەندىلا يېنىدىن مىڭ يۈەن چىقىرىۋېدى، شەپكىلىك:

— پاھ، جەمشىت پىرىم، ئۆزۈڭ مەدەت قىلغايسەن، — دەپ تۆت ئۇشۇقنى ئاتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن تاۋكادا نىمە ئىشلار يۈز بەرگەنلىكىنى تۇرغۇن ئاڭقىرالمىدى. ئۇ تۆت ئۇشۇقنى قانداق ئويناشنى بىلمەيتتى. بىراق شەپكىلىك بىلەن ھەدەپ ئۇشۇق ئاتاتتى. ئەتراپتىكىلەر: سىياھ چۈشتى، چۇ چۈشتى... دېيىشىپ چۇرقىرىشاتتى. بىر چاغدا ئۇنىڭ يانچۇقى قۇرۇقدالدى. ئەمدى ئۇ نېسىگە ئون مىڭ يۈەنلەپ دو چىقىشقا باشلىدى. ئۇ ئۇتتۇرغان پۇللىرىنى ئۇتۇپ قايتۇرۇۋېلىشنى ئويلايتتى، ئەمما قېرىشقاندەك بارغانسېرى قەرزگە بوغۇلماقتا ئىدى.

— ئەمدى بولدى قىلايلى، — دېدى بىر چاغدا شەپكىلىك ئۇشۇقلارنى قولىغا ئېلىۋېلىپ، — ھېلىمۇ ئىككى يۈز مىڭغا قەرزدار بولدۇڭ، ئاۋۋال ئىككى يۈز مىڭنى چىقار.

— ئەتىلا بېرىمەن، ئەتىلا. بانكىدىنلا ئېلىپ بېرىمەن...

تۇرغۇن يېلىنىشقا باشلىدى. بۇ ئۇنىڭ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم باشقىلارغا يېلىنىشى ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ يېلىنىشلىرى شەپكىلىككە قىلچىمۇ تەسىر قىلمايتتى. ئۇ ئاۋۋال پۇلنى چىقار، ئاندىن ئوينايمىز دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. تۇرغۇن ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم خورلۇق ھېس قىلدى. غەزەپلىنىپ ئىچ - ئىچىدىن بوغۇلۇپ كەتتى. ئۇ ئاخىر باشقىلارنىڭ سالا - سۇلھىسى بىلەن ئەتىلا ئىككى يۈز مىڭ يۈەننى شەپكىلىككە بېرىشكە ماقۇل بولۇپ ھۆججەت بەردى.

تۇرغۇننى ئۇخلىدا قويغانلار چىقىپ كەتتى. ئابدۇرېشىتمۇ گۈزەلنۇرنى ئەگەشتۇرۇپ نەگىدۇر يوقالدى. ئۆيدە ئايىمنىسا بىلەن يالغۇز قالغان تۇرغۇن ئىچىدە ئوت كۆيۈۋاتقاندەك بىئارام بولاتتى. توختىماي ئۇلۇغ - كىچىك تىناتتى. ئۆزىنى گويا نەپەس يېتىشمەيۋاتقاندەك، بوغۇلۇپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلماقتا ئىدى.

— بولدى، ئىچىڭىزگە ئېلىپ كەتمەڭ، — دېدى ئايىمنىسا ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسىغان بولۇپ، — قىمار دېگەن شۇنداق، بەزىدە ئۇتتۇرىسىز، بەزىدە ئۇتىسىز. سىز ئۇچۇن ئىككى يۈز مىڭ يۈەن ھېچ گەپ ئەمەسقۇ؟

— ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن مۇنۇ خۇمسىلار قاراپ تۇرۇپ - ھە؟ ياق، مەن بۇ ئىشنى بولدى قىلمايمەن، مەن پۇللىرىمنى چوقۇم ئۇتۇپ قايتۇرۇۋالىمەن.

— ھە، ماۋۇ گېپىڭىز جايىدا بولدى جېنىم، كېلىڭ، ھاراق ئىچىڭ.

تۇرغۇن ئېغىر پۇشۇلدىغىنىچە ئايىمنىسانىڭ يېنىغا چۆكتى ۋە ئۇ تۇتقان بىر نەچچە رومكىنى كۆتۈرۈۋېتىپ، ئولتۇرغان يېرىگە موكلا چۈشتى - دە خورەكنى باشلىۋەتتى...

تۇرغۇن ھېلىمۇ ئۆكسۈپ يىغلايتتى، ئىچ - ئىچىدىن ئاھ ئۇراتتى.

— ئەتىسى ھېلىقى شەپكىلىككە بانكىدىن ئىككى يۈز مىڭ

يۈەنىنى ئېلىپ بەردىم، — دېدى ئۇ مىشىلداپ تۇرۇپ — گويا يۈرىكىمنى بىرى سۇغۇرۇۋالغاندەك بولۇپ كەتتىم. ئەمما پوشاي-
مان قىلىشنىڭ ئورنىغا قىمارغا بېشىمچە كىرىپ كەتتىم، مە-
ستىم ئۇتتۇرۇۋەتكەن پۇلۇمنى قايتۇرۇۋېلىش ئىدى. لېكىن، ئۇنداق قىلىش ماڭا مۇمكىن بولمىدى. يېرىم يىلغا قالماي ھەممە بىساتىمدىن ئايرىلىپ، يالاڭ تۆش بولۇپ كەتتىم. شۇنىڭغىچە ئۆيۈمگىمۇ دەسسەپ باقمىغانىكەنمەن، مېنىڭ ئىشلىرىمدىن خە-
ۋەر تاپقان ئايالىم سوتقا ئەرز قىلدى. مەن لېۋىمنى چىشلەپلا قالدىم. باللىرىمغا تىكىلىپ قارىيالمىدىم، بىز ئاجرىشىپ كەت-
تۇق. باللار ئۇنىڭ بىلەن قالدى.

سەپدىشىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلار نۇردۇنغا قاتتىق تە-
سىر قىلغانىدى. تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئاچچىقى كېلەتتى، تۇرۇپ يەنە ئىچى ئاغرىيتتى. ئۇ ئاخىرى ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ قويۇپ ئېيتتى:

— ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ قىپسەن، نېمىگە يىغلايسەن؟ بولدى قىل ئەمدى.

— راست ئېيتىسەن، ئۆزۈمگە ئۆزۈم قىلدىم، ئەسلى ئابدۇرېشىت ماڭا قىلتاق قۇرغانىكەن، سەزمەپتىمەن، ھېلىقى قېتىملىق رازۋېدكىدىن كېيىن ئۇ بىزگە غۇم ساقلاپ يۈرەتتى، ئۆزىنىڭ ھەربىي سەپتىن چېكىندۈرۈلۈشىنى بىزدىن كۆرەتتى. شۇ ئۆچىنى ئېلىش ئۈچۈن ماڭا قىلتاق قۇرغان، ئايىمىنىسانى يەمچۈك قىلىپ مېنى قىلتاققا چۈشۈرگەن، مېنىڭ كۆز ئالدىم-
دىن ئەتەي تاۋكا قۇرۇپ، مېنى قىزىقتۇرغانىكەن، سەزمەپتىم-
مەن. ھەممە بىساتىمدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئابدۇرېشىتمۇ، ئا-
يىمىنىسامۇ قارىسىنى كۆرسەتمىدى. ئەسلى ئۇلارنىڭ گېپى بىر ئىكەن.

— بولدى قىل، يىغلىما، بولغۇلۇق بوپتۇ، ئەمدى بۇ ئىشلاردىن ساۋاق ئال. مەن بىلەن بىللە كەت، بىز بىللە تىجارەت قىلايلى.

تۇرغۇنغا نۇردۇننىڭ تەكلىپى مايدەك ياقتى. چۈنكى ئۇ
هازىر بىر بۇردا ناننىڭ قۇلى بولۇپ قالغان ئادەم ئىدى.

## 6

رېستوران بېزىلىپ بولدى. نۇردۇن جۈمە كۈنى رېستوراندا
نەزىر بەردى. نەزىرگە ئۇنىڭ ئۇرۇغ - تۇغقان، دوست - بۇرا-
دەرلىرى، سودا - سانائەتكە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ باشلىق-
لىرى چاقىرىلغانىدى. بۇ ھەم نەزىر ھەم رېستوراننىڭ ئېچىلىش
مۇراسىمى بولدى.

شەنبە كۈنى رېستوران رەسمىي ئېچىلدى. ئەمما تۇنجى كۈنى
رېستورانغا ھېچقانچە خېرىدار كىرمىدى. نۇردۇن ئەنسىرەپ قال-
دى. بىر كۈنلۈك تاماق ئۈچۈن تەييار قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ
شۇ پېتى تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، كۈن بويى تىت - تىت بولۇپ
يۈردى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئۇ ئىچىنى قۇرت غاجاۋاتقاندەك بىئا-
رام بولاتتى، توختىماي تاماقا چېكەتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى
سېزىپ تۇرغان تۇرغۇن پات - پات ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ئالدىرىما، ئالدىرىما، ئىش ئاستا - ئاستا يۈرۈشۈپ
كېتىدۇ، — دەپ كۆڭلىنى ياسايتتى.

ئۈچ كۈن شۇنداق ئۆتۈپ كەتتى. قىلغان سودىنىڭمۇ تايىنى
بولمىدى. ئاشپەز، كۈتكۈچىلەر كۈننى ئېغەك يۆلەپ ئولتۇرۇپ
ئۆتكۈزدى. ئۈچىنچى كۈنى كەچتە نۇردۇن رېستوراننىڭ ئالدىدا
ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە قاراپ تۇراتتى، تۇرغۇن بىر كىشىنى
باشلاپ كەلدى.

— خېرىدار تېپىپ كەلدىم، — دېدى ئۇ باشلاپ كەلگەن
كىشىنى نۇردۇنغا تونۇشتۇرۇپ.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — نۇردۇن ھېلىقى كىشىگە قول

ئۇزاتتى ۋە ئۇنى ئاشخانىغا تەكلىپ قىلدى.

— بولدى، ئىشىم ئالدىراش، مەشەدىلا سۆزلىشەيلى، — دېدى كەلگەن كىشى تەكەللۇپسىزلا سۆزلەپ، — مەن ئاۋۇ بەردە قۇرۇلۇش قىلىۋاتىمەن. قول ئاستىمدا 30 ـ 40 چە ئادەم ئىشلەيدۇ، ئىشلەمچىلەرنىڭ ئۈچ ۋاخ تامىقىنى سىلەرگە كۆتۈرە بېرەي دېگەن.

— ياخشى گەپ ئىكەن، — دېدى نۇردۇن دەرھاللا.

— لېكىن، بىزگە تاماقنى ئەرزانراق قىلىپ بېرىسىلەر، ئەتىگەندە نان ـ چاي چۈشتە تاماق، كەچتە سۇيۇق ـ سەلەڭ بىر نەرسە بولسا بولدى.

— دېگىنىڭىزدەك قىلىپ بېرىمىز، سىزنى چوقۇم رازى قىلىمىز.

— سەن ئۇ خېرىدارنى قانداق تاپتىڭ؟ — دەپ سورىدى نۇردۇن ئۇ كىشى كەتكەندىن كېيىن.

— ئەتىگەن سەي ـ كۆكتات ئالغىلى بارغىنىمدا ئۇنى كۆرگەنىدىم. ئۇ بىرىگە ھال ئېيتقىلى تۇرۇپتىكەن، ئۇنىڭ دېيىشىدە، ئىشلەمچىلىرىگە تاماق قىلىدىغان ئاشپەزى ئاخشام ئاشخانىدىكى ئۇن، گۈرۈچ، ماي دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ قېچىپ كېتىپتۇ. ئىشلەمچىلەرنىڭ تامىقىنى بىرەر ئاشخانىغا كۆتۈرە بەرمەكچى ئىكەن. شۇڭا بايا بېرىپ سۆزلىشىپ باشلاپ كېلىشىم.

تۇرغۇنىنىڭ بۇ ئىشىدىن نۇردۇن تولىمۇ خۇش بولدى. ئۇنىڭ خۇش بولغىنىغا يارىشا، ئۇلارنىڭ ئايىغى ياراشتى، ئادەم دېگەنمۇ دورامچى كېلىدىكەن، 30 ـ 40 ئادەمنىڭ ئۈچ ۋاخ كىرىپ تاماق يېيىشى بىلەن رېستورانىنىڭ خېرىدارلىرى بىراقلا كۆپەيدى.

ئىشلار ئاستا ـ ئاستا يۇرۇشمەكتە ئىدى. كەچلىرى ئايرىمخانىلارمۇ توشىدىغان بولدى. توي ـ تۆكۈن ئۈچۈن كېلىدىغانلارمۇ كۆپەيگىلى تۇردى. نۇردۇن ئەمدى باشقۇرۇش ئىشلىرىغا

يېتىشەلمەيلا قالدى. ئۇ تۇرغۇننى باشلاپ كېلىپ ياخشى قىلغانىكەن، ئۇ نۇردۇنغا ياخشى ياردەمچى بولدى.

تۇرغۇن ھەسەنوفلارنىڭ قورۇسىدىكى بىر ئېغىز ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. ئەمدى ئۇ رېستوراننىڭ يېنىدىكى ئىشخانا قىلىنغان ئۆيدە يېتىپ قوپىدىغان بولدى. ئۇ سەھەر تۇرۇپ، سەي - كۆكتات، گۆش دېگەندەك لازىمەتلىكلەرنى ئالغىلى بازارغا باراتتى. ئۇ قايتىپ كەلگۈچە ئوچاقلارغا ئوت يېقىلىپ بولاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن كۈتكۈچى، ئاشپەزلەرگە ئىش بۇيرۇپ، ئۇلارنى نازارەت قىلاتتى. نۇردۇن ئۆيدىن كەلگۈچە سېتىلغان تاماقلارنىڭ پۇلىنى يىغاتتى. نۇردۇننىڭ ئىشى چىقىپ قالغاندا، رېستوراننى ئۇنىڭغا خاتىرجەم تاشلاپ كېتىۋېرەتتى.

كۈز كېلىش بىلەن رېستوراننىڭ ئىشلىرى تولىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى. چوڭ توي، سۈننەت توي ئۆتكۈزگۈچىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرىدىن سىرت مىنهەپتە كۈنلىرىمۇ رېستوران بىكار قالمايدىغان بولدى. بۇنىڭ ئۈچۈن نۇردۇن ئەلۋەتتە خۇشال ئىدى.

رېستورانغا مۇشۇ شەھەردىكى ياشلاردىن تەشكىل قىلىنغان مۇزىكا ئەترىتى تەكلىپ قىلىنغانىدى. رېستوراندا ھەر كۈنى كەچلىكى نەغمە - ناۋا ياڭراپ تۇراتتى. مېھمانلار مەيدانغا لىققىدە چۈشۈۋېلىپ ئۇسسۇل ئوينايتتى. ئايرىمخانىلاردىن VCD پلاستىنكىلىرىنىڭ ئاۋازى توختىماي ياڭراپ تۇراتتى.

نۇردۇن بىر كۈنى ئىشخانىسىغا بېكىنىۋېلىپ، نەچچە ئايلىق ھېساباتىنى تەكشۈرۈپ كۆردى. نەتىجە تولىمۇ كۆڭۈللۈك، كۆڭۈل سۆيۈنگۈدەك بولۇپ چىقتى. ئوبدانلا پايدا يارىتىلغانىدى. ئۇ، تاماكا چەككەچ ئولتۇرۇپ ھەربىي سەپتىن چېكىنىش ئالدىدىكى دېلىغۇللۇقلىرىنى ئەسلىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭغا ھەربىي سەپتىن ئايرىلسا جان باقالمايدىغاندەك تۇيۇلغانىدى. ئەمدى ئويلىسا ھەربىي فورما كىيمەيمۇ، ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەپ

تىرىكچىلىك قىلىپمۇ جان باقىلى، بەلكى ياخشىراق جان باقىلى بولىدىكەن. نۇردۇن شۇلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەندە ئائىلى بەخ-تىنىسادىن مىننەتدار بولدى، ئەگەر بەختىنىسا ئۇنىڭغا مەدەت بېرىپ، ئۇنى ھەربىي سەپتىن بوشاشقا دەۋەت قىلمىغان بولسا ئۇ قانداق قىلار ئىدى؟ . . . ئۇ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ سەپدى-شى تۇرغۇننىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئەسلەپ قالدى. مانا ئۇمۇ ھەربىي سەپتىن بوشىغان سودا قىلىپ مىليونېرمۇ بولغان. لې-كىن، ئاسان ئېرىشكەن نەرسىنىڭ قەدرى بولمايدىغان ئوخشاي-دۇ، ئاسان ئىگە بولغان بايلىقتىن يەنە شۇنداق ئاسانلا ئايرىلىپ قالغان.

نۇردۇننىڭ دوستىغا ئىچى ئاغرىپ قالدى. ئۇ نەچچە ئايدىن بېرى ئىشخانىدا تۇرۇۋاتاتتى. ھاراق سورۇنغا يېقىن بارمايتتى، ئاياللارنى كۆرسە نېرى كېتەتتى. كەم سۆز بولۇپ قالغانىدى. بەزىدە ئۇزاققىچە بىر نۇقتىغا تىكىلىپ ئولتۇرۇپ قالاتتى. نۇر-دۇن پات - پات ئۇنىڭ ئۇلۇغ - كىچىك تىنغىنىنى ئاڭلاپ قالاتتى. تەبىئىيكى، ئۇنىڭ قەلبىدە بىر ئازابلىق دەرد بار ئىدى. نۇردۇن ئۇنىڭ مۇڭلىنىپ قالغان چىرايىدىن ئىككى قىزىنى سېغىنغانلىقىنى ھېس قىلاتتى. ئۇنىڭ قىزلىرى ھازىر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيتتى. دادىسىنىڭ ئىشلىرى بەك ھار كەلگەچكە دادىسىغا ھەتتا بىرەر ئىلىك خەتمۇ يېزىپ قويمايتتى. ئۇلار راستتىنلا دادىسىدىن يۈز ئۆرۈگەنمىدۇ؟ نۇردۇن بۇنداق بولۇشى-غا ئىشەنمەيتتى. تۇرغۇن ئۇچۇنمۇ ئىللىق ئائىلە كېرەك ئىدى. بولۇپمۇ ھازىرقىدەك يالغۇزلۇق دەردىدە پۇچۇلىنىپ يۈرگىنىدە تېخىمۇ شۇنداق ئىدى. شۇلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەن نۇردۇن بۈگۈن كەچتە تۇرغۇن بىلەن سىردىشىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. دېمىسىمۇ ئەمدى ئۇنىڭ ھالىغا يېتىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالغانىدى.

نۇردۇن شۇ كۈنى كەچتە تۇرغۇننى ئىشخانىسىغا چاقىردى. تۇرغۇن ئۈستەل ئۈستىدە ئىككى تەخسە قورۇما بىلەن بىر بوتۇلكا

ئاق هاراقنىڭ تۇرغىنىنى كۆرۈپ تۇرۇپلا قالدى.
— نېمە بولدى، تۇرۇپلا قالدىڭغۇ؟
— نېمە، هاراق ئىچمىسزمۇ؟
— نېمشقا ئىچمەيمىز؟
— مەن بۇ نجىسنى ئىككىنچى ئاغزىمغا ئالماي دېگەن، ماڭا هەممە خاپىلىقنى تېپىپ بەرگەن شۇ هاراق.
— سېنىڭ ئۇ ئىچىشىڭگە بۇ ئىچىش ئوخشىمايدۇ. كەل، بۇ يەردە ئولتۇر. بۇ يەردە ئىككىمىزلا بار، بىزنى ئېزىقتۇرىدىغان شەيتانلار يوق.
تۇرغۇن دوستىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇردى، ئۇ تولىمۇ مىسكىن كۆرۈنەتتى. نۇردۇن ئۇنىڭغا چاي قۇيۇپ، تاماكا تەڭلىدى. ئاندىن بىرىنچى رومكا هاراقنى قولىغا ئېلىپ گەپ باشلىدى:
— بۈگۈن سېنىڭ بىلەن مۇڭداشقۇم كېلىپ قالدى، نەچچە ئاي بوپتۇ، ئىككىمىزگە مۇڭداشقۇدەكمۇ پۇرسەت بولمىدى. بۇ جەرياندا سەن ماڭا كۆپ ياردەم قىلدىڭ. سەن بولمىساڭ يېتىشەلمەس ئىكەنمەن. ئىشلىرىمىزنى رەتكە سېلىۋالدۇق، تىجارىتىمىز كۆڭۈلدىكىدەك بولۇۋاتىدۇ، بۇنىڭدا سېنىڭمۇ هەسسەڭ بار. شۇڭا ساڭا رەهمەت ئېيتىمەن، قېنى خوش.
— ئەسلىدە مەن ساڭا رەهمەت ئېيتسام بولىدۇ، تالادا قېلىۋېدىم، ئاغىنىدارچىلىق قىلىپ. . .
— بولدى، ئۇنداق گەپلەرنى قىلما.
شۇ سۆزلەردىن كېيىن تۇرغۇن جىم بولۇپ قالدى. قولىدىكى رومكىغا بىر هازا قاراپ ئولتۇرغاندىن كېيىن كۆز چاناقلىرى لۆممىدە ياشقا تولدى.
بوتۇلكا يېرىملاشتى. هەر ئىككىيلەننىڭ يۈزلىرى قىزاردى. نۇردۇن ئەمدى كۆڭۈلدىكى گەپنى دەيدىغان ۋاقىت بولۇپ قالغانلىقىنى هېس قىلىپ، تۇرغۇنغا قارىدى. تۇرغۇن ساقاللىرىنى پاكىز قىرغان، ئاق ئارىلىغان قويۇق چاچلىرىنى كەينىگە

قىلىپ سىلىق تارىغانىدى. ئۇستىدە ياراشقان قارا كۆك كاستۇم بار ئىدى. ئەمما چىرايى يەنىلا مىسكىن كۆرۈنەتتى.

— ساڭا بىر مەسلىھەتىم، — دېدى نۇردۇن ئارىدىكى جىمجى-جىتلىقنى بۇزۇپ، — ئەگەر ماقۇل دېسەڭ، نۇرئەلانى بۇ يەرگە ئەكىلەي دەيمەن. سىلەر يارىشىپ قالساڭلار، بولامدۇ؟

تۇرغۇن جاۋاب بەرمەي ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئالدىدىكى رومكىغا تىكىلگەنىدى. تەبئىيكى ئۇ نېمىنىدۇر ئويلا-ۋاتاتتى. بەلكىم ئۆتمۈشنى، ئېزىپ يۈرگەن كۈنلىرىنى ئەسلە-گەندۇ ۋە ياكى بالىلىرى كۆز ئالدىغا كېلىپ پۇچۇلىنىۋاتقاندۇ.

— نېمىشقا گەپ قىلمايسەن؟

— ئۇ ياراشقىلى ئۇنىمايدۇ.

— ئۇ تەرەپتىن خاتىرجەم بول، مەن ئۇنىتىمەن.

— بالىلارغا قارايدىغان يۈزۈم يوق. مەن ئۇلارنىڭ ئالدىدا ھەقىقەتەنمۇ كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئۆتكۈزدۈم.

— ئازماس ئاللا. بەندە ئىكەنمىز، ئازىمىز، گۇناھتىن خالىي بولالمايمىز، ئىشىنىمەنكى، نۇرئەلامۇ، بالىلىرىڭمۇ شۇن-داق قارايدۇ، سېنى كەچۈرىدۇ.

تۇرغۇن ئالدىدىكى رومكىنى كۆتۈرۈۋەتتى. بايىدىن بېرى كۆز چاناقلىرىدا لىغىرلاپ قالغان ياش ئەمدى مەڭزىگە سىرغىپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇ پۇشايمان ئوتىدا ئازابلىنىۋاتاتتى. نۇر-دۇن ئەمدى بۇ ئىشنى تىلغا ئالماسلىق لازىملىقىنى ھېس قىلدى. ئەگەر يەنە تىلغا ئالسا، تۇرغۇن ھۆكرەپ يىغلىۋېتىدىغاندەك قىلاتتى.

— شۇنداق قىلايلى، ھەممە ئىشنى ئۆزۈم توغرىلايمەن.

نۇردۇن دېگىنىنى قىلدى. ئۇ ئەتىسىلا نۇرئەلانىڭ ئىشخاند-سىغا تېلېفون قىلدى. نۇرئەلا ۋىلايەتلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىـ-تېتىدا ئىشلەيتتى. ئۇ ئىشخانىدا ئىكەن، تېلېفوننى ئۆزى ئال-دى. ئۇلار ناھايىتى قىزغىن كۆرۈشتى. لېكىن، نۇردۇن دوس-تىنىڭ ئىسمىنى چىقىرىشىغا نۇرئەلا خاپا بولۇپ، «ئۇنىڭ ئىس-

مىنى تىلغا ئالماڭ!» دېدى. ئۇ تۇرغۇننى ھېلىغىچە كەچۇرمىگەندەك قىلاتتى. نۇردۇن بۇ ئىشنىڭ تېلېفوندا سۆزلىشىش ئارقىلىق پۈتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

نۇردۇن تۇرغۇنغا ئۇقتۇرماي ئىككى ئېغىز ئۆينى ئىجارىگە ئالدى ۋە ئاددىيلا سەرەمجانلاشتۇردى. ئاندىن بىر ـ ئىككى كۈنلۈك ئىشىم چىقىپ قالدى دەپ رېستوراننى تۇرغۇنغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، ۋىلايەت مەركىزىگە باردى ۋە ئۈچىنچى كۈنى نۇرئەلانى ئەگەشتۇرۇپ كەلدى.

نۇرئەلا ئوتتۇرا بوي، سىمىز، قارا قۇمچاق ئايال ئىدى. نۇردۇن ئۇنى ئاۋۋال ئۆيگە باشلاپ كەلدى. چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇلار ئۆيدە تاماقلانغاندىن كېيىن نۇردۇن رېستورانغا باردى.

— قاچان كەلدى! — نۇرئەلانىڭ كېلىشى تولىمۇ تۇيۇقسىز بىلىنگەن تۇرغۇن نۇردۇنغا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قاراپلا قالدى، — ئۇنى سەن باشلاپ كەپسەندە؟

— شۇنداق.

— ئۇ يارىشىشقا قوشۇلدىمۇ؟

— قوشۇلمىسا كېلەتتىمۇ، باشتا گەپ قىلسام ئۇنىمىدى، كېيىن ئۇنى ـ بۇنى دەپ يۇمشاتتىم. ئاراڭلاردا ئىككى بالا بار ـ دە، ئۇلارنى يېتىم قىلغىلى بولمايدۇ.

تۇرغۇن ئارتۇقچە گەپ قىلمىغان بىلەن نۇرئەلانىڭ كەلگەنلىكىدىن تولىمۇ خۇشال بولغانلىقى چاقناپ كەتكەن كۆزلىرىدىن بىلىنىپ تۇراتتى.

نۇردۇن تۇرغۇننىڭ نەچچە ئايلىق ئىش ھەققى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئون مىڭ يۈەنگە يېقىن پۇل بەردى ۋە ئۇنى «ئايالىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەرنى سېتىۋال» دەپ ماگىزىنغا ئەۋەتتى. ئاندىن ئاشپەزدىن بىرنى ئۆيگە بېرىپ پولۇ ئېتىپ تۇرۇشقا بۇيرۇپ، ئۆزى نىكاھ ئوقۇيدىغان ئادەم تاپقىلى كەتتى.

شۇ ئاخشىمى تۇرغۇن بىلەن نۇرئەلانىڭ نىكاھى ئوقۇلدى. ئەتىسى ئۇلار قايتىدىن توي خېتى ئېلىشتى. نۇردۇن ئۇلارنىڭ بۇ خەيرلىك ئىشى ئۈچۈن رېستوراندا توي چېيى بەردى.

چايغا ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرى چاقىرىلغان ئىدى. زال ئادەمگە لىق تولدى. ئوتتۇرىدىكى ئۈستەلدە تۇرغۇن بىلەن نۇرئەلا ئولتۇرۇشتى. تۇرغۇن خۇشال ئىدى، ئۇ ئارىلاپ يېنىدىكى ئايالىغا زوقلىنىپ قاراپ قوياتتى.

تاماقلار تارتىلدى. نۇردۇن سەھنىگە چىقىپ چاينىڭ رەسمىي باشلانغانلىقىنى ئېلان قىلغاندا رومكىلارنىڭ بىر - بىرىگە ئۇرۇلغان ئاۋازى پۈتۈن زالنى بىر ئالدى. ئارقىدىن مۇزىكانتلار سازلىرىنى دولان پەدىسىگە چېلىشتى. ئاۋۋال نۇردۇن ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ئۇسسۇل ئويناپ، مەيداننى بىر ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن بەختىنىسانى ئۇسسۇلغا تارتتى. ئىككىيلەن بىر پەس ئويىنىغاندىن كېيىن تۇرغۇن بىلەن نۇرئەلانى ئۇسسۇلغا تارتتى. ئۇلارنىڭ مەيدانغا چۈشىشى بىلەن پۈتۈن زالدا چاۋاك ياڭراپ كەتتى. چاۋاك، ئىسقىرتىش، «يارايدۇ، يارايدۇ!» دېگەن سادالار ئۆزۈلمىگەنچە بېسىقمىدى.

چايغا ئىشتىراك قىلغانلارنىڭ ھەممىسى تۇرغۇن بىلەن نۇرئەلانىڭ يارىشىپ قالغانلىقىدىن خۇشال ئىدى. ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلار مەيدانغا پاتماي قالغان بولۇپ، بىر - بىرىگە بېقىشىپ ئويناۋاتقان تۇرغۇن بىلەن نۇرئەلانى چۆرىدەپ ئوينىماقتا ئىدى. ئارىلاپ - ئارىلاپ كىمدۇر بىرى «بېقىپ - بېقىپ، تاشلاپ - تاشلاپ ئوينا» دەپ ۋارقىرايتتى. مۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا نۇرئەلا قىزىرىپ كېتەتتى، تۇرغۇن تېخىمۇ جانلىنىپ نۇرئەلانى پەرۋانىدەك ئايلىناتتى.

# قارا قۇرۇمدىكى يۇلتۇز

ۋەتىنىمىزنىڭ ھەر بىر سۇڭ يېرى ـ بەدىنىمىزدىكى ھەر بىر تامچە قاندەك ئەزىز؛ باشقىلارنىڭ بىر سۇڭ يېرىنىمۇ ئالمايمىز؛ ئەمما، مەملىكىتىمىزنىڭ بىر سۇڭ يېرىنى تاجاۋۇزچىلارنىڭ تارتىۋېلىشىغا ھەرگىز يول قويمايمىز.

(ئىسمايىل مەمەتنىڭ خاتىرىسىدىن)

## مۇقەددىمە

ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى. دولان دەرياسى كەچكۈز مەنزىرىسىگە چۆمۈلگەن، دەريا تاراملىرىدىكى كۈن نۇرى چۈشكەن سۇلارنىڭ يۈزى تىنماي سوقۇپ تۇرغان شامالدا مەۋج ئۇرۇپ دولقۇنلاپ، خۇددى قەدىمقى نۇسقىدىكى توقۇلغان ئالا چەكمەنلەردەك بالداق ـ بالداق بولۇپ تۇرۇلۇپ، ئاجايىپ گۈزەل ۋە ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. دەريا قىرلىرىدىكى، سازلىقتىكى سۇ-ۋادان تېرەكلەر، جىگدە، يۇلغۇن، سۆگەتلەرنىڭ باراقسان ئۆسكەن شاخلىرىدىكى يوپۇرماقلىرى تەبىئەتنىڭ كۈزنىڭ ئىزغىرىن شاملىنىڭ دەستىدىن شىكايەت قىلىۋاتقاندەك توختىماي شىلدىرلاپ يەرگە چۈشەتتى.

بۇ جاينىڭ شەرقىي ـ جەنۇبىغا جايلاشقان ئاقباش قارا قۇرۇم تاغلىرى تۇمانلىشىپ كەتكەن ئىدى. بۇ كۈنلەردە تاغنىڭ ھەممە يېرى ئاق قار، كۆك مۇز بىلەن قاپلانغان بولۇپ، جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ سوققان شامال ئاپئاق قارلارنى يەرگە چۈشۈرمەس-

لىككە ئۇرۇنغاندەك ئاسمانغا ئۇچۇرۇپ تۇراتتى. سارغۇچ پارقى-راپ تۇرغان كۈننىڭ شولىسى قەدەمدە بىر چوقچۇيۇپ تۇرغان ئېگىز - پەس چوققىلارغا چۈشەتتى. سوغۇق شۇنچىلىك قاتتىق ئىدىكى، تۈكۈرۈك يەرگە چۈشكىچە قېتىشىپ مۇز بولۇپ، ئۇيۇ-شۇپ كېتەتتى.

دولان دەرياسىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئېكىن يەرلەردە ئال-تۇنداك كۆز مەنزىرىسى چاقناپ تۇراتتى. ياپيېشىل، مەخمەلدەك چىمەنزارلىقلار سارغايغان، دەل - دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى غازاڭغا ئايلانغانىدى. دولان دەرياسىنىڭ سۈپسۈزۈك، زۇمرەت-تەك سۈيى شوخلۇقتىن قالغانىدى، ئۇ ياز كۈنلىرىدەك ئۆركەش-لەپ شارقىرىمايتتى، قىرغاقنا ئۇرۇلمايتتى، ئاساۋ ئاتتەك چاپ-چىمايتتى. گويا ياۋاشلاپ قالغاندەك تىنچ، شاۋقۇنسىز ئاقاتتى. ئۇ يىراقتىن قارىغان كىشىگە توختام سۇدەك كۆرۈنۈشى بىلەن تېخىمۇ گۈزەل كۆرۈنەتتى.

دولان دەرياسىنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان ھەربىي گازار-ما بولسا بوگۈن كەسكىن «جەڭ» تۈسىگە كىرگەنىدى. ھەممە كىشى - ئوفىتسېرلارمۇ، جەڭچىلەرمۇ جىددىي، چىرايلىرى سۇرلۇك كۆزلىرىدىن غەزەپ ئوتلىرى چاقنايتتى، مۇشتلار تۈ-گۈلگەنىدى. جەڭچىلەرنىڭ قەلبى ئاللىبۇرۇن ۋەتەن چېگرىسىغا ئۇچقان بولۇپ، گويا ھازىرلا بىر مەيدان جەڭ بولىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. گازارمىدىكى تۇرمۇش ئەزەلدىن جىددىي تۈستە ئۆتىدى-مۇ، ئەمما تەرتىپلىك ئىدى، ھېچقاچان بۈگۈنكىدەك سۇرلۇك كۆرۈنمەيتتى. سەپەرۋەرلىك يىغىنىمۇ ناھايىتى سۇرلۇك، ھەي-ۋەتلىك، دەبدەبىلىك ئۆتكۈزۈلدى. جەڭچىلەرنىڭ ئېگىز تاغدىن شاۋقۇنلاپ چۈشىۋاتقان شارقىراتمىدەك دولقۇنلۇق ئىرادە سۆزلى-رى پۈتكۈل زېمىننى ئۆز ئىلكىگە ئالغان ئىدى. سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاخىرلىشىپ كۆپ ئۆتمەي جەڭگە ئاتلىنىشقا چېلىنغان

جىددىي سىگنال بىلەن تەڭ «ئازاد» ماركىلىق ماش رەڭ ھەربىي
ئاپتوموبىللار ھايت ـ ھۇيت دېگۇچە گازارما ئالدىدىكى مەيدانغا
رەتلىك تىزىلدى. جەڭگە ئاتلىنىدىغان قىسىممۇ ھەش ـ پەش
دېگۇچە ئوق ـ قورال، يۈك ـ تاقلىرىنى ئاپتوموبىلغا ئورۇنلاش-
تۇرۇپ رەتلىك ئورۇن ئالدى.
يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان كۆكۈچ، قارامتۇل تاغ تىزمىسى
ئۇزاق ـ ئۇزاقلارغا سوزۇلۇپ ياتاتتى. كۈلرەڭ بۇلۇتلار خۇددى
ئاسمانغا ئۇچۇشقا ئىنتىلىۋاتقان قاناتلىق ئەجدىھاردەك چوققىلاردا
تۇرۇم ـ تۇرۇم بولۇپ ئەگىيتتى. بىر ـ بىرىگە مىنگىشىپ
كەتكەن ھەرىسىمان تاغ چوققىلىرىنىڭ تۆۋىدىن ئېلىنغان تاشيول-
دا قاناتلىق تۇلپارغا ئوخشاش، نەچچە يۈزلىگەن ھەربىي ئاپتومو-
بىللار بوراندەك تېزلىكتە يۇقىرى ئۆرلىمەكتە ئىدى. ئاپتوموبىل
يۇقىرىلىغانسېرى ئەگرى ـ بۈگرى تاغ يولى تارلىشىپ باراتتى،
بەزى جايدا، ئەگمىلەردە ئاپتوموبىل ئاران ماڭالايتتى. تاشيول-
دىن توپا ـ چاڭ پۇرقىراپ ئۆرلەپ تۇراتتى. بۇ يولدىن بىرلا
قېتىم مېڭىپ كۆرگەنلەر ھېلىمۇ ئۆزىنىڭ سالامەت تۇرۇۋاتقانلى-
قىغا مىڭ شۈكۈر قىلىدۇ.
بۇ داڭلىق شىنجاڭ ـ شىزاڭ تاشيولى بولۇپ، يول ياسى-
لىپ ئۇزۇن ئۆتمەي بۇنچىۋالا كۆپ ھەربىي ئاپتوموبىللارنىڭ
تۇنجى قاتنىشى ئىدى. بۇ يول دېڭىز يۈزىدىن 4 مىڭ مېتىردىن
كۆپرەك ئېگىز ئىدى. يولدىكى بەزى داۋانلىرى 6 مىڭ مېتىردىن
ئېگىز بولۇپ، بۇ تاغ يولىدا سىز ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ ماڭغى-
نىڭىزدا يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى تاغ مەنزىرىلىرىدىن ھۇزۇر
ئېلىپ ئەتراپىنى مەززە قىلىپ مېڭىش ئورنىغا كۆزىڭىزنى چىڭ
يۇمۇۋالىسىز، چۈنكى ئاپتوموبىلدىن تۆۋەنگە قارىسىڭىز يۈرىكى-
ڭىز قارتىتىدە قىلىپ، بېشىڭىز پىررىدە قايىدۇ ـ دە، سىزدە
بىر خىل قورقۇنچ پەيدا بولىدۇ.

ئەتىگەنلىكى ئېگىز تاغ باغرىدىن يۇقىرىغا قاراپ ئاپتوموبىل بىلەن ئىلان باغرى يولنى بويلاپ ئېگىز داۋانغا ياماشسىڭىز چوققى-تىن قايرىلغاندا ئاران چوققىغا چىقىپ بولالايسىز. ئاپتوموبىلدىن تۆۋەنگە قارىسىڭىز كۆزگە كۆرۈنىدىغىنى ھېلىقى ئەگرى - بوي-رى تاش يول ئەمەس، بەلكى كۆز يەتكۈسىز چوڭقۇرلۇقتىكى قورقۇنچلۇق جىلغا بولىدۇ، بۇ تاشيولنىڭ بىر تەرىپى ئاسمانغا تۇتاشقىدەك ئېگىز تاغ بولۇپ، بىر تەرىپى تۇۋى كۆرۈنمەيدىغان ھاڭ، ئېگىز چوققىدىن قارىسىڭىز پەستە ئۇچۇپ يۈرگەن بۈلۈت-لارغا قاراپ ئۆزىڭىزنى خۇددى رىۋايەتلەردىكى پەرىشتىلەردەك مۇئەللەقتە ئۇچىۋاتقاندەك ھېس قىلىسىز.

ئىلان ئىزىدەك تاغ يولدا يۇقىرى ئۆرلەپ يۈرۈۋاتقان ئاپتو-موبىللارنىڭ ھەممىسى ماش رەڭ، يېشىل رەڭ ۋە پوررەڭدىكى بوياقلار بىلەن بويۇلۇپ، ماسكىروپكا قىلىدىغان تورلار بىلەن يېپىلغانىدى. ئۇنىڭ بەزىلىرى ئېغىر تىپتىكى تاغ زەمبىرەكلىرىنى، بەزىلىرى ئېگىزگە ئاتار ئېغىر پىلىموتلارنى سۆرىگەن، يەنە بەزىلىرىگە جەڭگە قاتنىشىدىغان كوماندىر جەڭچىلەر ئولتۇر-غانىدى، ئاپتوموبىلدىكى جەڭچىلەر كۆكسىگە ئېسىۋالغان ئاپتو-مات، مىلتىق، يان قورال، يېنىك پىلىموتلارنى ئوقلاپ، ئالدى تەرەپتىن سوقۇۋاتقان ئاچچىق تاغ شامىلىنىڭ نەشتەردەك سانجى-شىغا پەرۋامۇ قىلماي، ئوتلۇق كۆزلىرىنى يىراقلارغا تىككەن ئىدى. ئۇلارنىڭ مەڭزىلىرى سوغۇقتىن شالپەردەك قىزارغان، ئېغىزدىن چىققان ئىسسىق ھور، تىنىق تەسىرىدە قاش - كىر-پىكلىرى نەملىشىپ، بىلىنەر - بىلىنمەس قىرولاشقانىدى، ئۇلا-رنىڭ شۇ تاپتىكى قىياپىتى ئاپئاق قارلىق چوققىدا مەزمۇت كۆكلەپ تۇرغان قارلەيلىسىنىڭ چىداملىق بەرگىنى ئەسلىتەتتى. بۇ بىر قىتىملىق چوڭ قوشۇننىڭ ۋەتەن چېگرىسىدىكى مۇھىم جەڭ ۋەزىپىسىگە ئاتلانغان ۋاقتىدىكى سەپىرى ئىدى.

# ئىچىنىشلىق ھايات

قەھرىتان قىش. سوغۇق شامال كەڭ دېڭىزغا ئوخشاش يېيىلىپ ياتقان چەكسىز قۇم بارخانلىرى ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان يېزا ئۈستىدىن غۇيۇلداپ ئۆتۈپ، قاپقارا ئىسلاشقان تۈڭلۈكلەر-دىن ئۆي ئىچىگە شىددەت بىلەن ئۇرۇلاتتى. پاكار - پاكار ۋەيرانە ئۆيلەرنىڭ مورىلىرىدىن ئانچە بىلىنمىگۈدەك دەرىجىدە سوزۇلۇپ چىققان ئاقۇش ئىسلار بۇ سوغۇق شامال ھوۋۇلداپ تۇرغان يېزىدا ھاياتقا چىڭ يېپىشقان ئىنسانلارنىڭ بارلىقىنى كۆز - كۆز قىل-غاندەك ئاستا كۆتۈرۈلۈپ، گۈرۈلدەپ سوقۇۋاتقان شامالنىڭ زەربىسىدىن خۇددى چىرىپ كەتكەن مەشۈت تالالىرىدەك بىردەم-دىلا غايىب بولاتتى. ھېلىقى پاكار - پاكار، ۋەيرانە، دوزاخ پۇراپ تۇرىدىغان، بىر كۆلۈڭ، تۆت بۆلۈڭ زەي ئۆيلەرنىڭ بىرىدە مەمەت ئاكا بىلەن ھەجەرخان ئانىنىڭ بېشىغا بەخت قۇشى قونۇپ، بۇ ئۆينىڭ ئىچىنى تەسۋىرلىگۈسىز خۇشاللىق باسقان ئىدى. چۈنكى، مەمەت ئاكا بىلەن ھەجەرخان ئانا بىر قانچە پەرزەنت كۆرگەن بولسىمۇ، كەمبەغەللىك، ناچار داۋالىنىش شارائىتى سەۋەبىدىن بالىلىرى ئۆلۈپ كېتىپ تۇرمىغان ئىدى. بۈگۈن مۇشۇ ئۆيدە تەقدىرنىڭ رەھىملىك ھىممىتىدىن جانجىگەر پەرزەنتى ئىسمايىل دۇنياغا كۆز ئاچتى. بۇ يوقسۇل ئاتا - ئانا گويا بېشىغا بەخت قۇشى قونغاندەك خۇشاللىقتا چۆمۈلدى، ئۇلار-نىڭ ئاغزى شادلىقتىن يۇمۇلماي قالغانىدى، خۇشاللىق ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

شۇنىڭدىن بېرى ئىسمايىل بۇ ئائىلىنىڭ ئىنتايىن ئەتىۋار-لىق تەۋرۈكى بولۇپ قالدى. ھازىر بۇ يوقسۇل ئائىلە پەرزەنتى ئىسمايىل بىلەن ئۆزۈك كۆڭلىنى خۇش قىلىپ، ئۇنىڭ ھەر بىر

ھەرىكىتىدىن تارتىپ ھەر بىر ئېغىز سۆزىگىچە بۇ ئائىلىنىڭ كۆڭۈل ئاچىدىغان سەنئەت نومۇرلىرىدەك ھېس قىلىپ ھۇزۇرلىناتتى.

كۈنلەر يورغۇلۇشۇپ بىر - بىرىنىڭ ئارقىسىدىن ئۆتمەكتە. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بۇ يۇگەنسىز كۈنلەر ئۆزىنىڭ قانۇنىيە- تى بويىچە قىشنىڭ ئورنىنى ئەتىياز، ئەتىيازنىڭ ئورنىنى ياز يازنىڭ ئورنىنى كۈز تالىشىپ بىر - بىرىنى ئارقىغا تاشلاپ ئۆتمەكتە. ئىسمايىلمۇ يوقسۇزلۇق ئۆز ئىلكىگە ئالغان بۇ ئائىلى- دە شوخ، ئەقىللىق چوڭ بولۇشقا باشلىدى. ئىسمايىل ئوقۇش يېشىغا ئەمدىلا توشقاندا مەمەت ئاكا ئۇنىڭ بۇدرۇق قولىنى تۇ- تۇپ، مەكتەپكە ئاپىرىپ بەردى. ئىسمايىل «ئاتا - ئانا» دەپ خەت يېزىپ ساۋادىنى چىقارغاندا، ئۇنىڭدىن سۆيۈنگەن مەمەت ئاكا بىلەن ھەجەرخان ئانا ئۇنىڭ پېشانىسىنى سىلاپ تۇرۇپ: «ئوماق ئوغلۇم، ئەتىۋارلىق قوزام، ئوبدان ئوقۇپ، چوڭ بول- غاندا ۋەتەنگە كېرەكلىك ئادەم بولغىن» دەپ خۇشاللىق ياشلىرى- نى تۆكۈشتى. ئىسمايىل ئازادلىقتىن ئىلگىرى پەقەت بىر يىللا ئوقۇيالىدى، ئۇ ئازادلىقتا ئېرىشكەندىن كېيىن ئوقۇشنى يەنە داۋاملاشتۇردى. ئۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ياخشى ئوقۇپ يۇرتتا نام چىقاردى...

سۇۋادان تېرەكلەر سايە تاشلاپ تۇرغان يىغىن مۇنبىرى ئۈستىدە «ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنى» دېگەن خەت يېزىلغان لوزۇنكا يەلپۈنۈپ تۇراتتى. يىغىن مەيدانىنىڭ ئىككى ياقىسىدى- كى تاملارغا، ئەتراپتىكى تېرەكلەرگە پىلاكاتلار ئېسىلغانىدى. بۇ يارۋاغ كوممۇناسى ئاچقان ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئىدى. يىغىننىڭ رەئىس سەھنىسىدىن ئورۇن ئالغانلار ئىچىدە بۇرۇتى ئەمدىلا خەت تارتقان بىر بالا ئاممىغا ئويچان نەزەر تاشلاپ ئولتۇراتتى. يىغىن مەيدانىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئېگىز ئۆسكەن قو- يۇق تېرەكنىڭ ئاراشلىرىدىن شۇڭغۇغان ياز قۇياشىنىڭ ئوتلۇق نۇرى بۇ جايدىكى دېھقانلىنىڭ شور دەستىدىن ئۇۋۇلۇپ كەتكەن

پاكار ئۆيلىرىنىڭ چۇۋۇق ھويلىسىغا چۈشۈپ تۇراتتى. بۇككىدە ئۆسكەن ئورمانلار ئارىسىدا شاختىن ـ شاخقا قونۇپ سايراۋاتقان قۇشلارنىڭ يېقىملىق ساداسى رادىئو كانىيىدىن ئاڭلىنىۋاتقان ناخشا ساداسىغا جور بولۇپ كىشىلەرگە زوق بېغىشلايتتى. يىغىن مۇنبىرىنىڭ سول تەرىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان «يارۋاغ كوممۇنىسىدىن مەيدانغا چىققان ئىلغار ئورۇن ۋە ئىلغار شەخسلەرنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان كۆرگەزمىخانىسى» غا قويۇلغان رەسىملەر، چۈشەندۈرۈش، سان سىپىرلار ۋە ماددىي ئەۋرىشكە بويۇملار كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلاتتى.

يىغىن مەيدانى ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان ئىدى.

مۇنبەردە ئولتۇرغان ھېلىقى بالا ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ خىيال قۇشلىرى يىراق ئۆتمۈشكە پەرۋاز قىلدى. . .

قەھرىتان قىش. قاراڭغۇ چۈشەي دەپ قالغانىدى. شىۋىرغان ئارىلاش سوغۇق شامال چەكسىز قۇم بارخانلىرى ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان يېزا ئۈستىدىن غۇيۇلداپ ئۆتۈپ، كىشىنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىنى زەھەردەك چاقاتتى. مەھەللىنىڭ قۇمساڭغۇ شور يولىدا يەتتە ياشلار چامىسىدىكى بىر بالا يەلكىسىگە بىر باغلام ئوتۇن يۈدۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئالدىدىكى قوي پادىسى ئۆيگە ئالدىراپ ـ توپا توزۇتۇپ كېتىپ باراتتى. قاپقارا كۆز، ئورۇقغىنا بۇ بالىنىڭ ئۇچىسىدا يىرتىلىپ نەچچە يېرىدىن پاختىسى كۆرۈنۈپ قالغان ماتا چاپان، جۇل ـ جۇل بولۇپ كەتكەن يالاڭ تامبال بار ئىدى. ئۇ باينىڭ يېشى ئەڭ كىچىك يىللىقچىسى، يەنى ئىسمايىل ئىدى. جاڭگالدىن باينىڭ ئۆيىگە ئوتۇن ئېلىپ كېلىش، چارۋىلارنى بېقىش، ئۆيگە سۇ توشۇش، قورۇنى سۈپۈرۈش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ كىچىك يىللىقچى قىلاتتى. شۇ تاپتا كۆڭۈلسىز قىشنىڭ ئاچچىق، زەھەردەك سوغۇقى ئىسمايىلنىڭ سوغۇقتىن يېرىلغان مەڭزىنى ھەرە چاققاندەك

چىقىپ ئېچىشتۇراتتى.

ئىسمايىل بۈگۈنمۇ قوينى ھەممىدىن كېيىن ھەيدىدى. قوي-لارنى ھەممىدىن بۇرۇن ئېلىپ چىقىپ كېيىن قايتىش ئۇنىڭغا ئادەت بولۇپ قالغان، بايىنىڭ زۇلۇمى ئۇنى شۇنداق قىلىشقا كۆندۈرگەن ئىدى. ئۇ مەھەللىگە قويلارنى ھەيدەپ كىرگەندە قاغىلار ھويلىدىكى سۆۋادان تېرەك شاخلىرىدا بىر - بىرى بىلەن قونداق تالىشىپ قاقاقلىشىۋاتاتتى. قوناق شاخلىرى بېسىلغان چەللە ئاستىدا قۇشقاچلار ۋىچىرلىشىپ، ئۇنىڭ قويلارنى ھەيدەپ مەھەللىگە قايتىپ كەلگەنلىكىنى قارشى ئالماقتا ئىدى. . .

ئىسمايىل غەيرەتلىك بالا، لېكىن ئۇنىڭ سۇنۇق چىرايىدىن يېتىملىكى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. ئۇ مەكتەپكە كىرىپ ئۈزۈنغا قالماي يۇرتقا كېزىك كېسىلى تاراپ، مەمەت ئاكا قازا قىلدى - دە، ئۇ دادىسى ئۆچۈن بايىنىڭ ئۆيىدە ئىشلەشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەكتەپتىن قالدى. ئۇنىڭ بوي تۇرقى دادىسىنى تارتقان - ئوتتۇرا بوي، بەستلىك، بۇلاق كۆز، قارا-قاش، ئاق يىشماق، بۇرنى قاڭشارلىق ئىدى. ئۇنىڭ بېشىدا كىرلىشىپ كەتكەن كۇرەك تۇماق، ئۇچىسىدا تىتىلىپ كەتكەن كۆينەك، ئانىسى قولدا شىرىپ تىكىپ بەرگەن ماتا ياختىلىق چاپان، پۇتىدا مىلىڭ بىر يەرگە ياماق چۈشكەن چورۇق بار ئىدى.

ئىسمايىل قويلارنى ھەيدەپ قوش قاناتلىق يوغان دەرۋازىدىن كىرگەندە باي ئىككى قولىنى كەينىگە تۇتۇپ، ھويلىدا ئۆرە تۇراتتى. ئۇ ماللار ھويلىغا كىرگەندە سانى بويىچە ئەمەس، بەلكى رەڭگى بويىچىمۇ كۆزدىن تولۇق ئۆتكۈزۈپ، تويغان - تويمىغان-لىقىغىچە سەپ سالاتتى.

ئىسمايىلنىڭ ئاتا بوۋىسى نەچچە ئەۋلادتىن بېرى نىياز بەگ-نىڭ ئۆيىدە ئىشلەپ، تىلسىز ھايۋان قاتارىدا تۇرمۇش كەچۈر-گەن ئىدى، ئۇ 7 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان ۋاقتىدا دادىسى مەمەت ئاكىنىڭ مۇردىسىمۇ مۇشۇ ئۆيدىن چىقتى.

ئىسمايىل قويلارنى ھەيدەپ دەرۋازىدىن كىرگۈزىۋاتقاندا، باي قويلارنى بىرمۇبىر ساندى. ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇس، بىر قوي كام چىقتى. بۇ ئەھۋالدىن ئىسمايىل ھاڭ - تاڭ بولۇپ، ھەيكەلدەك قېتىپ تۇرۇپلا قالدى، پۇت - قولىدا جان قالمىدى - دە، قانداقلارچە بىر قوي كام چىقىدۇ؟ ئۇ قويلارنى ساق ھەيدەپ كەلگەنىدىغۇ؟ . . . بىر قوينىڭ كەملىكىنى ئۇققان نىياز بەگ خىرقىراپ:

— ھەي قەلەندەرنىڭ بالىسى، سەن مالغا قارىماي نېمە ئىش قىلدىڭ؟ — دەپ ۋاقىرىدى.

چوشقىدەك سەمىرىپ كەتكەن چار ساقال نىياز بەگە شۇنداق دەپلا قىزىل تىۋىلغا ساپلىق ئۆرۈم قامچا بىلەن ئورۇق، كىيىملىرى جۇل - جۇل بولۇپ بەدەنلىرى كۆرۈنۈپ قالغان ئىسمايىلنى قامچىلاپ بەدىنىنى تىتما - تالاڭ قىلىۋەتتى.

ئىسمايىلنىڭ ئاھ . . . ھا . . . ۋايجان! ئادەم بارمۇ؟ مېنى قۇتقۇزۇڭلار، — دېگەن ئاھۇ - زار نالىسى جاھاننى بىر ئالدى.

— توۋا ماۋۇ ئادالەتسىزلىكنى، بىر قوي كەم چىققىنى ئۈچۈن كىچىككىنە، مۇشتەك بالىنى شۇنچە ئۇرغان، ئازابلىغان بارمۇ؟ — ئىسمايىلنىڭ نالە - زارىنى ئاڭلىغانلار ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىشتى.

خۇدا ھەققى بىگىم، بالا كىچىك، كەچۈرسىلە! يوقاتقان قوي چوقۇم چىقىدۇ — دەيتتى ھەجەرخان ئانا يىغلىغىنىچە نىياز بەگكە يالۋۇرۇپ.

ئىسمايىل تاياق زەربىسىدىن دىر - دىر تىترەيتتى. بەگ ئۇرۇشتىن ھېچ توختاي دېمەيتتى. «كەمبەغەل كەمبەغەلنىڭ قاياشى» دېگەندەك ئەتراپتىكى غەزەپكە تولغان يوقسۇللار مۇشتۇمىنى تۇگۈشتى. غەزەپتىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان بەگنىڭ يىللىقچىسى باتۇر قانغا مىلىنىپ ياتقان ئىسمايىلنىڭ ئۇستىگە ئۆزىنى ئاتتى ھەمدە:

— ھەي ئىنساپسىز بەگ، ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن تارتىپ سەنلەرگە ئىشلەپ ئۆتتۇق، قوينىڭ ئورنىغا قوي تۆلەپ بەرسە بولمىدىمۇ؟ . . . ئەل قىساسى مىنەلھەق! سەنلەردىنمۇ قىساس ئالىدىغان كۈنلەر يېتىپ كېلەر ئىلاھىم. . . دەپ مۇزلاپ تىترە-ۋاتقان ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرگىنىچە خۇداغا نالە قىلدى.

— ھەي زالىم بەگ، بىز يېتىم - يېسىرلارنى قاقشاتقىنىڭ ئۈچۈن خۇدايىم جاجاڭنى بىرەر، خۇدايىم بىزگىمۇ نەزىرىنى سالىدىغان كۈنلەر كېلەر. . .

ھەجەرخان ئانا ئېسەدەيتتى. پەنجىرىدىن گۈركىرەپ ئۇرۇپ تۇرغان سوغۇق شامال ئۆي ئىچىنى بىر ئالغانىدى، مەھەللە ئىچىدە شامالنىڭ ئۇشقىرتىشى بىلەن بىللە ئانىنىڭ ئېچىنىشلىق نالىسى ئاڭلىناتتى.

— سەن نىمە دېيىشىسەن غالچىلار. سەن قەلەندەرلەرنىڭ خورىكى ئۆسۈپ قالدىما؟ خەپ توختاپ تۇرۇش، ئەدىۋىڭنى راسا بېرىشىمىسەم، — دەپ بەگ شالىنى چاچتى.

كۈنلەر ھەپتىنى، ھەپتىلەر ئاينى قوغلاپ ئۆتمەكتە ئىدى. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە قىش ئۆتۈپ يازمۇ كەلدى. يۇرتتا بەزىلەر: شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بوپتۇ، دېسە، بەزىلەر مىللىي ئارمىيە شىنجاڭنى ئازاد قىپتۇ، دېگەن گەپلەر تارقالدى. ئىش قىلىپ، كىشىلەر يوشۇرۇن، ئاشكارە ھالدا «گومىنداڭ قېچىپتۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا گوڭچەنداڭ كەپتۇ» دەپ غولغۇلا قىلىشاتتى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان يوقسۇللار خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا پاتماي مەھەللىمۇمەھەللە، يۇرتمۇيۇرت خۇش خەۋەر دەپ بىر - بىرىگە يەتكۈزەتتى. ئۇلار كۆڭلىدە گوڭچەنداڭ چوقۇم بىز كەمبەغەل، يوقسۇللارغا يۆلەنچۈك بولىدۇ. بىز يوقسۇللارنىڭمۇ يورۇقلۇققا چىقىدىغان كۈنىمىز يېتىپ كەپتۇ، بولمىسا گومىن-داڭچىلار قاچاتتىمۇ؟ دېگەن ئويلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈشەتتى. . .

شەرقتىن قۇياش كۆتۈرلۈپ، مىڭلىغان، مىليونلىغان نام-

-راتلارنىڭ تېڭى ئاتتى. زامان - زامانلاردىن بېرى تۇمانغا پۈركى-
نىپ ياتقان پامىردىن تارتىپ دولان ۋادىسىغىچە بۇلۇتلۇق ئاسمان
سۈزۈلدى. مۇز تاغنىڭ ئاقۇچ چوققىلىرى قۇياشنىڭ نۇرىغا چۆ-
مۈپ، خۇشاللىق تەنتەنىلىرى ئىچىدە شادلىق يېشىنى گويا يام-
غۇردەك تۆكتى. يۈرەك يېرىلغۇدەك خۇشاللىق دېگەن مانا شۇ!

ھەجەرخان ئانىنىڭ يادىڭغۇ، چوڭقۇر چاناقلىرى ئىچىدە
پىلدىرلاپ قالغان كۆزلىرىدىن قۇيۇلغان خۇشاللىق ياشلىرى رە-
ھىمسىز يىللار ئىز سېلىپ ئۆتكەن يۈزلىرىنى بويلاپ تۆۋەنگە
ئاقاتتى.

— بولدى يىغلىما ئانا - دەيتتى ئىسمايىل ئانىسىغا تەسەللى
بېرىپ. نېمىگە يىغلايسەن؟! پارتىيە، ماۋجۇشى مانا رەھىمسىز
بايلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ بىز ئۈچۈن ئەنتىمىزنى ئېلىپ بەردى-
غۇ؟! زۇلمەتلىك كۈنلەر كەلمەسكە كەتتى. ئەمدى يىغلاشنىڭ
ئورنىغا تەنتەنە قىلىش كېرەك.

راست، ئەمدى يىغلاشنىڭ ئورنىغا كۈلۈش- كېرەك ئىدى.
چۈنكى، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ھەرىكىتىدە نىياز بەگنىڭ
ئەدىپى بېرىلدى - بېسىقتۇرۇلدى. يەر ئىسلاھاتىدا ھەجەرخان
ئانىغا يەر، ئۆي، چارۋا مېۋە سۈپىتىدە تەقسىم قىلىپ بېرىلدى،
ئەمدى ئۇلارنىڭ ئىسسىق ئۆيى، تېرىيدىغان يېرى بار بولدى،
ئەمدى ئۆزىنىڭ تېرىغان ئاشلىقىغا ئۆزى ئىگە. ئىسمايىلمۇ مەك-
تەپكە كىردى. يېڭى زاماننىڭ ئوقۇغۇچىسى بولدى، شۇڭا،
يىغلاش ئورنىغا كۈلۈش كېرەك - دە!

* * *

كوممۇنا ئىشخانىسى ئالدىدىكى يىغىن مەيداندا ئولتۇرغان
كىشىلەر مۇنبەرگە بويۇندىشىپ، غولغۇلا قىلىشماقتا ئىدى. يا-
قۇپ ھاجىمنىڭ يېنىدىكى بىر يىگىت مۇنبەردە باشلىقلار قاتارى-

دىن ئورۇن ئالغان بالىغا ھەيران بولۇپ قاراپ كەتتى. ئۇ:

— ئاۋۇ ئوڭ تەرەپتە ئولتۇرغان كىچىك بالا قايسى بىر باشلىقنىڭ ئوغلى ئوخشىمامدۇ ھاجىم؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇنداق ئەمەس. ئۇ بالا «كىچىك باتۇر» دەپ نام ئالغان بالا يارۋاغ دادۇيدىكى مەمەت ئاخۇننىڭ بالىسى ئىسمايىلجان بولىدۇ.

— ھەي ھاجىم، ئۇ بالا نېمە ئىش قىلىپ تونۇلۇپتۇ؟ — دەپ سورىدى يېنىدا ئولتۇرغان 20 ياشلار چامىسىدىكى يەنە بىر يىگىت ئاق ساقال ياقۇپ ھاجىمنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

— ئۇ بالا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان ۋاقتىدا سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئۆمەر ئاخۇننىڭ 4 ياشلىق بالىسىنى قۇتقۇزۇپ نام چىقارغان. مەكتەپ پۈتكۈزۈپ چىققاندىن كېيىنمۇ، بۇ خىل روھنى جارى قىلدۇرۇپ يۇرتىمىزدىن چىققان بىر قىسىم توپىلاڭچىلارنىڭ يېزا ئىگىلىك كوپراتسىيىسىنى بۇزۇشنى مەقسەت قىلغان ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن بىر قىسىم ياشلارنى تەشكىللەپ، ئۇلارنى باستۇرۇشقا ياردەملەشكەن — دېدى ھاجىم ھېلىقى يىگىتكە جاۋاب بېرىپ.

— ھە راست، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى، بۇ بالىنىڭ ئىش ئىزلىرىنى گېزىتكە بېسىپ، رادىئودا ئاڭلىتىپ، خېلى تەشۋىق قىلغان. يەنە بۇ بالا پولات تاۋلاشتا ئەرلەر تاغقا چىقىپ كەتكەندە دۇيدە ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئازلىقىنى بىلىندۇرمەي، يېزىدا قالغان قېرى - چۆرىلەر ۋە ئاياللارنى تەشكىللەپ زىرائەتنى ۋاقتىدا يىغىپ مول ھوسۇلنى مول پېتى يىغىۋېلىشقا ھەسسە قوشقانلىقى ئۈچۈن تەقدىرلەنگەن. يەنە تېخى سۇ قۇرۇلۇشىدا زەربىدار دۇي تەشكىللەپ، «خەلق كوممۇناسىنىڭ ياخشى ئەزاسى» دەپ نام ئالغان. — دېدى ھاجىمنىڭ قېشىدا ئولتۇرغان كادىر سۇپەت بىر كىشى گەپ قىستۇرۇپ.

— خۇداغا شۈكۈر، ئاللا بەندىلىرىنى ئىنساپلىق قىلغاي، يۇرتىمىز راۋاج تاپقاي. — دېدى ياقۇپ ھاجىمنىڭ يېنىدا ئول-

تۇرغان يەنە بىر ئاق ساقال دېھقان ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى سىلاپ. . .

يىغىن رىياسەتچىسى ئىسمايىلنى بىر قۇر تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى سۆزگە تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىسمايىلنىڭ ئۇزاقلارغا ئۇچۇپ كەتكەن خىيال كەپتىرى يىغىن مۇنبىرىگە قايتىپ كەلدى ـ دە، قىزغىن ئالقىش ساداسى ئىچىدە سۆزگە چىقتى. ئۇ ئىنسان قىممىتى ھەققىدە توختالدى. ئۇنىڭ سۆزى ئاز بولغىنى بىلەن مەزمۇنلۇق ئىدى.

— يولداشلار! مەن باشقىلارنىڭ قىيىنچىلىقى مېنىڭ قىيىنچىلىقىم، باشقىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مېنىڭ ئارزۇيۇم دەپ قارايمەن. شۇڭا مەن مۇھەببەت بىلەن نەپرەتنى ئايرىيدىغان مەيدان، سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولىدىغان ئىلغار روھ، باشقىلارنى ئۇنتۇماسلىقتەك كوممۇنىستىك ئىستىل، ھاياتىمنىڭ ئاخىرىغىچە كۈرەش قىلىشتەك ئىرادەمنى جارى قىلدۇرىمەن. . .

ئۇنىڭ جاراڭلىق زىل ئاۋازى دەرەخ شاخلىرىدىكى قۇشلارنى ئۈچۈرۈۋەتتى. مەيداندىكى دېھقانلارنىڭ كۆڭۈل دەرۋازىسىنى قاقتى. ئولتۇرغان دېھقانلار ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كۈلۈمسىرەشتى، ئۆز ئارا پاراڭلىشىپ ئىسمايىلنى ماختاشتى.

## يېڭى قەدەم

ئەتىياز پەسلى. ھەممە ياق باھار پەيزىگە چۆمگەن. يېڭىسار ناھىيە يارۋاغ خەلق كوممۇناسىنىڭ ئىشخانا قورۇسىغا ئىككى ئات قوشقان تۆت چاقلىق خادىك كىرىپ كەلدى. خادىكتىن ھەربىيلەرگە خاس رەتلىك كىيىنگەن، يوتقان كۆرپىسىنى قېلىپتا قۇيغاندەك تۆت چاسا قىلىپ بوغقان بىر كىشى چۈشتى. 40 ياشلار چامىسىدىكى ئېگىز بوي، بۇغداي ئۆڭلۈك، قاڭشارلىق كەلگەن

ئۇ كىشى ئەتراپتىكىلەر بىلەن بىر قۇر سالاملىشىپ قويۇپ، خەلق كوممۇناسىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى، ھەممە ئورۇنغا بارماي ئۆمەر شۇجى بىلەن ئىشخانىدىن چىقتى. ئۇلار كوممۇنا ھويلىسىدىكى ئۇياق ـ بۇياقتىن كېلىپ يىغىلىپ قالغان ياشلار ۋە ئامما بىلەن قايتا قول ئېلىپ كۆرۈشۈپ سالاملاشتى.

ئۆمەر شۇجى ئەتراپىدىكىلەرگە:

— يولداشلار! بۇ كىشى ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى مۇسا پولكوۋنىك بولىدۇ. يۇقىرىنىڭ يوليورۇقى بويىچە بۈگۈندىن باشلاپ بىزنىڭ كوممۇنادىن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە يېڭى جەڭچى قوبۇل قىلماقچى. . . ئەسكەر ئېلىش تەشۋىقات باسقۇچى تۈگىگەندىن كېيىن يولداش مۇسا بۇجاڭ كوممۇنا تەۋەسىدىكى ئەسكەر بولۇشنى ئىختىيار قىلغان ياشلارنى تىزىملاشنى ئېلىپ بارىدۇ. . . — دېدى.

ئەتراپتىكى كىشىلەر شاد ـ خۇراملىققا چۆمگەن ھالدا مۇسانى ئورىۋالدى.

— قېرىنداشلار! خەلقىمىزنىڭ بەختلىك ھاياتىنى تىنچ كاپالەتكە ئىگە قىلىش، ۋەتىنىمىزنىڭ مۇقەددەس تۇپرىقىنى قوغداش ھەر بىر پۇقرانىڭ مۇقەددەس بۇرچى. بىز بۈگۈندىن باشلاپ ئىختىيار قىلغان كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقان پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆزىنى ھەربىيلىككە تىزىملىتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز! . . . — دېدى مۇسا.

ئەتراپتىكى ياشلار خۇشاللىقىدىن چاۋاك چېلىشىپ كەتتى ۋە ئۆز ئارا «سەن كىرەمسەن؟ سەنچۇ؟ . . . مەن كىرىمەن. . . » دېيىشىپ پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىسمايىل مەمەتمۇ بار ئىدى. ئۇ مۇساغا ئۇزاق قاراپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئازادلىق ئارمىيىنىڭ شەرەپلىك جەڭچىسى بولۇشنى ئۆزۈندىن بېرى ئارزۇ قىلىپ يۈرەتتى. شۇ تاپتا ئۆزىنى ھەربىي فورما كىيگەن ھالەتتە كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. بىردىن روھلاندى،

ھاياجانلاندى. ئۇنى جەڭچىلىككە ئالارمۇ؟

بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ھەربىيلىككە تىزىملاش باشلاندى.

— ئىختىيار قىلغۇچىلار ھازىردىن باشلاپ ئۆزلىرىنى مەلۇم قىلسا بولىدۇ. — دېدى مۇسا ئەتراپتىكى ياشلارغا قاراپ. بۈگۈن بۇ يەر ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان ئىدى.

— يولداش، مېنى تىزىملاپ قويۇڭ! — دېدى ئىسمايىل ئۆتۈنۈش ئاھاڭىدا.

— بولىدۇ، ئەمما ئاتا - ئانىلارنىڭ رازىلىقىنى ئېلىش كېرەك، — دېدى مۇسا يېقىملىق ئاھاڭدا.

— يولداش، بىزنى ۋەتەن مۇقەددەس ئىشقا چاقىرماقتا، مەن چوقۇم بېرىشىم كېرەك. مېنىڭ دادام ئازادلىقتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن، ھازىر ئانام بار، ئاناممۇ چوقۇم رازى بولىدۇ، — دېدى ئىسمايىل ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى بىلدۈرۈپ. ئاڭغىچە ھەجەرخان ئانىمۇ كوممۇنا قورۇسىغا كىرىپ كەلدى.

— ئانا، بۇ كىشى جەڭچى قوبۇل قىلغىلى كەلگەن بۇجاڭ، — دېدى مۇسانى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئىسمايىل.

— سەنمۇ ئەسكەر بولاي دەمسەن بالام؟! — دەپ سورىدى ئانا ئوغلىدىن.

— سەن رازى بولساڭلا.

— بالام، بىزدە «ئوغۇل بالىنى جەڭگە ياراتقان» دېگەن سۆز بار. سەن بۇ ئۇلۇغ ئىشقا ئىرادە باغلىغان بولساڭ، مەن مىڭ مەرتىۋە رازى.

ئانىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئىسمايىلنىڭ قەلبى خۇشاللىققا تولدى. ئۇلارنىڭ پاراڭىنى ئاڭلاپ تۇرغان مۇسا ھەجەرخان ئانىنىڭ گېپىنى بۆلۈپ:

— سىزنىڭ جەڭچى بولۇش قىزغىنلىقىڭىز مەدھىيلەشكە تېگىشلىك. لېكىن ئانىڭىزنىڭ يېشى چوڭ ئىكەن، سىز ئۇنىڭ

قېشىدا بولمىسىڭىز بولمايدۇ. شۇڭا ئانىڭىز بىلەن ئوبدانراق مەسلىھەتلىشىپ بېقىڭ. — دېدى ئىسمايىلغا مەسلىھەت بېرىپ.

— بالىلىرىمىزنىڭ بۇ شەرەپلىك ئىشقا بەل باغلىغانلىقى بىر ئاتا ـ ئانىلارنىڭمۇ شەرىپى. ئوغلۇمنى ھەربىيگە ئالغان تەشكىلات مېنى تاشلىۋەتمەيدۇ، مەنمۇ ئۆز كۈچۈمگە تايىنىپ تۇرمۇشىمنى گۈلدەك ئۆتكۈزەلەيمەن، — دېدى ھەجەرخان ئانا كەسكىن ھالدا ۋە ئوغلىغا قاراپ ئېيتتى، — سەن بىزدىن خاتىرجەم بول بالام. مەن سېنى مۇسا بۇجاڭغا دەپ جەزمەن يازدۇرۇپ قويىمەن.

ئانا دېگىنىنى قىلدى، مۇسا بىلەن نەچچە قېتىم كۆرۈشتى، ئوغلىنى ھەربىيلىككە قوبۇل قىلىشنى ئۆتۈندى، ئىسمايىلمۇ مۇسانىڭ سايىسىدەكلا ئەگىشىپ يۈردى، بۇدۇشقاقتەك چاپلىشىۋالدى. ئاخىر مۇسا ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قاندۇردى، ئىسمايىلنى ھەربىي سەپكە تىزىملىدى، دوختۇرغىمۇ تەكشۈرتتى. . .

1960 ـ يىلى. ھەممە ياق باھار پەيزىگە چۆمگەن چاغدا بىر تۈركۈم يېڭى جەڭچىلەر ۋەتىنىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كېلىپ قىسىم قوينىغا قوشۇلدى. يېڭى جەڭچىلەر ئارىسىدا ھەر قانداق ئىش قولىدىن قېچىپ قۇتۇلمايدىغان ئىسمايىل مەمەتمۇ بار ئىدى. ئۇلار يېڭى ئەسكەرلەر قىسمىغا قەدەم قويۇشى بىلەن تەڭ ئۈچ ئايلىق يېڭى جەڭچىلەر تەلىم ـ تەربىيىسىگە جىددىي كىرىشىپ كەتتى. ئىسمايىل مەمەت يولداشلار بىلەن چىقىشقاق، ئۆگىنىشتە تىرىشچان، جاپا ـ مۇشەققەتنى مەگسىتمەيدىغان قابىل يىگىت ئىدى. تەكتىدىن ياخشى ئادەملەر راست ئالتۇندەك ئۆزىنىڭ قىممىتىنى كۆرسىتىپ تۇرىدىكەن. ئۇ ئۆز ئۇنىغا قالماي كۆزگە كۆرۈنۈپ، ئىلغارلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. ئۇ بەندىكى جەڭچىلەر ئىچىدە باشلامچى بولۇپ تۇرلۇك ۋەزىپىلەرنى نەتىجىلىك ئورۇنداپ، ليەن، ھەتتا تۇەن بويىچە «ئىلغار» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.

# يېڭى تۇرمۇشنىڭ بىرىنچى قەدىمى

دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان دولان دەرياسىنىڭ سول تەرىپىگە جايلاشقان ھەربىي مەشىق مەيدانىدا «جەڭ» قاينىماقتا ئىدى. مەيدانىنىڭ بىر تەرىپىگە تىكلەپ قويۇلغان مىلتىقلار نەيزىلىرى ئالتۇن شاردەك يالقۇنجاپ تۇرغان قۇياشنىڭ نۇرىدا يالتىراپ چاقناپ تۇراتتى. بۇ يەردە يېڭى جەڭچىلەرنىڭ قىسىمدىكى يېڭى تۇرمۇشنىڭ بىرىنچى قەدىمى باشلانغان بولۇپ، جەڭچىلەرنىڭ ھەربىي مەشىقى قىزىپ ئەۋجىگە چىققانىدى. مەشىق قىلىۋاتقانلار ئىچىدە ئىسمايىل مەمەتمۇ بار ئىدى.

— يارايسىلەر!

ئوتتۇز نەچچە ياشلار چامىسىدىكى ئوتتۇرا بوي، تەمبەل ھەربىي كىشى مەزمۇت قەدەم تاشلىغىنىچە دۈشمەن توسالغۇسىنى بۆسۈپ تاشلاپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈش ھەربىي تاكتىكا مەشقىنى قىلىۋاتقان جەڭچىلەر تەرەپكە كېلىۋېتىپ توۋلىدى.

بۇ تۈەنجاڭ باشچىلىقىدىكى قىسىمدىن ئۇيۇشتۇرغان جەڭ ھازىرلىق ھەربىي تەلىم - تەربىيىنىڭ لىيەندۈيلەردە ئۆزلىشىش ئەھۋالىنى ئىگىللەش يۈزىسىدىن يېتىپ كەلگەن ئىمتىھان ئېلىش گۇرۇپپىسى ئىدى.

تۈەنجاڭنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بەنجاڭ ھەسەن ھەربىي فورمىللىرىنى تۈزەشتۇرۇپ:

— دىققەت! — دەپ كوماندا بەردى. مەشىق قىلىۋاتقان جەڭچىلەر شۇ ھامان سەپكە تىزىلىپ دىققەتتە تۇردى. ھەسەن دەرھال تۈەنجاڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئوڭ قولىنى شەپكىسىنىڭ چېكىلىكىگە تاقاپ تۇرۇپ ئېيتتى. يولداش تۈەنجاڭ، يېڭى ئەسكەرلەر ئۈچىنچى لىيەنىنىڭ ئۈچىنچى بەنى بەننىڭ ھۇجۇم جېڭى

تاكتىكىسىدىن مەشىق ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. دوكلات قىلغۇچى جۇڭشى ھەسەن.

تۆنجاڭ بېشىنى لىڭشىتىپ ئۇنىڭ دوكلاتىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىدىن بىشارەت بەردى ـ دە، ھۆرمەت قاراۋۇللىرىنىڭ دىققەتتە تۇرغان جەڭچىلەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ، بەننى «راھەت» تە تۇرۇشقا بۇيرىدى.

ئىمتىھان بەنلەرنى بىرلىك قىلىپ «بەش چوڭ» ھەربىي تېخنىكا بويىچە ئىمتىھان ئېلىپ ئاخىرلاشتى.

يېڭى جەڭچىلەرنىڭ جاپالىق ھەربىي تەلىم ـ تەربىيىدە كۈن نۇرىدا قارىداپ كەتكەن يۈزلىرىگە، تەرلەپ ھۆل بولۇپ كەتكەن ئۈستىبېشىغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن سەممىمىي ھالدا:

— يولداشلار، جاپا تارتتىڭلار! — دېدى.

— خەلق ئۈچۈن! جەڭچىلەر تەكشى ئاۋاز بىلەن جاۋاب قايتۇردى.

— يولداشلار! ھازىر خەلقئارا ۋەزىيەت ناھايىتى كەسكىن، ئۇرۇشپەرەس ئەكسىيەتچى كۈچلەر زومىگەرلىك ۋە كېڭەيمىچىلىك نىيىتىدىن ھەرگىز يانغىنى يوق. ئۇلار چېگرىمىزدىكى قوشنا دۆلەتلەرنى زېمىن دەۋاسى قىلىپ ئۇرۇش ئوتى پەيدا قىلىشقا كۈشكۈرتمەكتە... خەلقنىڭ ئامانلىقى، چېگرىنىڭ بىخەتەرلىكى، ۋەتەن زېمىنىنىڭ پۈتۈنلۈكىنى ساقلاش بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ۋە مەجبۇرىيىتىمىز. شۇڭا، بىز تاجاۋۇز قىلىشقا پېتىنغان مەلئۇنلارنى ئۇزۇل ـ كېسىل تارمار قىلىش ئۈچۈن دۈشمەننى قىرىش ماھارىتىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز لازىم.

تۆنجاڭنىڭ قىسقا ئەمما مەزمۇنلۇق سۆزى جەڭچىلەرنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالدى. جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرغان جەڭچىلەر قەھر ـ غەزىپىنى نەشتىكىنىڭ ئۈچىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، تەلىم ـ تەربىيە مەيدانىنى جەڭگىۋار تۈس كىرگۈزدى. ئۇلارنىڭ تەلىم ـ تەربىيە مەيدانىدىكى «سا... سا... سا...» دەپ



www.uyghurkitap.com

توۋلىغان ياڭراق سادالىرى قىسىم گازارمىسىنى زىلزىلىگە كەل-
تۈرۈپ، يىراقلارغا تارقالدى ۋە ئەكس سادا قايتۇردى.
يېڭى ئەسكەرلەر تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بارغىنىغا بىر ئاي
بولغان مەزگىل ئىدى. ئەمدى ئۇلار رەسمىي گىرانات تاشلاش
مەشىقىنى باشلاشتى. ئىسمايىل تۇنجى قېتىملىق گىرانات تاش-
لاشتا چەمبىرەك ئىچىگە دەل چۈشۈرەلمەي لاياقەتسىز بولۇپ
قالدى. بۇ ئىش ئۇنىڭغا تولىمۇ ھار كەلدى، ئۇ ئاخىر دېھقان
بالىسى ئىدىغۇ، جاپا - مۇشەققەتتە چېنىققان، تاۋلانغان، كەتمەن-
نى گۈرسۈلدۈتىپ چاپقان، ھەر - ھەر ئېغىر نەرسىلەرنى كۆتۈر-
گەن يىگىت ئەشۇ كىچىككىنە نەرسىنى دېگەن يېرىگە تاشلىيالمى-
سا - ھە؟ . . . شۇ خىيال بىلەن كۆڭلى يېرىم بولغان ئىسمايىل
كېچىچە كىرپىك قاقماي چىقتى. كېچىسى پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەس-
سەپ ياتاققا بىر كىشى كىرىپ كەلدى. ئۇ لىيەنجاڭ ئوبۇل ئىدى،
ئۇ ئۇدۇلدا ياتقان جەڭچى پولاتنىڭ قېشىغا بېرىپ ئېچىلىپ
قالغان يوتقىنىنى يېپىپ قويدى. يۇسۇپنىڭ بىلىكىنى ئاستا
يوتقان ئىچىگە كىرگۈزۈۋېتىپ ئىسمايىلنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇ
ئاغزىنى ئىسمايىلنىڭ قۇلىقىغا يېقىن ئەكىلىپ تۇرۇپ:
— ئىسمايىل، تېخى ئۇخلىمىدىڭمۇ؟ — دەپ ئاستا پىچىرلىدى.
— لىيەنجاڭ، ھەربىي مەشىقنى ياخشى قىلمىغىنىم ئۈچۈن
لىيەنىڭ نەتىجىسىگە تەسىر يەتكۈزدۈم. مەن ھەقىقەتەن لاياقەت-
سىز ئەسكەرمەن — دېدى ئىسمايىل ئۆزىگە ئېچىنغان ھالدا.
ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپلا كۆزىدىن تارام - تارام ياش
تۆكۈلۈشكە باشلىدى. لىيەنجاڭ پەس ئاۋاز بىلەن ئۇنىڭغا:
— سەن ئۈمىدسىزلەنمە. بۇندىن كېيىن داۋاملىق جاپاغا
چىداپ مەشىق قىلساڭ ناھايىتى تېزلىك بىلەن دۈشمەننى قىرىش
ماھارىتىڭنى ئۆستۈرۈۋالالايسەن — دەپ ئىلھام بەردى. لىيەنجاڭ-
نىڭ سۆزى ئىسمايىلنىڭ روھىنى كۆتۈرۈپ ئىرادىسىنى چىڭىتتى.
ئەتىياز پەسلى. ئايسىز كېچە، لىيەنجاڭ ئوبۇل ياتاقلارنى

ئارىلاپ جەڭچىلەرنى يوقلاپ، پوستلارنى تەكشۈرۈپ كېلىشكە چىقتى. يېڭى ئەسكەرلەر 3 ـ لىيەننىڭ 3 ـ بەندىكى جەڭچىلەرنىڭ ياتىقىغا كىرگەندە بىر جەڭچىنىڭ ئورۇننى سېلىپ قويۇپ نەگىدۇر چىقىپ كەتكەنلىكىنى سېزىپ قالدى. يېرىم كېچىدە بۇ جەڭچى نەگە كەتكەندۇ؟ لىيەنجاڭ بۇ ھالدىن ئەجەبلىنىپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن بەنجاڭنى ئويغىتىپ سورىدى.

— بۇگۈنكى كېچىلىك پوست سىلەرنىڭ بەندە ئەمەسقۇ دەيمەن؟

— شۇنداق.

— ئۇنداق بولسا ماۋۇ ئورۇندىكى جەڭچى نەگە كەتتى؟ — ئۇ بوش ئورۇننى كۆرسىتىپ بەنجاڭدىن سورىدى.

بەنجاڭ دەسلىپىدە بىر نەرسە دېيەلمىدى. ئازراق ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن كۆڭلىگە بىر ئىش كەلدى بولغاي، لىيەنجاڭنى باشلاپ تەلىم ـ تەربىيە مەيدانىغا قاراپ يول ئالدى.

بۇگۈن ھاۋا ئوچۇق بىر كېچە ئىدى. پايانسىز ئاسماندا يۇلتۇزلار چىمىرلىشىپ ئۇنچە ـ مەرۋايىتتەك چاقناپ تۇراتتى. مەيىن شامال يوپۇرماقلارنى نازۇك بىر ئاھاڭدا شىلدىرلىتاتتى، يۈزلەرنى سۆيۈپ ئەركىلىتەتتى. مەشىق مەيدانىنىڭ بىر چېتىدە كىمدۇر بىرسىنىڭ ھاسىرىغان ئاۋازى بىلەن بىر نەرسىنىڭ بوشلۇقتىن يەرگە چۈشكەن شەپىسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— لىيەنجاڭ، ئەنە قاراڭ. سىز بايا سورىغان جەڭچى شۇ، — دېدى بەنجاڭ مەشىق مەيدانىغا كەلگەندە ھېلىقى كۆلەڭگىنى كۆرسىتىپ.

ئالدىغا چىرايلىق قىلىپ تىزىپ قويغان مەشىق گراناتىغا قولىنى ئۇزىتىۋاتقان ئىسمايىل ئۆزىگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان تىۋىشنى ئاڭلاپ گەۋدىسىنى رۇسلىدى.

— يېرىم كېچىدە ئۇخلىماي بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسەن؟ — سورىدى لىيەنجاڭ ئۇنىڭ ئالدىدا توختاپ.

— مېنىڭ گرانات تاشلاشتا نەتىجەم تۆۋەن. شۇڭا مەشىق

قىلىۋاتىمەن لېيەنجاڭ. — دېدى ئىسمايىل خىجىللىق بىلەن سۆزلەپ.
— قانچە مېتىرغا تاشلىيالايدىغان بولدۇڭ؟
— قىرىق بەش مېتىرغا، لېكىن يىراققا تاشلىغان بىلەن دەل تاشلاشتا ياخشى ئەمەس.
— يىراققا تاشلاشتا ياخشى ئىكەنسەن، ئەمدى دەل تاشلاشنى كۆپرەك مەشىق قىلساڭ بولغۇدەك. ئەمما سالامەتلىكىڭگە دىققەت قىل، — دېدى لېيەنجاڭ كۆيۈنگەن هالدا ۋە ئىسمايىلنى ئېلىپ لېيەنگە قايتتى.
هايت - هۇيت دېگۈچە يېڭى ئەسكەرلەرنىڭ ئۈچ ئايلىق تەلىم - تەربىيە ۋاقتىمۇ توشتى. يېڭى ئەسكەرلەر كونا لېيەندۈيلەرگە تەقسىم قىلىنىشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتىۋاتاتتى. شەنبە كۈنى ئەتىگەنلىك تاماقدىن كېيىن جىددىي يىغىلىشقا چېلىنغان سىگنال ئۈچ مىنۇت ئىچىدە يېڭى ئەسكەرلەرنى قىسىم چوڭ مەيدانىغا يىغىپ بولدى. مەيدانىنىڭ ئەتراپى هەر قايسى قىسىملارغا تەقسىم قىلىنغان يېڭى ئەسكەرلەرنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن كەلگەن ماش رەڭ هەربىي ئاپتوموبىللار بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. قىسىم باشلىقى قاسىم جاراڭلىق ئاۋازدا يېڭى ئەسكەرلەرنى تەقسىم قىلىش بۇيرۇقىنى ئوقۇدى.
— يولداش ئىسمايىل مەمەت، ئېغىر پىلىموت لېيەنگە تەقسىم قىلىندۇ. . . توختى مەمەتتۇرسۇن 12 - لېيەنگە. . .
ئىسمايىلنىڭ يۈرىكى تەخسىماتنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدىن تىنىمسىز گۈپۈلدەپ كەتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئىدىيىسىدە مەن تەقسىم قىلىنغان لېيەن ئېغىر قوراللار لېيەنى بولغاندىن كېيىن ئۇ يەردە ئاساسلىق قوراللارنى ئىشلىتىشنى ئۆگىنىمەن. مۇبادا تۇەنجاڭىمىز ئۆتكەندە دېگەندەك، دۈشمەن چېگرىمىزدا پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ قالسا بىزنى ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىشى مۇمكىن. شۇنداق بولۇپ قالسا، دۈشمەننى جىقراق ئۆلتۈرۈپ، سىنىپىي ئۆچۈمنى ئالالايمەن، دەپ قارايتتى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنى

شۇ تاپتا جەڭ مەيدانىغا ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرغاندەك ھېس قىلاتتى، ھاياجانلىناتتى. ئوقلار ۋىژىلداپ ئۇچۇۋاتقان، گرانات گۇمبۇرلەپ پارتىلاۋاتقان مەنزىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى.

تەقسىماتتىن كېيىن يېڭى ئەسكەرلەر ئۆزلىرى تەقسىم قىلىنغان لىيەندۈي كادىرلىرىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن تەرەپ - تەرەپكە كېتىشتى.

— خەير خوش ئىسمايىل، — دېدى سەپدىشى رۇستەم ئۆزىنى ئېلىپ كېتىش ئۇچۇن كەلگەن ئاپتوبۇس تەرەپكە كېتىۋېتىپ.

— خەير خوش. مەن ساڭا خەت يازىمەن، — دېدى ئىسمايىل جاۋابەن.

## چۆلدىكى كۆرەش

ئىسمايىل يېڭى ئەسكەرلەر لىيەندىن ئىبارەت پىلىموت لىيەنگە تەقسىم قىلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي يۇقىرىنىڭ قىسىملار خەلقنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى يەڭگىللىتىش، قىسىمنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ھەققىدىكى چاقىرىقىغا ئاساسەن ھەربىي دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئاتلاندى.

ئىككىنچى ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى، ئالتۇن قۇياش باھارنىڭ سۈزۈك ئاسمىنىدا پارلاپ تۇراتتى. دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان دولان دەرياسىغا يانداش كەڭرى كەتكەن ھەربىي دېھقانچىلىق مەيدانى ئەمگەك قاينىمىغا چۆمگەن ئىدى. كەڭ دالادا سوزۇلۇپ قاغجىراپ ياتقان بىپايان زېمىن مايكىچان بولىۋېلىپ ئىشلەۋاتقان جەڭچىلەرنىڭ شاد - خۇرام، جاراڭلىق ناخشا ساداسى بىلەن ئويغانغان ئىدى. بوز يەر ئۈستىدە غادىيىپ تۇرغان جىغان، يانتاق، ياۋا چىگە، قامغاقلار ۋە قۇرۇپ قاقشال بولۇپ

كەتكەن يۇلغۇن، توغراقلار كۈن نۇرىدا يالتىراپ چاقنىغان كەتمەن، پالتا، كەكىلەر ئاستىدا جان بەرمەكتە. ئەمگەك قاينىمىنىڭ ھەيۋەتلىك ئاۋازلىرىدىن ئۈركىگەن قۇشقاچ، تورغايلار، ياۋا توشقان، سېرىق قۇيرۇق، چاشقانلار كۆك بويلاپ ۋە يەر بېغىرلاپ ھەر يان قېچىشماقتا...

ھايت - ھۇيت دېگۈچە ئىسمايىل مەمەتنىڭ قىسمىدىكى تۈنجى يىلمۇ ئۆتۈپ، يەنە ئەتىياز يېتىپ كەلدى. ئىسمايىل جاپاغا چىداپ ھەربىي مەشىق قىلىشتىكى ئالاھىدىلىكى، دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى ئەمگەكتىكى تەكرار ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇزۇنغا قالماي بەنجاڭلىققا ئۆستۈرۈلدى.

كۈن ئاستا - ئاستا ئىسسىشقا باشلىدى، جەڭچىلەر يېڭىدىن ئېچىلغان يەرلەرگە قوغۇن - تاۋۇز تېرىشتى. دالا گۈللىرى - پىچان گۈللىرىمۇ ئېچىلدى، كۆزگى بۇغداي مايسىلىرى تورغاي چۆكۈرگۈدەك بولدى، كېيىن قوغۇن - تاۋۇزلار چېچەكلىدى. ھەربىيلەر دېھقانچىلىق مەيدانى قىزغىن ۋە قايناق ھاياتنىڭ بەختلىك كۈنلىرى بىلەن ياشىماقتا ئىدى.

بۈگۈن ئىسمايىلنىڭ بەندىكىلەر بۇغدايغا سۇ تۇتىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز گۈركىرەپ چىقىۋاتقان بوران بىردەمدىلا ئوچۇق ئاسماننى قاپلاپ، ھەربىيلەر دېچقانچىلىق مەيدانىنى چاڭ توزانغا پۈركىۋەتتى. تېخى بايىلا تىنىق كۆك ئاسماندا پاقىراپ تۇرغان قۇياشمۇ كۆرۈنمەي ئەتراپ قاراڭغۇلۇققا چۆمدى.

— ۋاي... بەنجاڭ، بولمىدى... سۇ... ئۆستەڭ...

ئىسمايىل مەمەت سۇغا لىق توشقان ئېتىزنىڭ ئېچىقىنى ئېتىۋاتقاندا ئۆستەڭنىڭ يۇقىرىسىدىن بەكمۇ سۇس ئاۋاز ئاڭلاندى. لېكىن بوران، ئۇچۇپ يۈرگەن قۇم - توپا دەستىدىن كۆز ئاچقىلىمۇ بولمايتتى.

«زادى نېمە ۋەقە بولغاندۇ؟» دېگەن سوئال ئىسمايىل مەمەتنىڭ كۆڭلىگە ئەندىشە سالدى. ھېلىلا ئېرىقنىڭ قىرى بىلەن

تەڭ ئېقىپ تۇرغان سۇ بىردىنلا تارتىلىپ، بارا - بارا ئېقىنىڭ تېگى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بۇ هال ئۇنىڭ ئەندىشىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى.

ئۇ كەتمەننى مۈرىسىگە سېلىپ، ئېرىق قىرىغا چىقتى - دە، كۈچلۈك ئۆزۈپ تۇرغان بوران زەربىسىدىن سەنتۈرۈلۈپ يۈرۈپ مىڭ بىر مۇشەققەتتە ئېرىقنىڭ باش تەرىپىگە قاراپ ماڭدى.

— قادىر، قادىر...

ئۇ ئىككى قولىنى كاناي شەكلىدە ئاغزىغا قويۇپ، ئاۋازىنىڭ يېتىشىچە ۋارقىرىدى. ئەمما يىرتقۇچ هايۋاندەك قۇترىغان بوران ئۇنىڭ ئاۋازىنى يۇتۇپ كەتتى. ئۇ بىر رەت توۋلاپ جاۋاب ئالالمىغاندىن كېيىن، ئالدى تەرەپتىن قاتتىق ئۇرۇۋاتقان بورانغا قارشى يۈرۈپ كەتتى.

ئۇ ناهايىتى تەسلىكتە ئۆستەڭنىڭ ئېگىز قىرىغا يامىشىپ چىقتى.

— ۋاي، بۇ نېمە ئىش؟...

بايا ئېرىقتا لىپمۇلىق ئېقىۋاتقان سۇ خۇددى يەرنىڭ تېگىگە كىرىپ كەتكەندەكلا يوقاپ كەتكەنىدى. «ئاپلا، بىرەر يەردىن يار ئەپكەتكەن ئوخشىمامدۇ؟» دېگەن دەهشەتلىك خىيال ئىسمايىلنىڭ كۆڭلىدىن كەچكەندە كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، يۈرىكى جىددىي سوقۇشقا باشلىدى. چۈنكى، يار ئېلىپ كەتكەن توسۇن سۇ ئەتراپتىكى دېهقانلارنىڭ زىرائەتىنى بېسىپ كېتىش خەۋپى بار ئىدى، يەنە بىر جەهەتتىن سۇ دېگەن يەرنىڭ قېنى - دە.

ئۇ ئۇشقىرتىپ ئۇرۇۋاتقان بورانغا بەرداشلىق بېرىپ، قەدەملىرىنى تېزلىتىپ، ئۆستەڭ قىرىدىن يۈگۈرۈپ ماڭدى. ئانچە يىراق بارمايلا، قۇلىقىغا سۇنىڭ شارقىرىغان ئاۋازى ئېنىق ئاڭلاندى. يەنە بىر نەچچە قەدەم ماڭغاندىن كېيىن ئايىغى تېگىدىنلا خۇددى قاپقانغا چۈشكەن يىرتقۇچتەك ئۆزىنى هەر يانغا ئۇرۇپ تۇرۇلۇپ - تۇرۇلۇپ قىر تېگىدىن چىقىۋاتقان قاپقارا لاي پوركاپ

سۇ كۆرۈندى.

— قادىر!... — ۋارقىرىدى ئىسمايىل ئۇنىڭ ئاۋازىغا ئۇلىشىپ:

— بەنجاڭ مەن بۇ يەردە...، — دېگەن ئاۋاز تۆۋەندىن ئاران ئاڭلىنىپ قالدى.

ئىسمايىل ئۆزىنى تۆۋەنگە ئاتتى. چاقىرىپ، سىلاشتۇرۇپ يۈرۈپ، كۆكسىدىن ئاشقان سۇ ئىچىدە لايغا پېتىپ قالغان قادىرنى تاپتى ۋە ئۇنى پېشانىسىدىن تەر چىققۇچە ھەپىلىشىپ يۈرۈپ، تارتىپ چىقىرىۋالدى. ئۇماچتەك پوركاپ لاي سۇدا ئۇزۇن تىقىلىپ قالغان قادىر قىرغا چىققاندا، پۇت - قولىدىن دەرمان كېتىپ، بېشى قېيىپ، كۆڭلى ئاينىپ ھۆ تۇتۇشقا باشلىدى.

ئىسمايىل تېخى بۇ يىل ئەتىيازدىلا ھەربىي سەپكە كىرگەن يېڭى جەڭچى قادىرنى ئىككى قوللاپ قۇچاقلاپ ئولتۇراتتى. قادىر قىينىلىپ قۇرۇق ھۆ قىلغاندىن كېيىن، لېۋىنى ئاران مىدىرلىتىپ ناھايىتى پەس ئاۋازدا:

— بەنجاڭ، سۇ... گۆڭشې...، — دەيتتىيۇ قالغان سۆزلىرى بوغۇزىغا تىقىلىپ، يەنە ھۆ قىلىشقا باشلايتتى.

چوڭ ئۆستەڭنىڭ يار ئەپكەتكەن تەرىپىدە ئانچە يىراق بولمىغان يەردە «تۇمەنتال» خەلق گۆڭشېسىنىڭ بولۇق ئۆسكەن ناھايىتى چوڭ بىر پارچە كېۋەزلىكى بولۇپ، ياپيېشىل كېۋەز يوپۇرماقلىرى ئارىسىدا يېڭىدىن تۈگۈلگەن غوزىلار سۇس كۆرۈنۈپ تۇراتتى. باياتىدىن بېرى قادىر بىلەن بولۇپ كەتكەن بەنجاڭ ئىسمايىل قادىرنىڭ «سۇ، گۆڭشې» دېگەن يېرىم يارتا سۆزلىرىنى ئەمدى چۈشەندى.

ھالسىزلانغان قادىر بىردىنلا پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ بەنجاڭ ئىسمايىلنىڭ قۇچىقىدىن دەس تۇردى - دە، قولىنى ئالدىغا سوزۇپ، يار كەتكەن ئېغىزغا قاراپ ماڭدى. لېكىن ئىككى قەدەم ماڭا - ماڭمايلا يىقىلىپ چۈشتى.

بەھۋاش سۇ شۇ تاپتا تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ، قايتارايتۇ. كاپ بولۇپ كۆپۈكلىنىپ توسۇن ئاتتەك ئالدىغا چاپچىماقتا. كۈ بېتىم ئارىلىقتىكى كېۋەز شاخلىرى بوران زەربىسىدىن بىر بىرىگە سوقۇلۇپ شاراقلاپ ئاۋاز چىقىراتتى. ئەگەر كېۋەزلىكنى سۇ بېسىپ كەتسە، بوران كېۋەزلەرنى ياتقۇزۇۋېتىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان خەۋپ ئىسمايىلنىڭ قەلبىنى خەنجەردەك تىلىپ، يۈرەك باغرى پۈچىلىنىپ كەتتى.

ھەر قانداق قىلىپ بولسىمۇ، خەلقنىڭ مال - مۈلكىنى زىيانغا ئۇچراتماسلىق كېرەك. لېكىن، قادىر بۇ ھالدا تۇرسا ئۇنى تاشلاپ كېتىش مۇمكىنمۇ؟ ئىسمايىل يەنە ئىككىلەندى. قادىر بىردىن كۆزىنى ئاچتى ۋە ئۆزىنى قوچاقلاپ ئولتۇرغان بەنجاڭ ئىسمايىلنى كۆردى.

— بەنجاڭ. . . سۇ. . . گوڭشې. . . ، ھۆ - ھۆ - قادىر ئاغزىنى ئەمدىلا مىدىرلىتىپ تۇزۇك سۆزلىمەستىن ھۆ تۇتۇپ كەتتى. ئۇ بىر پەس ھۆ قىلغاندىن كېيىن، — بەنجاڭ مەن بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن، تېز بولۇڭ. . . كېۋەزلىكنى قۇتۇلدۇرۇش مۇھىم، — دېدى ئۈزۈپ - ئۈزۈپ سۆزلەپ.

— قادىر، سېنى قانداقمۇ يالغۇز قالدۇرۇپ كەتكىلى بولسۇن. قىزىتماڭ بارغانسېرى ئېشىۋاتىدۇ، مەن سېنى ياتاققا ئاپىرىپ قوياي.

— بەنجاڭ، بۇ نېمە دېگىنىڭىز، تېز بولۇڭ - قادىر شۇنداق دەپلا بەنجاڭنىڭ قۇچىقىدىن سىيرىلىپ يەرگە چۈشتى.

باش ئۈستىدە بوران گۈركىرەيتتى، ئايىغىدىلا ئۇلۇغ سۇ يۈگەنسىز تايچاقتەك چاپچىيتتى. كۆز ئالدىدا قادىر سۇنايلىنىپ ياتاتتى. «نېمىگە شۇنچە تۇرۇپ قالدىڭ، بىزنى قۇتۇلدۇرمامسەن؟» دېگەندەك، كېۋەزلىكتىن ئايانچلىق نالە پەرياد - سۇنىڭ گۈركىرىشى، كېۋەز شاخلىرىنىڭ بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇپ چىقار-

غان ئايانچلىق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.
— كېۋەزلىكنى ساقلاپ قېلىش مۇھىم. . . ، — ئىسمايىل ئۆزىگە شۇنداق خىتاب قىلدى - دە، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، سۇ بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقان يار ئېغىزىغا قاراپ يولۋاستەك تاشلاندى.
ئەسلىدە ناھايىتى ئېگىز قىلىپ ياسالغان ئۆستەڭ قىرى مۇستەھكەم ئىدى. ئەمما ئويلىمىغان يەردىن ئۆستەڭنىڭ تېگىنى سۇ چاشقىنى تېشىپ قويغان، كۆچلۈك بوران باشلىنىشى بىلەن تەڭ چايقىلىپ تۇرغان سۇ دولقۇنلىرى ئۇرۇپ، خېلىلا چوڭ بىر دائىرە گۇمۇرلۇپ، قىر تېگىدىن ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىدەك تۆشۈك ئېچىلىپ قالغانىدى. يار ئاغزىدىكى تۆگمەن تېشىدەك پىرقىراپ تۇرغان سۇ دەھشەتلىك قاينام ھاسىل قىلىپ تۆۋەنگە تارتىپ تۇراتتى.
ئەمدىلا ئۆستەڭ قىرىدىن پۇتىنى ئېلىشىغا كۈچلۈك بىر قول ئۇنى «كاپ» قىلىپ تۇتىۋالدى.
— ليەنجاڭ! — ئىسمايىل كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان بەستلىك كىشىنى كۆرۈپ توۋلىۋەتتى.
— يولداش ئىسمايىل، قارامىلىق قىلغان بىلەن بولمايدۇ — ليەنجاڭ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ، قىرغاقتىن بېرى تارتتى.
— ليەنجاڭ، قارىڭە، — دېدى ئىسمايىل بوران بىلەن تەڭ ئىككى ياققا ئىرغاڭلاپ تۇرغان كېۋەزلەرنى ۋە دولقۇنلاپ يامراپ كېتىۋاتقان سۇنى كۆرسىتىپ، — سەللا كېچىكسەك شۇنچىۋالا يەردىكى كېۋەزلەر ۋەيران بولۇپ كېتىدۇ.
شۇ پاراڭلار بولۇۋاتقاندا، جىددىي چېلىنغان سىگنال بىلەن تەڭ تەرەپ - تەرەپتىن ئۇچۇپ كەلگەن جەڭچىلەر دۆۋە - دۆۋە مەڭگەن، قوزۇق، شاخ - شۇمبىلارنى كۆتۈرۈپ بۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپمۇ قالدى.
باشتا تاشلانغان قوناق شېخى ۋە توپا ھېچنىمىگە دال بولماي سۇ ئېقىتىپ كەتتى. ئىسمايىل مەمەت جىددىيلىشىپ قالدى. ئۇ

كېۋەزلىككە يامراپ كېتىۋاتقان ۋەھشىي سۇغا بىر قارىۋېلىپ:

— قېنى، مېنىڭ ئۈستۈمگە تاشلاڭلار! — دېدى دە، يار ئېلىپ كەتكەن ئېغىزغا سەكرىدى.

كۈچلۈك قاينام دەسلەپتە ئۇنى بىر ئىككى قېتىم يۇتۇۋېتىپ كەتتى. لېكىن، ئۇ قىلچە بوشاشماي، يارنىڭ ئاغزىدا توغرىسىغا تۇرىۋېلىپ، يۇقىرىدىن تاشلاپ بەرگەن قوزۇقلارنى سۇ تېگىگە قېقىشقا باشلىدى. ئاڭغىچە ئۈچىنچى بەن جەڭچىلىرىدىن بىر نەچچەيلەنمۇ ئۇنىڭ يېنىغا چۈشۈپ ئىشلەۋاتقاندا، يار ئېغىزىنىڭ ئۈستىدىكى توما «گۈلۈپپىدە» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ گۈمۈرلۈپ چۈشۈپ، يار ئېغىزى تېخىمۇ كېڭىيىپ كەتتى. ئېغىزغا قاپلىنىپ قالغان سۇ ئەمدى كەلكۈندەك دولقۇنلاپ، كەڭرى كەتكەن ئېقىنغا قاراپ ئاقماقتا ئىدى. بۇنى كۆرگەن جەڭچىلەر ئۈستىدىكى كىيىم - كېچەكلىرىنى سېلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي، ئارقا - ئارقىدىن سۇغا سەكرىدى. مەھكەم قولتۇقلىشىپ ئۈچ رەت تىزىلغان جەڭچىلەر رېتى گويا مەزمۇت سېلىنغان سېپىلدەك يار ئېغىزىنى توسۇۋالدى. يۇقىرىدىن مەڭگەن، شاخ - شۇمبا، قوزۇق، قوناق شاخلىرى ئۈزۈلمەي چۈشۈپ، بىر دەمدىلا گەۋدىسى بىلەن بەڭۋاش سۇنى توسۇپ تۇرغان جەڭچىلەرنىڭ كەينىدە ئېگىز توپا كۆتۈرۈلۈپ تېخى بايىلا قۇتراپ كەتكەن ئۆستەڭ سۈيى ياۋاشلىشىپ، ئۆز يولى بىلەن قىرغاقنى بويلاپ ئېقىشقا باشلىدى.

ئۈستۈبېشى پۈتۈنلەي پوركاپ لاي بولۇپ كەتكەن ئىسمايىل قىرغاققا چىققاندا، بورانمۇ توختاپ، پارقىراپ تۇرغان قۇياش سۈزۈك ئاسماندا قايتىدىن كۆرۈندى. كېۋەزلەر ئانچە زىيانغا ئۇچۇرىمىغان، ئازراق يەردىكى كېۋەز شاخلىرىلا شۇمشىيىپ قېلىشقانىدى. جەڭچىلەر ئەتراپقا قاراپ - قاراپ قويۇپ روھلۇق ھالدا قىزغىن پاراڭلار بىلەن ياتاققا قايتتى...

ۋاقىت يېرىم كېچىدىن ئاشقانىدى.

ئانچە چوڭ بولمىغان گەمىنىڭ پەنجىرىسىدىن غۇرقىراپ

كىرگەن يازنىڭ ئىللىق شاملى بىلەن ئوينىشىپ، پىلىلداپ يېنىپ تۇرغان جىنچىراغ كارىۋاتنىڭ باش تەرىپىدە ئېڭىشىپ قادىرغا قاراپ ئولتۇرغان جەڭچىنىڭ گەۋدىسىنى يورۇتۇپ تۇراتتى.

— بەنجاڭ، تېخىچە ئۇخلىمىدىڭىزمۇ؟ — مۇئاۋىن بەنجاڭ ئابدىرېھىم بېشىنى ياستۇقتىن كۆتۈرۈپ، يېنىدىكى كارىۋاتتا ئولتۇرغان ئىسمايىلدىن سورىدى.

— ئۇ باياتىن بېرى بەكمۇ بىئارام بولۇپ كەتتى. ئەمدىلا دورا ئىچىپ سەل تىنچلاندى، سىز خاتىرجەم ئۇخلاڭ. مەنمۇ ئارام ئالىمەن، — دېدى بەنجاڭ ئۇنىڭغا قاراپ ئاستا ئاۋاز بىلەن.

— سىز بىردەم ئۇخلاڭ، مەن قاراي بولمىسا، — ئابدىرېھىم يوتقىنىنى قايرىۋېتىپ، ئورنىدىن قوپۇشقا تەمشەلدى.

— بۈگۈن جەڭچىلەر بەكمۇ ھېرىپ كەتتى، سىزمۇ چارچىدىڭىز - ئىسمايىل تاتلىق ئۇخلاۋاتقان جەڭچىلەرگە قاراپ قويغاندىن كېيىن قوشۇپ قويدى، — ئۇلارنىڭ ئۇيقىسىنى بۇزمايلى، سىز ئۇخلاۋېرىڭ، مەنمۇ ھازىرلا ئۇخلايمەن.

مۇئاۋىن بەنجاڭ ئابدىرېھىم يوتقاننى قايتىدىن ياپتى. ئىسمايىل بىر خىل رىتىم بىلەن نەپەس ئېلىپ، تىپ - تىنچ ئۇخلاۋاتقان قادىرغا تازا سەپسېلىپ بىر قارىۋالغاندىن كېيىن كۆڭلى سەل تىندى - دە، چىراغنى ئۆچۈرۈپ، ئۆز ئورنىغا بېرىپ ياتتى. ئۇ ئۇخلاشقا ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ، ئۇيقۇسى كەلمىگەنلىكتىن ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ياتاقتىن سىرتقا چىقتى.

كۆكتە كۈمۈش بەلۋاغدەك سوزۇلۇپ ياتقان سامان يولى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرغان كېچە ئاسمىنىدا يۇلتۇزلار پىلىلداپ چاقناپ تۇراتتى، لەرزان سوقۇپ تۇرغان سالقىن شامال تەنگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى. قەيەردىندۇر ئىتلارنىڭ قاۋىشى ئاڭلىناتتى. يېقىنلا يەردە دولان دەريا سۈيى بىر خىل ئاھاڭدا ناخشا ئېيتىۋاتقاندەك شارقىرايتتى.

بەنجاڭ ئىسمايىل دولان دەريا ۋادىسىنىڭ گۈزەل كېچىلىك

مەنزىرىسىگە تويماستىن قاراپ، ئىشىككە يۆلەنگىنىچە خىيال دەرياسىغا شۇڭغىدى.

— . . . بەنجاڭ. . . سۇ. . . ئۆستەڭ. . .

گەمىنىڭ ئىچىدىن ئاڭلانغان بۇ ئاۋاز ئىسمايىلنىڭ شىرىن خىياللىرىنى ئۈزۈپ قويدى. ئۇ دەرھال ئارقىسىغا يېنىپ ياتاققا كىردى، ئاندىن چىراغنى ياندۇرۇپ، گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىنى تىلى بىلەن يالاپ، ھە دەپ يېرىم ئۇيقا ئارىلاش جۆيلۈۋاتقان قادىرنىڭ ئۈستىگە ئېگىلدى.

— قادىر - قادىر! — ئۇ پەس ئاۋاز بىلەن چاقىرغاندىن كېيىن ئاستا ئالقىنىنى ئۇنىڭ ماڭلىيىغا قويدى. قادىرنىڭ قىزىتمىسى يەنە ئۆرلەپ، نەپەس ئېلىشى ئىتتىكلەپ قالغانىدى. بەنجاڭ ئىسمايىل دەررۇ لۆڭگىنى سوغۇق سۇغا چىلاپ ئاۋايلاپقىنا ئۇنىڭ پېشانىسىگە قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قىزىتمىسى يانغاندەك بولدى.

تاڭ سۈزۈلۈپ يەرگە يورۇق چۈشتى. ئىسمايىل تۈن نىسپىدىن كېيىن، بىر ئاز تىنچلىنىپ كۆزى ئۇيقىغا ئىلىنغان قادىرنىڭ يېنىدىن تۇرۇپ تالاغا - ساپ ھاۋاغا چىقتى. قىنىپ - قىنىپ بىر نەچچە رەت نەپەس ئالغاندىن كېيىن كەتمەننى ئېلىپ ئېتىزلىق تەرەپكە ماڭدى.

## قەسەم

تۆت ئەتراپى قويۇق ئاق تېرەكلەر بىلەن قاپلانغان يىغىن مەيدانىنىڭ ئۈستىگە «تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى جان تىكىپ قوغدايلى» دېگەن خەت يېزىلغان چوڭ قىزىل پىلاكات ئېسىلغان، يىغىن مۇنبىرى ۋە ئىككى قاسناقتىكى تېرەكلەرگە، تاملارغا لوزۇنكىلار چاپلانغانىدى. سۆزگە چىق-



www.uyghurkitap.com

قۇچىلارنىڭ سۆزلىرى ئارىلاپ گۇلدۇراس ئالقىش ۋە شوئار سادا-لىرى بىلەن ئۈزۈلۈپ قالاتتى.

— يولداشلار، سەپداشلار. بىزنىڭ بەختلىك، تىنچ هاياتى-مىزغا قەست قىلماقچى بولغان جاهان ئۇرۇشخۇمارلىرىنىڭ كۇشكۇرتىشى ۋە يەل بېرىشى ئارقىسىدا، ئۇرۇش ئوتىنى ياققۇ-چىلار دۆلىتىمىزنىڭ ئىگىلىك هوقۇقىنى دەپسەندە قىلىپ، بې-شىمىزغا بالايىئاپەت كەلتۇرۇشنى خام خىيال قىلىۋاتىدۇ، — دېدى چىرايىدا غەزەپ چاقناپ تۇرغان سىياسىي كومىسسار.

سىياسىي كومىسسار ئېيتقان ۋەزىيەت هەققىدىكى بۇ سۆز جەڭچىلەر ئۇچۇن كۇتمىگەن شۇم خەۋەر ئىدى. گەرچە مەلۇم بىر دۆلەت دۆلىتىمىزنىڭ چېگرىسىدا پاراكەندىچىلىك سېلىۋاتقان-لىقى توغرىسىدىكى خەۋەر قىسىمغا يېتىپ كەلگىلى خېلى كۇنلەر بولغان بولسىمۇ، لېكىن دۇشمەننىڭ بۇنچە كۆرەڭلەپ كېتىشى مۇمكىنلىكىگە جەڭچىلەر ئانچە ئىشەنمىگەنىدى. بۇگۇن ئۇلار سىياسىي كومىسسارنىڭ دوكلاتىدىن ۋەقەنىڭ قانچىلىك جىددىي-لىكىنى چۇشىنىشتى. ئۇلارنىڭ غەزەپلىرى قايىنىدى. ئارقا - ئارقىدىن «هوشيارلىقنى ئۆستۇرۇپ، ۋەتەننى قوغدايلى!» دەپ شۇئار توۋلاشتى.

تۇگۇلگەن مۇشتلار، غەزەپتىن چاقنىغان كۆزلەر تەپتەكشى تىزىلغان ياڭراق شوئار سادالىرى يىغىن مەيدانىنى جەڭگىۋار تۇسكە كىرگۇزگەنىدى. شوئار سادالىرى قىسىم گازارمىسىنىڭ هاۋا بوشلۇقىنى لەرزىگە سېلىپ، شاۋقۇنلاپ ئېقىۋاتقان دولان دەرياسى ئۇستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۇپ يىراق - يىراقلاردىن ئەكس سادا بەرمەكتە ئىدى. تېخى تۇنۇگۇنلا تىنچ مۇهىت بىلەن سۆيۇ-نۇپ، خاتىرجەملىك شەربىتىدىن قېنىپ هەربىي مەشىق قىلىپ يۇرگەن جەڭچىلەر سىياسىي كومىسسارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ باشقا ئادەمگە ئۆزگىرىپ قالغاندەك ئىدى. ئۇلارنىڭ تومۇرلىرىدا ئىس-سىق قانلار ئوخچۇيتتى. هەممىيلەننىڭ كۆزىدىن غەزەپ ئۇچقۇن-

لىرى چاقناپ، ھەر بىر ھەرىكىتى جىددىي كۆرۈنەتتى.

— ئۆتمۈشتە كۆڭلىرىمىز ھايۋان كەبى ئازاب - ئوقۇبەتلەر ئىچىدە ئۆتتى. بىز ئەنە شۇ يوقسۇللارنىڭ پەرزەنتلىرى دۈشمەنلەرنىڭ مەقسىتى ئاتالمىش چىگرا دەۋاسى ئارقىلىق ۋەتە-نىمىزنىڭ زېمىنىنى بېسىۋېلىپ، يېڭى ھاكىمىيىتىمىزنى ئاغ-دۇرۇپ تاشلاپ، تارىخنىڭ چاقىنى ئارقىغا بۇراشتىن ئىبارەت. بىز بۇ مەلئۇنلارنىڭ بۇ خام - خىياللىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا يول قويىمىزمۇ؟ زالىم بەگ - پومېشچىكلارنىڭ قايتىدىن شىللى-مىزگە مىنىشىگە يول قويىمىزمۇ؟ . . . ياق! مەڭگۈ يول قويماي-مىز. تاجاۋۇزچىلارنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ بىر سۆڭ يېرىنى بېسىۋې-لىشىغا قاراپ تۇرالمايمىز. . .

سىياسىي كومىسسارنىڭ سۆزى گۈركىرىگەن شوئارلار بى-لەن ئۈزۈلۈپ قالدى. جەڭچىلەرنىڭ چىرايلىرى غەزەپلىك، جىددىي، شوئار توۋلىغان ئاۋازلىرى جاراڭلىق ئىدى. يىغىن مەيدانى گويا بىر جەڭ مەيدانىغا ئوخشاپ قالغانىدى. سىياسىي كومىسسار مۇشتلىرىنى تۈگۈپ شوئار توۋلاۋاتقان جەڭچىلەرگە قاراپ بىر پەس تۇرۇپ قالدى.

— مېنىڭ ئۈچ ئەۋلادىم، يوقسۇللۇق دەردىدە زار - زار قاقشاپ ئۆتكەن، زالىم بەگ - پومېشچىكلارنىڭ ئۆيىدە ئېشەك-تەك ئىشلەشكە مەجبۇر بولغانىمىز. مېنىڭ دادام پومېشچىكنىڭ تايىقىدا ئۆلۈپ كەتكەن. . . شۇ پومېشچىكلارنىڭ زۇلۇمىدىن جان بېقىشىمىز تەس بولغان. . .

سىياسىي كومىسسارنىڭ سۆزلىرىنى پۈتۈن دىققەت بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇرغان ئىسمايىل سىياسىي كومىسسارنىڭ باللىق چاغ-لىرىدىكى ئېچىنىشلىق كۈنلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ كىچىككىنە مەسۇم قەلبىگە ئۇنتۇلغۇسىز داغ قالدۇرۇپ كەتكەن ئاشۇ زۇلمەتلىك، قاباھەتلىك كۈنلەر بىلەن نەقەدەر ئوخشاشلىقىنى ئويلىغانسېرى، يۈزى غەزەپتىن تۈرۈلۈپ، يوغان - يوغان بىر جۈپ قارا كۆزلە-

ردە ياش ئۈنچىلىرى پەيدا بولدى. ئۆتمۈشتىن نەپرەتلىنىپ،
كۆڭلىدە ئۈنىڭغا مىڭ لەنەت ياغدۇردى.

بۇ سېنتەبىر كۈنلىرى ئىدى. ئالتۇن شاردەك يالقۇنجاپ
تۇرغان قۇياش كۈزنىڭ سۈزۈك ئاسمىنىدا پارلاپ تۇراتتى. چوڭ
يىغىندىن كېيىن ئېغىر پىلىموت لىيەن جەڭچىلىرى كۆڭۈللىرىگە
مۇھىم پىلانلىرىنى پۈكۈپ رەتلىك مېڭىپ ياتاقلىرىغا قايتتى.
بىر دەمدىن كېيىن تاماق ۋاقتى بولدى.

— تاماق يەڭلار!

تاماققا چېلىنغان سىگنال بىلەن تەڭ دىجورنى پۈتۈن لىيەننى
تاماقخانىغا باشلاپ كىردى.

ئادەتتىكى چاغلاردا تاماققا سىگنال چېلىنغاندا رادىئو كاند-
يىدىن ناخشا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. تاماق-قا سىگ-نال چېلىنىسىلا
3 - بەندىكى ئەخمەت قىزىق چاقچاقلارنى قىلىپ ھەممىنى كۈلدۈ-
رەتتى ۋە «تاماققا چاقىرىپ چېلىنغان سىگنال ئاۋازى ھەممىدىن
يېقىملىق جۇمۇ؟ — دەيتتى ئۇ، سىگنال ئاۋازىغا ناخشا ساداسى
قوشۇلسا تېخىمۇ پەيزى ئاڭلىنىدۇ، ئىشتەي نەغمىسى دېگەن شۇ؟»
لېكىن، بۈگۈن قىزىقچى ئەخمەتمۇ چاقچاق قىلمىدى. ئادەتتە
تاماق ۋاقتىدا تاماقخانىنىڭ ئىچى قىزىق پاراڭ، كۈلكە - چاقچاق
بىلەن يىپ بازىرىغا ئوخشاپ قالاتتى. بۈگۈن بولسا تاماق يەۋېتىپ
ھېچكىم گەپ - سۆز قىلمىدى، تاماقلىرىنى جىمجىت ئولتۇرۇپ
يېيىشتى. ھەممە جەڭچىنىڭ كۆڭلىدە بولغۇسى ئۇرۇش توغرى-
سىدىكى خىيال كىزىپ يۈرەتتى. ئۇلار ئەمدىلا تاماقلارنى يەپ
بولۇپ تۇرۇشىغا، رادىئودىن شوخ ناخشا ئورنىغا دىكتورنىڭ جىد-
دىي ئاۋازى ئاڭلاندى.

«... ھىندىستان قوراللىق قوشۇنلىرى دۆلىتىمىزنىڭ
مۇقەددەس تېررىتورىيىسىگە ئۆكتەملىك بىلەن پىلە قۇرتىدەك
تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، نۇرغۇن چېگرا ئېغىزلىرىنى ئىگىللى-
ۋالدى. چېگرا مۇداپىئە قوشۇنلىرىمىزدىن كۆپلىگەن كىشىلەرنى

ئۆلتۈردى ۋە ياردار قىلدى.»

دىكتورنىڭ ئاۋازى جىددىي، لېكىن بىر خىل ئاڭغىداپ يات-ماقتا ئىدى. جەڭچىلەر ئۈچۈن كۆك ئاسماننى قارا بۇلۇتلار قاپلاپ، باش ئۈستىدە گۈلدۈرلەپ چاقماق چاقماقتىدەك بولۇپ ئۇلارنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى دۈشمەنگە بولغان غەزەپتىن يېنىپ، كۆزلىرىدىن قىساس ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كەتتى. كۆز چاناقلىرى بولسا ۋەتەن چېگرىسىنىڭ دەخلىسىزلىكى ئۈچۈن ھاياتىنى تەقدىم قىلغان چېگرىچى سەپداشلىرىغا ئىچ ئاغرىتىپ ئېچىنغان يۈرەك ياشلىرى بىلەن نەملەنگەن ئىدى.

*           *           *

قاپقاراڭغۇ كېچە، ئەتراپ جىمجىت، تەبىئەت شېرىن ئۇيقىغا پاتقانىدى. يىراق - يېقىندىن ئىتلارنىڭ قاۋىشىمۇ، قىسىم ئو-رۇنلاشقان جاينىڭ ئالدىدىكى يولدىن ئارىلاپ ئۆتۈپ قالىدىغان ياربىيار ھارۋىنىڭ غىچىرلىغان ئاۋازىمۇ ئاڭلانمايتتى. ئەمما، كېچىلىك ئۇخلاش سىگنالى چېلىنغىنىغا خېلى ۋاقىت بولۇپ قالغان بولسىمۇ جەڭچىلەرنىڭ ياتاقلىرىدىكى ئېلېكتر چىرىغى تېخىچىلا ئۆچمىگەن ئىدى. 3 - بەن جەڭچىلىرىمۇ تېخى ئۇخلى-مىغان ئىدى. خۇددى سەرەڭگە قېپىدەك تۆت چاسا قىلىپ رەت-لىك قاتلانغان يوتقان - كۆرپىلەر ئەتىگەندە قانداق يىغىشتۇرۇل-غان بولسا ھېلىمۇ شۇ پېتى تۇراتتى. ئۇخلاش ھېچكىمنىڭمۇ خىيالىغا كەلمەيتتى.

— بەنجاڭ، مەن يازاي، — دېدى قولىغا قەلەم تۇتۇپ ئۈستەل ئۈستىدە يېيىقلىق تۇرغان بىر تاختا قەغەزگە تىكىلىپ تۇرغان ئابدىرېھىم.

ئۈستەل ئەتراپى جەڭچىلەر بىلەن ئورالغانىدى. ھەممەيلەن-نىڭ كۆزلىرى قەغەز ئۈستىدە تەۋرەۋاتقان ئابدىرېھىمنىڭ قولىغا

تىكىلگەنىدى. چۈنكى 3 ـ بەندىكى جەڭچىلەرنىڭ ۋەتەن ئۈچۈن
سوقۇۋاتقان دولقۇنلۇق يۈرىكى شۇ تاپتا ئۇنىڭ قەلىمى ئارقىلىق
قەغەزگە پۈتۈلمەكتە ئىدى.

«تۇەن پارتكومىغا:

ۋەتەن چېگرىسى خەۋپ ئىچىدە قالغان جىددىي پەيتتە، ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنىڭ قوغدىغۇچىسى بولغان خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ جەڭچىسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئۆز زېمىنىمىزنىڭ تىنچلىقى، دەخلىسىزلىكىدىن ئىبارەت يۈكسەك مەسئۇلىيەتنىڭ ئېغىرلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلماقتىمىز. بىز تۇەن پارتكومىدىن بىزنى ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىشنى، ھەتتا ئالدىنقى سەپنىڭ ئەڭ قىيىن جەڭلىرىگە قاتناشتۇرۇشنى قەتئىي تەلەپ قىلىمىز.»

ئابدىرېھىم جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن يازغانلىرىنى ئوقۇپ، مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ھەممەيلەن بىر ئېغىزدىن بارىكاللا ئېيتتى.

— «ۋەتەن بىزگە جىددىي ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان پەيتتە، بىز 3 ـ بەن جەڭچىلىرى بارلىقىمىزنى ۋەتەنگە ئاتىۋەتتۇق. باشلىقلار خاتىرجەم بولسۇنكى، ۋەتەن ئۈچۈن ئوت دېڭىزىغا كىرىشكە، تىغدەك قىيالارغا چىقىشقا جۈرئەت قىلىمىز. پارتىيە، خەلقنىڭ ئۈمىدىنى ئاخىرقى نەپىسىمىز قالغىچە ئادا قىلىمىز.» دېگەننى قوشۇپ قويۇڭ، — دېدى ئىسمايىل قوشۇمىسىنى تۈرۈپ سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، مۇئاۋىن بەنجاڭ ئابدىرېھىمغا قاراپ.

ئابدىرېھىم بەنجاڭنىڭ دېگەن سۆزلىرىنى قوشۇپ يازدى. ئابدىرېھىم يازغان كۆپىيىسىنى بىر تاختا قىزىل قەغەزگە تولۇقى بىلەن چىرايلىق قىلىپ كۆچۈرۈشكە باشلىدى. جەڭچىلەر فۇبەنجاڭ ئەھدىنامىنى كۆچۈرۈپ بولغانغا قەدەر قاراپ تۇرۇشتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە تولۇق قوراللانغان 3 ـ بەن جەڭچىلىرى رەتلىك تىزىلىپ، تۇەن شتابى ئالدىغا كېلىپ توختىدى. بەنجاڭ ئىسمايىل قولىدىكى تۈنۈگۈن كېچە يېزىپ چىققان ئىرادەنامىنى

بەندىكى جەڭچىلەرگە ۋاكالىتەن بولارنىڭ ئالدىغا چىققان تۆنجاڭغا سۇندى.

جەڭچىلەرنىڭ يۇكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىگىدىن ھاياجانلانغان تۆنجاڭ ئۆزىگە سۇنۇلغان قىزىل، ياق! قىپقىزىل، يالقۇنجاپ تۇرغان يۈرەكلەرنىڭ جەڭگىۋار قەسىمىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، كۈچلۈك قوللىرى بىلەن ئىسمايىلنى ئۆزىگە تارتىپ، ئىللىق قۇچىقىغا باستى.

## ئىنقىلاب ئۈچۈن تاماق يېيىش

پېژغىرىم تومۇز كۈنلىرىمۇ چوققىسىدىن ئاق قار، كۆك مۇز كەتمەيدىغان قارا قۇرۇم تاغلىرىدا دەھشەتلىك زىمىستان قىش ھۆكۈم سۈرەتتى. شۇ كۈنلەردە قارا قۇرۇمنىڭ ھەممە يېرى قېلىن ئاق لىچەككە پۈركەنگەن بولۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىدە قۇدرەتلىك قاراۋۇللاردەك ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. غەربىي شىمالدىن سوققان شامال ئاپئاق قارلارنى ئاسمانغا ئۇچۇرۇپ چىقىراتتى ۋە بىر دەمدىن كېيىن سارغۇچ پارقىراپ تۇرغان ئېگىز - پەس چوققىلارغا چۈشۈرەتتى. سوغۇق شۇنچىلىك قاتتىق ئىدىكى، كىشىلەرگە رەھىمسىز نەشتىرىنى زەھەردەك سانجىيتتى.

ئېگىزلىكنىڭ باغرىدىكى يىلانسىمان ئەگرى - بۈگرى تاش يولدا كېتىۋاتقان ماش رەڭ ھەربىي ئاپتوموبىللار گاھ ئۆرلەپ، گاھ پەسلەپ، ئېگىز داۋانلارنى ئارقىغا تاشلاپ ئاستا يۈرمەكتە. بۇلار قارا قۇرۇم تېغىدىكى ئۆزىمىزنى قوغداپ، قايتۇرما زەربە بېرىش ئۇرۇشىغا قاتنىشىدىغان چوڭ قىسىمنى ئېلىپ ماڭغان ئاپتوموبىللار ئىدى. ئاپتوموبىللار بۇ ئېگىز - پەس تاش يولدا ئېھتىياتچانلىق بىلەن جەڭچىلەرنى تاسقاپ ئالغا ئىلگىرلىمەكتە. ئاپتوموبىلدىكى جەڭچىلەرنىڭ بەزىلىرى ناخشا ئېيتسا، بەزىلىرى

قىزىق چاقچاقلىرى بىلەن ئاپتوموبىل ئۈستىدىكىلەرنى كۈلدۈرەت-
تى. بىر چاغلاردىن كېيىن ناخشا پەسىيىپ، چاقچاقلارمۇ
بارا - بارا سۇسلىششقا باشلىدى. بىر - بىرىگە يۆلىنىپ ئول-
تۇرغان جەڭچىلەرنى مۈگدەك باسماقتا ئىدى. ئاپتوموبىل يەنە
بىر داۋاندىن ئېشىشىغا ئىسمايىل ئېيتقان مۇڭلۇق ناخشا كۆكنى
يېرىپ يىراق - يىراقلارغا كەتتى.

مەن ئۆلەرمەن، مەن ئۆلەرمەن، يولدا قويماڭلار مېنى.
يولدا قويساڭلار قويۇڭلار، چۆلدە قويماڭلار مېنى...

بۇ ناخشا ئاپتوموبىلدىكى ھەممەيلەننى سەگەكلەشتۈردى.
جەڭچىلەر ناخشىغا خۇددى ھەر بىر جىرادىن ئېقىپ چۈشۈپ
ھاسىل بولغان شاۋقۇنلۇق دەريا سۈيىدەك جور بولدى. تاغ قوينى
باشقىدىن جانلىنىپ كەتتى...
جەڭچىلەر نەچچە كېچە - كۈندۈز ئاپتوموبىل بىلەن جىددىي
يۈرۈش قىلىپ، بۈگۈن ئاخىرى قونالغۇغا يېتىپ كەلدى.
ئېگىز تاغ باغرىدىكى قېلىن قار باسقان تاغ باغرىنى بويلۇ-
شۇپ خۇددى يىپقا تىزىلغان مارجاندەك ھەربىي چېدىرلار رەتلىك
قۇرۇلغانىدى، قارلىق دالىدىكى بۇ زېمىندا ھازىر رىتىملىق
ھەربىي تۇرمۇش ھۆكۈم سۈرۈپ، ئەلمىساقتىن ئادەم ئايىغى
تەگمىگەن بۇ ياۋايى ھايۋانلار ماكانى ئەمدىلىكتە كىشىنى ئۆزىگە
مەپتۇن قىلىپ تۇراتتى. كەچكى تاماقتىن كېيىن جەڭچىلەرگە
ھاردۇق يەتكەچكە بېشىنى ياستۇققا قويۇشى بىلەن تەڭ شېرىن
ئۇيقىغا كەتتى. لېكىن، ئۇ يەرنىڭ كېلىماتى سوغۇق، ھاۋاسى
شالاڭ بولغانلىقتىن، جەڭچىلەرنىڭ ئەپچىل ھەرىكەت قىلىشى
تۇرماق، نەپەس ئېلىشىمۇ قىيىن بولدى.
— رۇخسەت قىلىنىڭ بەنجاڭ، قا - قا - بولالمىدى.
ئۇخلاش سىگنالى چېلىنىپ ئىككى سائەت بولماي تۇرۇپ،
ئەخمەت تۇيۇقسىز بۇ خەۋەرنى يەتكۈزدى.

— نېمە، نېمە بولالىدى؟
— قا - قادىرنى دەيمەن. . .
تىنىقى تىنىقىغا ئۇلاشماي. . . — ھاسىراپ تۇرغان ئەخمەت ھەدەپ قولى بىلەن ئىشارەت قىلاتتى. بەنجاڭ ئۇ ئىشارەت قىلغان تەرەپكە يۈگۈرۈپ دېگۈدەك باردىيۇ، ئەمما بىر ئىككى قەدەم ئارىلىق قالغاندا بىردىن ئولتۇرۇپ قالدى.

«ۋاي، بۇ نېمە ئىش؟!» ئۇ شۇنچە تىرىشىپمۇ ئورنىدىن تۇرالمىدى. نەپەس ئېلىپ ئۈلگۈرتەلمەيتتى. يوت قولىدا قىلچە جان ئەسىرى قالمىغاندەك ئۆزىگە بويسۇنمايۋاتاتتى. ھەممە ئەزاسى خۇددى رېزىنكىگە ئوخشاش يۇمشاپ ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ قالغاندەك ھېس قىلدى. ئاڭغىچە باشقىلارمۇ بىر - بىرلەپ يېتىپ كېلىشتى. ھەممەيلەن قوش تىنىپ ھاسىراپ تۇراتتى.

«ھە، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى. بۇرناكۇنى قىسىم دوختۇرى ئېيتقان ئېگىز تاغ رېئاكسىيىسى دېگەن ئالامەت مۇشۇ ئوخشىمامدۇ؟» دەپ ئويلىدى ئىسمايىل ئۆزىدە ئورۇندىن تۇرغىدەك ماغدۇرنىڭ يوقلۇقىنى سېزىپ. ئۇ ئالدىدىكى قار ئۈستىدە ئوڭدىسىغا ياتقان قادىرنىڭ يېنىغا ئۆمىلەپ مېڭىشقا باشلىدى. ئەخمەت ۋە باشقا جەڭچىلەر بەنجاڭنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغۇزغاندا، پۇتلىرى دىرىلداپ، تىزلىرى ئېگىلىپ تۇراتتى. ئىسمايىل ئاران دېگەندە قادىرنىڭ يېنىغا تېز چۆكتى - دە، يەلكىسىدە ئېسىقلىق تۇرغان سەپەر سومكىسىدىن ئوكسىگېن تولدۇرۇلغان سۇلياۋ خالتىنى ئېلىپ، خالتىنىڭ بۇرجىكىدىكى نەيچىسىنى قادىرنىڭ بۇرنىغا يېقىن ئەكەلدى.

ئوھ، نېمىدېگەن ساپ، نېمىدېگەن لەززەتلىك ھاۋا بۇ! قادىر ئوكسىگېنىدىن قېنىپ - قېنىپ ھوزۇرلىنىپ نەپەس ئالدى. ئۇ «مەن بەنگە يۇك بولۇپ قالدىم، مېنى كەچۈرەرسىزمۇ؟» دېگەندەك قىلىپ بەنجاڭغا قاراپ ياتاتتى. بەنجاڭ قادىرنىڭ ئەھۋالىغا ئىچ ئاغرىتىپ ئىچ - ئىچىدىن كۆيۈنۈپ، ئۇنىڭ پېشانىسىنى

تۇتۇپ ئولتۇراتتى. بەنجاڭنىڭ مېھرىبانلىق يېغىپ تۇرغان چىرا-يىدىن، ئىسسىق ئالىقانلىرىدىن مېھىر - شەپقەت ھېس قىلغان قادىرنىڭ كۆڭلى خۇشاللىقتىن يايراپ كەتتى ۋە ئوكسىگىن خال-تىسىنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ، ئۆزىگە تېخىمۇ چىڭراق تارتتى.

جەڭچىلەر بۇ ئېگىز تاغدىكى تۇنجى كېچىنى قادىرغا ئوخ-شاش ئازابلىنىپ ئۆتكۈزدى، ھاۋا يېتىشمەي، نەپەسلىرى سىقىد-لىپ، تۇزۇكرەكمۇ ئۇخلىشالمىدى. ئاخىر جاپالىق ئېلىشىش ئارقىلىق تاڭمۇ ئاتتى. ئەتىگەنلىك تاماققا چېلىنغان سىگنال بىلەن تەڭ، ھەممەيلەن تاماقخانىنىڭ ئالدىغا كەلدى. لېكىن ھېچكىمنىڭ تاماققا زوقى يوق ئىدى.

— قېنى يولداشلار، ئالدىمىزدىكى مۇنۇ «دۈشمەن ئىستىھ-كامى» نى ئۇجۇقتۇرۇپ، چوڭ قىسىمغا يول ئاچايلى. بىرىنچى بولۇپ كىم يول ئېچىشقا جۈرئەت قىلالايدۇ؟ — ئىسمايىل ئەتى-گەنلىك تاماق ۋاقتىدا تاماق يېيىشكە رايى بارماي ئولتۇرغان جەڭچىلەرنىڭ ئالدىدىكى جاۋۇردا ھورى كۆتۈرلۈپ تۇرغان ئىس-سىق ھور نانغا قاراپ چاقچاق قىلدى. لېكىن ھەممە جىمجىت، تىرىق قىلغان ئاۋازمۇ ئاڭلانمايتتى.

— ھېچكىم جۈرئەت قىلالمىسا، مانا مەن «پارتلاتقىلى» ماڭدىم. قالغانلار ئارقامدىن ئالغا!

قۇرۇپ گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىنى تامشىتىپ ئولتۇرغان جەڭچىلەرگە قاراپ قويغاندىن كېيىن ئىسمايىل قولىنى ئۇزىتىپ ھور ناندىن بىرنى ئالدى.

— بىر، ئىككى. . . بەنجاڭ، پارتلاتقۇچ دورىنى پوتەيىنىڭ تۆشىگىدىن تاشلاڭ، مەن سىزنى ھىمايە قىلىمەن. — بايىدىن بېرى بەنجاڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي ئولتۇرغان ئەخمەت ئۇنىڭ ئا-خىرقى بىر پارچە ھور نانىنى تۇتۇپ تۇرۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ھەييارلىق قىلدى.

— مېنى ھىمايە قىلماقچى بولساڭ، ماۋۇنىڭغا راسا بىر ئوت

www.uyghurkitap.com

ئېچىۋەتكىنە قېنى. — دېدى بەنجاڭ ئاغزىدىكى ھور نانىنى ناھايىتى تەسلىكتە يۇتىۋېتىپ.

— تات ـ تات ـ تا ـ تا ـ تات، — ئەخمەت شۇنداق دەپ ئىككى چوڭ بارمىقىنى جۇپلەپ قولىدىكى ھور ناننى بېسىپ ئوتتۇرىدىن ئىككى پارچە قىلدى ـ دە، بىر پارچىسىنى جاۋۇرغا سېلىپ قويۇپ قالغىنىنى كۆچەپ چايناشقا باشلىدى.

— قېنى قادىر، سىلەرمۇ غەيرەت قىلىڭلار. بىز ئىككىمىزنى يالغۇز تاشلاپ قويامسىلەر؟

ئىسمايىل قولىدىكى ھور نانغا قاراپ نېمە قىلىشىنى بىلمەي ئولتۇرغان قادىرغا كۆزىنى قىسىپ قويدى.

— بەنجاڭ، قورسىقىم توق. زادىلا تاماق يېگۈم كەلمەيۋاتىدۇ. — قادىر بىر چىشلەم ناننى ئاران يۇتقاندىن كېيىن قالغىنىنى ياندۇرۇپ جاۋۇرغا سېلىپ قويدى.

— قورسىقىم توق دېگىنىڭ نېمىسى؟ بىر نەچچە كۈن سەپەردىمۇ تۈزۈكرەك بىرنېمە يېمىدىڭ. . .

— مانا ئۆزىڭىز كۆردىڭىز، ھازىرلا ھور نان يېدىمغۇ؟

— ۋاھ، شۇمۇ نان يېگەنگە ھېسابمۇ، سېنىڭ ئۇ بىر چىشلەم نېنىڭ بىلەن مۈشۈك ئاپتاپقا چىقامدۇ؟

— ئەخمەت ئۆزۈڭچۇ، سەن تېخى مېنىڭ يېگەنلىرىمنىڭ كىچىككىنە بىر پارچىسىنىمۇ يېمىدىڭ.

— بولدى، قويۇڭلار قۇرۇق گەپنى، — ئىسمايىل گەپ تالىشىۋاتقان قادىر بىلەن ئەخمەتكە قاراپ قويغاندىن كېيىن، ئولتۇرغان جەڭچىلەرگە قاراپ ئېيتتى، — تاماق ئىنسان ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان نەرسە، خۇددى زىرائەت سۇ بولمىسا ئاينىمىغاندەك ئادەممۇ تاماقسىز ياشىيالمايدۇ. ۋەتەن بىزدىن زور ئۈمىد كۈتكەن پەيتتە ئالدىمىزدىكى مۈشۈنچىلىك قىيىنچىلىقنى يېڭەلمەيمىزمۇ؟ دۈشمەننى زېمىنىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن كۈچلۈك بىلەك، ساغلام تەن بولۇشى كېرەك. بىزنىڭ ھەر

بىر ۋاخ تاماق يېيىشىمىز ۋەتەن ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن...

ئىگىزلىكنىڭ ھاۋاسى شالاڭ بولغانلىقى ئۈچۈن نەپەس قىسىلىشتىن سىرت، ئىشتىھا تۇتۇلۇپ تاماق يېيىشمۇ مۇشكۇل ئىش بولۇپ قالغانىدى. قىسمىنىڭ ئالدىغا دۇچ كەلگەن بۇ «بىرىنچى دۈشمەنگە» 3 - بەن بەنجاڭى ئىسمايىل مەمەتنىڭ باشلامچىلىقىدا بىرىنچى بولۇپ ئوت ئاچتى.

كىتابخان، سىز ئەجەبا تاماق يېيىشمۇ مۇشكۇل ئىش بولامدۇ؟ دەپ ھەيران بولۇشىڭىز مۇمكىن. ئىگىزلىككە چىقىپ باققان ئادەملەر بۇنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. ئىگىزلىككە يېڭى كەلگەن كىشىلەر دەسلىۋىدە ئىگىز تاغ رېئاكسىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ دەم ئېلىش قىيىنلاشقانلىقىنى ھېس قىلغاندىن سىرت قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى سەزمەيدۇ. سەزگەندىمۇ مىڭ زورلىغان بىلەن گېلىدىن بىر نەرسە ئۆتمەيدۇ. ئادەتتە ئىككى، ئۈچ ئاق ناننى كۆرمىدىم دېمەي سوقۇۋېتىدىغان ئەزىمەت بۇ يەردە بىر ناننىڭ يېرىمىنى يېيەلىشى ناتايىن. ۋاقىت ئۆزارغانسېرى ھاۋاسىغا ئۆزلەشكەندىن كېيىن ئاندىن بارا - بارا ياخشى بولۇپ كېتىدۇ.

«ئىنقىلاب ئۈچۈن تاماق يېيىش» بۇ جەڭگىۋار شوئار تېزلىكتە پۈتۈن قىسىمغا تارقىلىپ، بارلىق كوماندىر جەڭچىلەرنىڭ ئورتاق شوئارى بولۇپ قالدى. ئۇلار نەپەس قىسىلىشنى تۇگىتىش، ھاۋا شارائىتىغا تېزدىن ئۆزلىشىپ، كۆز ئالدىدىكى جەڭنىڭ غەلىبىسىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن جاپالىق چېنىقىشنى قانات يايدۇرۇۋەتتى.

— بىزگە دۆلەت مۇداپىئەسىنى غەلىبىلىك قوغداشتىن ئىبارەت جەڭگىۋار ۋەزىپىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ھەر بىر ۋاق تاماقنى يېيىشىمىز ۋەتەن ئۈچۈن، ئىنقىلاب ئۈچۈن...

جەڭچىلەر قارا قورۇمغا چىقىپ بىرىنچى كۈندىن باشلاپ زورلاپ مۇۋاپىق تاماق يېيىشكە ئادەتلىنىپ، ئىلمىي ئۇسۇل

بىلەن ئېگىز تاغ رېئاكسىيىسى ئۇستىدىن غالىب كېلىش ئۈ-
چۈن، چېنىقىش ھەرىكىتى ئېلىپ باردى. ئالدى بىلەن ئىسمايىل
باشلامچى بولۇپ ئەتىگىنى ياخشى يېيىش، چۈشتە كۆپ يېيىش،
كەچتە ئاز يېيىش تەجرىبىسىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزدى، جەڭ-
چىلەر ئۇنى ئۈلگە قىلدى، ئۇلار يەنە ئورۇندىن سەھەر تۇرۇپ
چېنىقىش ئېلىپ بېرىپ، دەسلەپتە ئاستا ماڭدى، كېيىن تېز
ماڭدى. ئاخىردا 1000 مېتىر، 2000 مېتىرغا يۈگۈردى. جەڭ-
چىلەر پەيدىن - پەي ئېگىز تاغ ھاۋاسىغا كۆنۈپ، كۈندۈزى
ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا مەشىق قىلالايدىغان بولدى. قورسىقى
ئاچقاندا قۇرۇق تالقان يەپ، ئۇسساپ قالسا قار يېيىشتى. شۇنداق
قىلىپ قىسىم ئۇزۇنغا قالماي شالاڭ ھاۋالىق ئېگىز تاغ رېئاكسى-
يەسىنىڭ ئۇستىدىن غەلىبە قىلىپ، بۇ يەرنىڭ شارائىتىغا كۆ-
نۈپ كەتتى.

— بىزنىڭ ئالدىمىزدا ئەشەددىي دۈشمەن تۇرۇپتۇ، ئۇلار
ئۇرۇش تەجرىبىسىگە ئىگە قېرى قاقۋاشلار، بىز ئۇلارنى ھەر-
گىزمۇ سەل چاغلىماسلىقىمىز لازىم. لېكىن شۇنى ئېيتىپ ئۆ-
تۈش كېرەككى، بىزنىڭ ئېلىپ بارغان ئۇرۇشىمىز ئادالەتلىك
ئۇرۇش، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ھەققانىي ئۇرۇش، ھەققانىي
ئۇرۇش غەلىبە قىلماي قالمايدۇ. بىزدە كوممۇنىستىك پارتىيە-
نىڭ توغرا رەھبەرلىكى، يۇقىرىنىڭ كەسكىن قوماندانلىق قى-
لىش ماھارىتى، جەڭچىلىرىمىزنىڭ ئۆز ۋەتىنىگە بولغان ساداقى-
تى بار. شۇڭا بىزدە تاغدەك ئىرادە، قەيسەر روھ بولۇشى
كېرەك.

تۆەنجاڭنىڭ جەڭگە قوزغىتىش ئۈچۈن دوكلات بەرگەن ۋاق-
تىدا قىلغان بۇ سۆزى جەڭچىلەرنىڭ قۇلاق تۈۋىدە تېخى ھازىرغى-
چە جاراڭلاپ ئۇلار ئۈچۈن پۈتمەس - تۈگىمەس مەنۋى ئوزۇق
بولۇپ، كۈچ - قۇۋۋەت بېغىشلىماقتا ئىدى.

# ئەڭ ئاخىرقى ئايرىلىش

ئۆكتەبىر. تىنىق زەڭگەر ئاسماندا نۇر تۆكۈپ تۇرغان قۇياشمۇ سارغۇچ، مەيىن شامال شىلدىرلىتىپ تۆكۈۋاتقان غازاڭلارمۇ سارغۇچ ئىدى. ئېرىق - ئۆستەڭ بويلىرىدىكى ئوت - چۆپلەرمۇ قۇرۇشقا باشلىغانىدى. ئېرىقلارنىڭ سۈيى تارتىلىپ، سۇزۇلۇپ، ئاستىدىكى لاي - لاتقىلار ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قوناقلار ئورۇلۇپ، خامانغا توشۇلغانىدى. شۇڭا، ئەتراپ ئوچۇقچىلىق بولۇپ، يىراق - يېقىندىكى ئۆيلەر ئىنىق كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

ئۆز يېزىسىنىڭ ھۆسنىگە قانماي، ئەتراپقا سېغىنىش بىلەن قاراپ كېلىۋاتقان ئىسمايىل كۆن قىيىلغاندا ئۆز دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدى. دەرۋازا قۇلۇپلانغانىدى. مەھەللە ئىچى تىپ - تىنچ، پەقەت ھويلىدا قاقاقلىشىپ دانلاپ يۈرگەن توخۇلارلا كۆزگە چېلىقاتتى. ئۇ بىر دەم ئۆز ئورنىدا تۇرۇپ ئەتراپقا زەن سالدى. يىراقتىن كىمدۇر بىرسىنىڭ:

سۈتتەك ئايدىڭ كېچىلەردە،①
ئورما ئورۇيمىز، لاي، لاي، لاي.
تاڭ سەھەرنىڭ سەلكىنىدە،
خامان سورۇيمىز، لاي، لاي، لاي.

ئارپا، بۇغداي سامانىنى،
سەلكىن ئايرىيدۇ، لاي، لاي، لاي.

---

① خەلق قوشاقلىرىدىن ئېلىندى

www.uyghurkitap.com

ئۆرۈك - توغقان قېرىنداشنى،
ئۆلۈم ئايرىيدۇ، لاي، لاي، لاي.

دەپ ئېيتقان خامان ناخشىسىنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى ئاڭلاندى. ناخشا ئېيتىۋاتقان ئەر كىشى ئىدى، ناخشا ئاۋازى بىلەن بىللە يەنە چوكانلارنىڭ جاراڭلىق كۈلكە ساداسىمۇ ئاڭلاندى. قارىغاندا ئەزالار خاماندا قوناق سويىۋاتقاندەك ئىدى. «ئانامىمۇ خاماندا ئوخشىمامدۇ؟» دەپ پەرەز قىلغان ئىسمايىل قولىدىكى سومكىسىنى ئانچە ئېگىز بولمىغان هويلا تېمىدىن ئارتىلدۇرۇپ تاشلاپ، ئۇدۇللا ناخشا ئاڭلانغان تەرەپكە قاراپ كەتتى.

ئىسمايىلنىڭ ئائىلىسىنى يوقلاپ يېزىسىغا قايتىپ كېلىشى تاسادىپىي بولۇپ قالدى. ئەسلىدە ئىسمايىل تۇرۇشلۇق چېگرا مۇداپىئە قىسمى يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، سىنتەبىرنىڭ ئاخىرىدا غەربىي - جەنۇبىي جەڭ مەيدانىغا يېتىپ بارغاندا، چېگرىدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرىمىزنىڭ قەهرىمانلارچە قايتۇرما زەربە بېرىشى بىلەن ئۇرۇش ئوتى سەل بېسىققانىدى. قىسىمنىڭ جەڭگىۋار هالىتىنى ساقلاش مەقسىتىدە، دۈشمەننى ئالداش يۈزىسىدىن قىسىم يەنە قوماندانلىق ئورنىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك چېكىنىشى قىلىپ، ئۆز ئورنىغا قايتىپ بۇيرۇق كۈتۈشى توغرىسىدىكى يولىيورۇقىنى تاپشۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى قېتىم ئۆز ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتىۋاتقان ئىسمايىلنى لىيەنجاڭ چاقىرتىپ، ئۇنىڭ ئائىلىسىنى يوقلاپ ئاندىن قىسىمغا قايتىشقا رۇخسەت بېرىلگەنلىكىنى ئۇقتۇردى.

— بەنجاڭ ئىسمايىل، — دېدى لىيەنجاڭ ئوبۇل ئۇنىڭ «مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە قانداقمۇ قىسىمدىن ئايرىلىپ ئائىلەمنى يوقلاشقا بارىمەن» دېگەن گېپىگە جاۋابەن. — ئانىڭىزنىڭ سالامەتلىكى ئانچە ياخشى ئەمەسكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆيىڭىزنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ قالدۇق، بېرىپ كۆرۈپ كەلگىنىڭىز تۈزۈك.

— تەشكىلنىڭ غەمخورلىقىغا رەھمەت. لېكىن، ۋەزىيەت يەنە ئۆزگىرىپ قىسىم ئالدىنقى سەپكە بېرىش توغرا كەلسە مەن بۇ يەردە قالىمەنمۇ؟ ياق! رەھبەرلىكنىڭ مېنىڭ يولداشلىرىم بىلەن بىرلىكتە قىسىمغا قايتىشىمغا رۇخسەت قىلىشىنى سوراي-مەن. بالىنىڭ ئانىنى، ئېلىنى سېغىنىشى تەبىئىي، ئەمما هال-قىلىق پەيتتە ئۆز شەخسىي مەنپەئىتىنى دەپ جەڭگىۋار كوللېك-تىپتىن ئايرىلمايمەن. — دېدى ئىسمايىل.

ليەنجاڭ ئۇنىڭ ئوڭاي كۆنمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ:

— بۇ ليەن پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ قارارى. ئەگەر ھەقىقە-تەنمۇ ۋەزىيەت جىددىيلىشىپ قايتىدىن بۇيرۇق كېلىپ ئۇرۇشقا قاتنىشىشقا توغـرا كەلـسە، سىزنى ھەرگىز قالـدۇرۇپ قويماي-مىز، — دېدى جىددىي ئاھاڭدا.

— خوپ!

ليەنجاڭنىڭ ۋەدىسىنى ئاڭلاپ كۆڭلى ئەمىن تاپقان ئىسما-يىل ليەنجاڭ ئوبۇلنىڭ ئالدىدىن يولداشلىرى يېنىغا كەلدى.

يول ئۈستىدە ئىسمايىلنىڭ ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىدا توختىغان ماش رەڭ ھەربىي ئاپتوموبىللار بىر - بىرلەپ قوزغالدى. ئىسما-يىل جەڭچىلەردىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ھالدا سەپداشلىرى بىلەن قول ئېلىشىپ خوشلىشىپ، ئاخىرقى ئاپتوموبىل پۇرقى-راپ كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزان ئارىسىدا يىراقلاپ كەتكۈچە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، چـوڭ قـەدەم تـاشلاپ ئـۆيگـە يۈرۈپ كەتتى. . .

— ھوي، بۇ بىزنىڭ ئىسمايىل ئەمەسمۇ؟ — دېگەن بىرسى-نىڭ ئاۋازى بىلەن تەڭ خاماندا ئىشلەۋاتقانلار گۇرررىدە ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى.

قىزغىن ھال سوراشلاردىن كېيىن، خاماندا ئىشلەۋاتقان سۇلايمان ئاكا ئوغلىنى ئېتىزدا قوناق ئۈزۈۋاتقان ھەجەرخان ئانىغا خەۋەر قىلىشقا ئەۋەتتى.

— جىگىرىم بالام، كۆز نۇرۇم بالام، كەلدىڭمۇ؟

ئىسمايىلنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ دېگۈدەك كەلگەن ھەجەرخان ئانا ئوغلىنى كۆرۈشى بىلەن ئىككى غۇلىچىنى كەڭ يېيىپ ئۆزىنى ئوغلىغا ئاتتى. ئۇ ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ ھاياجانلانغانلىقىدىن گەپمۇ قىلالماي قالدى. پەقەت ھەدەپ ئىسمايىلنىڭ باش - كۆزىنى سىلايتتى، كۆزىدىن ئۇنچىدەك ياشلار تۆكۈلەتتى.

— ئانا نېمىشقا يىغلايسىز؟ مانا مەن كەلدىمغۇ، — ئىسمايىل ئانىسىنى بەزلەيتتى.

— ئوڭۇم-مۇ - چۈشۈم-مۇ بۇ؟ راست سەن كەلدىڭمۇ بالام؟ — ھەجەرخان ئانا ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەيتتى. — تىنىخى ئاخشاملا چۈشۈمگە كىرىپ قاپتىكەنسەن، ئەمدى ئوڭۇمدا كۆرۈپتىمەن سېنى.

ئانا ئوغلىغا قاراپ تويمايتتى.

كەچكى تاماقتىن كېيىن ھويلا كۆرۈش-كىلى كەلگەن قولۇم - قوشنىلار بىلەن لىق تولدى. تال بارىڭىغا ئېسىلغان ئاسما پەنەرنىڭ يورۇقىغا ھەممە كۆزلەر ئوسمان شۇجى، سۇلايمان ئاكا قاتارلىق يېزىنىڭ پېشقەدەم مۆتىۋەرلىرى بىلەن پاراڭلىشىۋاتقان ئىسمايىلغا تىكىلگەنتى.

ھەجەرخان ئانا بۈگۈن ئادەتتىكىدىنمۇ خۇشخۇي ۋە چاققان بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ يۈگۈرۈپ يۈرۈپ دېگۈدەك مېھمانلارنىڭ ئالدىغا ھېلى قىزلارنىڭ مەڭزىدەك قىزىرىپ پىشقان قىزىل ئۈزۈملەرنى لىگەنلەپ قويسا، ھېلى پىچىپ تەييارلانغان شەربەتلىك قوغۇنلارنى دۈۋىلەۋەتتى.

داستىخان يىغىشتۇرۇلغاندىن كېيىن، قاچانلاردىدۇ سازلىرىنى تەڭشەپ تەييار قىلىپ قويغان نەغمىچىلەر «قەشقەر سەنىمى» نىڭ يۈرەكنى تىترەتكۈچى مۇڭلۇق كۈيلىرىنى ياڭراتتى.

ئەر ـ ئايال، قىز ـ يىگىتلەر جۈپ ـ جۈپ بولۇپ ئىزگۈ سازنىڭ رىتىملىق ئۇدارلىرىغا تەڭكەش قىلىپ ساماغا چۈشۈشكە باشلىدى. لەرزان تەرەننۇم قىلىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ئايگۈل ـ دادۋي شۇجىسىنىڭ قىزى شەھلا كۆزلىرى بىلەن ئىسمايىلغا بېقىپ ئۇنى ئۇسسۇلغا تارتتى، ئىسمايىلمۇ تارتىنىشىپ تۇرمايلا ئورنىدىن قوپۇپ قىزغا جۆر بولدى. «قەشقەر سەنىمى» نىڭ كىشىلەر قەلبىنى لەرزىگە سالغۇچى شوخ ساداسى تۇن ئاسمىنىنى يېرىپ، كەڭ يارۋاغ دالاسى ئۈستىدە ياڭرىماقتا ئىدى. . .

ھەجەرخان ئانىغا قولۇم ـ قوشنىلار ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈپ يانغاندا، تۇن تەڭ كېچىدىن ئاشقانىدى. بۇ كېچە ئانا بىلەن بالا ئۇزاققىچە ئۇخلىمىدى. بۈگۈن مېھمان كۈتمەن دەپ يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ھېرىپ كەتكەن ھەجەرخان ئانا ئوغلى بىلەن كۆپرەك مۇڭداشقۇسى كېلىپ، قىسمەدىكى تۇرمۇشى، ئېگىز تاغ، شالاڭ ھاۋالىق شارائىتتىكى ئۇرۇش توغرىسىدا سورايتتى. ئىسمايىل بولسا ئانىسىنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن تارتقان جاپالىرىنى دېمەي، ياخشى گەپلەرنى قىلاتتى. ئۇلار ئۇزاق مۇڭدۇشۇپ، سەھەرگە يېقىن ئۇخلاپ قېلىشتى. . .

ئەتىسى سەھەردىلا ئىسمايىلنىڭ مەھەللىسىگە ئىككى ھەربىي كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ بىرى قادىر، بىرى ئەخمەت ئىدى.

— ھەي ئۇكام، بىزنىڭ بەنجاڭنىڭ ئۆيىنى بىلەمسەن؟

مەھەللىگە كىرىشىگىلا بويىنغا جىلتىسىنى ئېسىپ، مەكتەپكە كېتىۋاتقان بالىدىن سورىدى قادىر.

— بەنجاڭ؟ بىزنىڭ بۇ يەردە «بەنجاڭ» دېگەن ئادەم يوق، — ئالدىدىكى ئىككى ھەربىيگە قىزىقسىنىپ قاراۋاتقان بالا بېشىنى چايقىدى.

— قىزىقسەن ـ دە، قادىر. سېنىڭ بەنجاڭ دېگىنىڭنى بۇ بالا نەدىن ئۇقسۇن، — دېدى ئەخمەت. ئاندىن ئېخچە ئۆزلىرىگە قاراپ تۇرغان بالىدىن سورىدى. — ئۇكام، ئىسمايىل مەمەتنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تونۇمسەن؟

— ھە، تونۇگۇن كەلگەن ھەربىي ئىسمايىل ئاكامنىمۇ؟ تونۇيمەن. ئىسمايىل ئاكاملارنىڭ ئۆيى ئەنە ئاۋۇ يەردە.

بالا ئۇلارنى باشلاپ مېڭىپ كەتتى. قادىر كېتىۋېتىپ بۇ ئوماق بالىغا زوقى كەلدى ۋە يەلكىسىگە ئېسىقلىق تۇرغان ھەربىي سومكىدىن بىر ئوچۇم كەمپۈت ئېلىپ بالىغا بەردى.

— ۋاي - ۋۇي، ئاخشام ھەجەرخان چوڭ ئانىنىڭ ئۆيىدە تازا قىزىق ئويۇن - تاماشا بولدى. ئىسمايىل ئاكام ئۇسۇلغا بەك ئۇستا ئىكەن. . . — يېنىك قەدەملەر بىلەن بۇلارنىڭ ئالدىدا كېتىپ بارغان بالا ئاغزىدىكى كەمپۈتنى شۇمگەچ پاراڭ قىلىپ ماڭدى.

باشقا ۋاقىت بولسا، كىچىك بالىلارغا ھېرىسمەن قادىر ئالدىراپ قالماي ئەركىلىتىپ، كۆلدۈرۈپ، پاراڭلاشقانمۇ بولاتتى. بىراق، ئۇ بۇگۇن باشقىچە جىددىي ئىدى. كاللىسىدا پەقەت «بەنجاڭنى تېزرەك تېپىپ، يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىنى يەتكۈزۇش كېرەك» دېگەن بىرلا ئوي بار ئىدى. شۇڭلاشقىمۇ ھېلىقى بالىنىڭ:

— ئىسمايىل ئاكامنىڭ ئۆيى مانا شۇ، — دېگەن گېپىنىمۇ ئاڭلىماي قالدى. ئەخمەت چاقىرىۋالمىغان بولسا ئۇ ئۇدۇل كېتىۋەرگەنمۇ بولاتتى.

ھويلا - ئارامنى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ، ئەمدىلا ئەتىگەنلىك چايغا تۇتۇش قىلىۋاتقان ھەجەرخان ئانا دەرۋازا ئالدىدا كىچىك بالىنىڭ «ئىسمايىل ئاكام-نىڭ ئۆيى مۇشۇ» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى - دە، قولىدىكى ئوتۇننى يەرگە قويۇپ سىرتقا ماڭدى.

— ياخشىمۇ سىز ئانا، بىز بەنجاڭ ئىسمايىلنىڭ جەڭچىلىرى بولىمىز، — دېدى قادىر ئۆزلىرىگە قاراپ چىقىپ كېلىۋاتقان ھەجەرخان ئانىغا ھەربىيچە سالام بەرگەندىن كېيىن.

— كېلىڭلار باللىرىم، قېنى، ئۆيگە كىرىڭلار، — ئانا ئۆز ئوغلىغا ئوخشاش كېيىنگەن، چىرايى ئىسسىق ياش جەڭچىلەرنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى.

ئىككىسى ئۆيگە كىرىپ ھەجەرخان ئانا بىلەن يەنە قايتىدىن قىزغىن ئەھۋاللاشتى.

— ئانا، ئىسمايىل بەنجاڭ بىلەن كۆرۈشسەك بولاتتى، ئۇ-نىڭغا دەيدىغان زۆرۈر گەپ بار ئىدى، — دېدى ئۆي ئىچىدە بەنجاڭنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرمىگەن ئەخمەت.

— ئۇ بالا تاڭ سەھەردىلا ئەزالار بىلەن بىللە ئېتىزغا چىقىپ كەتكەنىدى، ئەگەر مۇھىم ئىش بولسا مەن چاقىرتىپ بېرەي، باللىرىم.

ھەجەرخان ئانا ھويلىغا چىقىپ ئارىتام ھويلىدىكى قوشنىسى گۈلسۇمخاننى چاقىرۋېلىپ، ئېتىزلىقتىن ئىسمايىلنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتتى.

ئەخمەت بىلەن قادىر داستىخانغا كەلتۈرۈلگەن چايدىن تېخى ئوتلىماي تۇرۇپلا كۆزلىرى قىزارغان، لېكىن ئەپتىدىن روھلۇق كۆرۈنگەن ئىسمايىل كىرىپ كەلدى. ئۈچەيلەن بىر - بىرى بىلەن قىزغىن كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئادەتتە بىر ئېغىز گەپ قىلسىمۇ چاقچاق ئارىلاشتۇرماي قىلمايدىغان ئەخمەت ئىسمايىلغا جىددىي ئاھاڭدا:

— تۈنۈگۈن كەچقۇرۇن كەلگەن يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە قىسىم يەنە قايتىدىن چېگرىغا بارىدىغان بولۇپ قالغانلىقى ئۈ-چۈن، بىز كېچىلەپ يولغا چىقىپ ھازىر بۇ يەرگە يېتىپ كەل-دۇق. ليەنجاڭ ئوبۇل سىزنى چاقىرتىپ كېلىش ئۈچۈن ئىككى-مىزنى ئەۋەتتى، قىسىم يول ئۈستىدە سىزنى ساقلاپ قالدى. — دېدى.

ئېتىزدىن كېلىۋېتىپ گۈلسۇمخان ئىسمايىلغا ئىككى ھەر-بىينىڭ ئۇنى كۈتۈپ ئۆيدە قالغانلىقىنى ئېيتقاندىلا كۆڭلىدە بى-

www.uyghurkitap.com

رەر ئىشنى پەملىگەن ئىسمايىل ئەخمەتنىڭ سۆزىگە بەكمۇ ھەيران
بولۇپ كەتمىدى. ئۇ ئەخمەتلەرنى چاي ئىچىشكە تەكلىپ قىلىپ
قويۇپ، ئۆزى دەرھال ئۇستىۋېشىنى تۈزەشتۈرۈش ئۈچۈن ئورنى-
دىن تۇردى.

ئوغلىنىڭ ئۆز يېنىدا ئاران بىر كېچە تۇرۇپلا قايتىپ كەت-
مەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ باغرى قانمىغان ئانا كۆز يېشى
قىلىشقا باشلىدى.

— جېنىم بالام، يەنە بىرەر - ئىككى كۈن تۇرۇپ كەتسەڭ-
چۇ، ئاناڭ دىدارىڭغا قېنىۋالسا. . .

— ئانا، — ئىسمايىل ئايرىلىش ئوتىدا كاۋاپ بولۇۋاتقان
ئانىنىڭ قەلبىنى تېخىمۇ زىيدە قىلىشنى ئەپسىز كۆرۈپ تىلىنىڭ
ئۇچىغا كەلگەن گېپىنى بوغۇزىغا يۇتۇپ، گەپنى باشقا ياققا بۇرى-
دى، — قارىڭا، سىز بىر ئوبدان تۇرۇۋېپسىز، ئۇنىڭ ئۇستىگە
تەشكىلدىن سىزگە ياخشى غەمخورلۇق قىلىۋېتىپتۇ. مەن بۇگۈن
كەتكەن بىلەن پۇرسەت بولسىلا يەنە كېلىمەن. . .

— سەن كۆزۈمـنىڭ نۇرى ئـدىڭ، بىـچارە ئاناڭـنى
ئايىساڭچۇ. . .

ھەجەرخان ئانا خۇددى ئوغلىنى شۇ تاپتا بىرى تارتىپ كېتىد-
دىغاندەك باغرىغا مەھكەم بېسىپ يىغلايتتى، يالۋۇراتتى. ئىسما-
يىل مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىۋاتقان ئانىغا ئەمدى گەپنىڭ راستى-
نى ئېيتمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، سەممىي ئاۋازدا:

— جېنىم ئانا، مەن ئۇچۇن سىز تولىمۇ قەدىرلىك، لېكىن
ۋەتىنىممۇ ئوخشاشلا قەدىرلىك. ماڭا سىزمۇ كېرەك، ۋەتىنىممۇ
كېرەكقۇ! ۋەتەننىڭ ئامانلىقى بولغاندىلا ئاندىن بىزنىڭ بەختىمىز
بولىدۇ. ۋەتەن چېگرىسى خەۋپ ئىچىدە قالغاندا مەن قانداقمۇ
ئۆيدە تۇرالايمەن؟ ئۆزىڭىز دائىم «ئاتاڭنىڭ بالىسى بولغىچە،
ئەلنىڭ بالىسى بول» ، دەپ نەسىھەت قىلاتتىڭىزغۇ. ئەمدىلىكتە

ئەل بېشىغا كۈلپەت يېغىۋاتقاندا، ئالدىمنى توسماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. ئانا، جەڭدىن غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يېنىڭىزدا ئۇزاقراق تۇرۇپ بەرسەم بولمامدۇ؟ — دېدى.

بىر - بىردىن ئايرىلىشقا قەلبى قىيمىغان ئانا - بالا دەرۋازا تۈۋىدە خېلىغىچە تۇرۇشتى. ئىسمايىل ھەدەپ قول ياغلىقى بىلەن ئانىسىنىڭ كۆز يېشىنى سۈرتكەچ كۆڭلىنى ياسايتتى.

— بارغىن جېنىم بالام، بارغىن! ئاناڭ ھەرگىز سېنى ئۆز يېنىدا تۇتۇپ قالماقچى ئەمەس. كونىلاردىن قالغان «ئەل قوغدىساڭ ئۆسەرسەن، قوغدىمىساڭ ئۆچەرسەن» دېگەن گەپ بار. مىليونلىغان ئانا - بالىلارنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن بىر ئەمەس، ئون بالا بولسىمۇ تەسەددۇق. — دېدى ئاخىردا ھەجەرخان ئانا ئۇ ئوغلىنى يەنە قۇچىقىغا تارتىپ، ياشتىن نەملەنگەن لەۋلىرى بىلەن پېشانىسىگە سۆيدى.

— ئاق يوللۇق بولغىن ئوغلۇم، خۇدا سىلەرگە رۇستەمدەك كۈچ بەرسۇن.

تېخى تۈنۈگۈنلا كەلگەن ئىسمايىلنىڭ بۈگۈن تۇيۇقسىزلا قىسمىغا قايتىدىغان بولۇپ قالغانلىق خەۋىرى بىر دەمدىلا مەھەللىگە تارقىلىپ كەتكەنىدى. ئىسمايىل ھەربىيلىككە بېرىشتىن بۇرۇن ئايگۈل بىلەن مۇھەببەتلىشىپ يۈرۈشكەن جەڭچى بولغان ئىككى يىلدىن بېرى ئۇلار بىر - بىرىنى راسا سېغىنىشقان ئىدى. ئايگۈل ئىسمايىلنىڭ تۇيۇقسىز كېتىدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇدۇل ھەجەرخان ئانىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۇ ئىسمايىلغا ئاچچىق - ئاچچىق گەپلەرنى قىلماقچى ئىدى. ئاخىر ئۇلار ئىككىسى بىر دەم خالىي قېلىپ پاراڭلاشقىنىمۇ يوققۇ؟ ئۇ ئىسمايىلنىڭ ئۇشتۇمتۇت، گەپ - سۆزسىز پەيدا بولۇپ، يەنە شۇنداق ئۇشتۇمتۇت غايىب بولماقچى بولغانلىقىدىن خاپا بولغاند-

www.uyghurkitap.com

دى. ئەمما، ئۇ ئىسمايىلنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇشتۇمتۇت كېتىدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خاپىلىقى يوقالدى.

— يول بولسۇن، — دېدى ئايگۈل مەيۇس هالدا.

— تۇيۇقسىز ماڭىدىغان بولۇپ قالغىنىم ئۈچۈن ئالدىراشچىلىقتا دادىڭىز بىلەنمۇ خوشلىشالمىدىم. مەندىن سالام ئېيتىپ قويارسىز. — دېدى ئىسمايىل توپ ئىچىدىن سەل چەتكە چىققاندىن كېيىن ئايگۈلگە.

ئىككى ياشنىڭ ئىختىيارسىز بىر - بىرىگە تىكىلگەن كۆزلىرى ئارقىلىق بىر - بىرىنىڭ يۈرىكىگە ئۆتۈشكەن ئىسسىق سېزىم بىلەن بەدەنلىرى ياپراقتەك تىترەپ، قانلىرى گويا دولقۇنلۇق دەريا سۈيىدەك مەۋج ئۇرۇپ كەتتى.

— ئامان بولۇڭ، — دېدى ئىسمايىل ۋە مۇھىم بىر نەرسىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك سەل تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، — مەن چوقۇم قايتىپ كېلىمەن، — دەپ قوشۇپ قويدى قىز ئاڭلىغۇدەك قىلىپ.

ئىسمايىلنىڭ سۆزى بىلەن قىزنىڭ گويا بەتلەكلىك تۇرغان مىلتىقتەك هالەتتىكى قەلبى ئېتىلىپ كېتىشكە تاسلا قالدى. دېمىسىمۇ ئىككى يىلدىن بېرى ئايگۈل قانچىلىك ئىشق ئازابىنى تارتمىدى دەيسىز؟

شۇ ئارىدا ئەتراپتىكى قولۇم - قوشنىلار، ئەل - ئاغىنىلار ئولىشىپ كېلىشتى.

— ئاق يول بولسۇن ئۇكام، شەرەپ گۈلىنى تاقاپ قايتىپ كېلىشىڭىزنى تىلەيمىز، — دېيىشتى يۇرت چوڭلىرى.

ئىسمايىل تۇپلۇشۇپ تۇرغانلار بىلەن خوشلۇشۇپ مەھەللىدىن ئايرىلىپ چوڭ يولدا ساقلاپ تۇرغان ئاپتوموبىلغا قاراپ يول ئالدى.

# جەڭ ئالدىدا

يېرىم كېچە، زېمىن ئۈستىگە قازاننى كۆمتۈرۈپ قويغاندەك ھەممە ياق قاپقاراڭغۇ. ئىزغىرىن تاغ شامىلىنىڭ شۇۋۇلدىغان ساداسىدىن باشقا ھېچقانداق شەپە يوق ئىدى. تۈەن شتابى ئورۇنلاشقان ماش رەڭ چېدىر ئۆيدە چىراغ پىلىلداپ يېنىپ تۇراتتى. شۇ تاپتا تۈەن شتابىدا لىيەن باشلىقلىرىدىن يۇقىرى كادىرلارنىڭ جىددىي يىغىنى ئېچىلىۋاتاتتى. يىغىندا ھېلىلا قوماندانلىق ئورنىدىن كەلگەن جەڭ ۋەزىپىسى ۋە نۆۋەتتىكى قىسىم ئالدىدا تۇرغان چېگرا ۋەزىيىتى مۇزاكىرە قىلىنىۋاتاتتى. تۈەنجاڭ سەنمۇجاڭ بىلەن بىللە خەرىتىنى ئېچىپ قويۇپ يۇقىرىدىن تاپشۇرغان جەڭ پىلانى ئۈستىدە كۆپچىلىك بىلەن بىللە خېلى ئۇزۇنغىچە باش قاتۇردى.

— باشلىقلار خاتىرجەم بولسۇن، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ بىر غېرىچ زېمىنىنى قوغداش ئۈچۈن ھەر قانداق مۈشكۈلگە تاقابىل تۇرالايمىز. بۇ كىچىككىنە قىيىنچىلىق بىزنىڭ ئىرادىمىزنى قىلچىمۇ تەۋرىتەلمەيدۇ!

بۇ ھەر قايسى لىيەندۈيلەردىن كەلگەن لىيەن باشلىقلىرىنىڭ تۈەن قوماندانلىق شتابىغا بىلدۈرگەن ئىرادىسى ئىدى.

— يولداشلار! ھەر بىرىڭلارغا مەلۇم، بىز دۇچ كېلىۋاتقان ھازىرقى قىيىنچىلىق جەڭنى غەلىبىلىك ئورۇنداشتا چوڭ توسالغۇ. بىزنىڭ بۇ قېتىم بۇ قىيىنچىلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش قىلالماسلىقىمىز نۆۋەتتىكى جەڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ياكى مەغلۇپ بولۇش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، بۇنى بارلىق كومپارتىيە ئەزالىرىغا، كومۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئەزالىرىغا بىۋاسىتە چۈشەندۈرۈش كېرەك. رەھبىري كادىرلار قىيىنچى-

لىقنى يېڭىشتا ئۈلگە بولۇشىمىز لازىم. سوغۇق ۋە ئېگىز تاغ رېئاكسىيىسى بىزگە تەھدىت سالماقتا. ئىگىلىشىمىزچە، ئالدىنقى ئورۇنلارنىڭ دوكلاتىغا قارىغاندا، ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ جەڭچىلەر ئارىسىدا قوشنا دۆلەتلەردىن كىرگەنلەر ئارقىلىق كېزىك كېسىلى تارقىلىپتۇ. دېمەك، بۇ بىزگە يەنە بىر دۈشمەنمۇ هۇجۇم قىلىشقا باشلىدى دېگەن گەپ. هازىرقى ۋەزىيەت بۇ رەزگى كېسەلدىن مۇداپىئە كۆرۈپ قىسمىنىڭ جەڭگىۋار كۈچىنى ئامان - ئېسەن ساقلاپ قېلىش. هەر دەرىجىلىك رەهبەرلەر ۋە كوممۇنىستلارنىڭ يۈكى ئېغىر. هازىر هەممىمىزنىڭ ۋەتەنگە بولغان مۇهەببىتىنى سىنايدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلدى. . . — دېدى تۈەنجاڭ هەر قايسى ليەندۈيلەرگە جەڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن.

يىغىن سورۇنىنى بىر پەس جىمجىتلىق باستى. هەممە ئېغىر نەپەس ئالاتتى. ئۇلار ئېغىزدىن چىقىرالمىغان بىلەن كۆڭلىدە ئەهۋالنىڭ يامان ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. تېخى تۈنۈگۈنلا چاقچاق قىلىشىپ مېڭىپ يۈرگەن كىشىلەر بۈگۈن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالماقتا، كېسەللەرنىڭ سانى سائەتلەپ كۆپەيمەكتە ئىدى. لېكىن، كىشىلەرنىڭ بەل تاسمىسى بولۇشىغا چىڭىتىلدى. جۇدەپ، يۈز ئۈستىخىنى تومپىيىپ چىقىپ قالغان تۈەنجاڭنىڭ قارامتۇل چىرايىنى كۆرۈش كوماندىر - جەڭچىلەر ئۈچۈن ئېغىر تۇيۇلاتتى. چۈنكى تۈەنجاڭ قىسمىنىڭ پولات تۈۋرىكى - دە، هەممە مەسئۇلىيەت تۈەنجاڭنىڭ ئۈستىدىن باسماقتا ئىدى. تۈەنجاڭ بولسا ئۆز ئالدىدا ئولتۇرغانلارنىڭ جاپالىق شارائىتتا يېرىم ئېتىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى كۆرگەندە، يۈرىكىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئېچىشىۋاتقانلىقىنى كوماندىر جەڭچىلەر بىلمەيتتى. تۈەنجاڭنىڭ چوڭقۇر ئولتۇرۇشقان، ئەمما جەسۇر ۋە ئۈمىد ئۈچقۇنى چاقناپ تۇرغان كۆزى ئۆزىگە تىكىلگەنلىكىنى سەزگەن هەر بىر كوماندىر - جەڭچى ئۆزىدە شۇ تاپتا ئاجايىپ كۈچ - قۇدرەت

پەيدا بولغاندەك ھېس قىلاتتى.

— رۇخسەت قىلىڭ تۇەنجاڭ. بىزنىڭ لىيەن ۋەتەن ئۇمىدىنى ھەرگىز يەردە قويماسلىققا قەسەم بىرىمىز...

— رۇخسەت قىلىڭ...

— رۇخسەت قىلىڭ...

يىغىن قىزغىن ۋە ھاياجانلىق كەيپىيات ئىچىدە ئاياغلاشتى.

— ئوبۇل لىيەنجاڭ، سىز سەل توختاپ تۇرۇڭ.

تۇەنجاڭ ئىغىر پىلىموت لىيەنىنىڭ لىيەنجاڭى ئوبۇلنى توختىتىۋالدى. باشقىلار تارقاپ كەتكەندىن كېيىن، تۇەنجاڭ ئۇنى قاتلىما ئورۇندۇققا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى ۋە يانچۇقىدىن تاماكا قۇتىسى بىلەن قەغەزنى ئېلىپ ئۆزىگە بىر چېكىم ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئۇزاتتى:

— قېنى بىزنىڭ يۇرتنىڭ تاماكىسىنى چېكىپ بېقىڭ، تەمى قانداقراقكىن.

— تەمىنىڭ ياخشىلىقىغا گەپ كەتمەيدۇ. شۇڭلاشقىمۇ پۇتۇن شىنجاڭغا داڭقى بار - دە، بۇ تاماكىنىڭ، — دېدى لىيەنجاڭ تاماكا بىلەن قەغەزنى ئېلىۋېتىپ.

ئۇلار بىر پەس ئۇياق - بۇياقتىن پاراڭلاشقاندىن كېيىن تۇەنجاڭ رەسمىي ئىش ئۇستىدە ئېغىز ئاچتى.

— يۇقىرى قوماندانلىق ئورۇنىنىڭ بۇيرىقىغا قارىغاندا ئالدىمىزدىكى جەڭ بەكمۇ مۇھىم، — دېدى ئۇ لىيەنجاڭغا قاراپ. — دۈشمەننىڭ 52 - نومۇرلۇق تايانچ بازىسى ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇ بىز دۈشمەننى دۆلىتىمىز زېمىنىدىن قوغلاپ چىقىرىشتا بېسىپ ئۆتىدىغان بىردىنبىر يول. شۇڭا جەڭ ئالدىدىن پۇختا تەييارلىق قىلماي بولمايدۇ. مېنىڭچە، بۇ قېتىمقى دۈشمەننىڭ 52 - نومۇرلۇق تايانچ بازىسىنى رازۋېدكا قىلىشقىمۇ سىلەرنىڭ لىيەننىڭ ئۈچىنچى بەنجاڭى ئىسمايىل مەمەتنى ئەۋەتسەكمىكىن، دېگەن ئويدامەن.

— تۆەنجاڭنىڭ قارارىنى قەتئىي ھالدا ئورۇنلايمىز، — دېدى لىيەنجاڭ ئوبۇل دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ چۈس، بىرىنچى

— ئولتۇرۇڭ، بۇ قارار ئەمەس، مېنىڭ ئويۇم، سىزنىڭچە بولامدۇ؟

— مېنىڭچە بۇ قارارىڭىز ناھايىتى ياخشى، — ئوبۇل شەھ تۇرۇۋېلىپ قوشۇپ قويدى، — بىراق ئۇ تۇنۇگۇن ئۆز بەدىنى باشلاپ توسۇلۇپ قالغان ئاپتوموبىللارغا قار تازىلاپ يول ئېچىشقا كېتىپ تېخى باياتىنلا قايتىپ كەلدى. ئۇ بەك چارچاپ كېتىپتۇ.

ئۇ قولىدىكى تاماكىنى قاتتىق بىر شورىدى، كۆز ئالدىدا ئىسمايىل مەمەتنىڭ جۇدەپ قالغان يادىڭغۇ گەۋدىسى پەيدا بولدى. بىر قانچە كۈندىن بېرى ئىسمايىل نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلغانىدى. ئۆزىنىڭ ئوزۇق خالتىسىدىكى تالقىنىنى بىر كاپامۇ يېمەستىن سەپداشلىرىغا بېرىپ تۈگەتتى. ئاغرىق كۆپىيىپ سېستىرالار يېتىشمەي قالغاندا ئۇ ئۆزلۈكىدىن سېستىراغا ياردەملىشىپ، سەپداشلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى. كېسەل جەڭچىلەر ئىسمايىل مەمەتنى كۆرسە ئۆزلىرىنى ساقىيىپ قالغاندەك ھېس قىلىشاتتى. ئۇ سەپداشلىرىنىڭ ئارام ئېلىۋېلىشى ئۈچۈن ئۆزى تۈنلەردە سوتكىلاپ پوستىمۇ تۇرۇپ چىقتى. لىيەنجاڭ ئوبۇلنىڭ ئىسمايىلغا ئىچى ئاغرىدى.

— ئەگەر ئۇنى ئەۋەتىشكە كۆڭلىڭىز قىيمىسا بوپتۇ. مەن ئۇنىڭ ئالدىنقى ئىككى قېتىملىق رازۋېدكا نەتىجىسىگە ئاساسەن ئۇنى ئەۋەتەيلى، دەپ ئويلىۋېدىم — دېدى تۆەنجاڭ.

دېمىسىمۇ تۆەنجاڭ ۋۇجۇدىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە ئۇ «تىنىم تاپماس» جەڭچىنى ھۆرمەتلەيتتى لېكىن، ۋەتەن ئۆز جەڭچىلىرىنىڭ ۋەتەن ئالدىدىكى مۇقەددەس بۇرچىنى ئادا قىلىشنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈۋاتقان بۇنداق جىددىي پەيتتە كوماندىر ئۈچۈن جەڭگىۋار كۈچلەرنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۇنىڭدىن قانداق پايدىلىنىش بەك مۇھىم ئىدى. جەڭ شارائىتىدا سەللا

سەۋەنلىك ئۆتۈپ قالسا، ئوڭۇشلۇق كېتىۋاتقان جەڭ غەلىبىسىگە
شەكسىز زىيان كەلتۈرەتتى. شۇنداق ئىكەنلىكى ھەر بىر كوماند-
دىردىن تارتىپ ئاددىي جەڭچىلەرگىچە چۈشىنىشلىك. شۇڭا تۆەن-
جاڭنىڭمۇ ئويلىغىنى ئورۇنلۇق ئىدى. چۈنكى ئەتىكى جەڭ ئۇ-
چۈن ئەنە شۇنداق جەسۇر جەڭچىلەر كېرەك ئىدى.

لىيەنجاڭ ئوبۇل تاماكىنى ئارقا - ئارقىدىن بىر نەچچە قېتىم
شورىدى. ئۇ ئاخىرى بىر قارارغا كەلگەندەك بولۇپ دەرھال
ئورنىدىن تۇردى - دە:

— يولداش تۆەنجاڭ، مەن ئىسمايىل مەمەتنىڭ بېرىشىغا
قوشۇلىمەن ۋە بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئۇنىڭ چوقۇم غەلىبىلىك
ئورۇندىيالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. — دېدى.

— ياخشى، بىز جەڭچىلىرىمىزنى قەدىرلىشىمىز، ئاسرىشى-
مىز، ئۇنىڭغا كۆيۈنۈشىمىز لازىم. بۇ ئارمىيىمىزنىڭ ئېسىل
ئەنئەنىسى. بولۇپمۇ ئىسمايىل مەمەتتەك ئالتۇنغا ئوخشاش پارقى-
راپ تۇرىدىغان جەڭچىلەرنى يالغۇز بىزلا ئەمەس، ۋەتەن، خەلقى-
مىز قەدىرلەيدۇ. لېكىن، شۇنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەككى،
بىز ھازىر ۋەتەن ئالدىدا جاۋابكار. ۋەتەن، خەلق بىزدىن ھەر
بىر مىنۇتتا غەلىبە خەۋىرىنى كۈتىدۇ...

تۆەنجاڭ ھاياجان بىلەن سۆزلەيتتى. ئۇ يالغۇز بىر لىيەن
ئەمەس، بەلكى بىر تۆەن جەڭچىنىڭ ھاياتىغا مەسئۇل ئىدى.
ئۇنىڭ قەدىرلەيدىغىنى بىر نەچچە يۈز جەڭچى بولماي، بەلكى بىر
مىڭدىن ئارتۇق جەڭچى ئىدى. ھەقىقەتەنمۇ جىددىي جەڭلەردە ھەر
بىر تىرىك جەڭچى كوماندىرنىڭ جېنى ۋە قانىتىدۇر.

— تەييارلىقنى پۇختا قىلىپ تۇرۇڭلار. ئاڭغىچە مەنمۇ
سىلەر تەرەپكە بارىمەن. ئۇلار بۈگۈن كەچتە يولغا چىقىدۇ. —
دېدى تۆەنجاڭ ۋە لىيەنجاڭ ئوبۇلنىڭ قولىنى مەھكەم سىقىپ
خوشلاشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

# تايانچ بازىنى رازۋېدكا قىلىش

قارا قۇرۇم تېغىدا ئۆكتەبىر ئېيىنىڭ قاتتىق سوغۇقى جاڭىلداپ تۇراتتى. ئۇدا بىر نەچچە كۈندىن بېرى ياغقان قېلىن قار ھەربىي چېدىرلارنى كۆمۈپ تاشلىغانىدى. كېچە تولىمۇ قاراڭغۇ بولۇپ، ئېغىر قارا بۇلۇتلار كۆكنى قاپلاپ كەتكەن، يۇلتۇزلار كۆرۈنمەيتتى. لېكىن، بەش قولنى كۆزگە تىقسىمۇ كۆرگىلى بولمايدىغان زۇلمەت قاراڭغۇسى ئۆزىنىڭ قاپقارا ئېتەكلىرى بىلەن ھەر بىر جەڭچىنىڭ قەلبىدىكى تەسۋىرلىگۈسىز ئىنتىلىش ھېسسىياتلىرىنى توسۇۋالالمىغانىدى. ئۇلارنىڭ ۋەتەنگە بولغان سادىق قەلبىدە يانغان مۇھەببەت يالقۇنى پارىلداپ چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدە ۋە گۇپۇلدەپ سوقۇپ تۇرغان يۈرەكلىرىنىڭ تىۋىشىدىن مەلۇم بولۇپ تۇراتتى. ئۇلار ئىسمايىل ۋە ئۇنىڭ بەنىدىكى جەڭچىلەر نېمە ئۈچۈن ھاياجانلانمىسۇن، نېمە ئۈچۈن شادلانمىسۇن؟ چۈنكى ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدىغان ۋەزىپە ئۇلارغا تاپشۇرۇلغان، ئۇلارغا ۋەتەن ئۈچۈن خىزمەت كۆرسىتىدىغان ياخشى پۇرسەت يېتىپ كەلگەنىدى.

ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئۈزۈندىن - ئۈزۈنغا سوزۇلغان، قار بىلەن كۆمۈلۈپ ياتقان چەكسىز دالا يېيىلىپ ياتاتتى. كەچكە يېقىن قار توختىغان بولسىمۇ ئاسماننى كۈل رەڭ بۇلۇتلار قاپلىغانىدى، قانچە قاراپمۇ بىرەر - يېرىم يۇلتۇزنىڭ چاقنىشىنى كۆرگىلى بولمايتتى. سوغۇق بارغانسېرى كۈچىيىپ، زەھەردەك نەشتىرىنى قار كېچىپ كېتىپ بارغان ئۈچ جەڭچىنىڭ يۈزلىرىگە سانجىيتتى.

بۇ ئۈچ جەڭچى ئۇنىڭدىن بىر سائەت ئاۋۋال قىسىم ۋە

سەپداشلىرىدىن ئايرىلىپ دۈشمەننىڭ 52 - نومۇرلۇق تايانچ بازىسىنى رازۋېدكا قىلىشقا ماڭغان ئىسمايىل مەمەت بىلەن ئۇنىڭ ئىككى سەپدىشى ئىدى.

— ماموت، مېنىڭ ئىزىمدىن ماڭ، ئاسان بولىدۇ. — ئىسمايىل بەنجاڭ ئالدىدا يول ئېچىپ ماڭاتتى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېتىۋاتقان رازۋېدچىكلار چاققان كىيىنگەن بولۇپ، قورال - ياراغلىرى پۇختا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى. قانچە سەكرىسىمۇ «تىرىڭ» قىلغان ئاۋاز چىقمايتتى.

ئىسمايىل ئالدىنقى ئىككى قېتىملىق رازۋېدكىدا ئۆزىنىڭ چاققان، سەزگۈر ۋە پەم - پاراسەتلىكلىكى بىلەن ۋەزىپىنى غەلىبىلىك ئورۇنداپ، رەھبەرلىكنىڭ ئالاھىدە ماختىشىغا سازاۋەر بولغان. شۇڭلاشقا، تۇەنجاڭ بۇگۇنكى رازۋېدكىغىمۇ ئىسمايىلنى تاللىغان ئىدى.

ماموت خېلى ئەقىللىق، باتۇر جەڭچى بولۇپ ئالدىنقى بىر قانچە قېتىملىق تۇرلۇك ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلىش جەريانىدا ئىپادىسى ياخشى بولدى. شۇڭلاشقا بۇگۇن كەچتە تۇەنجاڭ لىيەنگە كېلىپ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋاتقاندىمۇ، ئىسمايىل ئۆزىنىڭ كۆڭلىدە رازۋېدكىغا ئاللىقاچان ماموتنى بىللە ئېلىپ بېرىشنى ئويلاپ قويغانىدى.

ئۇلار خېلى ئۇزۇن يول يۈرگەندىن كېيىن تاجاۋۇزچىلارنىڭ تايانچ بازىسىغا يېقىنلاپ كېلىشتى ۋە دۈشمەن بازىسى جايلاشقان دۆڭلۈكنىڭ تۆۋىنىدىكى بەلنىڭ ئاستىدا توختىدى.

ۋاقىت تۈن يېرىمدىن ئاشقان بولۇپ، دۈشمەننىڭ ئالدىنقى تەرەپتىن ھەمىشە قىزىل، سېرىق، يېشىل رەڭلىك يورۇتقۇچ ئوقلار كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى.

ئىككى قېتىملىق رازۋېدكا ئىسمايىلنى خېلىلا تەجرىبىگە ئىگە قىلغان ئىدى. ئۇلار بۇ يەردە بىر پەس توختاپ، يېنىدىكى قورال - ياراغ، ئوق - دورىلارنى ئىنچىكىلەپ بىر قۇر تەكشۈر-

دى. ئاندىن ئاق رەختتىن قىلغان پىلاشنى ئۈستىگە ئارتىپ، ئۆزلىرىنى ماسكىرۇپكا قىلدى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۈن-تىنسىز، ھېچقانداق بۇيرۇق بولمىغان ئەھۋالدا ئورۇنلاندى. ئۇلار بىر دەم دۈشمەننىڭ يورۇتقۇچ سىنارىتىنىڭ ئۆچۈشىنى كۈتۈپ تۇرغاندىن كېيىن تاغقا قاراپ ئاستا ئۆمىلەپ ماڭدى. ئۆچ جەڭچى قېلىن قار باغرىنى يېرىپ دۈشمەن ئاكوپىغا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ ئېتىلغان يورۇتقۇچ سىنارەتتىن بىرى ئۇلارنىڭ بېشىدىلا خۇددى ئاسمانغا ئېسىپ قويغان كۆچلۈك چىراغدەك پارىلداپ يېنىپ ئۆچتى. مۇنداق چاغلاردا، رازۋېدچىكلار تاغ ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى دۈشمەندىن بىر قەدەم نېرى تۇرۇپمۇ دۈشمەننىڭ ئۆز يېنىدا ئادەم بارلىقىنى بىلەلمىگۈدەك قىلىپ ئۆزلىرىنى قېلىن قار ئاستىغا يوشۇراتتى.

ئىسمايىل ئىككى جەڭچى بىلەن ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇزۇلمەي ئېتىلغان دۈشمەن يورۇتقۇچ سىنارەتلىرىنىڭ يورۇقىدا بىردە يوشۇرۇنۇپ، بىردە ئۆمىلەپ تاغنىڭ چېتىدىن باشلانغان سىم توسۇققا يېتىپ كەلدى. بۇ يەردىكى تىكەنلىك سىملاردىن قىلىپ سوقۇلغان سىم توسۇقتىن ئادەم ئەمەس، بەلكى ياۋا توشقاننىڭمۇ ئۆتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىم توساققا كونسېرۋا قۇتىسىدىن ياسالغان ئاددىي قوڭغۇراقلار زىچ-چىدە قىلىپ ئېسىلغان بولۇپ، بىرەر نەرسە تېگىپ كەتسىلا تەۋرىنىپ ئاۋاز چىقىراتتى. قوڭغۇراقتىن بىرى تەۋرەندىمۇ بولدى، ئەتراپتىكى بىر نەچچىسى تەڭلا تەۋرىنىپ كولدۇرلىشاتتى. رازۋېدچىكلار ئادەتتە مۇنداق سىم توسۇقنى: «دوزاخ بوسۇغىسى» — دەپ ئاتىشاتتى. بۇ «دوزاخ بوسۇغىسى» دىن ئامان ـ ئېسەن ئۆتۈپ كېتىش ئۈچۈن ناھايىتى ھوشيار بولۇشقا توغرا كېلەتتى. ئىسمايىل ئالغا بىر نەچچە قەدەم ئۆمىلىدى ـ دە، سىم توساققا يېقىن كېلىپ ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىككى قوڭغۇراق

ئارىلىقىدىكى ئىككى غىرىچ كەلگۈدەك تىكەنلىك سىمنى مەھكەم
تۇتتى. مامۇت ياندىن ئۆمىلەپ كېلىپ سىم كېسىدىغان ئۆتكۈر
قايچىسى بىلەن ئۇنىڭ ئىككى قولى ئارىلىقىدىكى سىمنى ئاۋايلاپ-
قىنا كەستى. 3 - رازۋېدكىچى ئەخمەت پۈتۈن گەۋدىسىنى قار
ئىچىگە يوشۇرۇپ ئوقلانغان ئاپتوماتنى ئالدىغا توغرىلاپ ئۇلارنى
مۇھاپىزەت قىلىپ تۇراتتى. ئىسمايىل بىلەن مامۇت بىرەر مى-
نۇتچە ھەپىلەشكەندىن كېيىن ئادەم گەۋدىسى پاتقۇدەك يول ئې-
چىپ بولۇپ كەينىگە يېنىشتى. ئادەتتە مۇنداق سىم توسالغۇ
ئىچىدە تاكى دۈشمەن ئاكوپىغىچە بولغان ئارىلىقلار پۈتۈنلەي
مىنالاشتۇرۇلغان بولاتتى. سەللا بىخۇدلۇق قىلىش ۋە ئېھتىيات-
سىزلىق ئادەمنى ھاياتىدىن ئايرىغاندىن سىرت، ئۆزىنى قارشى
تەرەپكە ئاشكارىلاپ قويۇپ، كەلگۈسى جەڭ ئۈچۈن زور زىيانلار-
نى كەلتۈرەتتى. ئۇلار قار ئىچىدە يېتىپ خېلىغىچە كۈتۈشتى.
ئۇلار ئۆز تەجرىبىسى بويىچە دۈشمەننىڭ ھەرىكەتلىك پوستلىرى-
نىڭ چىقىدىغان ۋاقتىنىڭ ئاز قالغانلىقىنى بىلەتتى. مانا شۇ
چاغدا رازۋېدچىكلىرىمىز ئۇلارنىڭ يۆنىلىشى بويىچە مىناسىز
يولنى بىلىۋېلىپ، ئاندىن ھەرىكىتىنى باشلايتتى. ئىسمايىلنىڭ
شۇ تاپتا توساقنى كېسىپ يول ئېچىپ قويۇپ كۈتۈپ تۇرىشىدىكى
سەۋەبمۇ شۇ ئىدى. كېچە قاراڭغۇسى بارغانسېرى قويۇقلىشىپ،
ئەتراپنى پەرق ئېتىش قىيىنلاشماقتا ئىدى. دۈشمەننىڭ ھەرىكەت-
لىك پوسىدىن شەپە يوق ئىدى.

بەدەن ھارارىتى بىلەن ئۇلار ياتقان يەردىكى قارلار ئېرىپ
تېگى چىلىق - چىلىق سۇ بولۇپ كەتتى. ھۆل بولۇپ كەتكەن
چاپانلار سوغۇقتىن بىر دەمدىلا قېتىشىپ يەرگە چاپلىشىپ تۇر-
غان بەدەنگە پاتماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ پۇتلىرى توڭلاپ ئۇيۇشۇپمۇ
قالدى. ئەمما مىدىرلاشقا بولمايتتى. باش ئۈستىدە ھىلىدىن -
ھىلىغا يېنىپ تۇرغان يورۇتقۇچ سىنارەتلەر ئەتراپنى كۈندۈزدەك
يورۇتىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ مۇشۇنداق ۋاقىتتا زىيىنىدىن پايدىسى

كۆپ بولىدۇ. چۈنكى، رازۋېدچىكلىرىمىز سىنارەتلىرىنىڭ يورۇ-قىدىن پايدىلىنىپ، قاراڭغۇ كېچىدە تۈن پەردىسى ئىچىگە يوشۇ-رۇنغان دۈشمەن پوتەيلىرىنىڭ، ئەسكىرى كۈچلىرىنىڭ، ئېغىر-يېنىك قوراللىرىنىڭ ئورۇنلىشىش ئەھۋالىنى بىلىۋالالايدۇ.

مانا شۇ تاپتا ئىسمايىل بىر ۋاراق ئاق قەغەزگە قېرىنداش بىلەن مەلۇم بولغان توچكىلارنى جىجىلىماقتا ئىدى. بۇلار پەقەت ئاشكارا پوتەيلەر بولۇپ، يەنە قانچىلىك ئەسكىرى كۈچى ۋە يوشۇ-رۇن ئوت كۈچى، ئاكوبى بار، بۇنىسى نامەلۇم ئىدى. بۇ تەرىپى دۈشمەن بازىسىغا سىم توساق ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرگەندىن كېيىن مەلۇم بولاتتى. توساتتىن سىم توسۇققا يېقىن پوتەي ئارقىسىدىن قارنىڭ غاچىلدىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. رازۋېدچىكلى-رىمىز گەۋدىسىنى قار ئىچىگە تېخىمۇ چوڭقۇرراق يوشۇرۇپ ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە كۆز تىكتى. دۈشمەنمۇ ئۆز جېنىغا مەھكەم ئىدى. ئۇلار چىقىشتىن بۇرۇن قول چىرىغىنىڭ كۈچلۈك نۇرى بىلەن ئەتراپنى ئىنچىكىلىك بىلەن بىر نۆۋەت كۆزەتكەندىن كې-يىن، ھەرىكەت قىلاتتى. ھازىرمۇ تۈن پەردىسىنى ئۆزىنىڭ كۈچلۈك نۇرى بىلەن يىرتىپ ئەتراپنى يورۇتىۋاتقان نۇر جەڭچى-لىرىمىز ئۈستىنى سىيپاپ ئۆتۈپ كەتتى. ئارقىدىن ئاللىقانداق-تۇر ئۇقىلى بولمايدىغان بىر خىل تىل بىلەن كالدىرلىشىپ ئالتە نەپەر تاجاۋۇزچى ئۇلارغا ئىككى - ئۈچ مېتىر كېلىدىغان ئارىلىقتىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار ئانچە يىراقلاشماستىنلا بىزنىڭ رازۋېدچىكلىرىمىز چەبدەسلىك بىلەن ئۇلارنىڭ ئىزىغا چۈشۈشكە ئۈلگۈردى. رازۋېدچىكلىرىمىزنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىزلىرىدىن كې-لىۋاتقانلىقى دۈشمەننىڭ ئۇخلىسا چۈشىگىمۇ كىرمەيتتى. دۈش-مەن ئەسكىرى توختىماي سىم توساقنى بويلاپ بىر ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن ئۆزلىرى كەلگەن يول بىلەن كەينىگە قايتىپ، ئېگىز تاغنىڭ ئاستىغا جايلاشقان يەر ئاستى ئاكوپقا چۈشۈپ كېتىشتى. قول چىرىغىمۇ ئاخىرقى قېتىم پارلىدىغاندىن كېيىن

ئۆچتى. ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق ئۆز ئىلكىگە ئالدى. كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ، قەيەردىندۇر يېقىنلا بىر يەردىكى پوتەيدىن ئارىلاپ خورەك ئاۋازى ئاڭلىناتتى.

يورۇتقۇچ سىنارەتنىڭ ئېتىلىشىمۇ بارا - بارا ئازىيىشقا باشلىدى. بۇ ۋاقىت رازۋېدچىكلار ئۈچۈن ئالتۇندىنمۇ قىممەت ۋاقىت بولۇپ، ئۇلار ھەرىكىتىنى بىمالال باشلاشقا ئىمكانىيەت بېرەتتى. ئۈچەيلەن ئۈچ تەرەپكە تارقىلىپ، دۈشمەن ئەھۋالىنى چارلاش ئۈچۈن ئۆمىلەپ كېتىشتى.

ماشىنا ماتورىنىڭ ئاۋازىدەك بىر خىل رىتىملىق گۈركىرەۋاتقان ئاۋاز ئىسمايىلنىڭ دىققىتىنى خېلى بۇرۇنلا ئۆزىگە جەلپ قىلغان ئىدى. ئىسمايىل ئاۋاز كەلگەن يۆنىلىش بويىچە بايىقى دۈشمەن قاراۋۇللىرى چۈشۈپ كەتكەن يەر ئەستى ئاكوپىغا چۈشتى. ئۇ ئادەم بويى كولانغان خەندەك بولۇپ، ئىككى ئادەم بىمالال قاتارلىشىپ مېڭىشقا بولاتتى. ئىسمايىل بىر مىنۇتچە خەندەكنىڭ تېمىغا يۆلىنىپ ئەتراپنى بايقىدى. بايامقى ماتور ئاۋازى ئۇنىڭدىن بىر - ئىككى مېتىرلا يىراق تۇرغان يەردىن چىقىۋاتاتتى. بۇ دۈشمەننىڭ دىزېل ماتورى بىلەن ھەرىكەتلەندۈرىدىغان كىچىك ئېلېكتر ئىستانسىسى ئىدى.

ئىسمايىل «بۇ تۇەنجاڭ ئېيتقاندەك دۈشمەننىڭ يۇرىكى بولغان قوماندانلىق ئورگىنى ئورۇنلاشقان مۇھىم بازا مۇشۇ ئىكەن جۇمۇ» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن غىل - پال ئۆتكۈزدى - دە، خەندەك تېمىغا چاپلىشىپ تۇرۇپ يوچۇقتىن چۈشۈپ تۇرغان ئېلېكتر يورۇقىدا بۇ يەرنى ئۆزىنىڭ ئاددىي خەرىتىسىگە چۈشۈرىۋالدى.

ئىسمايىل كەلگەن يولى بىلەن كەينىگە قايتتى. چۈنكى بۇ يەردە ئۇزاق تۇرۇشقا بولمايتتى. ئىسمايىل باياتىن مەلۇتلار بىلەن ئايرىلىشقان يەرگە كەلگەندە ئۇلار ئىسمايىلنى ساقلاپ تۇراتتى. ئۈچەيلەن كەلگەن يولى بىلەن كەينىگە قايتتى. ئۇلار ئۆمىلەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

سىم توسۇققا يېقىنراق يەردىكى دۈشمەن ئىستىھكامىنىڭ يېنىغا كەلگەندە ئالدىدا ماڭغان مامۇت ئۈشتۈمتۈت توختاش ئىشارىتىنى قىلدى. ئىسمايىل مامۇتنىڭ يېنىغا ئۆمىلەپ كەلدى ۋە ئۇنىڭدىن نېمە ئەھۋال يۈز بەرگەنلىكىنى سورىدى.

— ئەنە ئاڭلا‌ڭ. ئالدىمىزدا ئادەمنىڭ ئاياغ تىۋىشى بار.

مامۇت ئاغزىنى ئىسمايىلنىڭ قۇلىقىغا يېقىن ئەكېلىپ پىچىرلىدى. دېگەندەك قارىنىڭ غاچىلدىغان ئاۋازى ئۇلارغا بىردە يېقىندىن بىردە سەل يىراقتىن ئاڭلىناتتى. «بۇ نېمە ئىش ئەمدى - دېگەن ئوي كەچتى ئىسمايىلنىڭ كۆڭلىدىن. — بەلكى دۈشمەن پوتىيىنىڭ قاراۋۇلى بولمىسۇن يەنە...»

ئۇچەيلەن بىر پەس جىم تۇرغاندىن كېيىن، ئاۋاز چىققان تەرەپكە ئۆمىلەپ كېتىشتى.

دۈشمەن ئەسكىرى پوستا تۇرغان پوتەي ئىشىكى ئالدىدىكى بىر نەچچە مېتىر يەرنىڭ يۈزى ئادەم ئايىغىدا چىڭدىلىپ كەتكەن بولۇپ، تۇن نىسپىدىن كېيىنكى ئايدىڭدا ئەينەكتەك پارقىراپ تۇراتتى. خۇددى ئەرۋاھقا ئوخشاش ھەم ئېگىز، ھەم ئورۇق بىر دۈشمەن قاراۋۇلى مىلتىقىنى قۇچاقلاپ توختىماي بىر دائىرىنى ئايلىنىپ يۈگۈرمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ سوغۇقتىن جالاقلاپ تىترىشى رازۋېدچىكلىرىمىزنىڭ قۇلىقىغا ئېنىق ئاڭلىناتتى. ئورۇق تېنىنى ئىسسىتىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن يۈگۈرۈپ يۈرگەن بۇ قاراۋۇل ئۆزىنىڭ يېنىدىلا قارغا چۆككەن بىزنىڭ رازۋېدچىكلىرىمىزنىڭ ياتقىنىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ باقمايتتى.

ۋاقىت مىنۇتلاپ ئۆتمەكتە. رازۋېدچىكلارنىڭ بۇ يەردە توسۇلۇپ قالغىنىغىمۇ خېلى ۋاقىت بولۇپ قالدى. ۋاقىت غەلىبە دېمەكتۇر. ئارقىغا يېنىپ باشقا يەردىن ئايلىنىپ ئۆتۈشنى ئويلاش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھېلىقى سىم توساقتىن ئاچقان ئېغىز بولسا كۆزگە كۆرۈنگىدەك يەردە غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. تۈن پەردىسىنىڭ يىراق بىر چېتى خۇددى نېپىز شايىدەك سۇزۇل-

مەكتە ئىدى. ئەمدى بۇ يەردە بىرەر مىنۇت ئۇزاق تۇرۇش ـ ئۆلۈمنى كۈتۈش بولاتتى. ئىسمايىل مامۇتقا قارىدى. مامۇتمۇ بېشىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس لىڭشىتىپ قويدى. مۇنداق ۋاقىتـ لاردا رازۋېدچىكلار بىر بىرىنىڭ نىيمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى چىـ رايىدىن، كۆز ئىشارىتىدىن بىلىۋالالايتتى. — نەچچە ۋاراق يازما مەلۇماتتىن بىر «تىرىك مەلۇمات» كۆپ ئۈستۈن ئەلۋەتتە. قانـ داقلا بولمىسۇن بۇ دۈشمەن قاراۋۇلىنى تىرىك قولغا چۈشۈرۈش كېرەك. — ئىسمايىلنىڭ مامۇتقا مەنىلىك قارىشى مۇشۇ ئويىنى بىلدۈرۈش ئىدى. مامۇتمۇ بۇنى چۈشەندى. رازۋېدكىچىلار بۇـ گۈنكى سەپەرنىڭ بارلىق هاردۇقلىرىنى ئۇنتۇپ، ۋۇجۇدى كۈچ ـ قۇۋۋەت بىلەن تولدى. مامۇت ئىككىنچى قېتىم ئىسمايىلغا قارىـ غاندا ئىسمايىلنىڭ ئورنى بوش تۇراتتى. كۆز ئېچىپ يۇمغىچىـ لىك ئارىلىقتا هېلىقى دۈشمەن قاراۋۇلىنىڭ ئېگىز گەۋدىسى قار ئۈستىگە يېنىككىنە ئۇچۇپ چۈشتى. مامۇت دەرهال يېنىدىن لۆڭگىسىنى ئېلىپ دۈشمەن قاراۋۇلىنىڭ ئاغزىغا كەپلىدى. دۈشمەن قاراۋۇلىنىڭ مىلتىقى ئاللىقاچان ئىسمايىلنىڭ مۈرىسىـ گە ئېسىلغانىدى. مىنۇت ئىچىدە بولۇپ ئۆتكەن بۇ ئىشتىن گاڭگىراپ بېشى ئايلانغان دۈشمەن قاراۋۇلى ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي سىم توساقنىڭ سىرتىدىكى قىيپاش بەلنىڭ تۆۋىنىدە ئىككى كۆـ زىنى يوغان ئېچىپ، ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولغان ئاق يېپىنچىلىق ئادەملەرگە تىكىلگىنىچە ئىچىدە نىيمىلەرنىدۇر دەپ پىچىرلايتتى.

ئۆلار 52 ـ نومۇرلۇق دۈشمەن تايانچ بازىسىدىن قولغا چۈشكەن دۈشمەن ئەسىرىنى ئېلىپ يىراقلاشقاندا تاڭمۇ ئېتىپ قالغانىدى. ئىسمايىللارنىڭ قار ئۈستىدە قالغان مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاياغ ئىزلىرىنى ئۆچۈرۈپ مېڭىشى هەم ئەسىرـ نى ئېلىپ مېڭىشى سۈرئەتنى ئاستىلىتىپ قويدى.

— بەنجاڭ، ئەگەر بىز مۇشۇ سۈرئەت بىلەن ماڭساق بۈگۈن

كىچىگىچە قىسمىغا يېتىپ بارالمايمىز - دېدى ماموت.

— ئېيتقىنىڭ توغرا، بىر ئامال قىلمىساق بولمايدۇ - دېدى ئىسمايىل ماموتنىڭ سۆزىگە جاۋابەن.

ھېلىقى ئەسىر سوغۇقتىن شۈمشىيىپ تۈگۈلۈپ قالغان بو-لۇپ، ئۆزىگە بويسۇنمايۋاتقان ئۇزۇن شادا پاچاقلىرىنى تەستە يۆتكەپ كېتىپ باراتتى.

قۇياش ئۇپۇقتىن بالقىپ نەيزە بويى ئۆرلىگەن مەزگىلدە ئۇلار قارلىق دالىنى توغرىسىغا كېسىپ، كۈن نۇرىدا زۇمرەتتەك تاۋلىنىپ تۇرغان كۆل بويىغا كېلىپ توختىدى. سۈزۈك ئەينەك-تەك يالتىراپ تۇرغان سۇنى كۆرۈپ، باياتىن بۇيان ئاران سۆرۈ-لۈپ كېلىۋاتقان ئەسىر ئۆزىنى قىرغاققا ئاتتى.

— ھاي توختا. بۇ سۇنى ئىچىشكە بولمايدۇ. بۇ تۇزلۇق كۆل.

ئىسمايىل سەكرەپلا پۈتۈن تېنى بىلەن سۇغا ئېڭىشكەن ئەسىرنى توساپ، ئۆزىنىڭ سۇدىنىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا سۇندى. ئەسىرنىڭ گەز باغلاپ چاك - چاك يېرىلىپ كەتكەن لەۋلىرى سۇدان ئېغىزىنى ھەدەپ شورىدى. لېكىن، سۇدان ئىچىدىكى سۇ ئاللىقاچان مۇز بولۇپ قېتىشىپ كەتكەچكە، بىر تېمىممۇ سۇ ئىچەلمىگەن ئەسىر بېشىنى كۆتۈرۈپ سۇداننى ھەدەپ سىلكىدى.

— مە، ماۋۇ كەمپۈتنى شورا، ئارام بولىدۇ. ئىسمايىل سومكىسىدىن بىر نەچچە تال كەمپۈت ئېلىپ ئۇنىڭغا بەردى.

ئىسمايىل يولدا كېتىۋېتىپ «كىچىك تەرجىمان» ئەخمەت-نىڭ تەرجىمە قىلىپ بېرىشى ۋە ئۆزلىرىنىڭ جەڭگە ئاتلىنىشتىن بۇرۇنقى قىسىمدىن ئۆگەنگەن ھىندىچى تىل بىلەن قول ئىشارىتى ئارقىلىق ئەسىردىن بىر قىسىم ئەھۋاللارنى ئىگىلىدى. بۇنىڭ بىلەن رازۋېد قىلىپ ئىگىلىگەن ھەربىي ئاخباراتنى بىر قۇر تولۇقلىدى. ئاندىن تاغنىڭ دالدىسىدا دەم ئېلىپ ئولتۇرغان پۇرسەتتە ئانىسى بىلەن ئايگۈلگە بىر پارچىدىن خەت يازدى.

# چېگرىدىن كەلگەن خەت

ئايگۈل بىلەن ئىسمايىل بىر مەھەللىدە چوڭ بولغانىدى. ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندا، ئۇلارنىڭ بالىلىق چېغىدىكى يېقىن مۇناسىۋىتى قەلبىگە پاك مۇھەببەت ئۇرۇقى چاچتى. ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسىمۇ ئىناق ئۆتەتتى. پاختا ئىچىدە ئوت ساقلىغىلى بولمىغاندەك ئايگۈل بىلەن ئىسمايىلنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ تېز ئاتا - ئانىلارنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئاتا - ئانىسى بۇ ئىشتىن خۇشال بولۇشتى.

ئىسمايىل بىلەن ئايگۈل ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئايگۈل سىفەن مەكتەپكە ئوقۇشقا كىردى، ئىسمايىل ئەسكەر بولدى. ئۇلار ئايگۈل چاقىرىق قەغىزىنى تاپشۇرۇپ ئالغان كۈنى قاش قارايغاندا ياندىشىپ ماڭغىنىچە يۇرتىنىڭ غەربىدىكى چوڭ باققا كىردى. شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ قەلبىدە قايناق ھېسسىيات مەۋج ئۇرماقتا ئىدى. ئۇلار بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر تۈپ چوڭ چىنارنىڭ تۈۋىگە كەلدى - دە، بىر - بىرىگە بولغان ئوتلۇق سۆيگۈ ئىچىگە غەرق بولۇشتى. ئۇلار چىنارنى گۇۋاھ قىلىشىپ تۇرۇپ، ئايگۈل مەكتەپ پۈتكۈزگەندىن كېيىن توي قىلىشقا ۋەدىلەشتى. تولۇن ئاينى، يۇلتۇزلارنى، يۇرتىنىڭ كىچىك مەنزىرىسىنى، دولان دەرياسىنىڭ شاۋقۇنلىرىنى تاماشا قىلىشتى. ھاۋا توساتتىن ئۆزگىرىشكە باشلىغاندىلا ئاندىن ئۆيلىرىگە قايتىشتى.

ئۇلارنىڭ مەكتەپ ۋە قىسىم ھاياتى شۇنچە ئالدىراش ھەم كۆڭۈللۈك ئۆتتى. گەرچە ئۇلار تەتىل مەزگىللىرىدىمۇ كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىسىمۇ، لېكىن مۇھەببەتلىك خەتلىرى سېغىنىشتىن ئۆرتەنگەن قەلبلىرىگە تەسەللى بولدى. ئايگۈل

ئىسمايىلنىڭ مۈرىسىگە ئاپتومات ئاسقان، بىر پۇتىنى يوغان بىر تاش ئۈستىگە ئالغىنىچە يىراقلارغا نەزەر تاشلاپ تۇرغىنى ھالىتىدە چۈشكەن سۈرىتىنى ھەر كۈنى دېگۈدەك قولىغا ئېلىپ كۆرەتتى. ھەر قېتىم سۈرەتكە قارىغاندا قەلبىنى تاتلىق خىياللار چۇلغىۋالاتتى ۋە چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈپ، تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتەتتى...

ئىسمايىلنىڭ ئالدىنقى سەپتىن ئەۋەتكەن سۆيگۈ خېتىنى ئايگۈل تاپشۇرۇپ ئېلىپ بىر كۈن ئۆتە - ئۆتمەي، ھەجەرخان ئانا قولىدىكى ئوتىغۇچنى يېنىدىكى ھەمرايىغا ئامانەت قويۇپ، ھېلىلا پوچتالىيون ئەكېلىپ بەرگەن خەتنى ئىككى قولىدا مەھكەم تۇتقىنىچە ئالدىراپ دادۇي باشلانغۇچ مەكتەپ تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. ئىسمايىل ھەربىي سەپكە قاتناشقاندىن كېيىنمۇ ھەجەرخان ئانا دادۇينىڭ ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىغا قاتنىشىشتىن قالمىدى. سالامەتلىكى ناچارلىشىپ، ۋاقىتسىز قېرىشقا باشلىغان ئانىنى دۇي باشلىقلىرى شۇنچە نەسىھەت قىلىپمۇ ئۆيدە قالدۇرالمىدى. «بىز دېگەن دېھقان خەق، مۇنچىلىك ئاغرىغانغا نېمە بولاتتۇق. ئېتىزدا ئىشلىسەم ياخشى بولۇپ، كېسىلىم ساقىيىپ كېتىدىكەن.» دەيتتى ئۇ دائىم.

ئامال قىلالمىغان دۇيجاڭ ئۇنى ئاخىر كۈندۈزى ئانچە - مۇنچە ۋاقىت چىقىرىپ خامانغا قارىشىپ بېرىشكە ئورۇنلاشتۇردى. خاماندىكى ئىشى ئاخىرلاشقاندا دۇيجاڭ ئۇنىڭغا ئەمدى باشقا ئىش يوقلىقىنى، ئۆيگە قايتىپ ئارامخۇدا دەم ئېلىشىنى ئېيتتى. بۇنىڭغا ئۇنىمىغان ھەجەرخان ئانا دادۇينىڭ پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى ئوسماننى ئىزدەپ كەلدى - دە، ئۆزىنى دەرھال ئېتىز ئىشىغا قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

— ھەجەرخان ئانا، — دېدى ئوسمان شۇجى ئۇنىڭغا خەيرخاھلىق بىلەن، — يېشىڭىز چوڭايدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سالامەتلىكىڭىز ياخشى ئەمەس، بىزنىڭ شەرەپلىك ھەربىي ئائىلىلەرگە

ئېتىبار بېرىش دەيدىغان پرىنسىپىمىز بار. شۇنداق بولغاندىن كېيىن، قالغان ئۆمرىڭىزنى ئۆيدە ئارامخۇدا ئۆتكۈزسىڭىزمىغۇ بولاتتى، بىراق تەلپىڭىزنى رەت قىلالماي دۇيجاڭ باشتا سىزنى خامانغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ، ئەمدى ئالدىراشچىلىقمۇ بىر ئاز سېلىكتى. مەن دۇيجاڭنىڭ ئېيتقىنىغا قوشۇلىمەن.

ئوسمان شۇجىنىڭ بۇ سۆزى ئوتقا ياغ چاچقاندەك ھەجەرخان ئانىنىڭ جۇدۇنىنى ئۆرلىتىۋەتتى.

— نېمە دەۋاتىسىز ئوسمان شۇجى، ياشتا چوڭ بولسام ناھايىتى سىزدىن ئىككى ياشلار چوڭمەن، سالامەتلىك تەرەپتىن سىزدىن ياخشى. ئۆتكەن يىلقى سۇ قۇرۇلۇشىدا سىزنىڭ بىر پۇتىڭىز سۇنۇپ زەخىملەندى، ئۇنىڭ ئۈستىگە دائىم دېگۇدەك قان تۈكۈرۈپ يۇرۇپمۇ بىر كۈن ئۆيدە ياتمايسىز. مېنى بولسا دەم ئېلىڭ دېگىنىڭىز نېمىسى؟ ! — ئۇ كۆڭلىگە يىغىلغان سۆزلىرى-نى بىراقلا دەۋەتكەندىن كېيىن ياشلانغان كۆزلىرىنى بېشىدىكى ئاق رومىلىنىڭ بىر ئۇچى بىلەن سۈرتتى.

گەپ تېپىپ بېرەلمىگەن ئوسمان شۇجى ئالدىدا تۇرغان، كىچىككىدىنلا مېھنەت بىلەن ئۆسكەن بۇ ئىشچان ئايالنى سۆزگە كۆندۈرۈشنىڭ مۈمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ، ئۇنى ئۆزى خالىغان ئىشقا بەلگىلەشنى، ئەمما سالامەتلىكىگە دىققەت قىلىپ ئېتىبار بېرىشنى ئۇنتۇپ قالماسلىقنى جېكىلەپ شودۇيجاڭغا خەت يېزىپ ھەجەرخان ئانىنى ئۇزۇتۇپ قويغانىدى. . .

بۈگۈن ئۇ ئۆزى بىلەن بىر دېمەتلىك بىر نەچچە ئايال بىلەن قوناق ئوتىقىغا چىققانىدى.

— بىچارە ئوغلىنى تازا سېغىنىپتۇ ـ دە، — دېدى ئورنىدىن تۇرۇپ تېلىپ ئاغرىۋاتقان بېلىنى تۇزەۋاتقان ئايال پايپاسلاپ كېتىۋاتقان ھەجەرخان ئانىنىڭ كەينىدىن قاراپ.

— دېگەن گەپلىرىنى قارىسىلا، ھەجەرخانىنىڭ ئورنىدا مەن بولغىنىمدا، ئۇنداق باھاسىز ياخشى بالا ئۇچۇن سېغىنىش ئوتىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كۆيۈپ ئۆلگەن بولاتتىم. ھېلىمۇ مېنىڭ ھېلىقى تېتىكسىز قىشتا بىر ئاي ئۆستەڭگە كېتىۋىدى، ساراڭ بولايلا دەپ قالدىم — دېدى ئۇنىڭ يېنىدىكى ئايال كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ تۇرۇپ.

— دېمىسىمۇ ئىسمايىل ئالتۇندەك بالا.

ئوت ئوتاۋاتقان ئاياللار قولىدىكى ئوتىغۇچلىرىنى يەرگە سانجىپ قويۇپ پاراڭغا چۈشتى:

— ھەجەرخان خەتنى شۇ پېتى كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ كىمگىمۇ ئوقۇتىدىغاندۇ؟ — باشتا سۆزلىگەن ئايال ھەمرايىدىن سورىدى.

— دېسەم - دېمىسەم ئوسمان شۇجىنىڭ قىزى ئايگۈلنىڭ يېنىغا باردۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ھەمرايى.

ئۇششاق سۆز ئاياللارنىڭ پەرىزى توغرا ئىدى. ھەجەرخان ئانا ئۇدۇللا مەكتەپ قورۇسىغا كىردى ۋە ئالدىغا ئۇچرىغان بالىدىن ئايگۈلنى سورىدى.

— ھازىر دەرس ۋاقتى چوڭ ئانا، — دېدى ھېلىقى بالا ئۇنىڭغا، — بىر دەم كۈتۈپ تۇرسىلا، مەن چاقىرىپ بېرەي.

— رەھمەت ئوغلۇم، — ھەجەرخان ئانا ئالدىراپ كېتىپ قالغان بالىنىڭ كەينىدىن زوقلىنىپ قاراپ قالدى.

ئۇ خەت ئوقۇتۇش ئۈچۈن كەلگەندە دائىم كىرىدىغان ئوقۇتقۇچىلار ئىشخانىسىغا كىرىپ تام تۈۋىدىكى ئۇزۇن بەندىڭگە ئولتۇردى.

ۋاقىت مىنۇتلاپ ئۆتمەكتە. ئوغلىنىڭ خېتىدە نېمىلەر يېزىلغانلىقىنى بىلىشكە تەقەززا بولغان ئانىغا ۋاقىت ناھايىتى ئاستا ئۆتىۋاتقاندەك بىلىنىپ، ئىچى تىت - تىت بولماقتا ئىدى. ساۋاتسىز ئادەم قارىغۇ ئادەم بىلەن ئوخشاش بولىدىكەن. ئەگەر ھەجەرخان ئانا خەت ئوقۇيالىغىنىدا ئوغلىنىڭ نېمىلەرنى يازغانلىقىنى ئاللىقاچان بىلىپ بولغان، ئىچى بۇنچە تىت - تىت بولمىغان بولاتتى. ئۇھ نېمىدېگەن تولىمىغان ۋاقىت بۇ! . . . تاقەتسىزلەنگەن ئانا ئۇدۇلىدىكى تامغا ئېسىقلىق تۇرغان چوڭ سائەتكە قارد-

غانسىرى ئۇنىڭ كۆزىگە سائەت ئىستىرېلكىسى بىر ئورۇندىن قوزغالمايۋاتقاندەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئۇ ئاخىر ئورنىدىن تۇ-رۇپ سائەتنىڭ يېنىغا بېرىپ قۇلاق سالدى. «چىك - چاك، چىك - چاك» سائەت بىر خىل رىتىم بىلەن چىكىلداپ ئاۋاز چىقارماقتا ئىدى. ھەجەرخان ئانا بىر ئورۇندا ئولتۇرالماي، ئىشخانا ئىچىدە مېڭىپ يۈرگەندە:

— ھەجەرخان ئانا، سىلىنى ساقلىتىپ قويدۇم - دېگەن زىل، ئەمما جاراڭلىق ئاۋاز ئاڭلاندى.

— ۋاي، ياقەي قىزىم. مەن سىزنى يەنە ئاۋارە قىلغىلى كەلدىم. ماۋۇ خەتنى بايىلا قولۇمغا بېرىشىۋىدى، كەچكىچە ساق-لايدىغانغا تاقەت قىلالماستىن، ئېتىزدىنلا كېلىشىم، — دېدى ئانا قولىدىكى خەتنى ئايگۈلگە ئۇزۇتۇپ.

ئايگۈل ئالدىراپ خەتنى قولىغا ئالدى - دە، ئانىنى ئولتۇ-رۇشقا تەكلىپ قىلىپ ئۆزى ئۇنىڭ يېنىغا ئولتۇردى.

بۇ قىز - دادۇي پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئوسمان ئاكىنىڭ قىزى ئايگۈل ئىدى. ئۇ بۇ يىل 19 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالغان، غۇنچە بوي، بۇغداي ئۆڭلۈك، تېقىمىنى بېسىپ چۈشكەن ئىككى تال توم قارا ئۇزۇن چېچى ھۆسنىگە تېخىمۇ ھۆسن قوشۇپ تۇرغان چىرايلىق قىز ئىدى. ئۇ قىز ئۆتكەن يىلى سىفەن مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ يارۋاغ باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا بەلگىلىنىپ كەلگەنىدى. ھەجەرخان ئانا ئوغلىدىن كەلگەن سانسىز خەتلەرنى، ھەتتا كونۋېرت ئاغزىنى ئاچماستىن بۇ قىزنىڭ يېنىغا ئەكېلىپ ئوقۇتۇپ ئاڭلايتتى. ئانىنىڭ قەلبى-دىكى سېغىنىش تۇيغۇسىمۇ مۇشۇ قىزنىڭ قەلىمى ئارقىلىق ئىسمايىلغا بېرىپ يېتەتتى.

ئايگۈل كونۋېرتنى ئاۋايلاپقىنا ئاچتى ۋە ئۆزىگە تونۇش پۇ-چۇركىنى ئالدىرىماي، ھەر بىر سۆزىنى دانىمۇ دانە قىلىپ ئو-قۇشقا باشلىدى.

خەت ئاددىيلا يېزىلغان بولۇپ، دۇئايى سالاملاردىن كېيىن-
لا، ھەربىي مەشىق جىددىي ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن،
ئوسمان ئاكىغا ئايرىم خەت يازالمىغانلىقىنى، ئاپىسىنىڭ ئۆزىگە
ۋاكالىتەن سالام ئېيتىپ قويۇشىنى ئۆتۈنىشى بىلەن ئاياقلاشتۇر-
غان ئىدى. ئوسمان ئاكىنىڭ نامى ئالايىتەن تىلغا ئېلىنغان
قۇرلارنى ئوقۇۋاتقان قىزنىڭ چىرايى ئىختىيارسىز ئاناردەك قى-
زىرىپ، ئاۋازى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. پۈتۈن زېھنى بىلەن
خەتنى تىڭشاۋاتقان ئانا قىزدىكى بۇ ئۆزگىرىشنى بايقىمىغانىدى.
دېمىسىمۇ خەتتە ئوسمان ئاكىنىڭ تىلغا ئېلىنىشى تاسادىپىي
ئەمەس ئىدى. خەتتە ئايگۈلنىڭ ئىسمىنى يېزىش بىئەپ بولغىنى
ئۈچۈنلا ئىسمايىل شۇنداق يازغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايگۈلگىمۇ
دائىم خەت يېزىپ تۇراتتى. بۇنى ئەقىللىق قىز ئاللىقاچان چۈ-
شىنىپ يەتكەن ۋە دادىسىنىڭ نامىنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق ئىكەنلى-
كىدىن سۆيۈنگەن قىزنىڭ ۋۇجۇدى كۆچلۈك ھاياجاندىن لەرزىگە
كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما يېنىدا تېخى يۈز ئېچىپ كۆرۈشمىگەن
كەلگۈسى قېيىنئانىسى - ئىسمايىلنىڭ ئانىسى ئولتۇرغانلىقى
ئۈچۈن، ئۆزىنى زورىغا بېسىۋېلىشقا مەجبۇر بولغانىدى. ئوغلى
بىلەن ئايگۈل ئوتتۇرىسىدىكى ساپ مۇھەببەتتىن خەۋىرى بولسىمۇ
تولۇق ئىشەنچ باغلىيالمىغان ئانا شۇ تاپتا: «خۇدايىم ئۆمرىنى
ئۇزۇن قىلسۇن، بەختىنى بەرسۇن ئايگۈل قىزىمنىڭ ئاخىرقى
ئۆمرۈمدە ھەقىقەتەن مۇشۇنداق ياخشى كېلىنگە ئېرىشەلىگەن
بولسام ئۆلسەممۇ ئارمىنىم قالمايتتى» دېگەن ئويلار بىلەن بەنت ئىدى.

## شىددەتلىك جەڭ

تۈەن قوماندانلىق شتابى رازۋېدكا گۇرۇپپىسىنىڭ بەرگەن
تەپسىلىي مەلۇماتى ۋە «تىل» نىڭ ئىقرارىغا ئاساسەن 52 -

نومۇرلۇق تايانچ بازىنى ئازاد قىلىش جېڭىنىڭ مۇكەممەل پىلانى-نى تۈزۈپ چىقتى. يۇقىرىدىن تارتىپ تۆۋەنگىچە پۈتۈن قىسىمنى بىر خىل جىددىي ھالەت قاپلىغانىدى. تۆەنجاڭدىن تارتىپ ئاددىي جەڭچىلەرگىچە ھەممە كىشى بىر خىل سۈرلۈك، جەسۇر قىياپەت-تە كۆرۈنەتتى. ئۇلار ۋەتەننىڭ ئەزىز تۇپرىقىنى تاجاۋۇزچىلار-نىڭ پاسكىنا چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرى يېتىپ كەلگەنلىكىدىن ۋە شۇ مۇقەددەس جەڭگە ئۆزلىرىنىڭمۇ ئىشتىراك قىلىش شەرىپىگە ئىگە بولۇش ئالدىدا تۇرغانلىقىدىن پەخىرلىنەتتى.

كېچە، ئەتراپ گويا قازاننى دۈم كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قا-راڭغۇ ئىدى. تولۇق قوراللىنىپ، ئەپچىل قىلىپ تېڭىلغان يۈك - تاقلىرىنى ئۈشنىسىگە ئارتىپ، ليەنلەر بويىچە سەپكە تۇرغان جەڭچىلەرنىڭ كۆزى سەپ ئالدىدا تۇرغان تۆەنجاڭنىڭ ئوتتۇرا بويى، تەمبەل گەۋدىسىگە تىكىلگەن، قۇلىقى ئۇنىڭ يالقۇنلۇق سۆزىگە بېرىلگەنىدى.

— يولداشلار، يۇقىرى رەھبەرلىك بىزنىڭ قىسمىمىزغا شەرەپلىك جەڭ ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى. بۇ جەڭ ھەم شەرەپلىك، ھەم قىيىن. ھەر بىر جەڭچىنىڭ ۋەتەنگە بولغان چىن مۇھەببى-تىنى ئىزھار قىلىدىغان مىنۇت مانا ئاخىرى يېتىپ كەلدى. ۋەتەن ئوغلانلىرى، غەلىبە خەۋىرىمىزدىن ۋەتەن خەلقى شادلان-سۇن. غەزەپلىك مۇشتۇمىمىزدىن ئىبلىس تاجاۋۇزچىلار دىر - دىر تىترىسۇن...

تۆەنجاڭنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى كۆتۈرەڭگۈ ئاۋازى تۈن قا-راڭغۇلىقىنى يېرىپ، يىراقلاردىن ئەكس سادا ھاسىل قىلدى. بۇ قىسمىنىڭ جەڭگە ئاتلىنىش ئالدىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق قوزغىتىش يىغىنى ئىدى. قىسىملىرىمىز تۆت ئەتراپى ئېگىز تاغ بىلەن ئورالغان تاغ قاپتىلىدا يوشۇرۇنۇپ تۇراتتى. گويا ئۇلار ھازىرلا ئاتاكىغا ئۆتىدىغاندەك جەڭگىۋار ھالەتتە ئى-

دى، جىددىيلەشكەندى، شالاڭ ھاۋا تەسىرىدىن ئېغىر - ئېغىر تىنىشاتتى.

كېچە بەكمۇ قاراڭغۇ بولۇپ، ئېغىر قارا بۇلۇتلار كۆكنى قاپلاپ كەتكەندى، يۇلتۇزلار كۆرۈنمەيتتى. بەش قولىنى كۆزگە تىقسىمۇ كۆرگىلى بولمايدىغان زۇلمەت قاراڭغۇسى ئۆزىنىڭ قاپ-قارا ئېتەكلىرى بىلەن تۇەنجاڭدىن تارتىپ ھەر بىر جەڭچىنىڭ قەلبىدىكى تەسۋىرلىگۈسىز ئىنتىلىش ھېسسىياتلىرىنى توسىۋا-لالمىغانىدى. ئۇلارنىڭ قەلبىدە يانغان مۇھەببەت يالقۇنى پارىلداپ چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدە ۋە گۈپۈلدەپ سوقۇپ تۇرغان يۈرەكلى-رىنىڭ تىۋىشىدىن مەلۇم بولۇپ تۇراتتى. ئۇلار نېمە ئۈچۈن ھاياجانلانمىسۇن، نېمە ئۈچۈن شادلانمىسۇن؟ چۈنكى ۋەتەن ئۈ-چۈن خىزمەت كۆرسىتىدىغان پۇرسەت يېتىپ كەلمەكتە ئىدى. يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەردىن تارتىپ جەڭچىلەرگىچە ۋەتەننى قوغداش جېڭىگە ئاتلانغان بىرىنچى كۈنىدىن تارتىپلا رەسمىي ئېلىنىشقا بۇيرۇق بېرىلگەنگىچە مۇشۇ كۈننى كۈتكەن ئەمەسمى-دى؟ 3 - بەنىنىڭ ئالدىدا تۇرغان ئىسمايىل تۇەنجاڭنىڭ يەتكۈز-گەن جەڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلىغاندا، ئىسسىق قانلىرى شىددەتلىك دېڭىز دولقۇنلىرىغا ئوخشاش مەۋج ئۇرۇپ، تومۇرلىرىدا قاتتىق چايقالدى. بايىدىن بېرى تىنىمسىز سوققان يۈرىكى كۆكرەك قەپىزىنى يېرىۋەتكۈدەك ھالدا ئۇرۇشقا باشلىدى.

ئۇ ھەدەپ كۆكسىدە ئېسىقلىق تۇرغان ئاپتوماتنى پۈتۈن كۈچى بىلەن سىقاتتى. قاراڭغۇ كېچە جەڭچىلەرنىڭ بۇ خەۋەردىن شادلانغان كەيپىياتىنى يوشۇرۇپ قالالمىدى. پۈتۈن قىسمىنىڭ مۇشۇ تاپتىكى ھېسسىياتى تۇەنجاڭغا بەش قولدەك ئايدىڭ بولۇپ، ئۇ بۇنى ئۆز تۇيغۇسى ئارقىلىق سېزىپ تۇراتتى. كېچىنى جىم-جىتلىق باسقان، ھەممە كىشىنىڭ بىر جۈپ كۆزىگە مەركەزلەش-كەن غەزەپ بىلەن مۇھەببەت يالقۇنى شەرقتىن كۈتۈرۈلگەن قۇ-ياش نۇرىغا ئوخشاش يارقىن چاقنىماقتا ئىدى. تۇەنجاڭنىڭ سۆزى

ئاخىرلىششى بىلەن تەڭ:

— باشلىقلار خاتىرجەم بولسۇن، ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن جېنىمىز پىدا، تاجاۋۇزچىلارنى ئۈزۈل - كېسىل يوقىتىشقا، پارتىيە، خەلقنىڭ بىزدىن كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاخىرقى نەپىسىمىزگىچە ئادا قىلىشقا قەسەمياد قىلىمىز - دېگەن، پۈتۈن سەپ بويىچە تەكشى ياڭرىغان جاراڭلىق قەسەمياد ئاۋازى گويا چاقماق چېقىپ، ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك سەپ ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ، ھەيۋەتلىك قارا قورۇمنى لەرزىگە كەلتۈردى.

— ئالغا!

يولغا ئاتلىنىش بۇيرۇقى بىلەن تەڭ باتۇر ئەزىمەتلەر جەڭ بايرىقى ئاستىدا يولغا چىقتى. قىسىمغا يول باشلاش ۋەزىپىسىنى 3 - بەن ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، بەنجاڭ ئىسمايىل ھېلىقى رازۋېدكا قىلغان لىنىيە بىلەن جەڭچىلەرنى باشلاپ قىسىمنىڭ ئالدىدا ماڭماقتا ئىدى. ئۇلار ئاندا - ساندا ئۇچرايدىغان تاقىر تۈزلەڭلىكتىكى ئېگىز دۆڭلۈكلەرنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، جەڭ مەيدانىغا يېتىپ كېلىپ، كۆرسىتىلگەن ئورۇندىن پوزىتسىيە ئىگىلىدى. ئېغىر پىلىموت لىيەنىنىڭ لىيەنجاڭى ئوبۇل 3 - بەننىڭ پوزىتسىيىسىگە كەلگەندە ئۇلارمۇ ئاللىقاچان ھەممە تەييارلىقلارنى پۈتكۈزۈپ بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغانىدى. بەنجاڭ ئىسمايىل بىر قولى بىلەن ئاپتوماتنى مەھكەم تۇتۇپ، ئېتىش ئاكوپى ئۈستىگە ئورنىتىلىپ، ئەجدىھاردەك ئاغزىنى ئالدىغا قىلىپ تۇرغان ئېغىر پىلىموتنىڭ قالقىنىغا تايانغىنىچە جەڭ مەيدانىغا ئۇزۇن كەتكەن تاقىر تۈزلەڭلىككە كۆز تىكمەكتە ئىدى.

ئەمدىلا يورۇپ كېلىۋاتقان تاڭنىڭ يورۇقىدا 3 - بەننىڭ پوزىتسىيىسى جايلاشقان دۆڭلۈكنىڭ تېگىدىنلا باشلانغان تۈزلەڭلىك بىر پارچە سىلىق شاھمات تاختىسىغا ئوخشاش كۆكۈچ تۇمان ئىچىدە ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ يېيىلىپ ياتاتتى. جەڭچىلەر بولسا بۇ شاھمات تاختىسىدىن ئۆزلىرىنىڭ ئاكوپلىرىنى ئىگىلىگەنىدى.

بەنجاڭ يەلكىسىگە ئېسىقلىق تۇرغان قاپ ئىچىدىن بىنوكلىنى چىقىرىپ تېخىمۇ ئۇزۇنغا يېيىلىپ ياتقان تۇزلەڭلىكنىڭ ئۇ چې-تىگە قارىدى. بۇ بىر پارچە يەرنىڭ چېتى ئۆزلىرى جايلاشقان دۆڭلىكتىن سەللا ئېگىز بولۇپ، ئىككى يان تەرىپى سىرتى چوشۇرۇلگەندەك قىيپاش يانتۇلۇق ئىدى. تاجاۋۇزچىلار ئەنە شۇ دۆڭلۈك ئۈستىگە ئۆزىنىڭ ئوت كۈچىنى مەركەزلەشتۈرگەن ئا-ساسىي پوتىيىنى قۇرۇپ، ئىككى تەرەپكە بولسا يانتۇلىقىنى ئۇ-زۇنغا كېسىپ ئۆتىدىغا ئۈستى ئوچۇق ئاكوپ كولاپ جايلىشىۋال-غانىدى. باشتا ناھايىتىمۇ غۇۋا كۆرۈنگەن مەركىزىي ئىستىھكامى ۋە ئۇزۇن ئارغامچىغا ئوخشاش سوزۇلۇپ ياتقان ئاكوپلار بارا-بارا ئاقىرىپ كېلىۋاتقان تاڭ يورۇقىدا بىنوكىل ئەينىكىدىن ئۇ-نىڭ كۆزىگە خېلىلا ئوچۇق كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

— يولداشلار، ھارماڭلار...

تۇەننىڭ سىياسىي كومىسسارى دۆڭلۈكنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، پوزىتسىيىدە ئالدىنقى ئىگىلەپ ياتقان جەڭچى-لەردىن ئەھۋال سورىدى.

— كېلىڭ كومىسسار قېنى يۇقىرىغا ئۆتۈڭ، — جەڭچىلەر دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئاكوپنىڭ ئىچىدە ئۇنى كۈتۈۋېلىشتى.

— بولدى، تەكەللۇپ قىلماڭلار، بۇ سارىيىڭلارنىڭ يۇقىرى - تۆۋىنىنىڭ پەرقى يوقتەك تۇرىدۇ. مەن مۇشۇ يەردە ئولتۇرىۋېرەي، — سىياسىي كومىسسار ئالدى تەرەپنى ھوشيار-لىق بىلەن كۆزىتىۋاتقان قادىرنىڭ يېنىغا تېز چۆكتى.

— قېنى، يولداش كومىسسار، قاتتىق - قۇرۇق دېمەستىن «مەزەگە» ئېغىز تېگىڭ. — ئەخمەت ئۇنىڭغا گېزىت قەغىزى بىلەن ساپسېرىق موخوركا ئۇزاتتى. سىياسىي كومىسسار ئالدى-رىماستىن ئولتۇرۇپ، تاماكىنى ئوراپ تۇتاشتۇردى. راسا بىر شوراپ قويۇق ئىسنى دۈگىلەك قىلىپ چىقاردى.

— پاھ، ئەجەپ پەيزى «تاماق» ئىكەنغۇ بۇ، — سىياسىي

كومىسسار موخوركىنى ئىككى - ئۈچ قېتىم قېنىپ - قېنىپ شورىۋالغاندىن كېيىن جەڭچىلەرگە كۆز قىرى بىلەن قاراپ قويۇپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — خېلى ئۇزۇندىن بېرى موخۇركىنى راسا خۇماردىن چىققۇدەك بىرەر قېتىم چېكىۋالسام بولاتتى دەپ يۈرەتتىم. مانا ئەمدى پەيت كەلگەن ئوخشايدۇ. قانمىغان خۇمارىم قانىدىغان بولدى - دە.

بۇ قوش مەنىلىك گەپنى ئاڭلىغان جەڭچىلەر پاراقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. بۇ كۈلكە شۇنچىلىك ساپ ۋە شۇنچىلىك تەبىئىي ئىدىكى، كۈلكە ئاۋازىنى ئاڭلىغان كىشىنىڭ مۇشۇ جەڭچىلەرنىڭ بىر دەمدىن كېيىن هايات - مامات جېڭىگە كىرىدىغان كىشىلەر ئىكەنلىكىگە ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.

ئاقۇش تۇمان بارا - بارا تارقىلىپ، قۇياش ئۇپۇق سىزىقىدىن بالقىپ، ئېگىز تاغ ئۈستىنى قىزىل شەپەق نۇرى قىزارتقان مەزگىلدە 52 - نومۇرلۇق تايانچ بازىنى ئازاد قىلىش جېڭى باشلاندى. جىمجىت تۇرغان جىلغىلار پىلىموت، مىلتىق، ئاپتومات، هەرخىل زەمبىرەكلەرنىڭ ئاۋازى بىلەن ئويغىنىپ جانلىق تۈسكە كىردى. ئەتراپنى ئوق - دورا ھىدى قاپلىدى.

دۈشمەن تايانچ بازىسىنى قاتتىق قورشاۋغا ئالغان قىسىم چۈشكىچە ئاران دېگەندە دۈشمەننىڭ بىرىنچى سەپ لىنىيىسىنى گۇمران قىلىپ، دۆڭلۈكنىڭ يېرىمىغا يامىشىپ چىقالىدى. دۈشمەنلەر ئەپلىك يەر شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، مەركىزىي ئوت توچكىسىدا غالجىرلىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتمەكتە ئىدى. چۈش قېيىلغاندىن كېيىن تاجاۋۇزچىلار قورشاۋىمىزنى بۆسۈپ چىقىش ئۈچۈن بىزگە ھۇجۇم باشلىدى. بەش قېتىملىق ھۇجۇمى قايتۇرۇلغان، بىر مۇنچە ئۆلۈكلىرىنى جەڭ مەيدانىغا تاشلاپ ئۈۋۈسىغا ئاران قېچىپ كىرىۋالغان دۈشمەن تاغ زەمبىرىكى بىلەن بىزنىڭ قىسمىمىزنىڭ پوزىتسىيىسىنى شىددەت بىلەن توپقا تۇتۇشقا باشلىدى. 3 - بەننىڭ ئېغىر پىلىموت ئىستىھكامى دۈش-

مەنىنڭ مەركەزلىك يوقىتىش نۇقتىسى بولۇپ ئالغاندى، توپ ئوقلىرى خۇددى تاراسلاپ ياغقان مۆلدۈردەك كىچىككىنە [illegible] ئۈستىگە ياغماقتا ئىدى. چوڭقۇرلۇقى بىر يېرىم مېتىردىن ئاشـ مىغان ئۈستى ئوچۇق پىلىموت ئىستىھكامى ئۈستىدە ئوت دېڭـ زى قاينىماقتا. ئىستىھكامىنىڭ ئالدى ـ ئارقىسىغا چۈشكەن توپ ئوقى زەربىسىدىن ئاسمانغا ئۇچقان تاش ـ توپىلار ئىس ـ تۈتەكـ لەر دەستىدىن كۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

دۈشمەنىنىڭ ئالدىنقى بەش قېتىملىق ھۇجۇمى قىسىملىرىـ مىزنىڭ كۈچلۈك قايتۇرما زەربىسىگە ئۇچراپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، قىساس ئېلىش يۈزىسىدىن بولۇۋاتقان بۇ توپقا تۇتۇش پوزىتسىيىلىرىمىزگە خېلىلا تالاپەت يەتكۈزدى. توپقا تۇتۇش توخـ تاش بىلەنلا تاجاۋۇزچىلار يەنە ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئۇلارنىڭ ئېغىر ـ يېنىك قورالىرى تەڭلا ئوت ئاچتى. دۈشمەن بۇ قېتىم بارلىق كۈچىنى توپلاپ ئېلىشىشقا تەييارلانغاندەك قىلاتتى.

توپقا تۇتۇش باشلانغاندا ئالدىنقى پوزىتسىيەدىن تاغنىڭ كەيـ نىگە ئۆتۈپ دۈشمەن توپ ئوقىدىن پاناھلانغان بىزنىڭ چوڭ قىسىم يەنە ئالدىنقى پوزىتسىيىسىگە قايتىپ كىردى. پوزىتسىيەـ نىڭ نۇرغۇن جايلىرىنى دۈشمەن توپ ئوقى بۇزۇۋەتكەن ئىدى. سىنارەت چۈشۈپ قاپقارا ئىسلىشىپ كەتكەن ئازگاللار قەدەمدە ئۇچراپ تۇراتتى.

بەنجاڭ ئىسمايىل ئۆزىنىڭ ئېغىر پىلىموتىنى قىسىمنىڭ ئوڭ قانىتىغا ـ 52 ـ نومۇرلۇق تايانچ بازىنىڭ يان تەرىپىدىكى كىچىككىنە دۆڭگە ئورۇنلاشتۇردى بۇ يەر ئىنتايىن مۇھىم جاي بولۇپ، تايانچ بازىنىڭ مەركىزي ئىستىھكامىدىن چىققان دۈشـ مەن ئەسكەرلىرى مۇشۇ يەردىن ئۆتمەي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. تاجاۋۇزچىلار بۇ تەرەپتىن ئۆزلىرىگە تەييارلىغان ئەجەللىك «سوۋغا» دىن خەۋەرسىز ئىدى ۋە بۇ تەرەپنى خەتەرسىز، دەپ ھېسابلايتتى، 3 ـ بەنىنڭ بۇ يەرگە كېلىپ ئورۇنلىشىشى ئۇلارـ

نىڭ ئۇخلىسا چۈشىگىمۇ كىرمەيتتى.

شىددەت بىلەن ئېغىر قوراللار ئارقىلىق توپقا تۇتۇش پەسلەپ جەڭ مەيدانى ئۈستىدىن ئىس - تۈتەكلەر كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغاندا خۇددى ئۇۋىسى بۇزۇلغان ھەرىدەك پۈتۈن تۈزلەڭلىك ئۈستىنى قاپلاپ ھۇجۇمغا ئۆتىۋاتقان دۈشمەن توپى بۇ يەردىن ئىنتايىن ئوچۇق كۆرۈندى.

— دۈشمەن بىزنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىمىزنى ئويلاپمۇ باققىنى يوق. شۇڭا تاغارنىڭ ئاغزىنى كەڭ ئېچىپ، دۈشمەننى ئالدى تەرەپكە ئۆتكۈزىۋېتىپ، ئېتىشقا بۇيرۇق بېرىلگەندە تۆت تەرەپتىن قورشاپ ئىسكەنجىگە ئېلىپ، بىراقلا ئەدىۋىنى بېرىمىز.

ئىسمايىل ئالدى تەرەپتىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ بەندىكى جەڭچىلەرگە بۇيرۇق قىلدى. تاجاۋۇزچىلار قىسىملىرىمىزنىڭ پوزىتسىيىسىگە قانچە يېقىنلاشقانسېرى سەپ ھالىتى ئۆزگىرىپ، چېچىلىپ ۋە ئۆمىلەپ مېڭىشقا باشلىدى.

— پاھ، مۇنۇ ئۆلۈمتۈكلەرنى قارا. باياتىن بېرى تاراقشىتىقىنىغا قاراپ قانداقراق نېمىلەركىن دېسەم، ئەسلىدە پاقىدىن تۇغۇلغان نەرسىلەر ئىكەنغۇ بۇلار! — دېدى ئەخمەت مەسخىرە ھالدا. ئۇنىڭ سۆزىدىن جەڭچىلەر پىخىلداپ كۈلۈپ كېتىشتى.

— تىنچ!

جەڭچىلەرنىڭ كۈلكىسىنى ئاڭلىغان بەنجاڭ ئىسمايىل يېنىغا بۇرۇلۇپ قولى بىلەن «كۈلمەڭلار» دېگەن ئىشارىتىنى قىلىپ قويۇپ ئالدى تەرەپنى كۆرسەتتى. كۆپچىلىك بەنجاڭ كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ جىم بولۇشتى. ئەسلىدە 3 - بەننىڭ پوزىتسىيىسى ئالدىدىن ھېلىراقتا ئۆتۈپ كەتكەن دۈشمەنلەر ئۈشتۈمتۇت ئالغا يۈرۈشنى توختىتىپ، كەينىدىن كېلىۋاتقانلارنى ساقلاپ ئۆز ئورنىدا تۇرۇپ قېلىشقانىدى. مۇشۇنداق قاتتىق سوغۇقتىمۇ يېلىڭلا كىيىنگەن دۈشمەن ئەسكەرلىرى ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ ئازراق بولسىمۇ ئىسسىنىۋېلىش ئۈچۈن تۇرغان ئورنىدىلا ھەدەپ

سەكرىشەتتى. ئەتراپنى تىنچ دەپ بىلسە كېرەك، ئانچە قوزغۇن-ماستىنلا بىر نېمىلەرنى دەپ كالدىرلىشاتتى. ئۇلارنىڭ چۈشۈ-نۇكسىز ئاۋازى 3 - بەننىڭ پوزىتسىيىسىگە ئوچۇق ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

بەنجاڭ ئىسمايىل دۈشمەن قوماندانلىق ئاكوپى ئالدىدىكى چوقچىيىپ تۇرغان ئىككى پارچە يوغان تاشنىڭ ئارىلىقىغا كۆز ئۈزمەي قاراپ دۈشمەننىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇراتتى. بىر ھازادىن كېيىن ئارقىدىن كېلىۋاتقان چوڭ بىر توپ تاجاۋۇزچىلار ئالدىدا توختاپ تۇرغان قىسىمغا قوشۇلدى. كوماندىر سىياقىدىكى بىر ئېگىز شادىپاچاق تاپانچىسىنى دېۋەيلەپ دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى ئالغا ھەيدەيتتى. دۈشمەن ئەسكەرلىرى چۆمۈلىگە ئوخشاش يەرنى قاپساپ تەرتىپسىز ئالغا سىلجىماقتا. 500 مېتىر... 300 مېتىر... 200 مېتىر دۈشمەن ھە دەپ يېقىنلاشماقتا. بىزنىڭ پوزىتسىيىلىرىمىزدە بىر خىل جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈر-مەكتە ئىدى. 3 - بەن جەڭچىلىرى بۇنداق جىمجىتلىقنىڭ سەۋە-بىنى بىلمەي كۆڭلى تىت - تىت ئىدى.

— نېمە ئۈچۈن مۇشۇ ۋاقىتقىچە قىسىملىرىمىز دۈشمەننىڭ جاجىسىنى بېرىشنى باشلىمايدىغاندۇ؟

قادىرنىڭ كۇسۇلداپ ئېيتقان سۆزى ئاياغلىشىشىغا قوماندان-لىق ئورنىدىن جەڭگە ئاتلىنىشقا بۇيرۇق قىلىپ ئېتىلغان بەلگە ئوقى كۆككە كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن قىسىملىرىمىزنىڭ تە-رەپ - تەرەپتىن شىددەت بىلەن ئېتىلغان ئوق ئاۋازى ئالەمنى چاڭ كەلتۈرۈۋەتتى.

«پاڭ» بەنجاڭ ئىسمايىل تەپكىنى بېسىش بىلەن تەڭ ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن دۈشمەننىڭ ھېلىقى شادىپاچاق دۈشمەن كوماندىرى ئىككى قولىنى پۇلاڭلىتىپ ئالدى - كەينىگە بىر - ئىككى قەدەم شوخشۇپلا پۇلاڭلاپ يەرگە يىقىلدى. ئۇنىڭ قولىدىكى تاپانچىسى يىراق يەرگە ئۇچۇپ چۈشتى.

ھەيۋەتلىك ئىغىر پىلىموت تىلغا كىرىپ سايراشقا باشلىدى. باشلىقى ئۆلگەندىلا قورقۇپ جېنى چىقىشقا باشلىغان تاجاۋۇزچىلار ئۇشتۇمتۇت بېرىلگەن قاتتىق زەربىدىن ساراسىمغا چۈشۈپ پاتپاراق بولۇپ كېتىشتى. ئوق تېگىپ ئۆلگىنى ئۆلدى، تىرىك قالغانلىرى ئۇدۇل كەلگەن يەرگە ئۆزىنى ئېتىپ، خۇددى باراڭدىن ئۈزۈلۈپ چۈشكەن كاۋىدەك دومىلاشقا باشلىدى.

— ھەيھات، «موزاينىڭ يۈگۈرىشى سامانلىقىقچە» ئاقىۋەتىڭنىڭ مۇشۇنداق بولارىنى ئويلاپ بېقىشمىغان بولغىيدىڭ، — دېدى ئەخمەت.

ئىغىر پىلىموتنىڭ شىددەت بىلەن ئېتىلىۋاتقان ئاۋازى ئەنچىدە ئەخمەتنىڭ سۆزىنى ھېچكىم ئاڭلىمىدى. ئۇنىڭسىزمۇ جەڭچىلەرنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى دۈشمەننى قارىغا ئېلىش بىلەن بەند، ئەس ـ يادى ئۇلارنى كۆپرەك ئۆلتۈرۈشتىلا ئىدى، باشقا نەرسىنى ئويلىمايتتى. ئاپتوماتلار توختىماي تاتاتلايتتى، ئىغىر پىلىموت ئۈزلۈكسىز سايرايتتى، ئوقلار ۋىژىلداپ ئۇچاتتى. جەڭچىلىرىمىز تاشلىغان گرانىتلار بىرسىنىڭ كەينىدىن بىرسى پارتلاپ، ئىس ـ تۈتەك كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى، تاش پارچىلىرى، شېغىللار ھاۋاغا قاڭقىپ چىقىپ، يەنە شاراقلاپ چۈشەتتى. دۈشمەن ئەسكەرلىرى بىرلەپ ـ ئىككىلەپ يەر چىشلەپ، جان تالاشماقتا، ئېچىنىشلىق ئىڭراپ ناله ـ زار قىلماقتا ئىدى. ھايات قالغانلىرىمۇ ئىككى تەرەپتىن بېرىلگەن زەربىدىن ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ئۇدۇل كەلگەن يەرگە دوقۇرۇشۇپ يۈرەتتى. دۈشمەننى شىددەتلىك ئوققا تۇتۇشتىن كېيىن ئۇرۇش ئەھۋالىدا ئۆزگىرىش بولدى. بىزنىڭ مۇداپىئەدە تۇرۇشىمىز جىددىي ھالدا ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە ئۆزگەردى.

— ئالغا!

پوزىتسىيە ئۈستىدىن ھۇجۇمغا ئۆتۈش سىگنالىنىڭ ھەيۋەتلىك ئاۋازى ئۇچۇپ ئۆتتى. جەڭچىلىرىمىز تاجاۋۇزچىلارغا بول-

غان چەكسىز غەزەپ ـ نەپرىتىنى پولات نەيزىگە مەركەزلەشتۈرۈپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، تىرىك قالغان قالدۇق دۈشمەن ئەس-كەرلىرىنى قوغلاپ يوقىتىشقا كىرىشتى.

— ئالغا!

بەنجاڭ ئىسمايىل ئېغىر پىلىموت ئېتىشتىن توختىغان پۇر-سەتتىن پايدىلىنىپ دەس ئورنىدىن تۇرۇپ، پوزىتسىيە قىرىغا چىقتى ـ دە، جەڭچىلەرنى ئەگەشتۈرۈپ ئاتاكىغا ئۆتتى. گىرە-لەشمە جەڭ باشلىنىپ كەتتى. پۈتۈن مەيدان ئۈستىدە ئىشتىكلار-نىڭ بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلغان چاغدىكى «چاق ـ چۇق» قىلغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئىسمايىل ئۆزىگە توغرا كېلىپ قالغان قاپقارا ساقاللىق بىر دارازىنىڭ خامىرىغا ئاپتوماتنىڭ پىركىلاتى بىلەن كېلىشتۈرۈپ بىرنى سالدى ـ دە، ئوڭدىسىغا ئۇچۇپ يەرگە يىقىلغان دۈشمەن ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغىچە ئۇنىڭ نەق كۆكسىگە ئۇدۇللاپ ئاپتومات نەيزىسىنى سانجىدى. قادىر بەنجاڭغا ئەگىشىپ ئەمدىلا دۈشمەن توپىغا يېقىنلىشىشىغا بويى ئىككى گەز كېلىدىغان، كۆزلىرىگە قان تولغان بىر دۈشمەن ئەسكىرى نەيزىسىنى ئۇنىڭ كۆكسىگە توغرىلاپ ئېتىلىپ كەلدى. قادىر مەڭدەپ قالدى. ئارقىسىغا يېنىشقا ئورۇن يوق ئىدى. بەنجاڭ ئاللىقاچان دۈشمەن توپى ئىچىگە يېرىپ كىرىپ كەتكەن بولۇپ، ئەتراپىدا قىزغىن نەيزىۋازلىق قىزىپ كەتكەنىدى. ئاڭ-غىچە ھېلىقى تاجاۋۇزچى ئۇدۇل كەلگەن پېتى بار كۈچى بىلەن قادىرغا قارىتىپ نەيزىنى سانجىدى. قادىر كىرپىك قاققۇچىلىك ئارىلىقتىكى بۇ دەھشەتلىك دەقىقىدە ئۆزىنى ئوڭشاپ ئۆزىنى «شاپپىدە» يانغا ئالدى. پۈتۈن كۈچى بىلەن نەيزە ئۇرغان دۈش-مەن ئەسكىرى ئۆزىنىڭ سالمىقى بىلەن بىر ـ ئىككى قەدەم يەرگىچە دەلدەڭشىپ بېرىپ مىلتىقىنىڭ نەيزىسى يەرگە قادىلىپ تۇرۇپ قالدى. قادىر چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ ئەمدىلا نەيزە ئۇراي دېيىشىگە ھېلىقى دۈشمەن ئەسكىرى ئارقى-

ماقتەك تولغىنىپ ئۆزىنى ساللا چەتكە تارتىپ، ئالدىغا كېلىپ قالغان قادىرنىڭ مىلتىقىنى «كاپ» قىلىپلا تۇتىۋالدى. ئىككى-سى بىر هازاغىچە ئېلىشقاندىن كېيىن ئۆز بويىنىڭ يېرىمىغىمۇ تەڭ كەلمەيدىغان بۇ «كىچىك ئەسكەر» نىڭ خېلىلا جېنى بارلى-قىنى كۆرگەن تاجاۋۇزچى قادىرنىڭ قورالىنى قويىۋېتىپ ئۇنىڭ كانىيىنى ئىككى قوللاپ سىقىشقا باشلىدى. ئۇلار يەردە خېلى يومىلاقلاشتى. ئىككىسىنىڭ يۈز كۆزى قارغا مىلىنىپ لاي بولۇپ كەتتى. دۈشمەن ئەسكىرى ئۇنىڭ كانىيىنى بارغانسېرى چىڭ سىقاتتى. ئۇ گويا قادىرنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ قويىدىغاندەكلا قىلات-تى. قادىرنىڭ بويۇن تومۇرلىرى چىڭقىلىپ، چېكىسى لوقۇلداپ ئاغرىشقا باشلىدى. كۆزى چانىقىدىن چاچراپ چىقىپ كېتىشكە ئازلا قالدى، تىنىق ئېلىشىمۇ قىيىنلاشتى. قادىر ئەهۋالنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى سېزىپ، ئۆزىنىڭ ئاخىرقى بار كۈچىنى يىغدى ـ دە، ئىككى قولىنى ئىشقا سېلىپ ئۈستىگە مىنىۋالغان دۈشمەن ئەسكىرىنىڭ جان يېرىنى كۈچەپ تولغىدى.

— ئا ـ ئا ـ ئا

ئاغرىققا چىدىمىغان دۈشمەن ئەسكىرى قولىنى قادىرنىڭ كانىيىدىن بوشىتىشى بىلەن تەڭ قادىر بېشى بىلەن ئۇنىڭ خامى-رىغا بىرنى ئۇستى. ئاندىن بىر تاقلاپلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ مىلتىقىنى يۇلۇۋېلىپ، يۈز ـ كۆزى قانغا بويىلىپ يەردە ئىڭراپ ياتقان ئۇ ئەبلەخنىڭ كۆكسىگە نەيزە ئۇردى. نەيزە بىلەن تەڭ بۇلاقتەك بۇلدۇقلاپ ئېتىلىپ چىققان قاندىن كۆڭلى ئېلىشىپ هۆ قىلغۇسى كېلىپ كەتتى. تېنى شۈركۈنۈپ قاتتىق بىر سەس-كەندى ـ دە، كەينىگىمۇ قارىماي دۈشمەن مىلتىقىنى كۆتۈرگە-نىچە توپ ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ دۈشمەن بىلەن ئېلىشىشقا كىرىشىپ كەتتى.

قان بىلەن بويالغان نەيزىلەر كۈن نۇرىدا پارقىرايتتى. ئۇر ـ چاپ ساداسى دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ ئىڭراشلىرى، ناله ـ زار-

لىرى بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەندى. جەڭچىلىرىمىز بارغانسېرى قەيسەرلىشىپ، دۈشمەننى سۇر - توقاي قىلىپ يورۇتقۇچى ئوقلار چىلىق - چىلىق تەرلەپ كەتكەندى، لېكىن سەزمەيتتى، ئاھابى- تى سەگەكلىك بىلەن دۈشمەنگە نەيزە ئۇراتتى، پومداقلىشاتتى. جەڭ مەيداندىن قار ئۇچقۇنلىرى كۆتۈرۈلەتتى. جەڭچىلىرىمىز- نىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمى بىلەن ھالسىرىغان دۈشمەن ئەسكەرلىد- رى قارشىلىق قىلىشقا مادارى يەتمەي، جېنىنى قۇتۇلدۇرۇشقا ئالدىراپ، يەرگە تىزلىنىپ ئىككى قولىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈ- رۈپ تەسلىم بولۇشقا باشلىدى. قارشىلىق قىلىشقا ئۇرۇنغانلىرى مۇشەك مانتىسى يەپ يەر چىشلىدى.

«ئالغا!» دېگەن قەيسەرلىككە، قەھرىمانلىققا ئۈندىگۈچى سادا بىلەن جەڭچىلىرىمىز دۈشمەننىڭ مەركىزىي ئوت توچكىسىغا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. تاجاۋۇزچىلارنىڭ مەركىزىي ئىس- تىھكامىدىكى دۈشمەن قارشىلىق قىلىشقا جۈرئەت قىلالماي قوي- رىقىنى خادا قىلىپ تىكىۋەتتى. ئەڭ ئالدىدا دۈشمەن تايانچ بازىسىغا بېسىپ كىرگەن 3 - بەن تۈەن قوماندانلىق شتابىغا دۈشمەن قېچىشتا بىللە ئېلىپ كېتىشكە ئۈلگۈرەلمەي تاشلاپ كەتكەن بىر چامادانىنى تاپشۇردى. چامادانىنىڭ ئاغزى يېرىم ئو- چۇق بولۇپ، ئىچىدە نۇرغۇن ھۆججەتلەر، تېلېگراممىلار، ھەر- بىي خەرىتىلەر تەرتىپسىز چېچىلىپ ياتاتتى. بۇ نەرسىلەرنىڭ بىر تەرىپىدە يېڭى سىرتىغا چىقىپ قالغان پولكوۋنىك دەرىجىلىك ھەربىي ئۇنۋان قادالغان يېڭى ھەربىي كىيىم كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

## قوغلاپ زەربە بېرىش

يۇقىرىنىڭ قېچىپ كەتكەن قالدۇق دۈشمەننى قوغلاپ ئۇ- زۇل - كېسىل يوقىتىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇپ

ئالغاندىن كېيىن، تۇەن قوماندانلىق شتابىنىڭ قارارى بويىچە تۇەنجاڭ بىر بۆلۈم كۈچنى ئېلىپ يولغا چىقتى. 3 - بەن قوغلاپ زەربە بەرگۈچى قىسىملارنىڭ ئوت كۈچى بەنى قىلىنىپ قېرىن-داش لىيەندۈيلەردىن يۆتكەپ كېلىنگەن بىر نەچچە يېنىك پىلىموت بىلەن كۈچەيتىلىپ، تۇەنجاڭنىڭ بىۋاستە قوماندانلىقىدا يولغا چىققانىدى.

تۇەن سىياسىي كومىسسارى تېخى ئەمدىلا ئاياغلاشقان جەڭ-نىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلىش، قازا قىلغان ۋە يارىدار بولغان جەڭچىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش، جەڭ مەيدانى-نى تازىلاش ئۈچۈن يەنە بىر بۆلۈم كۈچ بىلەن 52 - نومۇرلۇق تايانچ بازىدا قېلىپ قالدى.

بىر كۈنلۈك قانلىق جەڭ ئاياغلىشىش ئالدىدا تاجاۋۇزچىلار-نىڭ باشلىقلىرى بىر بۆلۈم قالدۇق كۈچلەرنى ئېلىپ، دۈشمەن-نىڭ نامەلۇم ئېگىزلىككە قېچىپ كەتكەنىدى. تۇەنجاڭ باشچىلى-قىدىكى قوغلاپ زەربە بەرگۈچى قىسىم يولغا چىققاندا، كۈن غەربىي تاغ چوققىسى ئۈستىدە ئوتلۇق شارغا ئوخشاش پارىلداپ، ئەڭ ئاخىرقى نۇرىنى سەپمەكتە؛ جىرانىڭ ئىچى خىرە يورۇق بولۇپ، قىسىملارنىڭ تېز - تېز ماڭغان ئاياغ تىۋىشىدىن جانلان-ماقتا ئىدى. جەڭچىلىرىمىز تېز سۈرئەتتە نامەلۇم ئېگىزلىككە قاچقان دۈشمەننىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ، كېتىۋاتاتتى. ئارىلاپ، دۈشمەننىڭ ھېرىپ، تېزرەك ماڭالماي ئارقىدا قېلىپ قالغان ئەسكەرلىرى ئۇچرايتتى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قول كۆتۈرۈپ تەس-لىم بولاتتى، بەزىلىرى قارشىلىق قىلىپ ئوق چىقىراتتى، قى-سىمىمىز ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بەرگەندىن كېيىن يەنە ئالغا قاراپ كېتىۋاتاتتى؛ يول بويى دۈشمەن تاشلىۋەتكەن قورال، ئوق دورا يەشىكلىرى، ئوقدان ۋە باشقا ھەربىي ماددىي نەرسىلەر ئۇچرايتتى.

كەچ كىرىپ ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق باستى، كۆكتە يۇلتۇزلار پارقىراپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى. سوغۇق يەنە كۈچەيدى، ئۇ جەڭ-

چىلەرنىڭ بۇرۇنلىرىنىڭ ئۇچىنى ئاچچىق چىقىپ نەشتەر سان-
جىپ تۇراتتى، لېكىن جەڭچىلىرىمىز سوغۇققا پىسەنت قىلماي
گويا بىر ئادەمنىڭ مېڭىشىغا ئوخشاش ئىنتايىن تەرتىپلىك ھالدا
ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. تۇەنجاڭ ياش جەڭچىلەردەك جەڭچىلىرى
بىلەن بىللە دۇشمەن ئارقىسىدىن ئىزمۇئىز قوغلاپ ماڭماقتا
ئىدى. ئۇلۇغ خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىس-
مى بولغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، نۇرغۇن قانلىق
جەڭلەرنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن بۇ پېشقەدەم جەڭچى ئۆز
جەڭچىلىرىنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى.

— دوكلات! — ھاسىراپ تۇرغان رازۋېدچىك تۇەنجاڭغا
ھۆرمەت بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ ھازىرلا ئالدى تە-
رەپنى چارلاپ كۆرگەن ئەھۋالىنى دوكلات قىلىشقا باشلىدى، —
مۇشۇ يەردىن بەش كىلومېتىر يىراقتىكى ئانچە چوڭ بولمىغان
ئېگىزلىكتە دۇشمەننىڭ تايانچ پونكىتى بارلىقى سېزىلدى. تايانچ
پونكىتنىڭ مۇداپىئەسى كۈچلۈك بولۇپ، ئېگىزلىكنىڭ ھەممە
يېرى مىنالاشتۇرۇلغانىكەن، ئىچكىرىلەپ كىرىشكە بولمىدى. . .

رازۋېدچىك دوكلاتنى تۈگىتىپ بولۇپ، چوڭقۇر نەپەس ئال-
دى ـ دە، بېشىدىن قۇلاقچىسىنى ئېلىپ يېڭى بىلەن تەرنى
سۈرتۈپ قويدى. تۇەنجاڭ:

— يىگىت، قۇلاقچىڭىزنى كىيىۋېلىڭ، سوغۇق تېگىپ قال-
مىسۇن يەنە — دېدى كۆيۈنگەن ھالدا ۋە ئۆزىنىڭ ئۇستىدىكى
جۇۋىنى يېشىپ رازۋېدچىكقا كىيگۈزۈپ قويدى.

تۈن نىسپىدىن كېيىن ھاۋا ئۆزگىرىپ، ئەتراپ قاراڭغۇچى-
لىق ئىچىدە قالغانىدى. ھېلىلا پىلىلداپ ـ يېنىپ تۇرغان يۇل-
تۇزلاردىن بىرىمۇ كۆرۈنمەيتتى. سوغۇق تېخىمۇ كۈچەيگەنىدى.
تۇەنجاڭ قولىدىكى خەرىتىگە قول چىرىغىنىڭ يورۇقىدا نەزەر
سېلىۋاتقان سەنمۇجاڭنى چاقىردى ۋە:

— يولداش سەنمۇجاڭ، ماڭا مۇنداق بىر ئوي كېلىۋاتىدۇ.

— دېدى تۆەنجاڭ سەنمۇجاڭغا تىكىلىپ تۇرۇپ - رازۋېدچىكلار-
نىڭ ئىگىلىگەن ئەھۋالىغا قارىغاندا، نامەلۇم ئېگىزلىكتىكى دۈش-
مەن مۇداپىئەسى كۈچلۈك، ھەممە يەر مىنالاشتۇرۇلغان. شۇڭا
بىر قىسىم كۈچ بىلەن تېز مىنا تازىلاپ، چوڭ قىسىمنى ئىككى
ياندىن دۈشمەنگە يېقىنلاشتۇرۇپ، كېچە قاراڭغۇلىقىدىن پايدىلى-
نىپ، كۈچلۈك ئوت كۈچى بىلەن دۈشمەننى ساراسىمگە سېلىپ،
ئىككى ياندىكى كۈچلىرىمىز بىلەن مىناسىز سوقما يول ئارقىلىق
دۈشمەننىڭ جان تومۇرىنى بوغۇپ تاشلاپ، بىرلا ھۇجۇم بىلەن
بۇ چوققىنى ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرساقمىكىن دەيمەن، سىزچە
قانداق؟

— بولىدۇ، بولىدۇ. مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان، سىزنىڭ
بۇيرىقىڭىز بويىچە بولغاندا بۇ جەڭنى غەلىبىلىك ئېلىپ بارغىلى
بولىدۇ. — دېدى سەنمۇجاڭ.

كېچە قاراڭغۇلۇقى تاجاۋۇزچىلار ئۈچۈن ئېيتىپ تۈگەتكۈ-
سىز دەھشەت بولۇپ تۇيۇلاتتى. كۈندۈزى ئېگىزلىك ئۈستىدە
ھەرىكەت قىلىۋاتقان دۈشمەن ئەسكەرلىرى قاراڭغۇ چۈشۈشى بى-
لەنلا پوتەيلىرىگە كىرىپ كېتىشەتتى. 52 - نومۇرلۇق تايانچ
بازىدىكى ئۇرۇشتىن كېيىن، ئۇلار كېچىسى جەڭ قىلىشتىن
ئۆلگۈدەك قورقىدىغان، تېخىمۇ يۈرەكسىز بولۇپ كېتىشكەنى-
دى. ئۇلار قورقۇنچلىرىنى بېسىش ئۈچۈن ئۆزلىرىگە بىردىنبىر
مەدەت بېرىدىغان يورۇتقۇچ سىنارەتلەرنى ئايىماي ئېتىپ تۇرات-
تى. خۇددى بايرامدىكى ئېتىلغان ساليۇتقا ئوخشاش كەينى -
كەينىدىن ئېتىلغان سىنارەتلەر كېچە قاراڭغۇلۇقىنى يېرىپ ئۆ-
تۈپ نامەلۇم ئېگىزلىك ئۈستىنى كۈندۈزدەك يورۇتۇپ تۇراتتى.
تۆەنجاڭ يېڭىلا كولانغان ئۈستى ئوچۇق ئوق ئېتىش ئاكوپىدىن
بۇ مەنزىرىگە كۆز سالغاچ، قىسىمنىڭ جەڭ تەييارلىقى ئەھۋالى-
دىن دوكلات بېرىۋاتقان سەنمۇجاڭنىڭ سۆزىنى ئاڭلاۋاتاتتى.

— ناھايىتى ياخشى. دۈشمەننىڭ ھازىرقى بىخۇد تۇرغان

پەيتىدىن پايدىلىنىپ بىر يولىلا تارمار قىلىش كېرەك. چۈنكى، ئۇلارنىڭ يېنىدا مۇنداق تېز پەيدا بولۇشىمىز دۈشمەننى ئالاقزادە قىلىۋېتىدۇ. تاڭ ئاتقىچە قوغلاپ زەربە بېرىش جېڭىنى ئاياغلاشتۇرۇش كېرەك. — دەپ بۇيرۇق بەردى تۇەنجاڭ سەنمۇجاڭنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن.

مىنا تازىلاشقا كەتكەنلەرنىڭ مىنانى تازىلاپ بولغانلىق خەۋىرى يېتىپ كېلىشى بىلەن «پاڭ - پاڭ - پاڭ» قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ خۇددى نۇرلۇق يۇلتۇزغا ئوخشاش چاقنىغان ئۈچ پاي يېشىل بەلگە ئوقى ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. چەكسىز ئوچۇق دېڭىز ئۈستىدە يەككە - يېگانە لەيلەپ يۈرگەن ئەسكى كېمىگە ئوخشاپ قالغان بۇ نامەلۇم ئېگىزلىكنىڭ ئۈچ تەرىپىدىن مۇستەھكەم قورشاۋغا ئېلىنغانىدى. بۇيرۇق بېرىلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان جەڭچىلىرىمىز بەلگە ئوقى بىلەن تەڭ شاۋقۇنلۇق دېڭىز ئۆركىشىگە ئوخشاش شىددەت بىلەن ئېتىلىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى.

— ئېتىڭلار!

بەنجاڭ ئىسمايىل دەرھال پىلىموتچىلارغا بۇيرۇق بەرگەندىن كېيىن، ئۆزى ئاپتوماتتىن بىرىنچى بولۇپ قاتىرىغا بىر نەچچە قەپەس ئوق ئۈزدى. ئوتلۇق ئاغزىنى دۈشمەن پوتىيىگە قارىتىپ تاقەتسىزلىنىپ تۇرغان ئېغىر پىلىموت ئوت ئەجدىھاسىغا ئوخشاش توم ئاۋازى بىلەن قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئوتلۇق ئىزلىرىنى قالدۇرۇپ، دۈشمەن پوتىيىگە ئەجەل ئۇچقۇنلىرىنى شىددەت بىلەن چېچىشقا باشلىدى. ئېغىر پىلىموتنىڭ ئاۋازىغا تەڭكەش قىلىپ ئىككى ياندىكى يېنىك پىلىموتلارمۇ سايراشقا باشلىدى. پىلىموت مىلتىقلارنىڭ ئاۋازلىرى گويا قولاقنى پاڭ قىلغۇدەك دەرىجىدە ياڭراق ئىدى. ئوقلار ۋىژىلداپ ئۇچاتتى، ئوت سىزىقى ھاسىل قىلىپ، كۆزلەنگەن توچكىغىچە ئېقىپ تۇراتتى.

ئۇشتۇمتۇت بېرىلگەن بۇ زەربىدىن نامەلۇم ئېگىزلىكنى ساقلاپ ياتقان تاجاۋۇزچىلار ۋە تېخى ھېلىلا قېچىپ كەلگەن

قاچقۇنلار قاتتىق ساراسىمغا چۈشتى. ئۇلار چالا ئۇيقۇچىلىقتا ئەس - ھوشىنى يوقىتىشىپ، ئۆزلىرىنى ئۇدۇل كەلگەن يەرگە ئۇرۇشقا باشلىدى. بىر - بىرىنى دەسسىشىپ قىيا - چىيا قىلىشىپ، زادى نېمە ئەھۋال بولغانلىقىنى بىلەلمەي گاڭگىرىشىپ كەتكەنىدى.

دۈشمەننىڭ قوماندانلىق ئاكوپىدىكى باشلىقلىرىنىڭ ھالى تېخىمۇ بەتتەر ئىدى. بولۇپمۇ 52 - نومۇرلۇق تاپانچ بازىدىن ئاران دىگەندە جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ بۇ يەرگە قېچىپ كەلگەن دۈشمەن ئوفىتسېرلىرى شۇ تاپتا خۇددى پالەچ ئادەمدەك ياتقان ئورۇنلىرىدا قىمىرلىيالماي قېلىشقانىدى.

— ئالغا!

ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە چىلىنغان سىگنالنىڭ جىددىي، ياڭراق ئاۋازى ئوق بورانلىرىنىڭ ھەيۋەتلىك ئاۋازىنى بېسىپ ياڭرىدى. «ئالغا» ساداسى ئېگىزلىك ئۈستىدىكى دۈشمەننىڭ يۈرىكىگە خەنجەر بولۇپ ئۇرۇلدى. دۈشمەن ھودۇقۇشقا باشلىدى. تاجاۋۇزچىلارنىڭ بىر قانچە باشلىقلىرى قوللىرىدا تېرە سومكىلىرىنى كۆتۈرۈپ، يېرىم يالىڭاچ ھالدا يەر ئاستى ئاكوپلىرىدىن غىپپىدە چىقىشىپ، ئۇزۇن كەتكەن تار ئاكوپلىق خەندەكنى بويلاپ كەينىگە قېچىشقا باشلىدى. باشلىقلىرىنىڭ قاچقانلىقىنى كۆرگەن بىر نەچچە ئەسكەرمۇ قوللىرىدىكى مىلتىق - پىلتىقىنى تاشلاپ قاچتى. باشتا ئىككى ئۈچتىن، كېيىن بولسا ئون - ئونبەشتىن بولۇپ قېچىشقا باشلىغان دۈشمەن توپى سوقما يولنىڭ تۆۋىنىگە جايلاشقان كىچىك ئېقىن سۇ بويىدا مۆكۈپ تۇرغان جەڭچىلىرىمىزنىڭ قۇرغان تورىغا چۈشۈپ، بىر - بىرنى ئىتتىرىشىپ قاياققا قېچىشنى بىلمەي ھودۇقۇپ قېلىشتى. جەڭچىلىرىمىز تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىپ، ئاپتوماتلىرىدىن يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى. نەتىجىدە دۈشمەن شۇنچىلىك ئالاقزادە بولۇپ كەتتىكى، مىلتىق، تاپانچىلىرىنى ئىشلىتىشنىمۇ يادىغا كەل-

مىدى. شۇ ئارىدا جەڭچىلىرىمىزنىڭ ئالدىدا قىچىپ كېلىۋاتقان ئىككى تاجاۋۇزچى ئوق يەپ يىقىلدى. جەڭچىلەرنىڭ ئاياغ ئاستى-دا سۇنايلىنىپ ياتقان جەسەتلەر بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلىدى.

بۈگۈن بۇ جەڭ مەيدانىنىڭ ئاسمىنىنى ئىككى تەرەپتىن ئېتىلغان چوڭ - كىچىك زەمبىرەك ئوقلىرى، مىنا ۋە پارتلات-قۇچ بومبىلارنىڭ پارتىلىشى بىلەن چاڭ - توزانلار، ئىس - تۈتەكلەر قاپلىغانىدى. يەر يۈزىدە دۈشمەننىڭ ئۆلۈكلىرى تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتتى. نۇرغۇن جەسەتلەرنىڭ كۆزلىرى ئوچۇق بو-لۇپ، كۆزنىڭ ئىبقى پارقىرىپ تۇراتتى. بەزىلىرى ئاغزىنى ماك-شىتىپ پۈت - قوللىرى تىپچەكلەپ جان تالاشماقتا ئىدى. بۇ يەردىكى غەلىتە ئەھۋال شۇكى، قالايمىقان چېچىلىپ ياتقان قو-راللار ھېلىقى ياتقان دۈشمەن ئۆلۈكلىرىدىنمۇ كۆپ ئىدى. چۈن-كى، بۇ قوراللارنىڭ بەزىلىرى ئەنە ئاشۇ ياتقان ئۆلۈكلەرنىڭ بولسا، بەزىلىرى جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈمىدىدە قېچىپ كېتىد-ۋاتقانلارنىڭ تاشلاپ كەتكەن قوراللىرى ئىدى. يەنە نۇرغۇن دۈش-مەن ئەسكىرى ئىككى قولىدا قورالنى توغرىسىغا ئېگىز كۆتۈرۈپ تەسلىم بولماقتا ئىدى.

يەنە بىر قىسىم دۈشمەن ئەسكەرلىرى قارشىلىق قىلغاچقا ئوڭ تەرەپتە قۇچاقلاشما جەڭ ئەۋجىگە چىققانىدى. زۇلمەت قا-راڭغۇلۇقى ئىلكىگە ئالغان ئېگىزلىك ئۈستىدە ئىشتىكلەرنىڭ بىر - بىرىگە ئۇرۇلغان ئاۋازى، كىشىلەرنىڭ قاتتىق خىرقىراش-لىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. سول تەرەپتىكى دۈشمەن ئىستىھكامى-دىن ئوت ئېچىپ 3 - بەندىكلەرنى يەرگە يانقۇزۇپ قويدى. ئىسمايىل مەمەت ئۈششىسىدە ئېسىقلىق تۇرغان گىرانتنى قولىغا ئالدى - دە، 3 - بەننى ئوققا تۇتىۋاتقان دۈشمەن ئىستىھكامىغا قارىتىپ تاشلىدى. «گۈمباك» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ دۈشمەن پىلىموتچىسى گىرانىت پارچىلىرى بىلەنلا ئاسمانغا ئۇچتى. قاپقارا

ئىس - تۆتەك ئىچىدىن بىر قانچە ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئۇلار قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرگەن پېتى ئۆڭكۈردىن چىقىپ كې-
لىۋاتاتتى. غال - غال تىترەپ تۇرغان يەتتە نەپەر تاجاۋۇزچى ئازگالدىن يۇقىرىغا چىققاندىن كېيىن يەرگە تىزلىنىپ، ئۆزىنىڭ جانلىرىنى تىلىگەندەك تىنماي كالدىرلاشقا باشلىدى. بۇ يەردە ئون نەچچە دۈشمەن ئەسكىرى ئەسىرگە چۈشتى.

## قارا قۇرۇمدىكى يۇلتۇز

يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان كۆكۈچ قارامتۇل تاغ تىزمىسى ئۇزاق - ئۇزاقلارغا سوزۇلغانىدى. كۈل رەڭ بۇلۇتلار خۇددى ئاسمانغا ئۇچۇشقا ئىنتىلىۋاتقان قاناتلىق ئەجدىھادەك، چوققىلاردا تۇرۇم - تۇرۇم بولۇپ ياتاتتى. بىر - بىرىگە مىنگىشىپ كەتكەن ھەرىسىمان چوققىلار تۆۋىدىن دېگۈدەكلا ئېلىنغان جەڭ ھازىرلىق تاش يولىدا قاناتلىق تۇلپارغا ئوخشاش يۈز نەچچە ماش رەڭ ھەربىي ئاپتوموبىل غۇيۇلداپ ئۇچۇپ بارماقتا ئىدى. يۇقىرىلى-
غانسېرى تارلىشىپ، بىر ئاپتوموبىل ئاران ماڭغۇدەك بولۇپ قالغان ئەگرى - بۈگرى تاغ يولىدا توپا - چاڭ پۇرقىراپ تۇرات-
تى. بۇ يولنىڭ بىر تەرىپى ئاسمانغا تاقاشقۇدەك ئېگىز تاغ، بىر تەرىپى تۆۋى كۆرۈنمەيدىغان ھاڭ - چوڭقۇر جىرا ئىدى. بەزىدە ئاپتوموبىل داۋانغا چىققاندا، قارامتۇل بۇلۇتلار ئاستىڭىزدا قالات-
تى. بۇنداق چاغدا ئۆزىڭىزنى بۇلۇتلار ئۈستىدە ئۈزۈپ يۈرگەن-
دەك، گويا بىر خىيالىي مۆھتتا ياشاۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىڭىز.

بۇ ئېگىز - پەس قارا قۇرۇم چېگرا مۇداپىئە تاشيولى يېڭىلا پۈتۈپ، قاتناش باشلانغانىدى. شۇڭا نۇرغۇن خەتەرلىك ئۆتكەللەر ئۇچرايتتى. مانا شۇنداق قىيىن شارائىت خەتەرلىك يول بولسىمۇ شوپۇرلار بۇ يولدا كۆپ قاتنىغىنى ئۈچۈنمىكىن ئاپتوموبىللارنى

www.uyghurkitap.com

راۋان ھەيدەيتتى. جەڭچىلىرىمىز بولسا جاپا - مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ، تاجاۋۇزچىلارنى قوغلاپ چىقىرىپ ۋەتەنىنىڭ مۇبارەك زېمىنىنى ئاياغ - ئاستى قىلغۇزماسلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلاتتى.

قارا قۇرۇمنىڭ بۇ ئەگرى - بۈگرى تاغ يولىدا كېتىۋاتقان ماش رەڭ ھەربىي ئاپتوموبىللارنىڭ خېلىلا ئالدىدا كېتىۋاتقان بىرىنچى ئاپتوموبىلنىڭ كابىنكىسى ئۈستىگە قاپقارا ئېغىزى ئال-دىغا قىلىنىپ، ئېغىر پىلىموت ئورنىتىلغانىدى. ئۇنىڭ ھەيۋەت-لىك بەستى تاجاۋۇزچىلار ئۈستىگە ئەجەل ئوقىنى ياغدۇرۇشقا تەييار بولۇپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. ماشىنا كوزۇپىدا ئىككى قاتار بولۇپ 3 - بەن جەڭچىلىرى جۇۋىلارغا ئورالغان ھالدا قوراللارنى چىڭ تۇتۇشۇپ ئولتۇرۇشاتتى.

نامسىز ئېگىزلىكتىكى ئوپېراتسىيە جېڭىدىن كېيىن، تۆەن قارمىقىدىكى بارلىق ئەسكەرلەر يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن دۈشمەن ئىگىلىۋالغان ئەڭ ئاخىرقى تايانچ بازا بولغان 26 - نومۇرلۇق بازىنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن يولغا چىققانىدى. بۇ قې-تىمقى يۈرۈشتە 3 - بەن يەنىلا تۆەننىڭ ئاۋانگارت بەنى قىلىپ بەلگىلەنگەنىدى. بۇنىڭدىن 3 - بەن جەڭچىلىرى بەكمۇ ئىپتىخار-لىق ھېس قىلىشتى، بولۇپمۇ بەنجاڭ ئىسمايىل ئالاھىدە خۇشال بولدى. ئۇ شۇ تاپتا تىزىغا خاتىرە دەپتىرىنى قويۇپ، ماشىنىنىڭ چايقىلىشىغا قارىماي كۈندىلىك خاتىرىسىنى يېزىۋاتاتتى. ئۇ ھەر-بىي سەپكە قاتناشقان ئىككى يىلدىن بۇيان قانچىلىغان خاتىرىلەرنى توشقۇزۇپ بولغاندۇ - ھە. ئۇ چېگرىغا كەلگەندىن كېيىن خاتىرە يېزىشنى بىر كۈنمۇ توختاتمىدى.

خاتىرە دەپتەرنىڭ يەنە بىر ۋارىقى ئۆتكەن بىر كۈنلۈك ھاياتنىڭ ئەڭ مەنىلىك خاتىرىسى بىلەن تولدى. قىزىل سىزىق-چىلار سىزىلغان ئاپئاق بەت ئۇنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. قىسقىغىنا بىر نەچچە ھەپتىلىك جەڭ ھاياتى ئۇنى ئۆزگىچە خاتىرىگە ئىگە

قىلغانىدى. ئۇنىڭ ھازىرقى ھەر بىر ھەرىكىتى، سۆزى ناھايىتى
سالماقلىق بولۇپ، كۆزلىرىدە پېشقەدەم جەڭچىلەرنىڭكىدەك جە-
سۇرلۇق، ئۈمىدۋارلىق نۇرلىرى چاقنايتتى. ئۇ قەلىمىنى تۇتقى-
نىچە خىيالغا چۆمدى. ۋاقىت نېمىدېگەن تېز ئۆتكەن — ھە.
ھەش — پەش دېگۈچە مانا بۈگۈن 12 — ئايغا 26 بولۇپ قالدى.
ئۆتكەن يىلى مۇشۇ كۈنلەردە غەم دېگەننى بىلمەي يېڭى يىلغا
تەييارلىق قىلىۋاتقانىدۇق. ئەمدى بۇ يەردە — ئادەمزات ئايىغى
تەگمىگەن تاغلار ئارىسىدا جەڭ قىلىۋاتىمىز. مۇشۇ بىر نەچچە
ھەپتە ئىچىدە بىر ئۆمۈرگە تەڭ ئىشلارنى ئۆز بېشىمىزدىن كۆ-
چۈردۇق. ئۆلۈم قاش بىلەن كۆز ئارىلىقىدا جېنىمىزنى قەستلەپ
مارىلاپ يۈرۈيدۇ. ئەجەبا، بىزدە بۇنى ئويلاشقىمۇ ۋاقىت يوق،
دائىم ئۆزىمىزنى بەختلىك ھېس قىلىمىز. بۇ نېمە ئۈچۈن؟
ئادەمگە ھايات بىرلا كېلىدۇ؟ ئۇغۇ شۇنداق، بىراق بىز ئۆز
ۋەتىنىمىز ئۈچۈن جەڭ قىلىۋاتىمىز. خەلقىمىزنىڭ بەختىيار
ھاياتىغا كېپىللىك قىلىش ئۈچۈن جەڭ قىلىۋاتىمىز. شۇڭلاشقى-
مۇ بىز ئۆزىمىزنى بەختلىك ھېس قىلىۋاتساق كېرەك...

مانا ئەمدى ئىسمايىل كۆكسىگە ئېسىقلىق تۇرغان ئاپتوماتنى
چىڭ تۇتۇپ ئالدى تەرىپىدىن سوقۇۋاتقان ئاچچىق تاغ شامىلىنىڭ
نەشتەردەك سوغۇقىغا يۈزلىنىپ ئولتۇراتتى قويۇق قارا قاشلىرى
ئاستىدىكى ئوتلۇق كۆزلىرى يىراقلارغا تىكىلگەن، ئىككى مەڭ-
زى سوغۇقتىن شەلپەردەك قىزارغان بولۇپ، ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى
قىياپىتى ئاپئاق قارلىق چوققىدا پارلاپ تۇرغان قار لەيلىسىنىڭ
چىداملىق بەرگىنى ئەسلىتەتتى. ئاپتوموبىل تېز سۈرئەتتە ئالغا
ماڭماقتا. بۇلار يولغا چىقىش ئالدىدا تۈەنجاڭ 3 — بەن قىسىم-
نىڭ ئالدىدا مېڭىپ، چوڭ قىسىمنىڭ ئورۇنلىشىدىغان فرونتنى
چارلاش ۋە جەڭ مەيدانىنى تاللاشقا يىپ ئۈچى بىلەن تەمىنلەشنى
بۇيرىغانىدى. شۇڭا ئۇلار قىسىمدىن ئايرىلىپ ئالدىدا ماڭغان
ئىدى.

چوڭقۇر تاغ جىلغىسى ئۈستىدە يانداپ ئېلىنغان تاش يولىدىن چىقىپ، بىر تەرىپى تۈپتۈز كەتكەن دالا، بىر تەرىپى قىيپاش يانتۇلۇقتىن ئىبارەت تاش يولغا چىققان بۇ ئاپتوموبىل كەينىدىن توپا توزۇتۇپ ئۇچماقتا ئىدى. بۆشۈكتەك رىتىم بىلەن تەۋرىنى-ۋاتقان ئاپتوموبىلدا ئولتۇرغان جەڭچىلەرنىڭ بەزىلىرى يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاقباش تاغلارغا كۆزىنى تىكىپ، نېمىنىدۇر خىيال قىلىپ ئولتۇرۇشاتتى، بەزىلىرى يېنىدىكىلەر بىلەن قىزىق پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشكەنىدى.

ئىسمايىل كۆزىنى يىراقتىكى كۆكۈچ ـ قارامتۇل چوققىغا تىكتى. ئۇ ئۆز بەدىنىنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئېغىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلاتتى. «تۆەن قوماندانلىق شتابى قىسمىنىڭ يۈرىكى، بىز مۇشۇ قىسىمغا يول باشلاپ مېڭىۋاتىمىز. يول ئۈستىدە تاسادىپىي ئەھۋاللارنىڭ يۈز بەرمەسلىكىگە كىممۇ كاپالەتلىك قىلالايدۇ؟ ئەگەر شۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە مەن قانداق قىلىشىم كېرەك؟ بىر قانچە قېتىملىق جەڭلەردە يۇقىرىدا تۆەنجاڭدىن تارتىپ، تۆۋەندە ليەن باشلىقلىرى ھەممە ئىشقا ئۆزلىرى بىۋاستە رەھبەرلىك قىلىپ تۇراتتى ئەمدىچۇ؟ ئۇلار يوق. ماشىنىدىكى 12 جەڭچىنىڭ قىممەتلىك ھاياتى ماڭا باغلىنىشلىق بولۇپلا قالماستىن بەلكى ئارقامدىن كېلىۋاتقان چوڭ قىسىمنىڭ تەقدىرىمۇ ماڭا باغلىق.» ئۇ شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزىۋاتقاندا، ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا جېداۋيۈەننىڭ سىيماسى كەلدى.

— يولداش ئىسمايىل مەمەت، — دېگەنىدى جېداۋيۈەن ئۇنى ئۆز چېدىرىغا چاقىرتىپ كىرگەندىن كېيىن. — سىزنىڭ ئارمىيىگە كىرگەندىن كېيىنكى ئىپادىڭىز، جەڭدە كۆرسەتكەن باتۇرلۇقلىرىڭىزغا بىزنىڭ ليەنلا ئەمەس، بەلكى تۆەندىكى باشلىقلار ۋە پۈتۈن جەڭچىلەرمۇ قايىل. سىزنىڭ تەشكىلىي مەسىلىڭىزنى ليەن پارتىيە ياچېيكىسى ئويلىشىۋاتىدۇ. سىزنى چاقىرىشتىكى مەقسەت، سىزنىڭ پىكرىڭىزنى ئاڭلىماقچى ئىدىم.

— يولداش جېداۋيۈەن، سىز. . . سىز نېمە دەۋاتىسىز؟!

ئىسمايىل ھاياجانلىنىپ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئۇلۇغ كومپارتىيەنىڭ ئەزاسى بولۇشنى خېلىدىن بېرى ئارزۇ قىلىپ يۈرەتتى. جېداۋيۈەننىڭ سۆزىگە قارىغاندا، پارتىيە ئۇنى قوينىغا ئالماقچى. بۇ بىشارەت ئۇنى ھاياجانلاندۇرۇپ يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەتتى.

— ئولتۇرۇڭ، يولداش ئىسمايىل، سىزنىڭ قەلبىڭىز ماڭا ئايان، ئالدىرىماي پاراڭلىشايلى.

ئىسمايىل ئورنىغا ئولتۇردى. لېكىن، ئۇنىڭ يۈرىكى يەنىلا خۇشاللىقتىن ئېپچەكلەپ تۇراتتى.

— بىزنىڭ پارتىيىمىز — پرولېتارىياتنىڭ ئەڭ ئىلغار كۈچلىرىدىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭ ئىشىكى ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئىشلىرى ئۈچۈن بېغىشلايدىغان كىشىلەر ئۈچۈن دائىم ئوچۇق. سىز مانا شۇ كىشىلەرنىڭ بىرى. پارتىيە ياچېيكىسى سىز بىلەن سۆزلۈشۈپ كۆرۈشۈشنى ماڭا تاپشۇردى.

— جېداۋيۈەن، خاتىرجەم بولۇڭ. مەن پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ ئۈمىدىنى ھەرگىز يەردە قويمايمەن.

ئىسمايىل ئارتۇقچە گەپ قىلالمىدى. ھاياجاندىن قانلىرى ئۇرغىدى. يۈرىكى كۆكرەك قەپەسىنى يېرىۋەتكۈدەك دۈپۈلدەيتتى. . .

بۇ نامسىز ئېگىزلىكتە، جېداۋيۈەن بىلەن ئىسمايىل ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا بولۇنغان سۆھبەت ئىدى.

جېداۋيۈەننىڭ مۇلايىم ئاۋازى بىلەن ئۇنىڭ تەبەسسۇم قىلىپ تۇرغان چىرايى ئىسمايىلنىڭ قەلبىگە مەڭگۈ ئۆنتۇلماس بولۇپ ئورنىشىپ قالغانىدى. ئۇ شۇ كېچىسىلا پارتىيىگە كىرىش ئىلتىماسىنى يېزىشقا كىرىشتى. ئەمما يولغا چىقىش بۇيرۇقى كېلىپ قېلىپ، ئىلتىماسنى ئاخىرلاشتۇرالمىدى. شۇ تاپتا ئۇ يېزىلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تۇگىمىگەن ئىلتىماسىنى قولىغا ئالدى، يېنىش ـ يېقىنلاپ قارىدى. جىداۋيۇەننىڭ چىرايى كۆز ئالدىدا نامايان بولدى، ئۇ كۇلۇمسىرەپ تۇراتتى. ئىسمايىل بۇ قېتىمقى جەڭدىن ساق ـ سالامەت قايتىپ كەلسىلا بۇ ئىلتىماسىنى يېزىپ تۇگىتىپ، پارتىيە ياچېيكىسىغا تاپشۇرىدۇ. ئەگەر تەشكىل ئۇنى پارتىيىگە قوبۇل قىلسا، پارتىيە بايرىقى ئالدىدا قەسەم بېرىدۇ. ئۇنىڭ شېرىن خىيالىنى قادىرنىڭ سۆزى بۆلدى.

— ئەخمەت، ئاۋۇ ياققا قارىغىنە. خادىغا ئېسىپ قويغىنى نېمىدۇ؟

ئىسمايىل بېشىنى كۆتۇرۇپ ئۆزلىرى يېقىنلاپ قالغان ئۆي-نى كۆردى ـ دە، شوپۇرغا سۇرئەتنى ئاستىلىتىشنى بۇيرۇدى. يېزىلىپ تۇگىمىگەن ئىلتىماسىنى يەنە قاتلاپ تۆش يانچۇقىغا سېلىپ قويدى. تاش يولنىڭ سول تەرىپىگە يېقىنلا يەردە تاش بىلەن قوپۇرۇپ سېلىنغان زاغزۇلارنىڭ ئۆيى چوقچىيىپ كۆرۇ-نۇپ تۇراتتى. ئۆينىڭ يېنىغا قادالغان خادىنىڭ ئۇچىغا چىگىلگەن قوتاز قۇيرۇقى شامالـدا يەلـپۇنۇپ تۇراتتى. ئۆيـنىڭ ئالدىدا ئون ـ يىگىرمىدەك قوتاز ـ قويلار ئاپتاپ سۇنغاچ يەم يەۋاتقاندەك قىلاتتى. ئاپتوموبىل بارغانسېرى بۇ ئۆيگە يېقىنلاشماقتا ئىدى.

— پاراڭنى توختىتىڭلار! — دېدى ئىسمايىل جەڭچىلەرگە قاراپ.

ئۇرۇش، بولۇپمۇ بىر قانچە قېتىملىق رازۋېدكا قىلىش جەريانى ئىسمايىلنى ھەممە نەرسىگە ئېھتىيات بىلەن قاراشقا ئۆ-گەتكەنىدى. ئۇ جەڭچىلەرنى ھەر ئېھتىمالغا قارشى تەييارلىنىشقا بۇيرۇپ، دىققەت بىلەن ئۆيىنى كۆزىتىشكە باشلىدى. ئۆينىڭ ئەتراپىدا ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۇنمەيتتى. بەخىرامان يەم يەۋاتقان قوتاز ـ قويلار گۇرۇلدەپ ئاۋاز چىقىرىپ كېلىۋاتقان بۇ ئاجايىپ مەخلۇققا قىزىققاندەك قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىشىپ، بويۇنلىرىنى سوزۇپ قارىشاتتى. ھېچقانداق شەپە يوق. قارىغاندا، ئۆي ئىگى-

لىرى ئۆي ئىچىدە بىرەر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتسا كېرەك.

«ئەجەبا ـ ھە؟ — دەپ ئويلىدى ئىسمايىل مەمەت. — زاڭزۇلار بىرەر ئاپتوموبىلنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلايدىغان بولسا، سىرتقا يۈگۈرۈپ چىقىپ يولغا قارىشاتتى. بۈگۈن نېمە بولدى؟ ھەتتا بىرەر بالىمۇ يۈگۈرۈپ چىقمايدىغۇ؟ بۇ چەت ـ ياقىدىكى ئۆيدە ئادەم يوقمۇيا؟»

تۇيۇقسىز چاڭىلداپ ئېتىلغان دۈشمەننىڭ مىلتىق ئاۋازى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلدى. ئارقىدىنلا ئېغىر پىلىموت تا ـ تاتلاپ ئېتىلىشقا باشلىدى. تۆۋەن سۈرئەتتە كېتىپ بارغان ئاپتوموبىل سول تەرەپكە قىيسايدى ـ دە، ئورنىدا توختاپ قالدى، ئاپتوموبىلنىڭ چاقىغا ئوق تەگكەنىدى.

— يولداشلار، ھودۇقماڭلار. ئۈچىنچى بەن جەڭگە تەييارلان! — بەنجاڭ ئىسمايىل دەقىقە ھاڭ ـ تاڭلىقتىن كېيىن، ئۆزىنى ئوڭشاپ بۇيرۇق بەردى.

ئۆي بىلەن ئاپتوموبىلنىڭ ئارىلىقى پەقەت 50 مېتىرلا كېلەتتى. دۈشمەننىڭ ئېغىر ـ يېنىك قوراللىرىدىن مۆلدۈردەك يېغىۋاتقان ئوقلار باش ئۈستىدىن ۋىژىلداپ ئۆتۈشكە باشلىدى. ئارقىدىنلا غوڭۇلداپ تاغ زەمبىرەكلىرىنىڭ ئوقلىرى ئۈچۈپ كەلگىلى تۇردى. ئاپتوموبىلنىڭ ئالدى ـ كەينىگە چۈشۈپ پارتىلىغان توپ ئوقلىرى تاشلارنى ئۇچۇرۇپ، توپتۈز يولدا ئازگاللارنى پەيدا قىلاتتى.

— ئېغىر پىلىموت دۈشمەنگە قارىتىپ توغرىلانسۇن! — بەنجاڭ ئىسمايىل پىلىموتچىغا بۇيرۇق قىلغاچ ئاپتوماتىدىن ئوق ئۈزۈشكە باشلىدى. باشقىلارمۇ بەنجاڭغا ئەگىشىپ ئوت ئاچتى.

ئېغىر پىلىموت تېخىچە ئوق چىقارمايتتى. بەنجاڭ ئىسمايىل قايرىلىپ قاراپ، پېشانىسىدىن پۇژۇلداپ تەر چىقىۋاتقان مۇئاۋىن بەنجاڭ ئابدىرېھىمنى كۆردى. ئۇ ھەدەپ ئېغىر پىلىموتنى ئاتماقچى بولاتتىيۇ يەنە توختاپ قالاتتى. ئىسمايىل شۇ چاغدىلا ئېغىر

پىلىموتنىڭ ئوق چىقىرالمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندى. ئەسلىدە ئىغىر پىلىموت ئاپتوموبىل كابىنكىسىنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان بولۇپ، ئۇدۇلىغا قاراپ تۇراتتى. دۈشمەن بولسا ماشى-نىنىڭ سول تەرىپىدە ياتتۇ ئىدى. پىلىموتنى دۈشمەنگە قارىتىپ توغرىلاش ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىر چاقىنى قويىدىغان يەر يوق ئىدى. شۈكلاشقىمۇ مۇئاۋىن بەنجاڭ ئابدىرېھىمنىڭ ئىچى تىت - تىت بولۇپ تەرلەپ كەتكەنىدى. ئىسمايىل دەرھال ئورنىدىن سۇرۇلۇپ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ تېز چۆكتى ۋە:

— مانا ماۋۇ يەرگە قويۇڭ! — دەپ ۋارقىرىدى مۈرىسىنى كۆرسىتىپ.

قوماچ قورىغاندەك ئېتىلىۋاتقان ئوق ئاۋازى ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاتمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئىشارىتىنى چۈشەنگەن مۇئاۋىن بەن-جاڭ ئابدىرېھىم سەل ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇپ قالدى.

— بۇيرۇق! تېز بولۇڭ! — بەنجاڭ ئۇنى ئالدىراتتى.

ئىغىر پىلىموتنىڭ ئىغىر چۆيۈن چاقى ئۇنىڭ ئوڭ مۈرىسى-گە قويۇلدى. تاتا - تا - تات! . . . ئىغىر پىلىموت تىلغا كىرىپ غەزەپلىك سايراشقا باشلىدى. دۈشمەننىڭ ئوت كۈچى باستۇرۇل-دى. لېكىن، تاغ زەمبىرەكنىڭ ئوقلىرى توختىماي پارتىلاپ تۇراتتى. توپا - تاشلار باش ئۈستىگە مۆلدۈردەك يېغىپ، باش كۆتەرگۈسىز قىلىۋەتكەنىدى. شۇ ئەسنادا بەنجاڭ ئىسمايىل تول-غىنىپ توختىدى. قىپقىزىل قان ئۇنىڭ ياختىلىق چاپىنىنى بويلاپ ئاپتوموبىل ئۈستىگە تامچىشقا باشلىدى.

— بەنجاڭ، يارىلىنىپسىز، ئورنىڭىزنى ماڭا بېرىڭ! . . .

ئەخمەت مىلتىقىنى تاشلاپ ئۇنىڭغا يېقىن سۇرۇلدى.

— ئەخمەت، مىلتىقىڭنى قولۇڭغا ئال - دېدى ئىسمايىل ئۇنىڭغا ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ.

«بەنجاڭ يارىلىنىپتۇ» — دېگەن سۆزنى چالا - بۇلا ئاڭلاپ قالغان مۇئاۋىن بەنجاڭ ئابدىرېھىم پىلىموتنى ياردەمچى پىلىموت-

چىغا بىرىپ، بەنجاڭنىڭ يېنىغا تېز چۆكتى.

— مۇئاۋىن بەنجاڭ، نېمە بولدىڭىز، ئانچىكى بىر ئىشقا ھودۇقۇپ كېتىش يارىمايدۇ. قېنى ئۆز ئورنىڭىزغا بېرىڭ! — ئىسمايىل بىر قولى بىلەن مۇئاۋىن بەنجاڭنى ئۆزىدىن نېرى قىلدى.

— بەنجاڭ، سىز...

مۇئاۋىن بەنجاڭ قايتىدىن ئېغىر پىلىموتقا يېپىشتى. ئۇ مۇزلاپ قېتىپ كەتكەن باشمالتىقىنى كۇرژۇكقا قويدى، ئېغىر پىلىموت توختاۋسىز ئېتىلماقتا ئىدى. ئىسمايىلنىڭ كۆكرىكىدىن چىققان قان ئۇنىڭ ئايغىدىلا قان ئۇيۇمى ھاسىل قىلىپ قېتىشىپ قالغان ئىدى. جەڭچىلەر بەنجاڭ ئىسمايىلنىڭ قېنى تۆكۈلگەن قارا قۇرۇمدىكى چاڭشەنكو[1] ئېگىزلىكىنىڭ ئاق قار، كۆك مۇزلۇق چوققىسىدا پورەكلەپ ئۆسىۋاتقان قار لەيلىسىنىڭ سىيماسىنى كۆرگەندەك بولدى.

جەڭ داۋام قىلماقتا. تا - تا- تا- تات... ئېغىر پىلىموتتىن ئۇزۇلمەي چىقىۋاتقان ئوق يامغۇرى تېخى بايىلا غالجىرلىقتا چېكىگە يەتكەن تاجاۋۇزچىلارنى باش كۆتەرگۈسىز قىلىۋەتكەن ئىدى.

قادىر بەنجاڭ ئىسمايىلنىڭ يارىلانغانلىقىنى كۆرۈپ، زادىلا تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى. ئۇ قولىدىكى مىلتىقىنى قويۇپلا ئىسمايىلنىڭ ئۇنىمغىنىغا قارىماي، ئۇنىڭ يېنىغا سۈرۈلۈپ كەلدى. يانچۇقىدىن پاختا ۋە داكا ئېلىپ، بەنجاڭنىڭ تېخىچە قان ئېقىۋاتقان يارىسىنى ئەپچىللىك بىلەن تېڭىپ قويدى. ئىسمايىلنىڭ پاختىلىق چاپىنى ئۈستىدىن يول - يول بولۇپ ئاققان قان تامچىلىرى سوغۇقتىن قېتىشىپ، ھەر بىر سىلكىگىنىدە تاراقشىپ ئاۋاز چىقىراتتى.

[1] چاڭشەنكو — ئىسمايىل مەمەت قۇربان بولغان جاينىڭ ئىسمى.

— بەنجاڭ، ئورنىڭىزنى ماڭا بېرىپ، بىر دەم ئارام ئېلىۋې-
لىڭ. — قادىر قولىنى بەنجاڭنىڭ مۈرىسىدىكى پىلىموتنىڭ
چاقىغا ئۇزاتتى. چۈنكى توختاۋسىز ئېتىلىۋاتقان ئېغىر پىلىموت
ئالدى ـ كەينىگە سىلكىنگەندە ئىسمايىلنىڭ پېشانىسىدىن مۇت-
چاقتەك تەر يۇزغۇيتتى. ئۇ لەۋلىرىنى چىشلەپ قانىتىۋەتكەن
ئىدى؛ بۇنىڭدىن يارىسىنىڭ چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئاغرىۋاتقانلىقى
كۆرۈنۈپ تۇراتتى.
— قادىر! مەن بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، دەرھال ئېغىر
پىلىموتقا ئوق يەتكۈزۈپ بەر، — دېدى ئىسمايىل ھاسىرىغان
ئاۋاز بىلەن.
ئېغىر پىلىموت ئۇشتۇمتۇت ئېتىشتىن توختىدى.
— مۇئاۋىن بەنجاڭ نېمە بولدى؟ — ھەممەيلەن بىردەكلا
ئابدۇرېھىمغا قاراشتى. مۇئاۋىن بەنجاڭ ھەدەپ پىلىموت كۇرژۇ-
كىنى باسسىمۇ، ئەمما ئېغىر پىلىموت گاچىدەك جىم تۇرغىنى
تۇرغان ئىدى.
كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچىلىك بولغان دەقىقىدە، دۈشمەننىڭ
ئوت كۈچى كۈچەيدى، ئۇلارغا بىر نەچچە تال مىلتىق ۋە ئاپتومات
بىلەن تاقابىل تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۆلۈم ۋەھىمىسى
ماشىنا ئۈستىدىكى جەڭچىلەرنىڭ ھاياتىغا تەھدىت سېلىشقا باش-
لىدى. دۈشمەن ئوت كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ يەككە ـ يېگانە
ئاپتوموبىلنى ئوت چەمبىرىكى بىلەن قورشىۋالدى. ئېغىر پىلى-
موتتىن تېخىچە ئوت چىقمايتتى. ئەسلىدە دۈشمەن مىلتىقىدىن
چىققان ئوق ئېغىر پىلىموتنىڭ ئوق لېنتىسىدىكى بىر تال ئوق-
نىڭ ئۇچىنى ماكچايتىۋەتكەن، ئۇ ماكچايغان ئوق ئېغىر پىلىموت-
نىڭ ستوۋۇلىغا قاپلىشىپ قالغانىدى. ئېغىر پىلىموت ئاپتومو-
بىل كابىنكىسىدىن كوزۇپ ئېگىگە چۈشۈرۈلدى.
— يولداشلار! — دېدى بەنجاڭ ئىسمايىل جەڭچىلەرگە قا-
راپ، — ۋەتەن، خەلق بىزنىڭ غەلىبە خەۋىرىمىزنى كۈتمەكتە.

پارتىيىنىڭ بىزنى سىنايدىغان ۋاقتى يېتىپ كەلدى دۈشمەننىڭ ئوت توچكىسىنى يوقىتىپ، قىسىملىرىمىز جەڭنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كاپالەتلىك قىلىشىمىز لازىم. . . — بەنجاڭنىڭ ئاۋازى بوغۇلدى. ئۇ سەل تۇرغاندىن كېيىن، — ئەخمەت، بىز ھازىر دۈشمەننىڭ مۇھىم ئوت توچكىسىغا ئايلىنىپ قالدۇق، سەن جەڭچىلەرنى باشلاپ ماشىنىنىڭ كەينىدىن چۈشۈپ يەر شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، ئابرون ئىگىلەپ ئۇلارغا زەربە بېرىڭلار! مەن دۈشمەن ئوت كۈچىدىن سىلەرنى ھىمايە قىلىمەن — دەپ قوشۇپ قويىدى.

— ياق، بەنجاڭ! نېمە بولساق بىللە بولىمىز — دېدى ئەخمەت ياش ئەگىپ تۇرغان كۆزلىرىنى بەنجاڭدىن ئۈزمەي.

— بۇيرۇق! دەرھال ماشىنىدىن چۈشۈڭلار!

ئىسمايىل كەسكىن ھەرىكەت بىلەن ئورنىدىن دەس تۇردى - دە، ئاپتوموبىلنىڭ يان كوزۇپىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ، ئاپتوماتتىن ئۈزمەي بىر دېسكا ئوق ئۈزدى. ئېتىشىش بارغانسېرى جىددىيلەشمەكتە ئىدى. دۈشمەننىڭ ئېغىر - يېنىك قوراللىرى توختىماي تىرىلداپتتى؛ توپ ئوقلىرى ھېلىدىن - ھېلىغا غوڭۇلدايتتى. بەنجاڭنىڭ ھىمايىسى بىلەن باشقا جەڭچىلەر ئامان - ئېسەن ئاپتوموبىلدىن يەرگە چۈشۈپ، تارقىلىپ يەر يۈزىدىن دۈشمەنگە ئوت ئېچىشقا باشلىدى. بەنجاڭنىڭ ئاپتوماتى توختىماستىن ئوق چىقارماقتا ئىدى.

«پاڭ - پۇڭ» قىلىپ تەگكەن ئىككى پاي ئوقتىن بەنجاڭ ئىسمايىل قاتتىق سەنتۈرۈلۈپ كەتتى. ئوڭ قول بېغىشىدىن تىشىپ ئۆتكەن ئوق ئۇنىڭ ئاپتوماتىنى قولىدىن چۈشۈرۈۋېتىشكە تاسلا قالدى. بەنجاڭ چىشىنى - چىشىغا قويۇپ، ئاپتوماتنى كوزۇپ ئۈستىگە تىرەپ سول قولى بىلەن ئېتىشقا باشلىدى. كۆكرىكىنىڭ سول تاغاق قىسمىدىن تېشىپ چىقىپ كەتكەن ئوق ئۇنى چىدىغۇسىز ئازابلايتتى. ئۇ پۈتۈن تېنى بىلەن كوزۇپقا

www.uyghurkitap.com

يۆلەندى. ئۇ ئاپتوموبىل ئۈستىگە ئاخىرقى قېتىم نەزەر تاشلى-
دى. بىردىنلا ئۇنىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم جىلۋىسى پەيدا بولدى:
«ھە، يولداشلار بىختەر چۈشۈپ بوپتۇ. ئەمدى ئېغىر پىلىموت
ئوڭشالسىلا...» ئىسمايىل مەمەت ئويىنى داۋاملاشتۇرالمىدى.
يەنە ئۇنىڭ قورسىقىغا ئوق تەگدى. ئۇ جان قاقشىتىۋاتقان ئاغزى-
قىغا چىداپ، قورسىقىنى كوزۇپ ياغىچىغا چىڭ چاپلاپ تۇرۇپ
ئاپتوماتىنىڭ كۇرژۇكىنى باستى. ئاپتومات تىرىلدى شۇ چاغدا،
ئېغىر پىلىموتمۇ ئوڭشالدى. كۆك قەرنى لەرزىگە سالغۇچى
ھەيۋەت ئاۋاز بىلەن ئېغىر پىلىموت دۈشمەن ئۈستىگە قىساس
ئوقلىرىنى بوراندەك ياغدۇرۇشقا باشلىدى. دۈشمەننىڭ ئوت كۈ-
چى چېچىلدى. دەل شۇ پەيتتە، كۆكنى تىترىتىپ ھۇجۇم سىگنا-
لى ياڭرىدى. ئارقىدا كېلىۋاتقان چوڭ قىسىم يېتىپ كەلگەندى.
— ئالغا!
جەڭ بايرىقى مەيىن شامالدا يەلپۈنۈپ تۇراتتى. چوڭ قى-
سىمنىڭ دەھشەتلىك ھۇجۇمى بىلەن دۈشمەن يوقىتىلدى. ئەس-
لىدە بۇ زاڭزۇ ئۆيى دۈشمەننىڭ يەر ئاستى ئاكوپى بولۇپ،
ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۈستى ئوچۇق ئاكوپلار ياسالغانىدى... چوڭ
قىسىمنىڭ بىرلا ھۇجۇمى بىلەن بۇ ئاكوپلاردىكى دۈشمەن بىت-
چىت قىلىندى، ئۆلگىنى ئۆلدى، ھايات قالغانلىرى ئەسىرگە
چۈشتى.
تۇەنجاڭ بىلەن تۇەننىڭ سىياسىي كومىسسارى يېتىپ كەل-
دى. بەنجاڭ ئىسمايىل مەمەتنىڭ مېيىتى يەرگە چۈشۈرۈلدى.
ئۇنىڭ چىرايىدىكى تەبەسسۇم ئۆچمىگەن، كۆزى ئوچۇق بولۇپ،
ئېغىر ھاردۇقتىن كېيىن دەم ئېلىپ ياتقان كىشىگە ئوخشايتتى.
تۇەنجاڭ ئۇنى ئۆز قۇچىقىغا ئېلىپ، بارمىقى بىلەن ئاۋايلاپقىنا
كۆزىنى يۇمدۇرۇپ قويدى. ھېچكىممۇ ئۇنى ھازىر مەڭگۈلۈك
ئۇيقىغا كەتتى دەپ ئويلىمايتتى. ئۇ شۇنداق خاتىرجەم ياتاتتىكى،
ئۇنى كۆرگەن ئادەم ھارغىنلىقتىن ئۇخلاۋاتقان بولسا كېرەك،

دەپ ئويلايتتى. تۇەنجاڭ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى، ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىدىن تاراملاپ ياشلار تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئۇلۇشۇپ تۇرغانلار ئارىسىدىن ئۆكسۈپ يىغلىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى. ئاددىي هالدا ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، 20 نەچچە تال ئوق ئېتىلدى. تۇەنجاڭ ئۆز قولى بىلەن ئوتقاشتەك يالقۇنلاپ تۇرغان جەڭ بايرىقىنى ئىسمايىلنىڭ ئۇستىگە ياپتى. بېشىدىن قۇلاقچىسىنى ئېلىپ، تال - تال ئاقارغان كۈمۈش چاچلىق بېشىنى ئېگىپ سۈكۈتكە چۆمدى. سانسىز جەڭچىلەر توپى جىمجىتلىقتا چۆمگەن، ئۇلار باشلىرىدىكى قۇلاقچىلىرىنى ئېلىپ، تۇەنجاڭغا ئوخشاش ئۆز سەپدىشىنىڭ هۆرمىتى ئۈچۈن باشلىرىنى ئېگىپ سۈكۈتكە چۆمگەنىدى.

— يولداشلار! — تۇەنجاڭ سۈكۈتتىن كېيىن ئاپتوموبىلنىڭ ئۇستىگە چىقىپ، سالماق ئاۋاز بىلەن سۆزلىدى، — ئېغىر پىلموت لىيەنى 3 - بەنىنىڭ بەنجاڭى، جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى يولداش ئىسمايىل مەمەت ئۆزىنىڭ قىممەتلىك هاياتىنى ۋەتىنىنىڭ مۇقەددەس تېررىتورىيىسىنى قوغداشتىن ئىبارەت ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ شەرەپلىك ئىشقا بېغىشلاپ، بىز بىلەن مەڭگۈ ۋىدالاشتى. ئىسمايىل مەمەت ۋەتىنىنىڭ ياخشى ئوغلى، ئۇنىڭ شانلىق نامى، ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر ئوبرازى خەلقىمىز قەلبىدە ئەبەدىلئەبەد ساقلىنىدۇ.

تۇەنجاڭنىڭ ئاۋازى يىراق - يىراقلاردىن ئەكس سادا بەردى.

— قېنىمىز ۋە جېنىمىز بىلەن ۋەتىنى قوغدايمىز.

— قەهرىمانىنىڭ ئىنتىقامىنى ئالمىغىچە هەرگىز توختىمايمىز...

شوئار سادالىرى پەلەككە ياڭرىدى.

لەپىلدەپ تۇرغان بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقنىڭ ئاستىدا جەڭنى ئاخىرلاشتۇرۇپ يولغا چىقتى.

www.uyghurkitap.com

# خاتىمە

ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي چېگرىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قارا قۇرۇم تاغ تىزمىسى ئۇزاق - ئۇزاقلارغا سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئاقۇچ تۇمان بارا - بارا تارقىلىپ، قۇياش ئۇپۇق سىزىقىدىن بالقىپ ئېگىز تاغ ئۈستىنى قىزىل شەپەق نۇرى بىلەن يورۇتماقتا. تېخى ھېلى زەمبىرەك، پىلىموت، مىلتىقلارنىڭ ئاۋازى بىلەن جاراڭلاپ كەتكەن جىلغا ئىچى ھازىر قايناۋاتقان قازانغا سۇ قۇيغاندەك جىمجىت بولۇپ قالغانىدى. بۇ يەردىكى ئوق - دورا ھىدىنىڭ ئورنىنى ھازىر ساپ ھاۋا ئىگىلىگەنىدى. لېكىن، غەلىتە ئەھۋال شۇكى، ھاۋا ئوچۇق بولسىمۇ جەڭچىلەرنىڭ قۇربان بولغان سەپداشلىرىغا ئىچ ئاغرىتىپ ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقان كۆز يېشىغا ماسلىشىپ كۆكتىن يامغۇر ئارىلاش قار چۈشمەكتە ئىدى.

قىسىم يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، جەڭدە قۇربان بولغانلارنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش، يارىدارلارنى دوختۇرخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇش، جەڭدە ئەسىرگە چۈشكەن دۈشمەنلەرنى بىر تەرەپ قىلىش، ئۆلجىغا چۈشكەن ئوق - قورال، ھەربىي ماددىي ئەشيالارنى يىغىپ كۆرسىتىلگەن ئورۇنغا تاپشۇرۇپ بېرىش ئىشلىرى بىلەن جىددىي مەشغۇل ئىدى. چۈنكى يۇقىرىنىڭ مۇددىئايىدىن قارىغاندا، ئۇرۇشنى توختىتىش ھەققىدە ئىچكى جەھەتتىن يوليورۇق كەلگەن ئىدى.

يېرىم كېچە، قاتتىق جىرىڭلىغان تېلېفون كەچكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، ليەنجاڭ ئوبۇلنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلدى.

— ۋەي، ئېغىر پىلىموت ليەنمۇ، ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولدۇڭلارمۇ، تەييارلىق پۈتتىمۇ - يوق؟

قاتتىق جىرىڭلىغان تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولىقىغا يېقىن

تۇتۇپ تۇرۇپ، قارشى تەرەپتىن ئارقا - ئارقىدىن سوئال قويۇپ سۆزلەۋاتقان كىشىنىڭ تۇەنجاڭ ئىكەنلىكىنى ئاۋازىدىن بىلگەن ليەنجاڭ ئوبۇل.

— رۇخسەت قىلىڭ تۇەنجاڭ، ئولجىغا چۈشكەن ئوق - قورال، ماددىي نەرسىلەر بەك جىق ئىكەن، ئەۋەتكەن ماشىنىلارغا قاچىلىساق پاتمىدى، يەنە ماشىنا ئەۋەتىلسە. . .

— قانداقلا بولمىسۇن، ۋەزىپىنى ئۆز ۋاقتىدا قەتئىي ئورۇنداش كېرەك!

قارشى تەرەپ ليەنجاڭ ئوبۇلنىڭ سۆزىنىڭ ئايىغى تۈگىمەيلا جىددىي تەلەپپۇزدا بۇيرۇق قىلدى.

— خوپ. بۇيرۇقنى ئورۇنداشقا كاپالەتلىك قىلىمىز.

ليەنجاڭ تۇرۇپكىنى خېلىغىچە تىڭشاپ تۇرۇپ، قارشى تەرەپتىن ئاۋاز ئاڭلانمىغاندىن كېيىن ئورنىغا قويۇپ قويدى.

— ئالاقىچى، دەرھال پەيجاڭلارنى چاقىر. — دەپ چېدىر ئىشىكىدە تۇرغان جەڭچىگە بۇيرۇق قىلدى ليەنجاڭ ئوبۇل.

ئۇ كادىر كەلگەندىن كېيىن، چېدىر ئالدىدا ئۆرە تۇرۇپ جىددىي كادىرلار يىغىنى ئېچىپ، ۋەزىپىنى ئورۇنداشنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىش مەسىلىسىنى ئورۇنلاشتۇردى.

نويابىرنىڭ باشلىرى. قارا قۇرۇم تاغلىرىدا ياغقان قار خۇددى جەڭدە قۇربان بولغانلارغا ماتەم تۇتقاندەك ھەممە زېمىننى ئاپئاق لىپچەككە ئورىغان ئىدى. بىر - بىرىگە مىنگىشىپ كەتكەن ھەرىسمان تاغ چوققىلىرى ئاستىدىن ئېلىنغان تاش يولدىن نەچچە يۈزلىگەن ماش رەڭ ھەربىي ئاپتوموبىللار پەسكە ساڭگىلاپ ئاقماقتا. ئاپتوموبىلدىكى جەڭچىلەر يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، دۈشمەننىڭ 52 - نومۇرلۇق، 26 - نومۇرلۇق تايانچ بازلىرىنى قايتۇرۇپ ئېلىش، قاچقان دۈشمەنلەرگە قوغلاپ زەربە بېرىش ۋە نامەلۇم ئېگىزلىكنى ئېلىش قاتارلىق بىر قانچە قېتىملىق جەڭ ئوپېراتسىيىسىنى غەلىبىلىك ئورۇندىغاندىن كېيىن

www.uyghurkitap.com

جەڭ مەيدانىدىن گازارمىغا قايتماقتا ئىدى. لېكىن كىشىنىڭ يۈرىكىنى مۇجىيدىغان بىر ئىش ئاپتوموبىلدا ئولتۇرغان جەڭچىلەرنىڭ قاتارىدا جەڭدە قۇربان بولغانلارنىڭ ئورۇنى بوش ئىدى. كۆڭلى يېرىم بولغان جەڭچىلەر يولغا چىقىپ ئۇزۇنغىچە جىمجىت ئولتۇرۇشتى ئالاھازەل بەش ــ ئالتە سائەت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار ئاستا ــ ئاستا پاراڭغا چۈشتى. پاراڭنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن بىر خىل، يەنى بىر ئايلىق چېگرا مۇداپىئە سېپىدە ئۆزىمىزنى قوغداپ قايتۇرما زەربە بېرىش جېڭىدىكى ئۆزلىرىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن قىزىق ھېكايىلار ئىدى. بەزىلەر جەڭدە نەچچە دۈشمەننى ئېتىپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى سۆزلىسە، بەزىلىرى دۈشمەننىڭ نەچچە پوتىيىنى پارتىلاتقانلىقىنى سۆزلەيتتى، يەنە بەزىلەر جەڭنىڭ دەسلىپىدە ئۆزىدە بىر ئاز قورقۇنچ پەيدا بولغانلىقىنى، كېيىن ئىككى تەرەپتىن تاراسلىتىپ ئېتىلغان ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھەممىنى ئۇنتۇغانلىقىنى سۆزلەيتتى.

ئېغىر پىلىموت لېيەنىنىڭ 3 ــ بەندىكى جەڭچىلەر ئولتۇرغان ئاپتوموبىلدىكى قادىر:

— مەن بۇ قېتىم شۇنى تولۇق تونۇپ يەتتىمكى، — تىنچلىق شارائىتىدا كىشىلەر بىر ــ بىرىگە دېگەندەك مېھرىنى قويۇشمىغىنى بىلەن، ئۇرۇش شارائىتىدا جەڭچىلەرنىڭ بىر ــ بىرىگە بولغان مېھىر ــ مۇھەببىتى شۇنچىلىك قويۇقلىشىدىكەنكى، بىرەر مىنۇت ئۆز سەپدىشىدىن ئايرىلىش بەكمۇ قىيىن بولۇپ تۇيۇلىدىكەن. گاھىدا ئوق يامغۇرى ئاستىدا يېنىدىكى سەپدىشىنىڭ بىرەرسى قازا قىلىپ قالسا گوياكى ئۆزىنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشى تۇگەپ كەتكەندەك ئازاب چېكىدىكەن. مېنىڭچە دۇنيادا فرونت ئۈستىدىكى جەڭچىلەرنىڭ دوستلۇقىدەك ساپ، ئۇلۇغ دوستلۇق بولمىسا كېرەك، — دېدى.

— ھېلىقى بىزنىڭ لېيەنگە ئاخىرقى جەڭدە ئەسىرگە چۈشكەن، يۈزىنى كىرپە تىكىنىدەك ساقال باسقان شاداپاچاقنىڭ

ئىسمى راجا ئىكەن. ئۇ ھىندىستاننىڭ غەربىي بىنگال شتاتىنىڭ
بىر يېزىسىدا دېھقانچىلىق بىلەن كۈن كۆچۈرۈپ كەلگەن ئىكەن.
16 ياشلىق ئەسىر ماندۇ بولسا بومبايدىكى بىر ئىشچىنىڭ يالغۇز
بالىسى بولۇپ، ئاتىسىنىڭ ئىشلەپ تاپقان ئازغىنا پۇلى بىلەن
ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇۋاتقان ئىكەن. ھەر ئىككىسى ئو-
مۇمىي مەجبۇرىي سەپەرۋەرلىك بىلەن ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپتۇ.
ئۇلارنىڭ ئاشكارىلىشىچە خەلقنىڭ ھۆكۈمەتتىن نارازىلىقى كۈچ-
لۈك بولۇپ، ئۇرۇشقا قەتئىي قارشى ئىكەن. ژاندارما قوشۇندى-
كى ئوفىتسېرلار بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تەڭسىز-
لىك بەكمۇ ئېغىر بولۇپ، سەپتىن قېچىش ئىشى دائىم كۆرۈلۈپ
تۇرىدىكەن. — دېدى ئەخمەت تەرجىمانلىق قىلىش جەريانىدا
ئىگىلىگەن ئەھۋالىنى بايان قىلىپ.

ئاپتوموبىل خۇددى قاناتلىق تۇلپاردەك ئەگرى - بۈگرى تاغ
يولىدا ئۇچماقتا. جەڭچىلەر ئېگىز تاغدىكى ۋاقىتنىڭ ئۆتىشىگە
ئەگىشىپ بۇ يەرنىڭ ھاۋا كىلىماتىغا كۆنۈپ قالغاچقىمىكىن بۇ
قېتىم تاغدىن چۈشۈشتە ئېگىز تاغ رېئاكسىيىسىدىن خالىي ئىدى.

نويابىرنىڭ باشلىرى قارا قۇرۇم تاغلىرى ئاپئاق قار بىلەن
قاپلانغانىدى. ئاقاس داۋاننىڭ باغرىنى بويلىشىپ خۇددى يىپقا
تىزىلغان مارجاندەك تۆۋەنگە سىرىلىۋاتقان ماش رەڭ ھەربىي
ئاپتوموبىللار بىر خىل سۈرئەتتە ماڭماقتا. تاغدىن ئايرىلىپ پۇسا
كەنتىگە كەلگەندە قىسىمنىڭ سەنمۇجاڭى كەيىنىدىكى ئاپتومو-
بىللار يېتىشىپ كەلگۈچە قىسىمنى توختىتىپ، ئاندىن قىسىمنى
رەتكە سالدى ھەمدە ئاخشامقى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئاساسەن يول
بويىدىكى قارشى ئېلىشقا چىققان ئاممىغا قىزغىن بولۇش، ئىنتى-
زامغا قاتتىق دىققەت قىلىش ھەققىدە قايتا تەلەپ قويدى.

ئاپتوموبىللار ئالدىدا تۆەن باشلىقلىرى ئولتۇرغان «گاز
56» ماركىلىق جىپ، ئارقىسىدىن ئىسمايىل مەمەتنىڭ بەنى
ئولتۇرغان ئاپتوموبىل ئۈچىنچى رەتتە دۈشمەننىڭ 8 - نومۇرلۇق

www.uyghurkitap.com

تايانچ بازىسىنى قايتۇرۇپ ئېلىش جېڭىدە 28 - يىلى ئاتكاتسىز زەمبىرەك ئوقىدىن 25 پايىنى دەل دۈشمەن پوتىيىسكىگە كىرگۈزۈپ قىسىمنىڭ ھۇجۇمغا ئۆتىشىگە شارائىت ياراتقان ئاتكاتسىز ئەمبىـ رەك لىيەنىنىڭ پەيجىڭى ئەمەت توختىلار ئولتۇرغان ئاپتوموبىل تىزىلىپ ماڭغان ئىدى.

يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى باراقسان ئۆسكەن تاغ تېرەكلىرى كۆككە تاقاشقانىدى، يول بويىدىكى دەرەخ تۈۋىدە قاتار تىزىلغان ئامما «ئاۋۇ ئالدىدا ماڭغان باشلىقكەن» دېسە، بەزىلىرى «ئالدىدا ماڭغانلارنىڭ ھەممىسى قەھرىمان بولغانلار ئىكەن» دەيتتى.

— غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلگەن قەھرىمان قىسىمنى قىز-غىن قارشى ئالىمىز! قەھرىمانلاردىن ئۆگىنىمىز! قەھرىمانلارغا ھۆرمەت بىلدۈرىمىز. . .

بۇ ئاۋاز دولان دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىن تا ھەربىي گازارمىغا بارغىچە يولنىڭ ئىككى چېتىدە ئۈزۈلمەي كۆككە كۆ-تۈرلۈپ تۇراتتى. يول بويىدىكى ئامما قولىدىكى پىشۇرۇلغان تۇخۇم، گۆش، مېۋە - چېۋە، گۇلدەستە، خالتا، قاتارلىق نەرسىلەرنى ئۈزۈلدۈرمەي ئاپتوموبىلغا پىرقىرىتىپ تاشلايتتى.

ھازىر تۆەنجاڭدىن تارتىپ جەڭچىلەرگىچە ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە جەڭدە قۇربان بولغان قەھرىمانلارنىڭ جەسۇرلۇق سىيماسى كىنو لېنتىسىدەك كۆز ئالدىدىن ئۆتمەكتە. قەھرىمانلارنىڭ كۆزلىرىدە چاقناپ تۇرغان غەزەپ ئۇچقۇنلىرى ھايات قالغانلارغا كۈچ - قۇۋۋەت بېغىشلىسا، جەڭدە قۇربان بولغانلارنىڭ خاتىرىسى ئۇلار-نىڭ يۈرىكىنى ئېزەتتى.

تۆەنجاڭ ئىسمايىل مەمەتنى ئەسلەپ كېلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ سىيماسى - قىپقىزىل قانغا بويالغان ھالىتى تۆەنجاڭنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى. تۆەنجاڭ: «ئۇ ئۆزى ئۈچۈن مەڭگۈلۈك خاتىرە مۇنارى تىكلىدى. ئىسمايىل ئۈچۈن ئېيتقاندا 22 يىللىق ھايات بەكمۇ قىسقا، ئەمما شۇ قىسقا ئۆمرىدە ئۇ ئۆزىنىڭ ساپ

قېنى بىلەن ئۆچمەس يالداما قالدۇرۇپ كەتتى.» دەپ ئويلىدى تۇەنجاڭ ئۆزلىرىنى قارشى ئېلىشۋاتقان ئاممىغا قول پۇلاڭلاتقاچ ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ.

قاتار كېتىۋاتقان ئاپتوموبىللاردىكى كوماندىر - جەڭچىلەر ئارقىسىغا قاراپ ھوشيار قاراۋۇللاردەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قارا قۇرۇم تاغلىرىغا زوق بىلەن نەزەر تاشلىدى.

1992 - يىلى قەشقەردە يېزىلدى. 2001 - يىلى ئۈرۈمچىدە رەتلەندى.

[General Information]
书名=前线来信　维吾尔文
SS号=40252572

www.uyghurkitap.com